

# ئېگىزگە ئاققان سۇ

# ئېگىزگە ئاقار سۇ

(ھېكايىلار)

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇردى قۇربان

## مۇندەرىجە

سىراجىددىن سېيتنىياز

نېفىتلىك ھېكايىلىرى

موللاخۇن ........................................ 3

ئالتۇنىنىڭ قەدىرىنى زەرگەر بىلەر.................... 16

بۇ چاچلار بىر كۈندىلا ئاقارمىغان ..................... 44

باھاۋىددىن ئۇستام ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ............. 68

ئالماس ئالماس

كۆز تەگمىسۇن

گۇمان ............................................ 89

يۇرتداشلار ........................................ 101

كۆز تەگمىسۇن .................................... 126

خۇشامەتچى ........................................ 137

ئابدۇرېھىم ئابلىمىت

تېنىمسىز خىياللار

«يۈك» .............................................. 153

«قالپاق» ........................................... 158

ئازاب ئارىلاشقان خۇشاللىق ............................ 165

تەھرىردىن كەلگەن خەت ................................ 175

«مەنمۇ مەيت» ........................................ 177

يېپىلغان ئىشىك ....................................... 179

«تالانتلىق ئەدىب» .................................... 182

قوشنامنىڭ «كارامىتى» ................................ 200

تېنىمسىز خىياللار ........................ 209
«دوست ـ دۈشمەن ئالدىدا» ........................ 232
مەن ئوغرىمۇ ........................ 243
كېچىكتە ........................ 250
ساغزاپ ........................ 268
تالاش ـ تارتىش ........................ 278
ئېگىزگە ئاققان سۇ ........................ 283
ئېھ، نان ........................ 290

ئابدۇراززاق ئەخمىدى

## مۇڭلانغان كۆڭۈل

يۇرت ئۇچۇن ........................ 299
قوينى قاسساپ سويسۇن ........................ 320
مۇڭلانغان كۆڭۈل ........................ 335

ئابلەت جۇمە

## ئېتىبارسىز ئىلتىجا

ئاپتوموبىل ئەينىكىدىكى غەلىتە شولا ........................ 359
كەمبەغەل ........................ 366
ئېتىبارسىز ئىلتىجا ........................ 374
سۆيگۈ ئىسپاتى ........................ 389
«نەسىھەت» ........................ 400
مەجرۇھ كۆڭۈل ........................ 404

سىراجىدىن سېيىتنىياز

# نېفىتلىك ھېكايىلىرى

# موللاخۇن

## 1

كەچ كۆزنىڭ مەلۇم بىر ئاخشىمى، ئېلېكتىر چىراغلىرى بىلەن يورۇپ تۇرغان ئىمتىھان مەيدانىدا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ئۆزىگە بېرىلگەن سوئاللارغا جاۋاب يېزىش ھەلەكچىلىكىدە ئىدى. بەزىلەر قەلەمنى تۇتقىنىچە ئويغا پېتىپ ئولتۇرسا، بەزىلەر قىچىشمىغان باشلىرىنى قەس-تەنگە قاشلىشاتتى...

ئاخىرقى رەتتىكى پارتىدا ئولتۇرغان، تۇم قاشلىرىنىڭ ئاستىدىكى كىچىككىنە كۆزلىرى توختىماي ھەرىكەتلىنىپ تۇرۇ-دىغان 23 ياشلاردىكى بىر يىگىت ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئىمتىھان قەغىزىگە ھەدەپ بويۇنداپ كۆچۈرۈشكە ئۇرۇنۇۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ ئىمتىھان قائىدىسىگە خىلاپ بۇ خىل ھەرىكىتىنى باياقاپ قالغاندىن كېيىن:

— موللاخۇن!...—دەپ چاقىرىپ قويدۇم.

ئۇ ئىتتىك يەرگە قارىۋالدى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان مەتكېرەم جاۋاب يېزىپ بولغان قەغىزىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ چىقىپ كەتتى. موللاخۇن ئەمدى ئالدىدىكى پارتىدا ئولتۇرغانلاردىن سوراي دېسە سوئال ئوخشاش بولمىغانلىقى

ئۇچۇن ئامالسىز قالدى.

بۇ، شاگىرت ئىشچىلاردىن ئۆگەنگەن كەسپلىرى بويىچە ئىلىنىۋاتقان تېخنىكا ئىمتىھانى بولۇپ، ئۆتكەنلەر رەسمىي ئىشچىلىققا تەستىقلىنىپ، مائاشىمۇ مۇناسىپ ھالدا ئۆسەتتى. جاۋاب يېزىپ بولغانلار بىر-بىرلەپ، ئىمتىھان قەغەزلىرىنى تاپشۇرۇپ چىقىپ كېتىشتى. ئاخىرىدا مولّلاخۇنلا قالدى. بەلگىلەنگەن ئىككى سائەت ۋاقىت توشاي دەپ قالغان ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئالدىدىكى بوش ئورۇندۇقتا كېلىپ ئولتۇرۇپ، يېزىپ بولۇشىنى كۈتتۈم. ئۇ ماڭا قاراپ ھىجىيىپ قويدى-دە:

— جاۋابنى قانداق يازساق توغرا بولار، ئۇستام، — دېگىنىچە مۇغەمبەرلىك بىلەن ھىجىيىپ يانچۇقىدىن بىر سىقىم پاكىز قۇرۇتۇلغان ئۆرۈك قېقىنى چىقىرىپ شىرەنىڭ ئۇستىگە قويدى، — ئۇستام، بىر ياردەم قىلىۋەتسىلە، قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئۇنتۇپ قالمايمىز، بىزمۇ ئاق سۈت ئەمگەن ئادەم بالىسى دېسىلە، ئۇستام!..

— ۋاقىت توشتى، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ يېزىڭ، قۇرۇق گەپنى قويۇڭ.

مەن شۇنداق دەپلا ئۇنىڭ گېپىنى چورتلا ئۈزۈۋەتتىم. ئۇ ئەمدىلا ئىككى-ئۈچ قۇرخەت يازغان ئىمتىھان قەغىزىگە قادالغىنىچە تىمتاس ئولتۇرۇپ قالدى.

## 2

مۇللاخۇن بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن، ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىنىپ نېفىتلىككە كەلگەندىن كېيىن، بۇرغىلاش ئەترىتىگە شاگىرتلىققا تەقسىملەنگەن ئىدى. ئۇ چاغدا مەن بۇرغىلاش ئەترىتىدە بۇرغىچى ئۇستا بولۇپ ئىشلەيتتىم. ئۇ مۇئامى-

لىدە ئىنتايىن سىيلىق بولۇپ، كىشىلەر بىلەن ئاسانلا چىقىشىپ كېتەتتى. دەسلەپكى چاغلاردا ئۇ ئۇنىڭچىۋالا كۆزگە چېلىقىپ كەتمىدى. چۈنكى يېڭى كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇستىلارمۇ ئۇنى «يېڭى كەلدى، ئادەتلىنىۋالسۇن» دەپ، تەلەپنى يۇقىرى قويمىدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭدىن نارازى بولغان ئىنكاسلار كۆپىيىشكە باشلىدى.

بىر كۈنى ئۇ مېنى ئىزدەپ كېلىپ، ئاۋۋال سالامنىڭ چوڭىنى قىلدى. ئاندىن ئۇڭ قولىنىڭ ئۈچىنى سول مۈرىسىگە قەدەر كۆتۈرۈپ، قەددىنى سەل پۈككەن هالدا:

— ئەسسالام، ئۇستام! — دېدى.

— كېلىڭ موللاخۇن، بۇ ياققا ئۆتۈپ ئولتۇرۇڭ، — دېدىم ئۇنىڭغا ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ، ئۇ ئولتۇرغاندىن كېيىن سورىدىم، — قانداق موللاخۇن، خېلى ئۆگىنىپ قالدىڭىزمۇ؟

— ئۆگىنىپ قالدۇق، ئۇستام! — دېدى ئۇ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، — ئۆگەنمەيمۇ نېمە ئامالىمىز بار، يەيدىغان رىسقىمىز مۇشۇ يەرگە چېچىلغان ئىكەن دېسىلە، ئۇستام.

— هەر قانداق ئادەم ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىدىن ئايرىلغاندا، زېرىكىش هېس قىلىدۇ. بۇ كۈنلەر بىزنىڭ بېشىمىزدىنمۇ ئۆتكەن، كۆنۈپ قالىسىز، — دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ قويدۇم.

— بۇ جايغا كۆنۈشمۇ بىر مەسىلە ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تىل ئۆگەنمەكمۇ تەس كېلىۋاتىدۇ. بىر ياخشىلىق قىلىپ، ئەترەت باشلىقىغا ئېيتىپ، مېنى بەنلىرىگە يۆتكىۋالغان بولسىلا، سىلىدىن ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا خوش بولۇپ كېتەتتىم.

موللاخۇن بىر مۇنچە سۆزلەپ مېنى تەسىرلەندۈردى. «دېمىسىمۇ تىل ئۇقۇشماسلىق چوڭ قىيىنچىلىق، سوراپ ئۆگەنەي دېسە ئۆزى سۆزلىيەلمىسە، سۆزلەپ بەرسە سۆزنى ئۇقمىسا،

ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن تەس بوپتۇ» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە ۋە ئۇنى يولغا سېلىۋېتىپ، ئەترەت باشلىقىنى تاپتىم - دە، ئەھۋالنى ئېيتىپ، ئۇنى مېنىڭ بەنىمگە يۆتكەپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلدىم. ئەترەت باشلىقىمۇ موللاخۇننى قانداق قىلىش توغرىلىق بېشى قېتىپ تۇرغان بولسا كېرەك، بۇنىڭغا دەرھال قوشۇلدى. قايتىپ كېلىپ موللاخۇننى ئىزدەپ ياتىقىغا كىرسەم، ئەترەك بەتىنكىسىنى ھەۋەس بىلەن مايلاۋاتقان ئىكەن. ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇپ قويۇش مەقسىتىدە ئېيتتىم:

— بۈگۈن ئاخشامدىن باشلاپ بىزنىڭ بەنگە ئىشقا چىقىدىغان بولدىڭىز، كەچتە ئىشتىن قېپقالماڭ.

— بۈگۈن يۆتكىلىپ، بۈگۈنلا ئىشقا چىقامدىمەن، سىلە بولغاندىكىن، بىرەر كۈن دەم ئېلىۋېتىمىز دېسىلە ئۇستام! — دېدى ئۇ مۇغەمبەرلىك بىلەن ھىجىيىپ.

— ئىككى كۈندىن كېيىن بەنىمىزنىڭ دەم ئېلىشى كېلىدۇ، شۇ چاغدا دەم ئالارسىز، — دېگىنىمچە تاشقىرىغا ماڭدىم.

— ئۇستام، بىردەم ئولتۇرسىلا، ئاچچىق قىلىپ بىر پىيالە چاي دەملەي، خەير بوپتۇ، كېيىنچە كۆڭۈللىرىنى ئېلىۋالارمەن...

ئۇ سېرىق قۇشقاچتەك ۋىچىرلىغان ھالدا كەينىمدىن ئىشىككىچە ئۇزىتىپ چىقتى.

## 3

شۇ كۈنى كەچتە ئىشقا چىقتۇق. ئۆزۈم بۇرغا ستانوكىنى باشقۇرۇپ، بىر نەچچە سائەت مەشغۇلات قىلغاندىن كېيىن، سابانى ياردەمچىمگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، بۇرغا ئۇسكۈنىلىرىنى بىر قۇر ئايلىنىپ تەكشۈرۈپ چىقتىم. بەندىكى سەپداشلارنىڭ

ھەممىسى ئۆز مەشغۇلات ئورۇنلىرىدا ئىشلەۋېتىپتۇ، ھەممە ئىشلار جايىدا يۈرۈشۈۋېتىپتۇ. ھېچبىر مەسىلە بايقالمىغاندىن كېيىن، بىرەر تال تاماكا چېكىپ چىقىش ئۈچۈن، دىجورنى ئۆيگە كىردىم. كىرىپلا، ئۇزۇن ئورۇندۇقتا چاپىنىنى بېشىغا ياستۇق قىلىپ، بەھۇزۇر ئۇخلاۋاتقان موللاخۇنغا كۆزۈم چۈشتى.

— موللاخۇن، تۇرۇڭ - تۇرۇڭ! ھەممە ئادەم ئىشلەۋاتسا، سىز بۇ يەردە ئۇخلاپ كېتىپسىزغۇ؟ — دېگىنىمچە ئۇنى نوقۇپ ئويغاتتىم.

— كېچىنى ئويقۇغا يارىتقان دېسىلە، ئۇستام، ئاز - پاز مۈگدەپ قالغان ئوخشايمەن! — دېدى ئۇ ئىرىنچەكلىك بىلەن رېزىنكىدەك سوزۇلۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئارقىدىن ئاغزىنى يوغان ئېچىپ بىرنى ئەسنىۋالدى.

توۋا، ئۇنىڭ يۈزىدە قىلچە خىجىل بولۇش بەلگىسى كۆرۈنمەيتتى.

— بۇ يەردىكى خىزمەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئىنتىزامى بار، ۋاقتىڭىزنى بۇنداق ئۆتكۈزۈۋەتمەڭ، سىز بىلەن بىرگە ئىشچى بولغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى مۇستەقىل مەشغۇلات قىلالايدىغان بولۇپ قالدى...

— تىل ئۇقمىغانلىقىم ئۈچۈن، نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان بىرەر نەرسە ئۆگىنەلمىدىم، ئەمدى سىلى بولغاندىكىن ئاستا - ئاستا ئۆگىنىپ كېتىمىز دېسىلە، ئۇستام!

مەن ئۇنىڭ قانچىلىك بىر نەرسە ئۆگەنگەنلىكىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئەڭ ئاددىي قائىدىلەردىن بىر - ئىككى سوئال سوراپ بېقىۋىدىم، زادى جاۋاب بېرەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم چۈشەندۈردۈم، بەزى نەرسىلەرنى ھەتتا پولغا سىزىپ كۆرسەتتىم. مەن ئۇنى دىققەت قىلىپ ئاڭلاۋاتىدۇ دەپ ئويلاپتىمەن، بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، ئۇ ئولتۇرغان ئورنىدا

ئۇخلاۋېتىپتۇ. ئۇنى يەنە ئويغاتتىم، ئۇ قۇشخانىغا ماڭغان كالىدەك ئىرىنچەكلىك بىلەن قەدەم ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئارقىسىدىن مەنمۇ چىقتىم.

ئايسىز ئاسمانىدا سانسىزلىغان يۇلتۇزلار كۆز قىسىپ جىمىرلايتتى. ئەتراپتىكى بۇرغىلاش مۇنارلىرىدىكى نۇرلۇق ئېلېكتر چىراغلىرى خۇددى قازاق كېلىنچەكنىڭ زىلۋا بويىغا ئېسىلغان كۈمۈش تەڭگىلەردەك پارقىرايتتى. بورىۋايىلارنىڭ كۈچلۈك دىزىل ماتورلىرى چۆل باغرىنى تىترىتەتتى. هاۋا كلاپانلىرىدىن سىقىلىپ چىققان يۇقىرى بېسىملىق هاۋا ئوركېستىر مۇزىكىلىرىدەك رىتىملىق چىرقىرايتتى. بۇ ماكاندا كېچە-كۈندۈز ئوخشاشلا هايات قاينايتتى. مەن بۇ مەنزىرىگە مەپتۇن بولغان هالدا، بۇرغىلاش سۇپىسىغا چىقىپ، ياردەمچىمنىڭ قولىدىن تورمۇزنى ئالدىم.

شۇ كۈنى ئەتىگەندە ئىشتىن چۈشۈپ قايتىش ئۈچۈن ئاپتوموبىلغا چىققاندا قارىسام، موللاخۇن يوق. ھەممىمىز ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپ ئۇنى ئىزدىدۇق. بىردىنلا كېچە ئۇنى ئويغىتىۋەتكىنىم ئېسىمگە چۈشۈپ، ئۇيقۇچىلىقتا سىغىزلىق ئېرىتمە كۆلچىكىگە چۈشۈپ كەتكەن بولمىسۇن يەنە دەپ ئەنسىرەشكە باشلىدىم. بىردەمدىن كېيىن، موللاخۇن بىلەن بىرگە كەلگەن يۇرتدىشى ئابدۇرېشىت ئۇنى يولغۇنلۇق دۆڭنىڭ ئارقىسىدىن ئويغىتىپ ئېلىپ كەلدى. ھەممىمىز قايتىدىن ئاپتوموبىلغا چىقىپ ئولتۇردۇق. مەن ئۇنىڭغا گەپ قىلاي دەپ تەمشەلگەن ئىدىم، ئۇ:

— بولدى، گەپ قىلمىسىلا، هازىرنىڭ ئۆزىدە يۈزۈمدە ئوياتنىڭ باللىرى ئۆملەۋاتىدۇ، ئۇستام! — دەپ بىرنى هىجايدى-دە، خىجىل بولغانلىقىنىمۇ ياكى ئۇيقۇسىغا قانمىغانلىقىنىمۇ، ئەيتاۋۇر، كۆزىنى يۇمۇۋالدى.

## 4

ئارىدىن بىر نەچچە ئاي ئۆتتى. بۇرغا جازىلىرىنى يېڭى ئورۇنغا يۆتكەپ بولۇپ، بۇرغىلاشنى باشلاش تەييارلىقىنى جىددىي ئىشلەۋاتقان ئىدۇق. بەندىكى ھەممە ئادەم قول - قولىغا تەگمەي ئىشلەپ پېشانىلىرىدىن ئاققان تەرلىرىنى سۈرتۈشكىمۇ چولىسى تەگمەيۋاتاتتى. بۇرغىلاش سۈپىسىدا ئابدۇرېشىت بىلەن ئىككىمىزلا بولۇپ، ئۇ ستانوكقا «سالىدول» (خاڭيۇ) ئۇرۇۋاتاتتى. مەن بولسام بۇرغىلاش سۈپىسى ئۈستىدىكى سايمانلارنى رەتلەپ، توپا-چاڭلارنى سۈپۈرۈپ تازىلاۋاتاتتىم. بەزى جايلارغا چاپلىشىپ قېتىپ كەتكەن لايلارنى قىرىپ ئېلىۋېتىش ئۈچۈن كۈرەك لازىم بولۇپ قېلىپ پەسكە قارىسام، موللاخۇن ۋىشكىنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپ مۈگدەۋېتىپتۇ. ئەسلىدە مەن ئۇنى ئابدۇرېشىتقا «سالىدول» ئۇرۇشقا ياردەملىشىشكە ئورۇنلاشتۇرغان ئىدىم.

— موللاخۇن، كۈندۈزنىمۇ ئۇيقۇغا ياراتقانمۇ؟ دەرھال تېشاڭدىن ① بىرنى ئېلىۋېتىڭ، — دېدىم مەن سەل چېچىلىپ.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تازا بىر ئەسنىۋالغاندىن كېيىن، يېنىدا تۇرغان كۈرەكنىڭ ئۈستىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، ئۇياق - بۇياققا ئەلەڭلىگىلى تۇردى.

— تېشاڭ ئەنە ئايىغىڭىزدا تۇرمامدۇ!؟

— ماۋۇمۇ؟ بۇنى كۈرەك دەيمىز دېسىلە، ئۇستام. باشقىچە دېسىلە ئۇقمايدىكەنمەن.

ئارقىدىن يەنە، ستانوكقا سالىدول ئۇرۇش ئۈچۈن، بىر

---

① تېشاڭ — خەنزۇ تىلىدىكى «تيېشەن» سۆزىنىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى. (مۇھەررىر)

تال لوم تۆمۈر كېرەك بولۇپ قالـدى. مەن يەنە بۇرغىـلاش سۇپىسىنىڭ لېۋىگە بېرىپ موللاخۇننى چاقىردىم. ئۇ بىخەتەر-لىك قالپىقى بىلەن يۈزىنى يەلپۈپ ئولتۇرغان ئىكەن.

— موللاخۇن، لومىدىن بىرنى ئېلىۋېتىڭ.

— لوم دېگەن نېمە، ئۇستام؟

— ئاۋۇ تۇرۇبىلارنىڭ ئۈستىدە تۇرغان تۆمۈر كالتەكنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟

— بۇنى چوگاڭ دەيمىز دېسىلە، ئۇستام! — ئۇ چۈشىنىك-سىز ھىجا يدى.

ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرى مېنىڭ غەزىپىمنى كەلتۈردى، «شۇنداقلىقىدىن بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۈچ بەننىڭ ھەممىسىنى سېستقان ئىكەنسەن - دە» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە ۋە ئابدۇرېشىتقا قاراپ دېدىم:

— بۇ دەرىجىدە ئىشلىمىگەن قانداق كاللىدۇ ئۇ؟ ئۇنىڭ ئويى نېمىكىنتاڭ؟!

— موللاخۇننىڭ كاللىسى ئىشلەيدۇ، — ئابدۇرېشىت ئىشنى داۋاملاشتۇرغاچ ئىنكاس قايتۇردى، — سودىگەرچىلىكنىڭ تەمىنى تېتىپ قالغان دېسىلە. «قايتا تەربىيە ئېلىش»قا يېزىغا چۈشكەندىمۇ، ئىككىمىز بىر ئەترەتكە تەقسىملەنگەن. لېكىن ئۇ ئەترەتتە ناھايىتى ئاز تۇردى. شەھەردىن ئەرزان باھادا ئېلىپ چىققان نەرسىلەرنى سادىدا دېھقان ئاياللىرىغا قىممەت سېتىپ ۋېلىش ئۈچۈنلا بىر نەچچە كۈن يېزىدا تۇرۇپ، ماللىرى تۈ-گىگەن ھامان شەھەرگە چاپاتتى. پېشقەدەم ئەترەت باشلىقى ھاشىم ئاكا ئۇنى «سۇغا چۈشكەن سوپۇندەك سىيلىق بالىكەنسىز» دەپ قويىدىغان. ئۇ ھازىر قارامايدا بولغىنى بىلەن شاڭخەي-دىن مال ئالدۇرۇپ، يۇرتىغا ئەۋەتىپ پۇل قىلىۋاتىدۇ...

ئەسلىدە مۇنداق ئىكەن-دە، مەن تېخى ئۇنىڭ تۇتۇۋېلىش

قابىلىيىتى ئاجىز بولسا كېرەك دەپ ئويلىغان ئىكەنمەن. شۇندىلا ئۇنىڭغا بىر نەچچە قېتىم بەزى نەرسىلەرنى كۆرسىتىپ سۆزلەپ بەرگەن چېغىمدا ئەدەب بىلەن ئۆزرە سوراپ، ئەگىدۇ ئالدىراپ كېتىپ قالغانلىقى ئېسىمگە كەلدى. ئۇ ياش بولغىنىغا قارىماي، ياشانغان ئادەملەردەك سۆزلەيتتى، ئاغزى ئېچىلىدىغان بولسا سىزنى ياغدەك ئېرىتىۋېتەتتى. سىز ئۇنى يامان دەي دېسىڭىز، ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ، كىشىلەر بىلەن جېدەل ـ ماجىرا قىلىشتەك يامان ئىللەتلەر ئۇنىڭدا يوق ئىدى، بىر كۈنمۇ ئىشتىن قالمايتتى. ياخشى دەي دېسىڭىز، ساندا بار، ھەمدەمدە يوق ئىدى.

مەن موللاخۇن ئۇستىدە باش قاتۇرۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئىشچىلار مائارىپىنى باشقۇرۇش ئىشىغا يۆتكىلىپ، بۇرغىلاش ئەترىتىدىن ئايرىلدىم.

## 5

باشقارما رەھبەرلىكى شاگىرت ئىشچىلارنى مەلۇم مەزگىل ئىشتىن ئايرىپ، تېخنىكا نەزەرىيىسىدىن دەرس ئۆتۈشنى ئورۇنلاشتۇردى. ھەرقايسى بۇرغىلاش ئەترەتلىرى ئۆز ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، بىر ـ ئىككىدىن شاگىرت ئىشچىنى ئەۋەتىپ بېرىشتى. شۇلارنىڭ ئىچىدە موللاخۇنمۇ بار ئىدى. ئۇ ماڭا تونۇش سالىمى بىلەن مۇغەمبەر كۈلكىسىنى ئالغاچ كەپتۇ.

— كېلىڭ موللاخۇن، — دېدىم مەن جاۋابەن، — مەندىن قۇتۇلمىقىڭىز تەس ئوخشايدۇ.

ئۇ قىزارماي ئېيتتى:

— نېمىدېگەنلىرى بۇ، سىلىنى كۈندە ئەسلەپ تۇردۇق دېسىلە، ئۇستام!

چۈشتىن بۇرۇن، ئوقۇشقا كەلگەنلەرنى تىزىملاپ، چۈشـ
تىن كېيىن تەرتىپ ـ ئىنتىزام، قائىدىلەرنى بىر قۇر سۆزلەپ،
بۇ قېتىمقى ئۆگىنىشنىڭ مەقسىتى — شاگىرت ئىشچىلارنىڭ تىل
ئۇقۇشماسلىق، ئۆگىنىش ماتېرىياللىرى كەمچىل بولۇشتىن ئىبا-
رەت قىيىنچىلىقنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ئۆز ئانا تىلىمىزدا دەرس
ئۆتۈش ئارقىلىق بۇ قىيىنچىلىقلارنى قىسمەن بولسىمۇ ھەل
قىلىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۈم. ئاندىن كېيىن كۇر-
سانتلارنىڭ قانداق پىكىر ـ تەلەپلىرى بولسا ئوتتۇرىغا قويۇ-
شىنى ئۆتۈندۈم.

— ئوقۇش مەزگىلىدە ئىش ئورنى قوشۇمچە پۇلى بېرە-
لەمدۇ ـ قانداق؟ — دەپ سورىدى موللاخۇن بىرىنچى بولۇپ.

— ئىش ئورنىغا چىقماي ئىدىغان بولغىنىمىز ئۈچۈن باشقا
پۇللار بېرىلمەيدۇ. ئوقۇش نەتىجىسىگە قاراپ مۇكاپات بېرىلىدۇ.

— بىكاردىن ـ بىكار نەچچە كويلاپ زىيان تارتىدىغان
بوپتۇق دېسىلە، ئۇستام! ھەي ئىست!

— ئاداش، پۇلنىڭ گېپىنى قىلماي، ئوقۇشقا كەلگەندىن
كېيىن ئوقۇشنىڭ گېپىنى قىلىڭلا! — دېدى ئارقىدىكى پارتىدا
ئولتۇرغان مەتكېرەم موللاخۇننىڭ بۇ سۆزلىرىگە نارازى بولۇپ،—
ئوقۇپ ئۆگىنەيلى دېسەك ئۆز تىلىمىزدا ماتېرىيال كەمچىل
بولغاچقا كۆپ قىينالغان ئىدۇق. بۇ بىز ئۈچۈن ئوبدان پۇر-
سەت بوپتۇ دەپ خۇش بولۇۋاتساق، نەدىكى داڭقان پۇتى-
گەپلەرنى قىلىدىكەنسىلە.

موللاخۇن تەن بېرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— پۇلنىڭ گېپىنى قىلماي نېمىنىڭ گېپىنى قىلىمىز، كىم
بىر پۇڭنى بىكارغا بېرىدۇ؟— دېدى ئۇ تېخىمۇ قەتئىي تەلەپپۇزدا.

ئەمدى ئارىلاشمىسام بولمايدىغان يەرگە كەلدى:

— راست، تۇرمۇشتا پۇل مۇھىم. لېكىن پۇلنى قانداق

تېپىشنى بىلىش لازىم. ئابدۇرېشىت شاگىرتلىق مۇددىتىنى يېرىم يىل بۇرۇن تۈگىتىپ، رەسمىي ئىشچى بولغانلىقىدىن خەۋىرىڭىز بار، مولـلاخۇن. نېمە ئۈچۈن ئۇ سىزنىڭ ئالدىڭىزغا ئۆتۈپ كەتتى، بۇنى ئويلىدىڭىزمۇ؟ سىز مۇشۇ پۇرسەتنى قولدىن بەر-مەي، زېھنىڭىزنى توپلاپ بىر ئاز بىلىم ئېلىۋېلىشقا تىرىشىڭ. رەسمىيلەشتۈرۈش ئىمتىھانىدا يەرگە قاراپ قالماڭ يەنە.

— ئۇ چاغدىمۇ ئۆزلىرى بولغاندىكىن ئاتا - ئانىمىزنىڭ ئورنىدا بېشىمىزنى سىلاپ قويىلا - دە، ئۇستام. ئېھى - ھى...

— بولدى، قۇرۇق گەپنى ئاز قىلايلى، دەرسىمىزنى باش-لايمىز، مۇھىم يەرلىرىنى خاتىرە قالدۇرۇۋېلىڭلار، — ئاخىرى بۇ تۈگىمەس گەپلەرگە خاتىمە بەردىم.

— سىلى مۇھىم دەپ تونۇغان جايلىرىنى دوسكىغا يېزىپ بەرسىلە، چاتاق يوق كۆچۈرۈۋالىمىز دېسىلە، ئۇستام، — موللا-خۇن ئىززا تارتماي يەنە ئاغزىمنى غىرىچلىدى.

— تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن ئادەم لېكسىيە يازال-مامسىز؟

— ئېھى ... «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» بەختىمىزگە ئولتۇ-رۇپ قويدى دېسىلە، ئۇستام! شۇ كاساپەتلىرىنىڭ دەردىدىن تۈزۈك ئوقۇيالىمىدۇق، بۇنى بىزدىن كۆرمىسىلە.

— «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغىنىغا بىرنەچچە يىل بولدى. بۇنى ئۆمۈرلۈك دەسمايە قىلىۋالماي ئۆگەنسەڭ بولىدۇ ئەمدى، مولـلاخۇن!

— ئاستا - ئاستا ئۆگىنىۋالىمىز دېسىلە، ئۇستام.

— ئۇششاق گېپىڭلا ئەجەب تولىكەن، موللاخۇن ئاداش، دەرس ئۆتكىلى قويساڭلىچۇ.

مەتكېرەم يەنە ئارىغا چۈشتى، باشقىلارمۇ ئۇنى قوللاپ، موللاخۇنغا بولغان نارازىلىقلىرىنى ئىپادىلەشتى.

كېيىنكى سائەت دەرستە دوسكىنغا سېغىزلىق ئېرىتمە نا-سوسىنىڭ ئاددىي سخېمىسىنى سىزىپ چۈشەندۈرۈۋاتسام، تۇ-يۇقسىز باشلانغان خورەك ئاۋازى سىنىپنىڭ جىملىقىنى بۇزۇپ، ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى.

— ھارام بولۇپ قالماڭلا، موللاخۇن...

— خورەك تارتقاندا قولىقىڭلىنى ئېتىۋېلىڭلار، موللاخۇن، باشقىلار ئاڭلاپ قالمىسۇن... پويىزنىڭ بۇقىسى كېلىپ قالدى-مىكىن دەپتۇق، موللاخۇنكەن ئەمەسمۇ...

— ...

مەسخىرىلىك گەپلەر تەرەپ - تەرەپتىن چىققىلى تۇردى.

— يېڭىلمەس بىر ئاللا دەپتىكەن، ئىنسان دېگەندە ئاز-تولا كەمچىلىك بولۇپ تۇرىدۇ، بۆرىنى كۆرگەن خۇتەكتەك ھاڭرىشىپ كېتىشىلىغۇ!— دېدى موللاخۇن زەردە قىلىپ. ئۇنىڭدا ئازراقمۇ ئۇيۇلۇش دېگەن نەرسە كۆرۈنمەيتتى.

مەن ئۇنى «يۈز - كۆزىڭىزنى سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇپ ئۇيقۇڭىزنى ئېچىپ كىرىڭ» دەپ چىقىرىۋەتتىم - دە، دەر-سىمنى داۋاملاشتۇردۇم.

## 6

خىيالىلىرىمنى بىرسىنىڭ كۆتۈلمىگەندە ئىشىكنى ئىتتىرىپلا ئېچىپ كىرىپ كېلىشى ئۈزۈپ قويدى. ئۇ ئامانلىقنى قوغداش خادىمى بولۇپ، دەرسخانىنى قولۇپلىۋېتىش مەقسىتىدە كىرگەن ئىكەن. سائەتكە قارىسام، ئىمتىھان ۋاقتى بەلگىلىمىدىن بىر سائەت ئېشىپ كېتىپتۇ. لېكىن موللاخۇننىڭ تۆت قۇر خېتى بەش قۇر بولماپتۇ.

مەن ئۇنىڭ تاڭ ئاتقۇچە ئولتۇرسىمۇ بەشىنچى قۇر خەتنى

يېزىپ چىقالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم- دە، دەررۇ قەغەزنى يىغىۋالدىم.

— ئۇستام، بىر ئاز بولسىمۇ نومۇر بەرسىلە، — ئۇ ھېچ ئۇيالماستىن مەندىن نومۇر تەلەپ قىلدى، — بىر ئاي ئوقۇتۇپ ھېچنەرسە بىلدۈرەلمەپتۇ دېسە، ئەلۋەتتە سىلىگىمۇ سەت. بەرىكەتلىك قوللىرىنى شۇنداق تەۋرىتىپ قويسىلا، بۇ ئايلىق مۇكاپات پۇلىنىمۇ بولسا ئېلىۋالىمىز دېسىلە، ئۇستام...

— سىزگە ھەيرانمەن! — مەن ئاچچىقىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ ئېيتتىم، — ئادەم دېگەندە ئازراق بولسىمۇ ئۇيات دەيدىغان نەرسە بولمىسا، بۇ بەكمۇ ئېچىنىشلىق ئىش، ئۇكام.

موللاخۇن يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك بوشىشىپ، ئېغىر قەدەملىرىنى سۆرىگىنىچە سىنىپتىن چىقىپ كەتتى. مەن ئىمتىھان قەغەزلىرىنى يىغىشتۇرۇپ كەينىدىن چىققىنىمدا، ئۇ كاللىسىنى ساڭگىلىتىپ كېتىپ باراتتى. ئاسماندا ھىلال ئاي ئۇنى زاڭلىق قىلغاندەك بولۇتنىڭ كەينىدىن يۈزىنىڭ يېرىمىنى چىقىرىپ مارايتتى.



# ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلەر

1

ئاپام مېنى سۈپەتسىزرەك تۇغۇپ قويۇپتىكەن، بۇنىڭغا نېمە ئامالىم بار دەيسىز، سۈپەتسىز دېسەم تاپىنىدىن كوكۇل-سىغىچە ھەممە يېرى ئەيىب بىلەن توشقانىمىكىن دەپ قالماڭ يەنە! مېنىڭ بۇ ئەيىبىم پەقەت بويۇمغىلا قارىتىلغان بولۇپ، بويۇم ئارانلا 150 سانتىمېتىر، شۇڭا «بىر يېرىم مېتىر» دېگەن سۆزنى ناھايىتى يامان كۆرىمەن. چۈنكى بەزىلەر «بىر يېرىم» دېگەن سۆزنى ئىسمىمنىڭ كەينىگە ئۇلاپ «قاسىم بىر يېرىم» دەپ ماڭا لەقەم قىلىۋالغان ئىدى. بويۇم پاكار بولسا نېمە بوپتۇ؟ بويۇم پاكار بولغان بىلەن ئۆزۈم ناھايىتى چاققان، ۋىشكىغا يامىشىش دەمسىز، ماتورنى رېمونت قىلىش دەمسىز، ھەرقانداق ئىشتىن قاس چىقىرىۋېتىمەن. ئەل - ئاغىنىلەرنىڭ

ئولتۇرۇشلىرىدا ئۇسسۇل دېسىغۇ چاقپەلەكتەك ئايلىنىپ، ھەر-
قاندىقى بىلەن ئويناپ مەيداندىن قاچۇرمىسام ھېساب ئەمەس.
ئېتىراپ قىلىمەنكى، تانسىدا بىرئاز ئامىتىم يوقىراق. بويۇمغا
قاراپ، ناھايىتى يېقىن تونۇش قىزلار بولمىسا، تانسىغا تارت-
سام ئاسانلىقچە قوپقىلى ئۇنىمايدۇ. شۇنداق چاغلاردا بويۇم-
نىڭ پاكار بولۇپ قالغانلىقىغا بەكمۇ مەيۈسلىنىمەن.

قاراماي نېفىتلىكىگە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن
ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىنغان بىر تۈركۈم ياشلار ھەرخىل كەسىپ-
لەر بويىچە ئىش تۈرلىرىگە بۆلۈنگەندىمۇ بويۇمنى پاكار دەپ
ماتورغا قاراشقا تەقسىم قىلغان ئىدى. مەن تېز پۇرسەتتىلا
ئۇستامنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇپ، چىقىشىپ كەتتىم. ھۆ-
نەردىمۇ تېز ئالغا باستىم، بىر يىلغا قالماي مۇستەقىل مەش-
غۇلات قىلالايدىغان دەرىجىگە يەتتىم. ئىشىمدا چاتاق يوق.
سېخىمىزدىكى يولداشلار بىلەنمۇ چىقىشىپ ئوبدان ئۆتىمەن.
بىراق نېفىتلىكتە بىللە كەلگەنلەردىن زاۋۇتلارغا ۋە باشقا
ئارقا سەپ ئورۇنلىرىغا بۆلۈنگەنلىرى ئۆزلىرىگە جورا تېپىۋالدى،
ھەتتا بەزىلىرى تويىمۇ قىلىشتى. ئەمما ماڭا ئوخشاش بورۇۋايدا
ماي بىلەن لايغا بۇلغىنىپ ئىشلەيدىغانلار بولسا پۇلنى باشقى-
لاردىن كۆپ تاپقان بىلەن، ئۆزلىرىگە لايىق تېپىشتا سەل تە-
لەيسىزرەك چىقىپ قالدۇق. چۈنكى نېفىتچى قىزلار ئاسانلىقچە
بۇرغىلاش ئىشچىلىرىنى ياراتمايتتى، ھەتتا ئۆمرىنىڭ كۆپ
قىسمىنى بورۇۋايدا ئىشلەپ ئۆتكۈزگەن پېشقەدەم ئىشچىلارمۇ
ئۆز قىزلىرىنىڭ بۇرغىلاش ئىشچىلىرىغا ياتلىق بولۇشىنى خا-
لىمايتتى. بورۇۋاينىڭ ئىشى جاپالىق، پاسكىنا، ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە كۆپ يۆتكىلىپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆيدە تۇرۇش پۇر-
سىتى كۆپ بولمايتتى. بويۇم پاكار بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭمۇ
خانىنىڭ كۆڭلىدەك كۆڭلۈم بار. ئۆزۈمنى ھېچكىمدىن كەم چاغلى-

قىسمى كەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا مەنمۇ يۈرىكىمنى توختىتىپ، ئۆزۈمگە بىر لايىق تېپىش مەقسىتىدە قىزلارغا سەپسېلىشقا باشلىدىم. قىزلار بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسەتلىرى بىزدە تولا، قارامايدا زاۋۇت - باشقارمىلار كۆپ بولۇپ، نۆۋەت بىلەن مائاش تارقىتىلىدۇ، مائاش ئالغان ئورۇندىكى ياشلار باشقا ئورۇندىكى ئەل - ئاغىنىلەرنى مېھمان قىلىپ ھەرخىل ئولتۇرۇشلارنى ئۇيۇشتۇرىدۇ. مائاشىمىزنى ئالغان ھامان ئۇلارمۇ «باستۇرۇپ» لا كېلىشىدۇ؛ بىزمۇ ئۇلار مائاش ئالغاندا «باستۇرۇپ» لا بارىمىز. شۇنداق بېرىپ - كېلىشلەر جەريانىدا بىر قانچە قىز بىلەنمۇ تونۇشۇپ قالدىم. ئۇلارنى كۆڭلۈم تارازىسىدا ئۆلچەپ، بوي تۇرقى ھەم چىرايىدا كېلىشكەنلىرىدىن گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. بوي جەھەتتە ئۆزۈمدىن ئانچە پەرق قىلمايدىغان، چىرايى ئوتتۇراھال، ئەمما كىيىمنى تاللاپ كىيىدىغان، لەيلىگۈل ئىسىملىك بىر قىزنى دىلىمغا پۈكتۈم - دە، ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز سۆزلىشىشكە بىر پۇرسەت ئىزدەشكە باشلىدىم. مۇنداق پۇرسەتمۇ بولدى، بىر كۈنى ياتاقتا يالغۇز ئولتۇرۇپ ئويلا - ئويلا، نېمىلا بولسا بىر بېرىپ باقمايمۇ دېگەن ئويغا كېلىپ، كاللامنىڭ ئىختىيارىنى پۇتۇمغا بېرىپ، لەيلىگۈل ئىشلەيدىغان زاۋۇتنىڭ قىزلار ياتىقىغا قاراپ ماڭدىم. كوچىدىكى ئادەملەر «سېنىڭ نېمىگە كېتىۋاتقانلىقىڭنى بىلىمىزغۇ» دېگەندەك مەنىلىك قاراۋاتقاندەك بىلىنىپ خۇدۇكسىنىپ، كىشىلەرنىڭ يۈزىگە قاراشقا جۈرئەت قىلالمايتتىم. يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك دۈپۈلدەيتتى. لەيلىگۈل بىلەن ئۇچراشقاندا گەپنى قانداق باشلايمەن، ئەگەر ئۇ تەلىپىمنى رەت قىلىۋەتسە، بۇ يۈزۈمنى نەگە قويارمەن دېگەن ئەندىشە پۇتلىرىمنى تورمۇزلاپ، قەدەملىرىم ئاستىلاپ قالاتتى، قايتىپ كېتەيمۇ دېگەن ئويلارغىمۇ كېلىپ قالاتتىم...

لېكىن بەڭباش كۆڭۈل ئىختىيارسىز مېنى لەيلىگۈلنىڭ ياتىقىغا باشلاپ كىردى. ياتاقتا ئۇنىڭ يەنە بىر دوستى گۈلجامال بار ئىكەن. ئۇلار مېنى كۆرۈپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئىللىق چىراي قارشى ئالدى. ھايال قىلمايلا قەنت-گېزەك، پېچىنە قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن داستىخان تەييارلاپ، چاي قۇيدى. گۈلجامال بىزنىڭ پاراڭلىرىمىزنىڭ ئانچىلا قولاشمايۋاتقانلىقىنى، مېنىڭ ئوغرىلىقچە لەيلىگۈلگە نەزەر تاشلاۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، بىر ئىشنى سەزگەندەك بولدى-دە، بىر ئىشنى باھانە قىلىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئۆيدە ئوڭچە قالدۇق. قىزدىرىپ-تاتىرىپ ئولتۇرۇپ، لەيلىگۈلگە ئۆزۈمنىڭ كۆڭلىنى ئىزھار قىلدىم. جاھاندىكى بارلىق بەختنى ۋەدە قىلدىم. بۇ سۆزلەرنى قىلىپ بولغۇچە پېشانەمدىن تەر تامچىلىرى يوغان-يوغان ياغقان يامغۇر تامچىلىرىدەك يەرگە تامچىلاشقا باشلىدى. دۈمبەم تەرلەپ كۆڭلىكىم چاپلىشىپ كەتتى. «ئاتا-ئانىلار ئارىغا ئەلچى قويۇپ، ئوغۇل ئۆيلەيدىغان ئىشلارمۇ ياخشىكەن. يىگىت بولغان ئادەم ھېچ ئىشنى كۆرمەيلا ئەكىلىپ بەرگەن قىز بىلەن، خوتۇن مۇشۇ ئىكەن دەپ ئۆمۈر بويى بىر ئۆينى تۇتۇپ ئۆتۈپ كېتەركەن» دەپ ئويلىدىم.

لەيلىگۈلنىڭ چىرايىنى بۇلۇت قاپلىدى. ئۇ خۇددى ناھايىتى قاتتىق ھاقارەتلەنگەندەك ھېس قىلغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئۇ يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

— ھازىر قىزلارنىڭ يىگىتلەرگە قارىتا قويغان شەرتلىرىنى بىلەمسىز؟ ئۆزىڭىزنى شۇ شەرتلەر بويىچە ئۆلچەپ كۆردىڭىزمۇ، — ئۇ خۇددى جىنايەتچىنى سوراق قىلغان سوتچىدەك، بېگىزدەك قادىلىپ ئايىغىمدىن بېشىمغا مەنسىتمەسلىك بىر نەزەر تاشلاپ، چىمەلتەكتەك بويۇڭ بىلەن ماڭا بۇ تەكلىپنى قويۇشقا

قانداق پېتىندىك دېگەندەك مېنىڭ جاۋاب بېرىشىمنى كۈتۈپ
تۇراتتى.
ئۇنىڭ دېگەن شەرتلىرى: يىگىتنىڭ بويى بىر مېتر سەك-
سەن سانتىمېتردىن ئاشسا ئەلا سۈپەتلىك، بىر مېتر يەتمىش
سانتىمېتردىن ئاشسا لاياقەتلىك، بىر مېتر يەتمىش سانتىمېتر-
دىن تۆۋەن بولسا بىراك مال دېگەن سۆزلەر بولسا كېرەك.
ئۆتكەندە مەن بۇ سۆزنى تۇرەك«مەدداھ» دىن ئاڭلىغان ئىدىم.
تۇرەك بىز بىلەن بىر ۋاقىتتا كانغا ئىشچى بولۇپ قوبۇل قى-
لىنغان مەن بىلەن بىر ياتاقتىكى ئىشچى. ئۇ سۆزنى كۆپ قىل-
غاچقا ھەممىمىز ئۇنى مەدداھ دەيتتۇق. ئۇبىرچاغدا ماڭا «قىز-
لار يىگىتلەرنى مېتر سىلىپ ئۆلچەيدۇ. ساڭا ئوخشاش بىر يې-
رىملارنى چۈلى پىن دەيدۇ. بۇ دېگەنلىك باھاسىنى چۈشۈرۈپ
يارىشىغا سېتىۋېتىدىغان مال دېگەن گەپ، ئەمدى سەن ئۆيلى-
نىپ بولدۇڭ دېگىنە» دېگەن چاغدا، بويۇمنى مازاق قىلىپ
شۇنداق دەۋاتىدىغۇ، قىزلار يىگىتلەرنىڭ قەلبىنى ئاساسي
شەرت قىلاردەپ ئويلاپ، مەنمۇ ئۇنىڭغا «تۆگىنىڭ بويى ئېگىز
بولغان بىلەن كىچىك بالىمۇ بۇرنىنى تارتىپ چۆكتۈرۈپ مى-
نىۋالسا، بىچارە تۆگە جەڭنامىسىنى ئېيتىپ كېتىۋېرىدۇ» دەپ
جاۋاب بەرگەن ئىدىم.
ئۇنىڭ بۇ خىل مۇئامىلىسى غۇرۇرۇمغا تەگدى. بويۇم ھەر
قانچە پاكار بولسىمۇ ئۆزۈمنى ھېچكىمدىن كەم سانىغۇم كەل-
مەيدۇ. ئۇنىڭ مېنى كەمسىتىشكە نېمە ھەققى بار؟!
قولتۇقۇمدىن تەخسەم يەرگە چۈشۈپ، كەلگىنىمگە مىڭبىر
پۇشايمان قىلىپ، كەلگەن يولۇم بىلەن قايتىپ كەتتىم.
بىرنەچچە كۈنلەرگىچە دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ، كىشى-
لەرگىمۇ ئاردىلاشماي خاراموش بولۇپ يۈردۈم. شۇنداق يۈرگەن
كۈنلەرنىڭ بىرىدە ياتاقتا يالغۇز خىيال سۈرۈپ ياتسام، يا-

تاقدىشىرىم تانىسىدىن قايتىپ ۋاراڭ - چۇرۇڭ بىلەن كىرىپ كېلىشتى، ئۇلارنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، كۆزۈمنى يۇمۇپ ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋالدىم.

— قاسىمجان بىر نەچچە كۈنىنىڭزى ئۇيقۇنى بەك ئۇخ- لايدىغان بولۇپ كەتتى، — دېدى سابىر.

— ئۇيۇن دېسە ھېچيەردىن قالمايتتى، بايام تانىسىغا بارايلى دېسەممۇ بېرىشقا ئۇنىمىدى، مىجەزىڭ يوقمۇ، نەرىڭ ئاغرىيدۇ دېسەم، ياق دەيدۇ، — دېدى سەيدۇللام.

— مىجەزى يوق ئەمەس، يۈرىكىدە دەردى بار، — دېدى نۇرەك مەدداھ «دەردى بار» دېگەن گەپنى مەنىلىك ھالدا سوزۇپ ئېيتىپ.

— ئۇنىڭ دەردى بارلىقىنى سەن قانداق بىلدىڭ، ئۇ ئۆزى ساڭا دەپ بەردىمۇ؟...

— بۇنى ئۆزى دەمتى...

— ئانداق بولسا سەن قانداق ئۇقتۇڭ؟ ئېنىقراق گەپ قىلمامسەن، ھوي مەدداھ! — دېدى سەيدۇللام ئاچچىقى بىلەن.

— ئالدىراتماي تۇرۇشمامسەن، سوراقچىدەك كۆزۈڭگە كىردۈۋېلىشساڭ قانداق سۆزلەپ بېرىمەن؟

— بولدى ئالدىراتمايلى، سۆزلە مەدداھ!

— زامانلارنىڭ زامانىسىدا بىر يىگىت ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ بىر قىزغا ئاشىقى بىقارار بولۇپ، كېچە - كۈندۈز شۇ قىزنى ئويلايدىكەن، ئەمما دەردىنى ئېيتالمايدىكەن...

— سېنى چۆچەك ئېيتىپ بەر دېدۇقمۇ؟ گەپنىڭ پوسكال- لىسىنى دېمەمسەن، مەدداھ! — دېدى سەيدۇللام نۇرەكنىڭ گەپنى ئايلاندۇرۇشىغا تاقەت قىلالماي.

— گەپ دېگەن ئۆز رەتى بىلەن كەلمەمدۇ، زىغىردەك قىسىپ چىداپ تۇرمامسەن، — دېدى نۇرەكمۇ بوش كەلمەي.

ئۇ يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ھېلى گېپىم نەگە كەلگەنتى، ھە! راست، دەردىنى ئېيتالمايدىكەن، شۇنداق يۇرگەن كۈنلەر-نىڭ بىرىدە قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، بىر يېرىم مېتر گەۋدى-سىنى كۆڭۈل دولدۇلىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇپ، جىگدە يېلى-مىدە قاتۇرغانىدەك قېتىۋېلىپ، بۇ شاھزادىمىز ئۇ مەلىكىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۆز قەلبىنى گۈلدەستە قىلىپ تۇتۇپتۇ. بىراق مەلىكە ئۇنىڭ گۈلدەستىسىنى خەس ئورنىدا كۆرۈپ، غەزەپ جالالاتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇ شاھزادىنى شەھىرىدىن قوغ-لاپ چىقىرىپتۇ...

— ۋۇي، سىغىزخانىدىن تەلىم ئالغان مەدداھ! تۈزۈك گەپ قىلامسەن - يوق؟ ياكى قوۋۇرغىلىرىڭنى ئەيلەپ قويايمۇ؟ — سەيدۇللام ئۇنىڭغا ھۇرپەيدى.

— راست! شۇنداق بىر ئەدىبىنى بېرىپ قويمىساڭ ئادەم ئەخمەق قىلغۇدەك بۇ ۋىتۋالاق، — دەپ گەپكە ئارىلاشتى سابىر.

— بازغانلىرىڭنى ئورنىغا قوي سەيدۇل پوتەي، ئېنىق قىلىپ سۆزلەپ بېرەي، ئالدىنقى شەنبە كۈنى قاسىمجاننى كۆلگە بېرىپ ئويناپ كېلەيلى دېسەڭ بارمايمەن دەپ ياتاقتا قالغان ئىدىغۇ؟

— ھەئە!

— شۇ كۈنى 2 - زاۋۇتقا بېرىپتۇ.

— نېمىگە بېرىپتۇ؟

— مۇھەببەت ئىزھار قىلغىلى - دە ... ھى، ھى!

— كىمگە؟

— لەيلىگۈل قونچاقىغا.

— سەن بۇنى نەدىن بىلدىڭ؟ — سەيدۇللام بىلەن سابىر تەڭلا سوراشتى.

— بۈگۈن تانسىدا لەيلىگۈل ئۆزى سۆزلەپ بەردى.

— قېنى تەپسىلىيرەك سۆزلە.

— لەيلىگۈل: «ياتاقتا بىر دوستۇم بىلەن ئولتۇرسام ئىشىكنى چېكىپ كىرىپ كەلدى. مەنمۇ ئۇنى تونۇشلۇق ھۆرمىتىگە قىزغىن قارشى ئېلىپ، ياتاقتا بار نەرسىلىرىم بىلەن چاي قۇيدۇم. بىر ۋاقىتتا قارىسام قاپتىن بىگىز چىققاندەك پوسىڭگىدە، قوۋۇرغامنى ئېگىپ ماڭا تەكلىپ قويۇۋاتىمادۇ، ئەرۋاھىم ئۈركۈپلا كەتتى» دېدى، مەن ئۇنىڭغا ماقۇل دېگەننىز دېسەم، ئۇ «ئۇۋۇش! مېنى شۇنىڭغا لايىق كۆردىڭىزما، بىر قىرىچچە بويى بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە بورىۋايدا ئىشلەيدۇ، ئايلاپ ئۆيگە كەلمەيدۇ، بورىۋايدا ئىشلەيدىغانلارغا تەگسە يېرىم تۇل دېگەن گەپ. ئۇنداق ئادەملەرگە تېگىدىغان لەيلىگۈل يوق، تۆت ئېغىز گەپ بىلەن كەكە - پالتىسىنى قاقتۇرۇپ يولغا سالدىم» دېدى. بۇ ئاغىنىمىزمۇ ھالىغا بېقىپ ئىش قىلسا بوپتىكەن، ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپتۇ دېگەن شۇ-دە، ھى...ھى!

— نۇرەك گەپنىڭ ئاخىرىنى مەسخىرە بىلەن تۈگەتتى. ئۇنىڭ مەسخىرىلىك كۈلكىسى راسا ئوغامنى قايناتتى، ئەزەلدىن بىر ئادەم بىلەن سوقۇشۇپ باقمىغان بولساممۇ، ھازىر سەكرەپ تۇرۇپ مۇشۇ مەدداھ بىلەن بىر ئېلىشقۇم كېلىپ كەتتى. ئەمما سەيدۇللام:

— ۋۇ نۇرەك، ئاغزىڭغا بېقىپ سۆز دېگەننى چايناپ بېقىپ سۆزلە جۇمۇ، قاسىمجاننى ئۆزۈڭچە ھەر نېمە دەپپاققۇڭ كېلىۋاتامدىغۇ سىنىڭ!؟ بىزدەك، قاسىمجاندەك ئادەملەر قۇدۇق قېزىپ، ماي چىقىرىپ بەرمىسە، ئۇ قونچىقىڭ ئانىسىنىڭ قۇدۇقىدىن ماي ئالامتى؟! قاسىمجان ياراتقانغا خۇش بولسۇن ئۇ قونچاق! قاسىمجان ئۇ نېمەڭگە مىڭ مەرتەم زايا كېتىدۇ، — سەيدۇللام سۆزلىگەنسېرى قىزىشقىلى تۇردى. ئۇ بازغاندەك مۇشتلىرىنى نۇرەكنىڭ بۇرنىغا پۇرىتىپ تۇرۇپ، — ئەگەر مۇشۇ

سۆزلەرنى باشقا ئادەمگە سۆزلىگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالىدىغان بولسام خامىرىڭنى تۆزلەپ، بۇرنۇڭنىڭ بېزىنى ئالىمەن مەددا، — دېدى خۇددى ھاقارەتلەنگەن ئادەم مەن ئەمەس ئۆزىدەك ئاچچىقىنى باسالماي ئېغىر - ئېغىر پۇشۇلداپ.

— بولدى قىلىڭلار، بولدى! سەنمۇ - زە، نۇرەك، ئاغزىمغا كەلدى دەپ سۆزلەۋېرىدىكەنسەن. سەنمۇ بورىۋايدا ئىشلەيدىغان ئادەم بولغاندىكىن ئۆز جايىدا تۆت ئېغىز گەپ بىلەن ئاغزىنى تۇۋاقلاپقويماي، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ كەتكىنىڭ نېمىسى؟ بولدى ئەمدى، كەچ بولدى، ئۇخلايلى، ئەتە ئەتىگەن ئىشقا چىقىدىغان گەپ، ئۇخلايلى.

سابىرنىڭ گېپى بىلەن ھەممىسى ئورۇنلىرىغا كىرىپ چىراغنى ئۆچۈرۈپ جىم بولۇشتى. ئەمما كېچىچە ئۇيقۇم كەلمەي، قىلمىغان خىياللار قالمىدى. ئاخىرىدا، ئىككىنچى بىر قىزغا گەپ قىلماسمەن دېگەن قارارغا كەلدىم. قايسى ۋاقىتتا ئۇخلىغانلىقىمنىمۇ بىلمەيمەن. ئەتىگەندە سابىر چاقىرغاندا ئويغاندىم.

## 2

شۇ ئىش بولۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، كۆڭلۈمنى قىزلارغا قارىتا بىر يوشۇرۇن ئاداۋەت ئىگىلىدى. مۇزلىغان يۈرەكتىن بۇرۇنقىدەك قىزغىن سۆزلەر چىقمايدىغان بولدى. قىزلاردىن قېچىپ يۈرۈيدىغان بولدۇم. قىزلار مېنى ئۆزلىرىگە جورا سۈپىتىدە ياراتمىسىمۇ، لېكىن قىزىق - قىزىق سۆزلىرىم بىلەن شوخ ئۇسسۇللىرىمنى ياراتاتتى. ئەمدى ئۇلار مېنىڭ ئۇسسۇللىرىمنى كۆرەلمەس، قىزىق لەتىپىلىرىمنى ئاڭلىيالماس بولۇپ قالدى.

شۇنداق يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇيۇقسىزدىن بىر قىز مېنىڭ «تىنچ» تۇرمۇشۇمغا ئۇسۇپ كىردى.

سېنتەبىر ئايلىرىنىڭ ئاخىرى بولسا كېرەك، بىر كۈنى دۈيجاڭ مېنى چاقىرىپ:

— قاسىمجان، سەن ئۇستا بولغىلىمۇ خېلى ۋاقىت بولدى. لېكىن تېخىچە بىرەر شاگىرت تەربىيىلەپ باقمىدىڭ. ئەمدى سەنمۇ بىر شاگىرت يېتىشتۈرگىن، - دېدى.

- ئۆزىمىزمۇ تېخى شاگىرت تۇرساق، باشقىلارغا قانداق ئۆگىتىمىز، دۈيجاڭ! — دېدىم ئۇنىڭغا.

— سېنىڭ كەمتەرلىكىڭ ياخشى. ئەمما نېفىت سانائىتىنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات سۈرئىتىدىن قارىغاندا ھەرخىل كەسپىي خادىملارغا بولغان ئېھتىياج بەك كۈچلۈك، شۇڭا بۇ نۆۋەت قوبۇل قىلىنغان شاگىرت ئىشچىلار كۆپ، ئۇلارنى يېتىشتۈرۈش بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپىمىز...

— بولىدۇ، دۈيجاڭ، قولۇمدىن كېلىشىچە ئۆگىتەي.

— ھەببەللى، مانا بۇ كېپىڭ يارايدۇ.

— بېرىدىغان شاگىرتىڭىز كىم؟ — دەپ سورىدىم مەن قىزىقىش بىلەن.

— ئالدىرىما، ھېلى كۆرىسەن، ئولتۇرۇپ تۇر.

دۈيجاڭ شۇنداق دېگىنىچە ئىشخانىدىن چىقىپ كېتىپ، ئۈچ - تۆت مىنۇت ئۆتكەندە، بىر قىزنى باشلاپ كىردى. پاھ! بىر شائىرنىڭ بىر مىسرا شېئىرى شۇئان يادىمغا كەلدى. ئۇ مۇنداق ئىدى: «قاچتىم دېسەم كىرىپ قالدىم قوچىقىغا.» دەل شۇنىڭغا ئوخشاش مەن قىزلاردىن قېچىپ يۈرسەم «كۆتۈرەلمىسەڭ، ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، بىر قىز بالىنى شاگىرتلىققا بەرمەكچى بولۇۋاتقىنىنى كۆرمەمسىلەر! تېخى ئۇنىڭ تۇرقىنى دېمەمدىغان، بىر مېتىر يەتمىش سانتىمېتىردىن ئارتۇق بويى،

يوغان بەللىرى، پاچىقىدىن تومراق كېلىدىغان بىلەكلىرى، ياپىر! بۇنىڭ نەرىمۇ قىز بالىغا ئوخشىسۇن؟ خۇدانىڭ كىچىككىنە نەرسىگە كەلگەندە پىخسىقلىق قىلغانلىقىدىنلا ئاياللار جىنسىغا تەۋە بولۇپ قالغان ئىنسانىكەنغۇ بۇ! بۇنى شاگىرت قىلىپ ئەگەشتۈرۈپ يۈرسەم، مەن تېخىمۇ پاكارلاپ كەتمەمدىمەن؟ ياق، بۇنى باشقا بىرسىگە بەرسۇن. ماڭا ئوغۇل بالىلاردىن بىرنى بەرمىسە، قىز بالىنى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلمايمەن.

— دۈيجاڭ! بۇ...

— ھە، بۇ قىزنىڭ ئىسمى تۇردىخان، ئۆزى يېزىدىن كەلگەن...

— دۈيجاڭ! ماياقا چىقىڭا! — دۈيجاڭنى ئىشخانىدىن سىرتقا ئەپچىقاندىن كېيىن دېدىم، — ماڭا ئوغۇل بالىلاردىن بىرنى بىرىڭ. بۇ قىزغا باشقىلار ئۆگەتسۇن، مەن ئۆگىتەلمەيمەن. مۇشۇ چاغىچە سىزنىڭ سۆزىڭىزدىن چىقمىۋېدىمغۇ، ئەمما بۇ نۆۋەت...

— بۇ تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، باشقىلارنىڭ ھەممىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدۇق. ھازىر مەن بورىۋايغا بارىمەن، ۋاقتىمنى ئالما!

دۈيجاڭ ماڭا قىلچە ئىمكانىيەت قالدۇرماي، قاپىقىنى تۈرۈپ كېتىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، تۇردىخاننىڭ ماڭا شاگىرت بولغىنى بولغان بولۇپ كەتتى.

دەسلەپكى كۈنلەردە ئۇنىڭغا ئوچۇق چىراي ئاچمىدىم. شۇنداقتىمۇ ئۇ ماڭا سايىدەك ئەگىشىپ، قىلغان ئىشلىرىمغا سەپسالغاچ، ئانچە - مۇنچە تازىلىق ئىشلىرىنى قىلىپ يۈردى. لېكىن ماتورلارنىڭ ئارىسىغا كىرىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى، ماتورلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك جايلارنى تەكشۈرسەم، ئۇۋۇچىدىن قورققان جەرەندەك يىراقتا تۇرۇپ قارايتتى.

سىبىنا كۈندۈزگە ئالماشقان بىرئەتىگىنى سىبىنىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپلا ماتورلارنى توختىتىپ، تۈردىخانىغا يېرىم چېلەك سالياركا ئەكەلدۈرۈپ، ماتورنىڭ ماسلو پىلتىرىنى يۇغاندىن كېيىن، گاز مادانى شۈنداق بېسىشىمغا قاتتىق چىرقىرىغان ئاۋاز قۇلىقىمغا كىردى. مەن ئەنسىزلىك ئىچىدە ماتورنى توختاتتىم - دە، سورىدىم:

— نېمە بولدىڭىز؟

— خىرامان تۇرغان ئىكەنمەن، قورقۇپ كەتتىم، — ئۇنىڭ يۈزلىرى خىجالەت بولغىنىدىن ئۇتقاشتەك قىزارغان ئىدى.

— بۇغۇزلاشقا ياتقۇزۇلغان كالىدەك ھۆركىرىسىڭىز نېمە ۋەقە بولغاندۇ دەپ ئەنسىرەپ كېتىپتىمەن تېخى.

بوغۇزلىغىلىۋاتقان كالىغا ئوخشاتقانلىقىم ئۇنىڭغا خېلى ھار كەلگەن بولسا كېرەك، بىرنەچچە كۈنگىچە بۇتناپ يۈردى. ئۇنىڭ بۇتناشلىرى بىلەن پەرۋايىم نېمە؟ «نوچى بولساڭ دۈيجاڭغا ئېيتىپ باشقا ئۇستىغا شاگىرت بولۇۋالمامسەن! ئۇنداق قىلساڭ تېخى ياخشى، مەنمۇ سەندىن قۇتۇلىمەن» دەپ ئويلايتتىم ئىچىمدە. ئەمما ئۇ تۆتىنچى كۈنىگە بارمايلا ئۆزىچە ئوڭشىلىپ قالدى. لېكىن نۇرەك مەدداھ كەلسە - كەلمەس چاقچاقلارنى قىلىپ چىشىمغا تەگكىلى تۇردى: ئۇ بىر كۈنى بورۇۋايدا ماتورلارنىڭ تازىلىقىنى قىلىپ بولۇپ، قولۇمغا يۇققان مايلارنى باكتىكى سۇ بىلەن يۇيۇپ چىقىرىۋاتسام يېنىمغا كەلدى - دە:

— قاسىمجان! ئوبدان شاگىرتقا ئىگە بولدۇڭلا! ھېرىپ قالغاندا يانچۇقىغا چۇشۇۋالساڭمۇ ماشىنىنىڭ كابىنكىسىدا ئولتۇرغاندەك خېلى يەرگە بەھۇزۇر كېتىۋېرىسىلەمدە...

— ئاداشۇي! سىنى نېفىتلىككە ئىشچى قىلىپ ئەكەلگەن ئادەممۇ ئەخمەق ئىكەن. ئەسلىدە خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتىغا

ئاپارغان بولسا ئاغزىڭنى ئاچساڭلا ئىچىڭدىن تەبىئىي ئۇغۇت ئۆزۆلمەي چىقىپ تۇرار ئىكەن، — دېدىم زەردەم بىلەن.

— ۋاي! يەرمەدىكى، خېلى گەپچى بولۇپ قاپسەنغۇ، ئاچاڭدىن خېلى ئۇبدان تەلىم ئېلىۋاتقان ئوخشىمامسەن؟—دېدى ئۇ، ھازىرلا كېلىپ گېلىمدىن بوغىدىغاندەك قىياپەتتە.

— كىچىك چېغىڭدا ئاپاڭنىڭ ۋاقتى يەتمەي، داداڭ ئېمىتىپ قويغان نەرسىكەنسەن. چىشىمغا تەگمەي ئىشىڭنى قىل ماڭ، —دېدىم ئۇنىڭ «يەر مەدىكى» دېگىنىنى جېنىمدىن ئۆتۈپ.

ئۇ گېپىمگە چىدىماي بىرقولى بىلەن گېلىمنى بوغدى-دە، بىرقولى بىلەن بېلىمدىكى تاسمىدىن تۇتۇپ يەرگە يىقىتىپ ئۈستۈمگە مىنىۋېلىپ، بۇرنۇمنى چىمداپ، قۇلاقلىرىمنى سوزغىلى تۇردى. ھەرقانچە تېپچەكلىسەممۇ ئۇنىڭ ئاستىدىن بوشىنىپ چىقالمىدىم. شۇچاغدا ماتورخانا ئىشىكىدە قاراپ تۇرغان تۇردىخان بەلكىم بىزنى سوقۇشۇپ قالدى دەپ ئويلىغان بولساكېرەك، ئۇچقاندەك كەلدى-دە، نۇرەكنىڭ گەجگىسىدىن كۆچەپ بىر تارتىپ تىك تۇرغۇزۇپ، كەينىدىن كۈچ بىلەن بىر ئىتتىرگەن ئىدى، باكتىن ئاققان سۇلار تولىنىپ قالغان كۆلچەككە تومشۇقى بىلەن دومچۈشتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ، راسا مەززە قىلىپ كۈلدۈم. ئۇ ئورنىدىن ئىنجىقلاپ ئاران تۇردى- دە، يەردىكى بىر دىۋىيلىق يېرىم مېترچەكېرەكسىز شىلانكىنى قولىغا ئېلىپ تۇردىخانغا ھەيۋە قىلىپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ راسا ئاچچىقى كەلگەنتى. تۇردىخان قانداق قىلارسەنكىن دېگەندەك ئورنىدىن قوزغالماي تۇراتتى، بۇ ئۇيۇن چېغىغا ئايلانغانتى.

—ھەي! نۇرەك، نېمە قىلاي دەيسەن؟ قىزبالىغا شىلانكا كۆتۈرۈپ يۈرگىنىڭنى تېخى! غىت قىسىپ تومشۇقۇڭنى يۇغىن، «غوجاڭنىڭ غوجىسى بار، چامغۇرنىڭ ئورىسى» دېگەننى ئاڭلىمـ

مىغا نىمىتىنىڭ، ھېلى قالغىنىنى مېنىڭدىن كۆرىسەن، يارا يىمىز سىڭلىم، مېنىڭ بېرىپ ماتورىڭىزغا قاراڭ،—دېدى جېدەل ئۈستىگە ئۆلگۈرۈپ كەلگەن سەيدۇللام. شۇنىڭ بىلەن جېدەل بېسىلدى، لېكىن خېلى ۋاقىتقىچە بۇ ئىش شاكخو قىلىنىپ، نۇرەكنى ئېغىز ئاچۇرمىدى، بەزىلەر ئۇنى ماڭا چاقچاققا سالماقچى بولۇپ، دەي-دە يگە سالىسمۇ:

—بۇنىڭغا ھازىر بىرنېمىدېگىلى بولمايدۇ، ئارقا تېرىكى كۆچلۈك،— دەپلا ئۇشۇق گەپ قىلمايدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تېتىقسىز چاقچاقلىرىدىن قۇتۇلۇپ قالدىم.

مەنمۇ ئەمدى تۇردىخانىغا ئانچە قوپاللىق قىلمايدىغان بولۇپ قالدىم. قارىسام ئۇنىڭغا ئانچە-مۇنچە پاراڭمۇ قىلىدىغان بولۇپ قاپتىمەن. ئۇمۇ سەل-پەل بىكار بولۇپ قالساق ئۇنى-بۇنى سورايدۇ. مەنمۇ ماتورنىڭ ئىشلەش قانۇنىيەتلىرىنى، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىدىغان بولۇپ قالدىم. تۇردىخانىمۇ بۇرۇنقىدەك ماتورنىڭ يېنىغا كەلسە قورقۇپ تىترەيدىغان ئادەتلىرىنى تۈگىتىپ، ماتورنىڭ ئارىلىرىغا قورقماي كىرىپ ماتورلارنى تەكشۈرىدىغان، ماي ئاققان يەرلىرىنى سۈرتىدىغان، بوشاپ قالغان بولتىلىرىنى چىڭىتىدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ تۇغۇشلۇق ھالدا ماتورنى ئۇنىڭغا تاشلاپ قويۇپ، دىجورنى ئۆيىگە بېرىپ چاي-پاي ئىچىپ دەم ئېلىپ كېلىدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇنىڭ ماتورنى بىرىنچى قېتىم ئۆزى مۇستەقىل ئوت ئالدۇرغان چاغدىكى خۇشاللىقىنى دېمەيلا قويۇڭ، ئۇ مېنىڭ نەچچە يۈز ئات كۈچىگە ئىگە دىزېل ماتورنىڭ گازبېرىش رىچاگىنى بېسىپ تۇرۇپ، گاز مادانى بېسىشىغا گاز مادا ئۈنلۈك چىرقىراپ، ماتورنى ئايلاندۇرۇپ، گۈر قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ماتور ئوت ئالدى، ئە مېنىڭ ئۆگەتكىنىم بويىچە ماتور ئوت ئېلىش بىلەنلا ماسلو

مانومېتىرنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە دىققەت قىلدى. ماسلونىڭ بېسىمى تەلەپكە لايىق بولغاندىن كېيىن گازنى تەلەپكە لايىق بېرىپ، مۇقىملاشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن ماڭا قانداق بولدىمۇ دېگەندەك قىلىپ قارىدى. مەن بېشىمنى ئىگەپ، ياخشى بولغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، يۈزىگە تەبەسسۇم يۈگۈرۈپ، شىرمەن ناندەك يوغان يۈزىدە چوڭقۇر ئىككى زىناق پەيدا بولدى. ئۇ كۈنى ئۇ ئىشتىن چۈشكىچىلا ناھايىتى روھلۇق بولۇپ، تىنىم تاپماي ھېلى سۈرتۈپ پاكىزلەپ قويغان جايلارنىمۇ قايتا-قايتا سۈرتۈپ، سايمانلارنى رەتلەپ، بىردەم تىنىم تاپمىدى.

## 3

دەم ئالغان كۈنۈم ئىدى. ئەل-ئاغىنىلەر بىلەن بىرلىكتە قارامايغا بېرىپ ئويناپ كەلمەكچى بولۇپ ئەتىگەنلا ياتاقتىن چىقىپ كەتتۇق. كۆڭۈلدىكىدەك ئويناپ، كەچ قايتىپ ياتاققا كىرىپلا بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ تۇرۇپ قالدۇق. باشقا ياتاققا كىرىپ قالدۇقمۇ قانداق دېگەندەك ھەيران بولۇپ بىر-بىرىمىزگە قاراشتۇق. ياتاقتا ئوغۇللار ياتىقىدا بولىدىغان قالايمىقانچىلىقلار نەگىدۇ يوقالغانتى، ئورۇن-كۆرپىلەر رەتلىك تىزىلغان، پوللار پاكىزە يۇيۇلۇپ، ھەممە نەرسە تېگىشلىك ئورۇنغا رەتلىك تىزىپ قويۇلۇپتۇ. ياتاقتىكى تۆتىمىزگە تەڭ ئىشلىتىدىغان ئۈستەلنىڭ ئۈستى پاكىزە يىغىشتۇرۇلۇپ، گۈللۈك كىلىيونكا داستىخان سېلىنىپ، چاي ئىچىدىغان ئىستاكانلىرىمىزنىڭ چەمبەر-چەمبەر چاي داغلىرى پاكىزە يۇيۇلۇپ، لىگەنگە كۆمتۈرۈپ قويۇلغان ئىدى. ئەتىگەندە قۇرۇپ قالغان چايداننىمۇ چاي دەملەپ چىرايلىق تىزىپ قويۇلۇپتۇ، جوزىغا سېلىنغان بىر پارچە گېزىت ئۈستىدە بىر دۆۋە قاق، ياڭاق،

جىگدىلەر تۇراتتى.

— پاھ! نېمە ئىش بۇ؟! بۇ كىمنىڭ قىلغان ئىشىدۇ — ؟ دېدى سابىر ھەيران بولغان ھالدا.

— لېيى قېنىڭ تېرىلىپ كەلگەن ئوخشايدۇ، پات-پات كېلىپ تۇرسا بوپتىكەن، — دېدى نۇرەك بىرتال ئىسلانغان سۆپسۆزۈك قاقنى ئاغزىغا سېلىۋېتىپ.

— كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ بىز ئۈچۈن بىر تەنقىد، بۇندىن كېيىن مۇشۇ ئۆلچەم بولسۇن، قايسىڭ بۇ ئۆلچەمنى بۇزىدىكەنسەن كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن! — دېدى سەيدۇللام نۇرەككە مىختەك قادىلىپ. نۇرەك «ئىشتانغا چىققان كۆكۈلگە تايىن» دېگەندەك سەيدۇللامنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ يەرگە قارىۋالدى.

بۇ ئىشنى كىمنىڭ قىلغانلىقى ماڭا ئايان ئىدى. چۈنكى كېيىم - كېچەكلىرىمۇ پاكىز يۇيۇلۇپ، رەتلىك قاتلىنىپ، تىزىپ قويغان يوتقان ئۈستىگە قويۇپ قويۇلغان ئىدى. نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا تۇردىخاننىڭ ئۆيىدىن خالتا كەلگەن بولۇپ، ئۇ مېنى ياتىقىغا تەكلىپ قىلغاندا، بەزى باھانە - سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ بارمىغان ئىدىم.

## 4

— كىنو كۆرۈپ كەلمەيلىمۇ، ئۇستام!

تۇيۇقسىز ئاڭلانغان بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ، يېزىۋاتقان خېتىمنى توختىتىپ كەينىمگە قارىسام، تۇردىخان ئۇچۇق تۇرغان ئىشىكنىڭ يان ياغىچىغا يۆلىنىپ تۇرۇپتۇ.

— كېلىڭ. نېمە كىرمەي قاراپ تۇرىسىز؟ — مەن ئۇنىڭ تەكلىپىگە ئىنكاس قايتۇرۇش ئورنىغا ئېيتتىم.

ئۇ تۇرغان ئورنىدىن مىدىرلىماي دېدى:
— باشقا ئۇستىلار يوقمۇ؟
— ئۇلار ھازىر كېلىدۇ.
— بارامسىز - قانداق؟ بەكلا قىززىق كىنوكەن دېيىشىۋاتىدۇ.

مەن ئۇنىڭغا نېمىدېيىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم. ياق دېسەم كۆڭلىگە كېلىشى تۇرغان گەپ، ماقۇل باراي دەي دېسەم، سەل بىئەپ تۇيۇلدى. شۇڭا مۇجمەللا گەپ قىلىپ كەتكۈزۈۋېتىش نىيىتىگە كەلدىم.

— خەت يېزىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ تۇرۇپسىز. مانا يازىمەن، ئەنە يازىمەن دەپ بۇ خەت بەك كېچىكىپ كەتتى.

— بۈگۈن يېزىپ تۈگىتىۋەتمىسە بولمايدىغان قانداق زۆرۈر خەتتى ئۇ؟ كىمگە يېزىۋاتىسىز؟ —ئۇنىڭ خەتكە قىزىقىۋاتقىنى ئېنىق ئىدى.

— كىمگە بولاتتى، يېزىدىكى ئانامغا - دە! بىچارە ئانامدىن كەلگەن خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغىلى خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى.

— ئاتا-ئانىلار پەرزەنتىدىن كېلىدىغان خەتنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتىدۇ. نېمە ئۈچۈن ۋاقتىدا جاۋاب يازمىدىڭىز؟

ئۇنىڭغا نېمىدېيىش كېرەك؟ بىچارە ئاپام «پاتراق كەلسەڭ تويۇڭنى قىلىپ، مەنمۇ خاتىرجەم بولسام» دەپتىكەن. بۇ سۆزلەرنى ئەينەن ئېيتسام، ئۇ...

ئۇنىڭ ماڭا بارغانچە يېقىنلىشىۋاتقىنىنى سېزىپ تۇرىمەن، بۇ يېقىنچىلىقلار باشتا «ئۇستا» بىلەن «شاگىرت» ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنچىلىق ئىدى. لېكىن يېقىندىن بۇيان بۇ مۇناسىۋەتنىڭ ئۇستا - شاگىرت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن سەل ھالقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتاتتىم.

ياتاقداشلار قايتىپ كەلدى، ئۇلار تۇردىخاننىڭ ئىشىكنى

كەگەنلەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشتى، ئارىدىن سابىر:

—ياتاقتا كىرمەي ئىشىكتە تۇرغىنىڭىز نېمىسى؟ ياتاققا كىرىڭ! —دېدى.

—ئۇستام رۇخسەت قىلمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلەرمۇ يوق ئىكەنسىلەر، شۇڭا...

—بۇ قانداق قىلىق، قاسىمجان؟ ئۆزى ئىزدەپ كەلگەن قىزنى ياتاققا باشلاپ، ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ ئولتۇرۇپ مۇڭداشماي! ھەي... سەنزە، ئەخمەقتە-ئەخمەق!— نۇرەك قىزىقچىلىق قىلىپ قىزنى تەمتىرىتىپ قويدى.

—لاۋزىلاشمىساڭچۇ ۋالاقتەككۇر مەدداھ!

سەيدۇللام شۇنداق دەپ نۇرەكنىڭ زۇۋانىغا تاقاق سالمىغان بولسا، ئۇ يەنە نېمىلەرنى دەر ئىدىكىن، بۇنى پەرەز قىلىش تەس ئىدى. مەن تۇردىخانغا قارىسام، نۇرەكنى تىللىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران بېسىپ ئاستىنقى لېۋىنى چىشلىگەن ھالدا تۇراتتى.

—كېلىڭ، مايەرگە ئولتۇرۇڭ سىڭلىم، بۇنداق بىزەڭنىڭ گەپلىرىگە ئېتىبار قىلىپ كەتمەڭ. ئۆزى شۇنداقراق نەرسە بۇ،— دېدى سابىر تۇردىخانغا ئورۇن كۆرسىتىپ.

—ھەممىمىز بىرگە كىنو كۆرۈپ كېلەيلىمىكىن دەپ بىر نەچچە بېلەت ئالغاچ كەلگەنتىم، يوق ئىكەنسىلەر...

—قانداق كىنوكەن؟— نۇرەك يەنە تۇردىخاننىڭ ئاغزىنى غىرىچلىدى،— مۇھەببەت كىنوسىمىكەن؟

ئۇنىڭچە بولسا ھازىرلا كىنوغا ماڭغۇسى بارىدى، سەيدۇللام كۆزىگە مەنىلىك تىكىلىپ ئېيتتى:

—سەن 2- زاۋۇتقا بارماقچى ئىدىڭغۇ، ھەي مەدداھ.

نۇرەك تۆتۈتلەپ قالدى:

—ئەمدى، بۇ...بۇ...

— باردىغان يېرىڭگە بېرىۋەر، — دېدى سەيدۇللام ئەمدى
نۇرەككە قىلچە ئىمكانىيەت قالدۇرماي. ئاندىن تۇردىخانغا
قاراپ داۋام قىلدى، — سىڭلىم، بۈگۈن بىزنى ئەپۇ قىلىسىز،
ئاتايىتىن بىلەت ئەكەلگەن چېغىڭىزدا كۆڭلىڭىزنى يەردە
قويىدىغان بولدۇق. سابىر ئىككىمىزنى بىرشەنبىلىك ئولتۇ-
رۇشقا تەكلىپ قىلغانتى. بىزمۇ ماقۇل دەپ قويۇپتۇق. بارمىساق
ئۆي ئىگىلىرى كۈتۈپ قالىدۇ. ئەگەر بۇ ئىش پۇتلاشمىغان
بولسا چوقۇم باراتتۇق. ئەمدى بۈگۈنچە قاسىمجان ئىككىڭلار
بېرىپ تۇرۇڭلار، كېلەرقېتىم چوقۇم بارىمىز. قاسىمجان بارى-
سەن ـ ھە؟

ئۇنىڭ يېرىم سوئال، يېرىم بۇيرۇق ئاھاڭىدىكى بۇ سۆزى
قۇلىقىمغا بەكلا ياقتى. شۇڭا:

—بولىدۇ باراي! —دەپ ئالدىراپ ئىپادە بىلدۈردۈم ئۇ-
نىڭغا. ئىچىمدە بولسا «ئەجەبمۇ كاللاڭ ئىشلەيدۇ سېنىڭ،
دەۋاتقانلىرىڭنىڭ ھەممىسى يالغان، تۇردىخان ئىككىمىزنى
يالغۇز قالدۇرۇش ئۈچۈن بۇگەپلەرنى توقۇپ چىققىنىڭنى
بىلمەيدىغان يەردە ئەمەسمەن. سىرتىڭدىن شۇنچە قوپال
كۆرۈنسەڭمۇ، قەلبىڭ ئالتۇننىڭ ئۆزىدە! شۇڭىمۇ بورىۋايدا
بۇرۇلىشىك بولۇپ بىزنى باشقۇرىسەن، ياتاقتىمۇ سېنىڭ سۆ-
زۈڭنى يېرىشقا ھېچقايسى جۈرئەت قىلالمايدۇ!» دېگەنلەرنى
ئويلىدىم.

—ئۇنداق بولسا شۇ بويىچە بولسۇن، يۈر، نۇرەك.

سەيدۇللام نۇرەك بىلەن سابىرنى باشلاپ چىقىپ كەتتى.
بۇ بىزنىڭ ياتاق كوللېكتىپىنىڭ شەنبە كۈنلىرىدىكى بىرىنچى
قېتىملىق بۆلۈنۈش ئىدى. بۇرۇن ھەرقانداق پائالىيەتلەردە
بىرگە بولاتتۇق. باشقا ياتاقلاردا ياتقان يىگىتلەرنىڭ بىزگە

ھەۋىسى كېلەتتى. ئەمما بۇندىن كېيىن بىرلەپ- ئىككىلەپ ئايرىلىش مۇقەررەر قانۇنىيەت.

بۇ ياتاق ھەرقايسىمىزنىڭ بويتاقلىقتىن ئائىلە قۇرۇشقا ئۆتۈشتىن ئىبارەت ئۆتكۈنچى دەۋردىكى ماكانىمىز، بىزدىن بۇرۇنمۇ بىرمۇنچە ياشلارنى كۈتۈۋېلىپ، ئۇزىتىپ قويغان، بىزنىمۇ ئاخىر بىركۈن ئۇزىتىپ قويىدۇ.

5

ئىككى كۈندىن بۇيان زۇكام بولۇپ قىزىپ يېتىپ قالدىم، كېلىمدىن ھېچنەرسە ئۆتمەيدۇ، دوختۇرنىڭ بەرگەن دورىسى ئانچە ئۈنۈم بەرمىدى. ياتاقداشلار «ئۇنى يەپبا قامسەن، بۇنى يەپبا قامسەن» دەپ ئەتراپىمدا پايپېتەك بولۇشاتتى، ئاشخانىدىن ھەرخىل تاماقلارنى ئېلىپ كەلسىمۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئۈچۈنلا بىر-ئىككى چوكا يەپ، قالغىنى قويۇپ قوياتتىم. ئۇلار ئەكەلگەن مېۋە كونسېرۋالىرىمۇ جوزا ئۈستىدە دۆۋىلىنىپ تۇرۇپتۇ، باش ياستۇققا يەتكەندە بىچارە ئانامنىڭ قەدرى خويمۇ ئۆتۈلدى: ئۆيدىكى چاغلىرىمدا شۇنداق ئاغرىپ قالسام مېھرىبان ئانام يۇمشاق سۈتنى سىقىپ سۈيىنى ئىچۈرۈپ ياكى يانتاق شېكىرىنى مۇزدەك بۇلاق سۈيىگە چېلىپ، داكىدىن ئۆتكۈزۈپ ئىچۈرۈپ، بۇمۇ بولمىغاندا ئاچچىق-چۈچۈك قىلىپ ئۈگرە ئاش ئېتىپ تەرلىتىپ ياكى باشقا ھەر خىل ئاماللار بىلەن ساقايتىۋالاتتى. بىراق ئانام يىراق يېزىدا قالغان، ئەمدى ماڭا ئاش ئېتىپ بېرەلمەيدۇ، «بالام ھالىڭ قاندىراق» دەپ سوراپ، ئەمگەك بىلەن قاتقان قوللىرى بىلەن باشلىرىمنى مۇجۇپ قويالمايدۇ، جېنىم ئانا، بەلكىم چۈشلىرىڭمۇ بۇلىنىشۋاتقاندۇ. بەلكىم ئۇيقۇڭنى بۇزغان كۆڭۈلسىز چۈشلەر-

نىڭ تەبىردىنى ياخشىلىقا بۇراش ئۈچۈن جەينامازدا ئولتۇرۇپ ئامانلىقىمنى تىلەپ دۇئا قىلىۋاتقانسەن...

—نېمە بولدىڭىز؟ يېتىۋاپسىزغۇ؟— تۇردىخاننىڭ ئاۋازى مېنى خىياللار دۇنياسىدىن رېئال دۇنياغا قايتۇرۇپ كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىگىلى بىرنەچچە كۈن بولۇپ قالغانتى. شۇڭا ئۇ مېنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىمدىن خەۋەرسىز ئىدى.

—ئىككى كۈن بولدى زۇكام بولۇپ قالدىم.

—زۇكام خېلىلا ئېغىر تەگكەن ئوخشايدۇ. ئۈنلىرىڭىزمۇ ھاراك-غۇرۇك چىقىۋاتىدۇ، دوختۇرغا كۆرۈنگەنسىز؟— سورىدى ئۇ كۆيۈمچانلىق بىلەن.

—كۆرۈندۈم، دورا ئىچىۋاتىمەن،— دېدىم ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى روھلۇقراق تۇتۇشقا تىرىشىپ.

—نەچچە كۈندىن بۇيان كەمدىدار بولۇپ كەتتىڭىزغۇ، ئۇستىڭىز ئاغرىپ قالسا يوقلاپ كىرەيمۇ دېمىدىڭىز،— دېدى سابىر گەپكە ئارىلىشىپ.

— قارامايدا بىر دوستۇم توي قىلغانتى، شۇ ئىش بىلەن قارامايدا ئۈچ كۈن تۇرۇپ قالدىم، تېخى ھېلىراقتا قايتىپ چىققان ئىدىم. مەنسەل تۇرۇپ كىرەي،— دېدى-دە، تۇردىخان ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

خىيال بىلەن يېتىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن، بىرچاغدا ئاستا-غىنە نوقۇشتىن ئويغىنىپ كۆزۈمنى ئاچسام، يېنىمدا تۇردىخان بىرقاچىنى تۇتۇپ تۇرغان ئىكەن.

—تۇرۇڭ! ماۋۇ ئاشنى ئىسسىقىدا ئىچىپ، قاتتىق بىر تەرلىسىڭىز ياخشى بولۇپ قالىسىز، —دېدى ئۇ.

ئۇنىڭ ئىللىق تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان چېھرىدىن ۋۇجۇدۇمغا ئىسسىقىنە بىر ئېقىم ئۆتكەندەك بولدى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئوگرىدىن بىرچوكا ئېلىپ ئاغزىمغا سالغاندا قاچىدىن چىققان مەززىلىك پۇراق بۇرنۇمغا

ئۇرۇلۇش بىلەن مېھرىبان ئانام يادىمغا يەتتى. پەقەت ئانا ملا مۇشۇنداق ئوخشىتىپ ئاش ئېتىپ، ئىسسىقىدا ئىچىۋالغىن دەپ ئەتراپىمدا پايپېتەك بولاتتى. ئۆيدىن ئايرىلغاندىن بۇيان بۇنداق مەززىلىك ئاش ئىچىپ باقمىدىم دېسەم ئانچە مۇبالىغە قىلغان بولمايمەن.

—چاققانراق ئىچىڭ، ئاش سوۋۇپ قالدۇ،— تۇردىخان خىيالغا چۆمۈپ ئولتۇرغىنىمنى كۆرۈپ، ئاشنى ئىچىشكە ئالدىراتتى.

شۇنىڭ بىلەن خىيالدىن سەگىپ، ئۇنىڭغا چوڭقۇر مىننەتدارلىق نەزەردە بىر قارىدىم-دە، ئاشقا تېگىش قىلدىم.

—نەچچە كۈندىن بېرى تۇردىخاننىڭ ئېشىغا ئىشتەي ساقلاپ، ئاچلىق ئېلان قىلىپ يېتىۋاپتىكەنسەن-دە، «ئىچ دېسەڭمۇ ئىچمەيمەن، يارىم ئەتمىگەن ئاشنى» دېگەن بۇ قوشاق ساڭا ئاتاپ چىقىرىلغانمۇ-نېمە؟— ياتاقتا كىرىپ كەلگەن نۇرەك ئاش ئىچىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ چاقچاق قىلدى.

باياتىن ياتاقداشلىرىم مېنىڭ ئۇخلاپ قالغىنىمنى كۆرۈپ، خاتىرجەم بىردەم ئارام ئېلىۋالسۇن دەپ چىقىپ كېتىشكەن ئىكەن.

—لاۋزىلاشماڭ، نۇرەككا،— تۇردىخان يالغاندىن ئۇنىڭ سۆزىگە خاپا بولغاندەك قىلىپ، دەل جايىغا تەگكۈزۈپ ئېيتتى— ئاش جىق، ئىشتىھا يەتكىز بولسا سىزمۇ ئىچىڭ.

—ئارپىنىڭ باھانىسىدا قارىمۇق سۇ ئىچىپتۇ دېگەندەك، قاسىمجاننىڭ باھانىسىدا نۇراخۇن تۇردىخاننىڭ ئېشىغا ئېغىز تېگىدىغان بولدى-دە، ئەپكىلىڭ، مەن تۇزۇت قىلىپ ئولتۇرمايمەن.

نۇرەك شۇنداق دېگىنىچە، تۇردىخان تەڭلىگەن ئاشنى ئېلىپ ئىچىشكە باشلىدي. «ۋاللاقتەككۇر مەدداھ، بۇ بىر قاچا

ئاش بىلەن ئاغزىڭ ئېتىلىپ، قۇلاقلار بىردەملىككە بولسىمۇ ئارام ئالىدىغان بولدى-دە» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

تۇردىخاننىڭ زورلىشى بىلەن ئىككى چىنە ئاشنى ئىچىپ بولدۇم. ئۇ ئورنۇمنى تۈزەشتۈرۈپ ياتقۇزغاندىن كېيىن، مېنى ئوبدان تەرلىتىش ئۈچۈن يوتقان بىلەن چىڭ چۈمكەپ قويدى.

— تەرلىگىڭىز قۇرۇمىغۇچە ئالدىراپ يوتقاننى ئېچىۋەتمەڭ، — ئۇ قاچا-قۇچىلىرىنى يىغىشتۇرغاچ تاپىلىدى، — مەن ئەتە ئەتىگەندە كىرگىچە جىم يېتىڭ.

يوتقانغا ئورىنىپ يېتىپ: «ھەي... مۇشۇنداق بىر مېھرىبان ئايالىم بولغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى-ھە!؟» دەپ ئويلىدىم-يۇ، ئارقىدىنلا ئۆزۈمنىڭ بۇ خىيالىدىن چۆچۈپ كەتتىم. بۇ ئويلىرىمنى چىرايىمدىن باشقىلار سېزىپ قالىدىغاندەك، باش-كۆزۈمنى يوتقان ئىچىگە تىقتىم. بويۇم ئاران ئۇنىڭ مەيدىسىگە كېلىدىغان تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ ماڭا تېگىشكە ئۇنىسۇن!؟ «بولدى قىل، قاسىم، ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلىما» دېدىم ئىچىمدە.

ئەتىگەندە ئويغانسام، شۇنداق يېنىكلەپ قاپتىمەن. مېنىڭ ساقايغانلىقىمنى كۆرگەن نۇرەكنىڭ يەنە ئاغزى ئېچىلدى:

— ئادىشۇي، بۇندىن كېيىن ئاغرىپ قالساڭ، دوختۇرغا كۆرۈنمەي، تۇردىخانغا كۆرۈنسەڭلا بولغۇدەك، جۇمۇ!

— قاسىمجان، ئەمدى تۇردىخاننى باشقا بەنگە يۆتكەيمىز، بۇندىن كېيىن مۇستەقىل ئىشلەيدۇ، — دېدى ئەترەت باشلىقى مېنى ماتور ئالدىدىن ماتورخانا سىرتىغا باشلاپ چىقىپ، بۇ سۆز خۇددى تۇيۇقسىز ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك مېنى چۆچۈتۈۋەتتى.

— دۈيجاڭ، بۇ قانداق بولغىنى، بىر ئوبدان ئىشلەۋاتساق، ياق! بولمايدۇ، — دېدىم.

— نېمىسى بولمايدۇ، ئۆتكەن يىل شاگىرتلىققا ئالغىن
دېسەممۇ بولمايدۇ دېگەن سەن، ئەمدى يۆتكەيمىز دېسەممۇ
يەنە بولمايدۇ دەيسەن، ئۇ سېنىڭ سايەڭ ئەمەس، ھازىر
ئادەم قىس، ئەمدى مۇستەقىل ئىشلىمىسە بولمايدۇ...

— يۆتكەيدىغان ئىش بولسا باشقا بىرسىنى يۆتكىسە-
گىمز...— دېدىم دۈيجاڭغا ئۆتتۈنۈش ئاھاڭىدا، كۆڭلۈمدە خۇد-
دى تۇردىخاننى باشقا بەنگە يۆتكىسىلا ئۇنىڭدىن ئۆمۈرۋا يەت
ئايرىلىپ قالىدىغاندەك بىلىنىپ. بىر بەندە بولسىلا ئۇنىڭ
بىلەن بىرگە بولىدىغان پۇرسەتلەر كۆپ ئىدى. چۈنكى ھازىر
ئۆۋەتلىشىپ دەم ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويغاچقا بورۋايدا
يېتىپ- قوپۇپ بىر ئاي ئىشلىسەك، بىر ئاي جەرەنبۇلاقتا دەم
ئالاتتۇق، بۇ مەزگىلدە باشقا يەرلەرگە بېرىپ دەم ئېلىپ كەل-
سەكمۇ ئىختىيارىمىز ئىدى. ئۇ باشقا بەنگە يۆتكىلىپ كەتسە
ئۇچرىشىش پۇرسىتى كۆپ بولمايتتى.

— ۋاي ئەخمەق! ئۇنچىلىك ئايرىلغۇڭ كەلمىسە، قىزىل
قەغەزنى كەستۈرۈپ، ئۆيىدىن بىرنى ئېلىپ، ئۆيۈڭگە ئەكىلى
ۋالساڭلا بولمىدىمۇ، بوپتۇ، ئېلېكتر ماتورغا قاراۋاتقان تۇر-
سۇننى يۆتكەياي، تۇردىخان ئېلېكتر ماتورغا قارىسۇن،— دېدى
دۈيجاڭ مېنىڭ يېلىنىشلىرىمغا قاراپ بىر ئاز يۇمشاپ.

دۈيجاڭ بۇرغىلاش سەھنىسىگە چىقىپ كەتتى، مەن دۈي-
جاڭنىڭ «قىزىل قەغەز كەستۈرۈپ، ئۆيىدىن بىرنى ئېلىپ ...»
دېگەن سۆزلىرىنى ئويلاپ تۇرۇپ قالدىم. ئاھ! دۈيجاڭ، مېنىڭ-
مۇ شۇنى خالايدىغانلىقىمنى يا بىلەرسىز ياكى بىلمەسسىز،
تۇردىخان ماڭا شاگىرت بولغىنى بىر يىلدىن ئاشتى، قورسى-
قىمدىكى ئۇماچنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا تۆكۈپ بەردىم. قايتا-
قايتا زېرىكمەستىن ئۆگەتتىم، ئۇمۇ كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەندى.
ھازىر ماتورنى ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئىشلىتىپلا قالماستىن، ما-

تورنىڭ «كېسەل» لىرىگىمۇ دىئاگنوز قويۇپ «داۋالىيالايدۇ». ماتورنىڭ ئىشلەش ئاۋازىدىن پورشېنلارنىڭ، كلاپانلارنىڭ ئىشلەش ھالىتىگە باھا بېرەلەيدۇ، ماتور تۇرخۇنىدىن چىققان ئىسقا قاراپ، يېقىلغۇنىڭ كۆيۈش، پورشېنكىلارنىڭ ماي پۈركۈشىنى پەرق ئېتەلەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭغا نەزەرىيىسىنى سۆزلەپ، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن ئىدىم. دەم ئالغان چاغلىرىمىزدا كۆپ ئارىلىشىپ تۇردۇق، ئويۇن- تاماشىلارغىمۇ بىرگە باردۇق، يالغۇز ئۇچراشقان، بىرگە بولغان چاغلىرىمىزمۇ كۆپ بولدى. لېكىن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئۇستا بىلەن شاگىرت ياكى ئاكا بىلەن سىڭىل دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتىدىغان بىرەر ئېغىز سۆز ياكى بىرەر ھەرىكەت بولغىنى يوق، نېمە بولسا بولسۇن ئۇنىڭغا ئۆز كۆڭلۈمنى ئىزھار قىلالاي دەيمەنۇ، ئەمما «بىر قېتىم ئاغزى كۆيگەن سوغۇق سۇنىمۇ پۈۋلەپ ئىچىپتۇ» دېگەندەك، يەنە ئاغزىمنىڭ «كۆيۈپ» قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن. لەيلىگۈل بىلەن تۇردىخان ئوخشاش ئەمەس، لەيلىگۈل بىلەن نىگاندا بىر ئۇچرىشىپ قالمىساق ئادەتتە كۆرۈشمەيمىز، ئەمما تۇردىخان بىلەن دائىم بىرگە بولۇۋاتساق، ئەگەر ئۇ تەلىپىمنى رەت قىلسا كېيىنكى مۇناسىۋىتىمىز قانداق بولىدۇ؟ مانا مۇشۇنداق ئويلار بىلەن ئۆزۈمنى ئۇزاقتىن بۇيان قاتتىق تىزگىنلەپ كەلدىم. تۇردىخانىمۇ دەسلەپكى مەزگىللەردە «ئۇستام» دەپ مۇراجىئەت قىلاتتى، مانا ئەمدىلىكتە «قاسىمجىنىڭكا» دەيدىغان، كۆزلىرىمگە قاراپ ئۆزىچە قىزىرىپ، يەرگە قارىۋالىدىغان بولۇۋالدى. بەزىدە ھېسسىياتىنى يوشۇرالماي ئانچە - مۇنچە ئەركىلەپمۇ قويىدۇ. بۇ بىر قىزنىڭ ئۆز ئاكىسىغا ئەركىلىشىمۇ ياكى رەسىدە بولغان قىزنىڭ بىر يىگىتكە خۇشتارلىقىمۇ بىلەلمەي، چوڭقۇر ئويلار قاينىمىغا غەرق بولاتتىم، قانچە قىلسامۇ توغرا ھۆكۈم قىلالمايتتىم.

كېچە. ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلايدۇ. ئاندا - ساندا كەچ قالغان ئاپتوموبىللار كېچىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ گۈرۈلدەپ ئۆتىدۇ. تۇردىخان بىلەن ئىككىمىز بىر ئاغىنىمىزنىڭ توي مەشرىپىدىن قايتىپ كوچا بويلاپ كېلىۋاتىمىز. باشقىلارنىڭ تويىغا قاتناشسىلا بىر نەچچە كۈنلەرگىچە ئۆزۈمنىڭ توي ئىشىنى ئويلاپ شۈكلەپ كېتىدىغان بولۇپ قالغان ئىدىم. يېشىممۇ چوڭىيىپ كېتىۋاتاتتى. ئانام ھەر قېتىمقى خېتىدە «پاتراق تويۇڭنى قىلىپ خاتىرجەم بولسام» دەپ ئالدىراتقىنى ئالدىراتقان ئىدى. ئەمما ماڭا تېگىدىغان قىز نەدە ...

— شۈكلەپ كەتتىڭىزغۇ، — ئارىدىكى جىمجىتلىقنى تۇردىخان بۇزدى، — نېمىنى ئويلاۋاتىسىز؟

— نېمىنى ئويلايتتىم، بىللە ئىشچى بولغان ئەل - ئاغىنىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك توي قىلىپ، بەزىلىرى ھەتتا بالىلىقمۇ بولۇپ بولدى. قارىسام، توي قىلمىغان مەنلا قالغان ئوخشايمەن.

— ئۇنداقتا سىزمۇ توي قىلسىڭىز بولمامدۇ، بۇنچە ئويغا پېتىپ، بۇرۇختۇم بولۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

— ئېغىزدا ئېيتماق ئاسان، مەن توي قىلىدىغان قىز نەدە تۇرۇپتۇ دەيسىز...

— يىراق دېسىڭىز يىراقتا، يېقىن دېسىڭىز سىز بىلەن بىللە كېتىپ بارىدىغۇ؟!

— سىزما؟!

— ھەئە ەن! ياراتمامسىز - يا؟

ئۇنىڭدىن بۇنداپ سۆزلەرنى ئاڭلاش ئۇخلاپ چۈشۈمگىمۇ

كىرمىگەن ئىدى. ئۇ مېنىڭ جاۋابىمنى كۈتۈۋاتاتتى، ھاياجاندىن سوققان يۈرىكىمنىڭ دۈپۈلدەشلىرى قۇلىقىمغا كىرەتتى.

— نېمىدەيدىغانسىز، سىز ياراتسىڭىزلا مەن سىزنى ئاللىقاچان ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىدىم، — دېدىم ئۇنىڭغا دەرھال جاۋاب بەرمىسەم گېپىدىن يېنىۋالىدىغاندەك بىلىنىپ.

— ئانداقتا نېمە ئۈچۈن ئېغىز ئاچمايسىز، سىزنى بىر نەرسە دەرمىكىن دەپ كۆپ كۈتتۈم. ئاخىر يۈزۈمنى قىزارتىپ ئۆزۈم دېيىشكە مەجبۇر بولدۇم، — دېدى ئۇ پۈتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ، سەل ـ پەل نارازى بولغاندەك.

— ئۆزۈمنىڭ بويىغا قاراپ، سىزگە ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالمىدىم، ياراتماي قالسا قانداق قىلارمەن دەپ ئەنسىرىدىم، — دېدىم.

— دەۋاتقان گېپىڭىزنى قاراڭا سىزنىڭ، ھەممىلا قىزلارنى بويىغا ئامراق دەيدىكەنسىز-دە، ئېگىزنى تاللاپ، يول بويىغا ستولبا قىلىپ سىم تارتمايمىز، ئادەمنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھى بولىدىغان كىشىنىڭ قەلبى كېرەك، سىزدە ئالتۇندەك يۈرەك بار، مەن ئۈچۈن ئۇنىڭ باھاسى يوق.

ئالتۇندەك يۈرەكنى كۆرەلىگەن ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ يۈرىكى ئالتۇن، — دېدىم ئۇنىڭغا.

يەنە نۇرغۇن سۆزلەرنى قىلغۇم بار ئىدى، خۇددى «سۆزنى تاپقاندا يار يوق، يارنى تاپقاندا سۆز» دېگەندەك نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئويلاۋاتقان چىرايلىق سۆزلىرىمنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي ھەيران بولماقتىمەن. تۇردىخان راست ئېيتىدۇ، ئىنسان ئۈچۈن ساپ قەلب ھەممىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. لەيلىگۈل مانا مۇشۇنىڭ مىسالىغۇ. ئۇ بوي قوغلىشىپ بەزىلەرنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ قالدىغۇ، «ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتماي» تاپقان بالىسىغا ئىگە بولماي خەس

ئورنىدا تاشلىنىۋەتتىڭىز؟ ئۇنىڭ ھېلىقى سىزنى كۆرۈپ قالسا يۈزى كېتىش تىن قورقۇپ، بالىنى مەخپىي ئالدۇرۇۋەتمەكچى بولۇپ، بىر شەخسىي دوختۇرنىڭ دورىسىنى يەپ، خۇن كەتكەنلىكتىن، دوختۇرخانىدا جىددىي قۇتقۇزۇش ئارقىلىق ھاياتى قۇتقۇزۇلغانلىقىنى بىلمىدىڭىز؟ بەلكىم بۇنداق قايمۇققان قىز لەيلىگۈل بىرلا ئەمەستۇ؟

شۇ كۈنى ئاخشام ياتاقتا قايتقىمىز كەلمەي، خېلى ئۇزاق كوچىدا ئايلىنىپ يۈردۇق. شادلىقتىن يۈرەكلەر شوخلۇق بىلەن سوقاتتى، «تۇردىخان مېنىڭ كەلگۈسى رەپىقەم بولىدۇ» دەپ جاھانغا جار سالغۇم كېلەتتى.

— توي قىلىۋالساقلا بوزەك ئەتمەسسىز، ئاچچىقىڭىز كەلگەندە مۇشتىڭىزنى پارچىلاپ ئاتارسىز، مېجىلىپ قالماي يەنە، — دەپ چاقچاق قىلدى تۇردىخان.

— سىزگە ئاتقان مۇشتنى تامغا ئاتىمەن، — دېدىم ئۇنىڭغا. ئەمما كۆڭلۈمدە «ئۇنداق كۈنلەر ھارام بولسۇن، ئەگەر شۇنداق بولغان ھالدىمۇ مەن بىر مۇشت ئاتقۇچە سەن ئىككىنى ئاتارسەن، مېجىلىپ قالماي دەۋاتقىنىڭنى تېخى! تانىكىنىڭ ئاستىدىمۇ پۈتۈن چىقارسەن» دەپ ئويلىدىم.

شۇ ئاخشىمى كۆپ سىرلەشتۇق، توينى قاچان قىلىش، قانداق قىلىش جەھەتلەردىمۇ توي ـ خىياللىرىمىز بىر يەردىن چىقتى. ياتاقلارغا ئايرىلىدىغان چاغدا پۈتۈمنىڭ ئۇچىدا دەس سەپ ئېگىز كۆتۈرۈلگەن ئىدىم، ئۇمۇ بېلىنى ئېگىپ يەسكە ئېگىلىشتى...

1988 – يىل، 9 – ئاي.

# بۇ چاچلار بىر كۈندىلا ئاقارمىغان

## 1

ئىشتىن قايتىپ، يۈز - قوللىرىمغا يۇققان ماي داغلىرىنى پاكىز يۇيۇپ، يازلىق ئاشخانىدا تاماق تەييارلاۋاتقان ئايالىمنىڭ ئاش ئېلىپ كېلىشىنى كۈتكەچ، ھويلىدىكى كاۋا بارىڭىنىڭ ئاستىغا قويۇلغان تۆت چاسا ئۈستەلنىڭ يېنىدا كېلەر نۆۋەت قېزىلىدىغان قۇدۇقنىڭ لايىھەسىنى كۆرۈپ ئولتۇراتتىم.

قۇياش ۋاقىت سۈرۈشتۈرمەي ئىشلەۋاتقان كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ ئالتۇن نۇرلىرىنى داۋاملىق چاچالمىغىنىغا خىجالەت بولغاندەك قىزىرىپ، غەربتىكى چىڭگىز تاغلىرىنىڭ كەينىگە ئاستا - ئاستا مۈكمەكتە ئىدى. قىزىلگۈل رەڭگىگە كىرگەن پارچە - پارچە بۇلۇتلار شەرققە قاراپ ئاستا سۈرۈلەتتى. كوچىدا بالىلارنىڭ يۈگۈرۈشۈپ شوخ ئويناشلىرى، كۈمۈش قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق كۈلكە سادالىرى، قوشنىمىز سارىخان ئانىنىڭ توخۇلىرىنى كاتەككە ھەيدەپ يۈرگەن ئاۋازى... رادىئو كانايلىرىدىن ئاڭلىنىۋاتقان ناخشىلار بىلەن قوشۇلۇپ، بۇرغىلاش ئىشچىلىرىنىڭ بۇ مەھەللىسىنى كەچكى ھايات كۈيىگە چۆمدۈرگەن ئىدى.

هويلىنىڭ ئىشىكى «غىچ» قىلىپ ئېچىلدى، ئوينىغىلى چىقىپ كەتكەن بالىلىرىمىز كىرگەندۇ دېگەن خىيال بىلەن، ئۆز ئىشىمنى قىلىۋەردىم.

— ئۇستام!

بۇ ئاۋازدىن هويلىغا كىرگۈچىنىڭ باشقا ئادەملىكىنى بىلىپ، بۇرۇلۇپ كەينىمگە قارىسام، ئەترىتىمىزدىكى ياش ئىشچى ئۈمىدجان قىرىق بەش ياشلاردىن ئاشقان بىر ئايالنى باشلاپ كىرگەن ئىكەن. ئورنۇمدىن تۇرۇپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالاملاشقاندىن كېيىن:

— قېنى، ئۆيگە كىرەيلى، — دەپ ئۇلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدىم.

— هويلا سالقىنكەن، هويلىدىلا ئولتۇرايلى، — دېدى ئايال مېھمان.

ئايالىم ئۆيدىن بىر كۆرپىنى ئېلىپ چىقىپ سۇپىدىكى كونا گىلەمنىڭ ئۈستىگە سالدى - دە، مېھمانلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇلار ئولتۇرغاندىن كېيىن، هال - ئەھۋال سوراشتۇق. بۇ ئايالنى قەيەردىدۇر بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلساممۇ، دەمال يادىمغا كەلتۈرەلمەي ئۈمىدجانغا «بۇ كىم» دېگەن نەزەردە قارىدىم.

— ئۇستام، بۇ مېنىڭ ئاپام بولىدۇ. مېنى يوقلاپ كەلگەن ئىكەن، پەتە قىلدۇراي دەپ باشلاپ كەلدىم، — دېدى ئۈمىدجان.

— ياخشى قىپسەن، ئۇكام! ئاپاڭ ئۆيگە كەلمەي كېتىپ قالغان بولسا سېنىڭدىن خاپا بولار ئىدىم.

— ئالدىنقى كۈنى كېلىپلا سىلىنى سورىدىم. ئۈمىدجان هەر قېتىمقى خېتىدە سىلىنى ماختايدۇ، سىلىنىڭ تەرىپلىرىنى كۆپ قىلىدۇ. شۇڭا بۇ نۆۋەت كېلىشىمدىكى مەقسىتىمنىڭ

بىرىمۇ بالىغا ئوبدان ئاتىدارچىلىق قىلغانلىقلىرىغا رەھمەت ئېيتىش ئىدى، — دېدى ئايال كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ.

— رەھمەت ئېيتقۇدەك ئىش قىلغىنىمىز يوق، — دېدى ئايالىم داستىخان سالغاچ، — ئەمدى مۇشۇ ئۆيدىلا تۇرسىلا، ئۆيلىرىمىزمۇ كەڭ - تاشا، پەقەت قورۇنمىسىلا.

بۇ ئايالنى نەدە كۆرگەندىمەن، چىرايى نېمانداق تونۇشتۇ؟ يادىمغا ئالالمىغانچە ئۇنىڭغا قاراپ - قاراپ قوياتتىم. بۇ ئايالمۇ ماڭا پات - پات «ئەجەب تونۇيالمىدىيا» دېگەندەك مەنىلىك باقاتتى. كۆزلىرىمىز ئۇچراشقاندا قانداقتۇ خىجىل بولغاندەك ياكى خۇدۇكسىرىغاندەك قىزىرىپ كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچاتتى. تۇيدۇرماي زەڭ سېلىپ قارىسام، ياغلىقىنىڭ ئۇچىدىن چىقىپ تۇرغان چېكە چاچلىرىنىڭ كۆپى ئاقىرىپتۇ، كۆز چاناقلىرىنىڭ ئەتراپىنى چوڭقۇر قورۇقلار قاپلاپتۇ. ئۇنىڭ چىرايلىق قارا كۆزلىرى ياش چاغلىرىدا قانچىلىك گۈزەل ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

بۇنداق ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنى يوقلاپ دائىم دېگۈدەك بۇ يەرگە كېلىپ تۇراتتى. ئەتىرىتىمىزدىكى يەتمىشتىن ئوشۇق ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ يىگىرمە نەچچىسى ئاز سانلىق مىللەتتىن بولۇپ، كۆپى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىنغان ياشلار ئىدى. بۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ بەزىلىرى بالىلىرىنى يوقلاپ كەلسە، بەزىلىرى «يول تېپىپ» بالىلىرىنىڭ خىزمىتىنى ئۆز يۇرتىغا يۆتكەپ كېتىش ئۈچۈن كېلەتتى. بۇ ئايالمۇ ئۈمىدجاننى يۆتكەپ كېتىشمەن دەپ «غەلۋە» قىلارمۇ؟ بۇ ئوي كاللامغا كېلىش بىلەنلا ئۈمىدجاندىن ھازىرلا ئايرىلىپ كېتىدىغاندەك كۆڭلۈم غەشلىككە تولدى. چۈنكى ئۈمىدجان ئەدەب-ئەخلاقلىق، جاپادىن قاچمايدىغان، تېخنىكىدا تېز يۈكسىلىۋاتقان تىرىشچان يىگىت

بولغاچقا، ئۇنى بەكلا ياقتۇراتتىم.

— چاينىمۇ يېگىلاپ قويماپسىز، — ئايالىمنىڭ سۆزى بىلەن، ئۆزۈمنىڭ خىيالىغا پېتىپ مېھمان بىلەن كارىم بولمىغانلىقىمنى سېزىپ ئۇلاردىن كەچۈرۈم سورىدىم.

— ۋاي ھېچقىسى يوق، — دېدى ئۇمىدجاننىڭ ئانىسى،

ئايالىم ئالدىمىزغا تەخسىلەردە لەغمەن كەلتۈرۈپ، تاماققا تەكلىپ قىلدى. مېھمانلار بىر ئاز تۈزۈت قىلىشقاندىن كېيىن تاماققا چوكا سېلىشتى.

تاماق يېيىلىپ بولۇپ قاچا - قۇچىلار يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئايالىم قايتىدىن بىر چەينەك چاي دەملەپ ئالدىمىزغا ئەكىلىپ قويۇپ، ئىشتىن سىرتقى تېخنىكا كۇرسىغا ماڭدى، ئۇمىدجانمۇ تولۇق ئوتتۇرا كەچكى سىنىپتا ئوقۇغىلى چىقىپ كەتتى. بالىلار بولسا تېلېۋىزور كۆرۈشكە ئولتۇردى.

— مېنى تونۇيالمىدىڭىز - ھە! قارىغاندا بەك ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسام كېرەك، — دېدى ئۇمىدجاننىڭ ئانىسى خىيالىمنى ئۈزۈپ.

— راست گەپ قىلسام، بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلىمەن، لېكىن يادىمغا كەلتۈرەلمەيۋاتىمەن.

— مەن نېفىت تېخنىكومىدا سىز بىلەن تۆت يىل بىر پارتىدا ئولتۇرغان ساۋاقدىشىڭىزغۇ؟

— ۋاي، رەيھانمۇسىز؟!

قەلبىمدە قانداقتۇ بىر خىل سۆز بىلەن ئىپادىلىگۈسىز ھېس - تۇيغۇ دولقۇنلىرى ئۆركەشلىدى. ئالدىمدىكى چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەن بۇ ئايالنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى كۆزلىرى بولاقتەك ئويناپ تۇرىدىغان، سەدەپتەك ئاپئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلىدىغان بولسا ئاناردەك قىزىل مەڭزىدىكى زىنناقلىرى ئالمىنىڭ كىندىكىدەك ئاشكارا كۆرۈنىدىغان، قەددى - قامىتى زىلۋا

رەيھان ئىكەنلىكىگە ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيتتى.

«رەيھانمۇسىز!» دېگەن بىر ئىخىز گەپنى قىلىپلا، ئاغزىمنى ئاچقان بويى ھەيرانلىقتا ھاڭقىيىپ تۇرۇپ قاپتىمەن. رەيھانغا قارىسام كۆز چاناقلىرىغا پاتماي تاشقان ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ ئېقىشقا باشلاپتۇ. مېنىڭ كۆزلىرىمنىمۇ ياش پەردىسى قاپلاپ، خىيال ئېكرانىمدا رەيھاننىڭ يىگىرمە نەچچە يىل بۇرۇنقى گۈزەل سىماسى گەۋدىلىنىشكە باشلىدى.

2

50- يىللارنىڭ ئاخىرلىرى، رەيھان ئىككىمىز ئۇرۇمچى ئېغىت تېخنىكومىدا بىللە ئوقۇغان ئىدۇق. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەكتەپكە كىرگەندىن باشلاپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەنگە قەدەر بىر پارتىدا ئولتۇرغىنىمىزچۇ تېخى! رەيھان ئويۇن-تاماشاغا ئامراق قىزلاردىن بولغاچقا، ئىمتىھانلاردىن ئوتتۇراھال نومۇر ئېلىپ ئۆتەتتى. شۇڭا مەن دەرسلەردە دائىم ئۇنىڭغا ياردەم قىلاتتىم. ئۇ مېنى بۇ «ئەجرىم» ئۈچۈن تاتلىق يېمەكلىكلەر ياكى كىنو بېلەتلىرى بىلەن «مېھمان» قىلاتتى. بەزىدە تېخى ئۇنىمىغىنىمغا قويماي ئۆيىگىمۇ سۆرەپ باراتتى. كۆپىنچە چاغلاردا مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىشنى رەت قىلاتتىم. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆيىدە قورۇنۇپ پۇت - قولۇمنى نەگە يىغىشتۇرۇشنىمۇ بىلەلمەي گاڭگىراپ كېتەتتىم. بولۇپمۇ ئۇنىڭ قايسىدۇر بىر ئىدارىدە كۆچۈرمە كاتىپلىق قىلىدىغان ھاكاۋۇر ئاچىسى بولۇپ قالسا ئاغزىمغا گەپمۇ كەلمەيتتى. بۇنداق چاغلاردا رەيھان «ئۆلگەننىڭ ئۇستىگە تەپمەك» دېگەندەك تولا ۋاتىلداپ مېنى سۆزلەتمەكچى بولاتتى.

رەيھاننىڭ ئۆيىگە بېرىش ئاشۇنداق بىئەپ بولغانلىقى

تىن بىز دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىمىزنى كۆپىنچە، ساۋاقداشلار بىلەن ياكى ئىككىمىز بىللە باغچىلارنى ئايلىنىش، كىنو - تىياتىر كۆرۈش بىلەن ئۆتكۈزەتتۇق. بارا - بارا بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز ساۋاقداشلىقتىن ھالقىپ، مۇھەببەت باسقۇچىغا قەدەم قويۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، كىنو - تىياتىر ۋە باغچىلارغىمۇ باشقا ساۋاقداشلارغا كۆرۈنمەي غىپپىدىلا قاچىدىغان بولۇپ قالدۇق. قىز ساۋاقداشلار «سىرىڭلارنى بىلىپ قالدۇققۇ؟!» دېگەندەك مەنىدە كۆزلىرىنىڭ قۇيرۇقلىرى بىلەن بىر - بىرىگە بىزنى كۆرسىتىپ ئىشارەت قىلىشسا، ئوغۇل ساۋاقداشلار بەزى بولمىغۇر چاقچاقلارنى قىلىشاتتى. شۇ چاغلاردا خەلق باغچىسىدا بولۇپ ئۆتكەن بىر قىزىملىق سۆھبەت ھازىرقىدەك ئېسىمدە.

ئوقۇش پۈتتۈرۈش پراكتىكىسىغا چىقىش تەييارلىقىنى قىلىپ يۈرگەن مەزگىللەر ئىدى. بىر كەچقۇرۇنلۇقى رەيھان بىلەن ئىككىمىز باغچىنىڭ خىلۋەت يېرىگە قويۇلغان بېتون ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇق. پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ ئوتقاشتەك نۇرلىرى دەرەخلەرنىڭ ئۇچىنى قىزارتىپ، ئەتە تېخىمۇ نۇرلۇقراق يورۇتۇش ئۈچۈن ئۆز نۇرىنى قاراڭغۇلۇققا ئۆتۈنۈپ تاغ ئارقىسىغا مۆكۈشكە ئالدىرايتتى. دەرەخلەرنىڭ ئەۋرىشىم شاخلىرىغا قونۇۋالغان قۇشقاچلار كەچنىڭ سالقىن ھاۋاسىدا، بىر كۈنلۈك ھايات پائالىيەتلىرىدىن ئۆز ئارا ھېكايە قىلىشىۋاتقاندەك قىزغىن ۋىچىرلاشماقتا ئىدى. يېزىدا ئۆسكەنلىكىم ئۈچۈن قۇشلارنىڭ بۇنداق ناۋاسىغا بەكمۇ قىزىقاتتىم. مېنىڭ قۇشقاچلارغا سىنچىلاپ قاراپ كەتكىنىمنى كۆرگەن رەيھان:

— قۇشقاچلارنى تەتقىق قىلىۋاتامسىز؟— دەپ سورىدى.

— ھەئە! تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ، — دېدىم ئۇنىڭغا جاۋابەن.

— نېمىسى ئەرزىيدۇ؟

— قۇشقاچلارمۇ ھايات يۈكلىگەن مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئۇۋا سېلىپ، تۇخۇم باسىدىكەن، بالا چىقىرىپ ئۇنى باقىدىكەن، يىراقلارغا ئۇچۇپ بېرىپ بالىلىرىغا ئوزۇقلۇق ئىزدەيدىكەن. قارىغاندا، بۇلارنىڭمۇ ياشاشتا مەلۇم غايىسى بولسا كېرەك - ھە؟

— قۇشلاردا غايە نېمە قىلسۇن! غايە دېگەن ئىنسانغىلا خاس ئۇقۇم، دەڭا. مەسىلەن، بىزنىڭ غايىمىزنى ئېلىپ ئېيتدىغان بولساق، مانا ھازىر پراكتىكا قىلىش ئۈچۈن قارامايغا بېرىش ئالدىدا تۇرىمىز، پىراكتىكىنى تۈگىتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىلمىي ماقالە يازىمىز، ئاندىن كېيىن خىزمەتكە تەقسىم قىلىنساق، كەلگۈسىدە تېخنىك، ئىنژېنېر بولۇپ، نېفىتلىك ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى يارىتىمىز، بۇ بىزنىڭ غايىمىز ...— رەيھان خۇددى غايىنىڭ قۇچىقىدا ئوزۇۋاتقاندەك ھوزۇرلىنىپ سۆزلەيتتى.

— غايە دېگەن بىر ئورتاق ئۇقۇم، بۇنىڭغا مەلۇم خاس ئۇقۇم قوشۇلغاندىلا ئېنىق مەنىگە ئىگە بولىدۇ، مەسىلەن...

بىز غايە توغرىسىدا كۆپ سۆزلەشتۇق. بۇ جەرياندا كىشىلىك تۇرمۇشتىكى بەزى ئىشلارنى ماختاپ، بەزىلىرىدىن نەپرەتلەندۇق. سۆھبىتىمىزنىڭ ئاخىرقى خۇلاسىسى نېفىتلىكتە مەڭگۈ يىلتىز تارتىش بولدى. ئۇ بۇ كېلىشىمگە لەۋلىرى بىلەن تامغا باستى، شۇچاغقىچە مەن دىلىمدا ئويلىسام‌مۇ ئەمەلىيەتتە جۈرئەت قىلالمايۋاتقان ئىشقا ئۇ جۈرئەت قىلدى. لېكىن يامان يېرى بۇنى دەرەخلىك ئىچىدە ئويناپ يۈرگەن سەككىز - توققۇز ياشلاردىكى ئىككى ئوغۇل بالا كۆرۈپ قالدى. ئۇلار بىزگە قاراپ تىللىرىنى چىقىرىپ ھىجىيىشتى - دە، ئارقىدىن دەرەخلىك ئارىسىغا كىيىكتەك شۇڭغۇپ كۆزدىن غايىب بولۇشتى.

## 3

پايانسىز چۆل قوينىدىكى سۆكسۆك ۋە يۇلغۇنلار شامالدا يېنىك تەۋرىنەتتى. بۇرغىلاش مۇنارلىرى قۇم دۆۋىلىرى ئارىسىدا مەزمۇت قەد كۆتۈرگەن ئىدى. تېنىسىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك قۇم دۆۋىلىرىگە كۆمۈلگەن يۇلغۇنلارنىڭ قىزىل چېچەكلىرى يىراقتىن قارىغان كىشىگە خۇددى گۈلزارلىقنى ئەسلىتەتتى. ئېگىزرەك جايغا چىقىپ نەزەر سالسىڭىز، قويۇق ئۆسكەن سۆكسۆكلۈكنىڭ ئۇ چېتىگە كۆز يەتمەيتتى. گويا يۇلغۇنلار بىلەن سۆكسۆكلەر پايانسىز جاڭگالنى بۆلۈشۈۋالغاندەك ھەر قايسىسى ئۆز چېگراسى بويىچە بىر - بىرىگە ئارىلاشماي ئۆسكەن ئىدى.

مەن قارامايغا كېلىشتىن بۇرۇن بۇ يەرنى كۈن بويى بوران چىقىپ، توپا - چاڭ ئۆرلەپلا تۇرىدىغان، بىرەر تېپ گىياھدىنمۇ ئەسەر يوق چۆل دەپ قىياس قىلاتتىم. بۇنىڭغا يازغۇچى - شائىرلارنىڭ گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان بۇ جاي ھەققىدىكى ئەسەرلىرى ۋە خەلق ئارىسىدا تارقالغان قىسمەن ناخشىلار سەۋەب بولغان ئىدى.

ئېگىز قۇم بارخاننىڭ ئۈستىگە چىقىپ، يىراقلارغا قارىغىنىمچە چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ كەتكەچكە، بەنىمىزنىڭ باشلىقى شاكىر ئاكىنىڭ يېنىمغا كەلگەنلىكىنىمۇ تۇيماي قاپتىمەن. ئۇ:

— تۇرغۇنجان، نېمە ئانچە قاتتىق خىيال سۈرۈپ كەتتىڭ، — دېگەندىلا ئېسىمگە كەلدىم.

شاكىر ئاكا ماي يۇقى قوللىرىنى سەل - پەل مايلاشقان ماتا بىلەن سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن، قۇمنىڭ ئۈستىگە ئولتۇر-

دى. ئۇ، يېشى قىرىقلاردىن ھالقىغان، ئېگىز بويلۇق، قاۋشارلىق ئادەم بولۇپ، ئۆسكىلەڭ قارا قاشلىرى ئاستىدىكى سىنچى كۆزلىرى خۇددى بىر قاراپلا كىشىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالىدىغاندەك چاقناپ تۇراتتى، ئۇ باياتىن يۆگەپ تۇتاشتۇرغان تاماكىسىنى قاتتىق بىر شوراپ تۈتۈنىنى پۈۋلىۋەتكەندىن كېيىن سورىدى:

— ئۇكام، قارىغاندا، زېرىكىۋاتقان ئوخشىمامسەن؟

— ياق! زېرىكمىدىم، بۇرۇن كېلىپ باقمىغاچقا ھەممىلا نەرسە يېڭىلىق بولۇپ كۆرۈنىدىكەن، شۇڭا ئەتراپنى كۆزىتىپ باقتىم.

شاكىر ئۇستامكەمسۆز، لېكىن مەنىلىك گەپ قىلىدىغان ئادەم ئىدى. شۇڭا، بۇ بەنگە كېلىپ كۆپ ئۆتمەيلا ئۇنى ياقتۇرۇپ قالغان ئىدىم. ئۇنىڭ مول ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. مەكتەپتە ئۆگەنگەن نەزەرىيىۋى بىلىملىرىم ئەمەلىي بىلىملەر بىلەن بىرلەشكەندىلا، ئاندىن ھەقىقىي بىلىمگە ئايلىنىدىغانلىقى ماڭا چۈشىنىشلىك ئىدى. ئۇنىڭدىن بەزى ئىشلارنى سورىسام ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن جاۋاب بېرىپ، قايتا - قايتا ئىشلەپ كۆرسىتىپ، تاكى پىششىق بىلىۋالغانغا قەدەر ئۆگىتەتتى. ئۇ دائىم ماڭا:

— ئۇكام تۇرغۇنجان، گەپنى ئۇقلاپ قىلىشنى بىلمەيدىغان قارا قورساق ئادەممەن، مېنى سۆزلىتىمەن دېمەي، تولاراق ئىشلىگىنىمنى كۆرگىن، — دەيتتى.

مانا بۈگۈنمۇ تاماكىسىنى ئىشتىياق بىلەن شوراپ، ئۇپۇققا قارىغىنىچە ئولتۇرغان ئۇستامنىڭ ئاغزىنى تاتىلىدىم.

— شاكىر ئاكا، بىر ناخشىدا قاراماينى سۇمۇ يوق، ئوت - چۆپمۇ ئۈنمەيدىغان بىر چۆل دەپ ئاڭلىغان ئىدىم. لېكىن بۇ يەرنىڭمۇ ئۆزىگە خاس مەنزىرىسى بار ئىكەنغۇ؟

— بۇ يەرنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرۈش ئۈچۈن مانا بىزدەكلەرنىڭ كۆزى بىلەن قاراش كېرەك، ئۇكا! — ئۇ تاماكىسىنى تاشلاپ ئورنىدىن تۇردى-دە، — يۈر! — دەپلا ئالدىمغا چۈشۈپ ماڭدى.

بىز يۈز مېترچە ماڭغاندىن كېيىن سۆكسۆكلۈكنىڭ قويۇق ئۆسكەن يېرىگە يېتىپ كەلدۇق. بەزى سۆكسۆكلەرنىڭ غولى ئادەمنىڭ يوغان يوتىسىدەك، ئېگىزلىكى 3—4 مېتر كېلەتتى. ئۇ مېنى يوغان بىر تۈپ سۆكسۆكنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپ، ئۈچىنى كۆرسەتتى. قارىسام ئۈچ ئاچماق چىققان بىر شاخنىڭ ئارىسىدا نامەلۇم بىر قۇشنىڭ ئۇۋىسى تۇرۇپتۇ. شاكىر ئۇستامنىڭ بۇنى ماڭا ئاتايىن كۆرسىتىشتىن مەقسىتى «ئۈستىدىن قۇشلارمۇ ئۇچۇپ ئۆتمەيدىغان چۆل» دېگەن گەپنى ئىنكار قىلىش ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. تويۇقسىز سۆكسۆكلۈك ئارىسىدىن چىققان بويى ئۆزىنى ئۇرۇپ قاچقان مەخلۇقتىن قورقۇپ ئىختىيارسىز كەينىمگە داجىدىم.

— قورقما يىگىت! — دېدى شاكىر ئۇستام، — بۇ بىزدىن ئۈركىگەن جەرەن، بۇ جاي ئۇلارنىڭ يايلىقى، ئاجايىپ سەزگۈر جانىۋار-دە! بولۇپمۇ ئۇنىڭ كۆزى ھەممىدىن ئۆتكۈر. دەم ئالغان كۈنى ئۇۋغا چىقايلى. قالغىنىنى شۇ چاغدا كۆرىسەن.

ئۇنىڭ زوقلىنىپ سۆزلەشلىرىدىن ئۇۋ قىلىشقا ھېرىسمەنلىكىنى بىلىۋالدىم. ئۇ قايتىپ كېلىۋاتقىنىمىزدىمۇ يەنە ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ كەتتى:

— بۇ يەردىن سەل ئىچكىرىلەپ كىرسەك، بۇرۇن دېھقانچىلىق قىلغان ئېتىزلارنىڭ قىرلىرىنى، ئېرىق-ئۆستەڭلەرنىڭ ئىزلىرىنى، ئۆيلەرنىڭ خارابىلىرىنى ئۇچرىتىمىز تېخى!

— دېھقانچىلىق قىلغان ئۇ كىشىلەر كېيىن نەگە كەتكەن؟

— كىم بىلىدۇ، بەلكىم تەبىئىي ئاپەتلەر ياكى جاھان مالىمانچىلىقى دەستىدىن ئۆي - ماكانلىرىنى تاشلاپ يىراقلارغا كېتىشكە مەجبۇر بولغاندۇ! — شاكىر ئۇستام شۇنداق دەپ ئېغىر خۇرسىنىپ قويدى.

ئەجدادلىرىمىز كۈن كەچۈرۈشكە ئامالسىز قېلىپ تاشلاپ كەتكەن بۇ ماكانغا مانا بۈگۈن بىز بورىۋايلارنى ئورنىتىپ، نەچچە مىڭ مېتىر يەر تېگىدىن نېفىت ئېلىۋاتىمىز. بۇ قۇدرەتنى ئۇلۇغ دەۋران ئاتا قىلدى.

قۇدۇق چوڭقۇرلىغانسېرى نېفىتلىككە بولغان مۇھەببىتىممۇ چوڭقۇرلاۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم. ئۇستىلارنىڭ غەمخورلۇقلىرى مېھرىبان ئاتا - ئانامنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. ئۆزۈمنى بۇ ئائىلىنىڭ كەلگۈسى ئەزاسى ھېسابلاپ تەنلىرىم يايراپ كېتەتتى. لېكىن رەيھاننىڭ پەرىشانلىقى كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ، پراكتىكىدىن قايتىدىغان كۈننىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى. يوشۇرۇن يىغلىساكېرەك، بەزى كۈنلىرى ئۇنى كۆزلىرى قىزىرىپ، قاپاقلىرى ئىششىغان ھالدا كۆرەتتىم. ئۇنىڭ بېلىقچى قۇشتەك چاققانلىقى، كۈمۈش قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازىدەك شوخ كۈلكىسى نەگە كەتتىكىنە؟! مەن ئۆزۈم بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، رەيھاننى «تاشلىۋەتكەن» سەۋەنلىكىم ئۈچۈن قاتتىق ئۆكۈندۈم. ئۆزۈمنى ئۇنىڭ ئالدىدا گۇناھكاردەك ھېس قىلىپ، ئەتە چوقۇم ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىش قارارىغا كەلدىم.

ياتىقىمىزنىڭ غەرب تەرىپىدىن ئىككى يۈز مېتىر يىراقلىقتا بىر دۆڭلۈك بولۇپ، ساۋاقداشلار كۈن ئولتۇرۇشنىڭ ئالدى - كەينىدە، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ يىراقلارغا نەزەر سالاتتۇق، بەزىدە قىزىق پاراڭغا بېرىلىپ كېتىپ، قاراڭغۇ چۈشكىنىنىمۇ سەزمەي قالاتتۇق. بۇنداق چاغلاردا بورىۋايلار-

نىڭ پولات مۇنارىسىدىكى چىراغلار يۇلتۇزلار بىلەن بەسلەشـ
كەندەك چاقناپتتى؛ نېفىتلىككە كېرەكلىك ئەشيالارنى ئېلىپ
كېلىۋاتقان ـ قايتىۋاتقان ئاپتوموبىللار يۇلتۇزلارنىڭ كۆچۈ-
شىنى ئەسلىتەتتى. ماتورلارنىڭ گۈركىرەشلىرى، ھاۋا قويۇپ
بېرىش كلاپانلىرىنىڭ ھۇشتەكتەك چىرقىراشلىرى گويا ھەيـ
ۋەتلىك ھايات كۈيىدەك ئاڭلىناتتى. لېكىن بۇگۈن بۇ مەنزىـ
رىلەردىن ۋە يېقىملىق كۈيلەردىن لەززەتلىنىش بىزنىڭ خىيـ
يالىمىزغا كىرىپ چىقمايتتى. ساۋاقداشلار ئاللىقاچان ياتاقـ
لىرىغا قايتقان بولسىمۇ، رەيھان ئىككىمىز يەنىلا دۆڭنىڭ
ئۈستىدە ئولتۇراتتۇق، ئۇ بويىنىغا ئارتىۋالغان ياغلىقىنىڭ ئۇچى
بىلەن يۈز ـ قوللىرىغا قونغان پاشىلارنى قورۇغاندىن باشقا،
بەكلا سۈلغۇن ئىدى.

ئارىدىكى بۇ كۆڭۈلسىز كەيپىياتقا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن
ئېغىز ئاچتىم:

— رەيھان، نېمانچە شۈكلەپ كەتتىڭىز؟

— سۆزلىگۈدەك نېمە گەپ بار دەيسىز!؟

— قارىڭا، ئالدىمىزدىكى مەنزىرىلەرگە، نېمىدېگەن گۈـ
زەل ئاخشام!

— بۇ چۆللۈكنىڭ گۈزەل دېگۈدەك نېمىسى بار؟ سىز
سەھرادا تۇغۇلۇپ ئۆسكەچكە سەھرانىلا ياقتۇرۇشىڭىز تۇرغان
گەپ. مەن دېگەن شەھەر قىزى. كۈندۈزى دوزاختەك قىزىپ
كېتىدىغان، كەچقۇرۇنلۇقى پاشىنىڭ دەستىدىن تۇرۇپ بولـ
مايدىغان بۇنداق چۆللۈكنى خۇدا ئىككىنچى كۆرسەتمىسۇن!
سىز ئاشىقى ـ شەيدا بولسىڭىز، ئىختىيارىڭىز...

— ئۇنداقتا، بىزنىڭ غايىمىزچۇ؟

— ھە دېسىلا غايە، غايە دەيدىكەنسىز... غايە دېگەنمۇ
مۇتلەق ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە ئەمەس. مەن ياشلىق باھاـ

رىمنى چىرايلىق ئاتالغۇلار ئۇچۇن چۆل - جەزىرىگە بەخشەندە قىلالمايمەن.

— سىز...

ياندىشىپ ئولتۇرغان قىزنىڭ بۇرۇنقى رەيھان ئىكەنلىكىگە ئىشىنەلمەي، ئەجەبسىنىپ تىكىلدىم. ئۇ ماڭا قاراشقا جۈرئەت قىلالماي، تىزىنى قۇچاقلىغان هالدا پۇتىنىڭ ئۇچىغا قارىغىنىچە ئولتۇراتتى.

بۈگۈنكى ئاخشام ماڭا بىر داۋلىنى چۈشەندۈردى. ئادەمدە گۈزەل غايىنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدىكەن. ئۇ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قەتئىي ئىرادە بولمىسا، ئېغىزدىكى غايە دېگەن ۋاقتى كەلسە سوپۇن كۆپۈكىدەك توزۇپ كېتىدىكەن.

سۆھبىتىمىز كۆڭۈلسىز ئاخىرلاشتى. رەيھان ئۇيقۇسى كەلگەنلىكىنى باهانە قىلىپ دۆڭدىن چۈشتى - دە، ياتىقىغا تەرەپكە ماڭدى. مەن ئۇنىڭ قاراڭغۇدا تاشلارغا پۇتلىشىپ يىقىلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئارقىسىدىن يېتىشىۋېلىشقا ئالدىرىدىم.

4

پراكتىكىنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىلمىي ماقالىلىرىمىزنى يېزىپ، ئانكېتلارنى تولدۇرۇپ تاپشۇرۇپ، تەقسىم قىلىنىشنى كۈتمەكتە ئىدۇق. رەيھان ماقالىسىنى يېزىشتا خېلى قىينالدى. ئۇ پراكتىكا جەريانىدا بەزىبىر نەرسىلەرنى ئىگىلىۋېلىشقا ئانچە كۆڭۈل قويمىغانلىقىغا قارىماي، مېنىڭ ياردىمىم ئارقىلىق ئەپلەپ - سەپلەپ بۇ ئۆتكەلدىنمۇ ئۆتتى. ئەمما هازىر مېنى كۆرسە بۇرۇنقىدەك يېقىنچىلىق قىلمايتتى. بۇ هالدىن كۆڭلۈم خۇددى رىماتىزىم كېسى

لىگە گىرىپتار بولغان ئادەم ھاۋارايىدا! يۈز بېرىدىغان ئۆزگىرىشنى ئالدىنئالا سېزىۋالغاندەك بىر خىل سوغۇقلۇقنى سېزەتتى. ئىچىم تىتىلداپ، بىر يەردە ئولتۇرغۇمۇ، كىشىلەر بىلەن بىردەم - يېرىمدەم پاراڭلاشقۇمۇ كەلمەيدىغان بولۇپ قالغان ئىدىم. بۈگۈن مېڭەمنى ھەر خىل گادىرماچ خىياللار ئىگىلىۋالغانلىقتىن، كوچا ئايلىنىپ رەيھانىنىڭ ئۆيى ئالدىغا بېرىپ قالغانلىقىمنىمۇ سەزمەي قاپتىمەن. بۇ كۈن ئولتۇراي دېگەن مەزگىل بولۇپ، ئۇنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى ئۆگزىلەرنى ۋە دەرەخلەرنىڭ ئۇچلىرىنى يورۇتۇپ تۇراتتى.

رەيھانىنى يوقلاپ ئۆتمەسلىككە كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ قوروغا كىرىپ كەلدىم. ھويلىدىكى بەش-ئالتە كۋادرات مېتىر كېلىدىغان يەرگە تېرىلغان گۈللەرنىڭ بەزىسى قۇرۇپ، بەزىسى سولاشقان بولۇپ، تېخى كۈزنىڭ شەپىسى كەلمەيلا روي بەرگەن بۇ مەنزىرە كىشىنى تولىمۇ يېقىمسىز تۇيغۇغا كەلتۈرەتتى.

ئۆيدە رەيھان ئۆزىلا ئېڭىكىنى ئالقىنىغا تىرىگىنىچە، ئوي - خىياللارغا پېتىپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇ مېنى ئادەتتىكىچە قارشى ئېلىپ ئولتۇرۇشقا ئورۇن كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئالدىمغا چاي ئەكەلدى.

— قېنى، چاي ئىچىڭ.

— رەھمەت، بۈگۈن ئۆيدە يالغۇز قالغان ئوخشىمامسىز؟

— ئاپام بىلەن ئاچام بىر يەرگە كەتتىكەن، كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى.

شۇ گەپلەر بىلەنلا دەيدىغانلىرىمىز تۈگىگەندەك خېلىغىچە جىمجىت ئولتۇردۇق. مەيلى قايسىمىز ئېغىز ئاچساق، سۆزنىڭ مەزمۇنى بىر ئىدى. قاراشلىرىمىز ئوخشاشمىغاچقا بۇنىڭدىن ئارتۇق بىر نېمىدېيىشكە ھەر ئىككىمىز پېتىنالمايتتۇق.

بىر ھازادىن كېيىن ئاردىدىكى سۆكۆتكە يەنە مەن خاتىمە بەردىم:

— ئانكېتنى قانداق تولدۇردىڭىز؟

— ئۇرۇمچىدە قالىمەن دەپ،— ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ- رەك چىقتى. ئۇ دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ، ئۈمىدلىك كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ، يالۋۇرۇش تەلەپپۇزىدا داۋام قىلدى،— كۆر- دىڭىزغۇ، قاراماي دېگەننىڭ ئارزۇلىغۇدەك يېرى يوق ئىكەن، بەختلىك بولۇشىمىز ئۈچۈن سىز نىمۇ مەكتەپتە قېلىشقا دەۋەت قىلىمەن. مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قالىمىز دەۋاتقان يەردە نېمانچە تەرسالىق قىلىسىز ئەمدى؟

— بىزنىڭ ئىستىقبالىمىز ئاشۇ نېفىتلىكتە، مەن ئاللىقاچان قەتئىي نىيەتكە كېلىپ بولغانىمەن.

—...

رەيھان بىلەن ئەنە شۇنداق خوشلاشتۇق. لېكىن خېلى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ئۇنى ئۇنتالمىدىم. ئۇنىڭ: «سىزنى دەپ قاراماي يىغا بېرىدىشىم كېرەكمۇ؟ بولدىلا، بۇنداق مۇھەببەتتىن كەچسەم كېچىمەنكى، شەھەردىن كېچەلمەيمەن» دېگەن سۆزلىرى يادىمغا كەلسىلا، سىغىنىشنىڭ ئورنىنى نەپرەت ئىگىلەيتتى.

5

خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ قاراماي يىغا كەلگەندىن كېيىن، تەشكىلگە بۇرۇن پراكتىكا قىلغان بۇرغىلاش ئەترىتىگە بېرىش تەلىپىمنى ئېيتتىم. كادىرلار بۆلۈمىدىكى ئىش بېجىرگۈچى خادىم ماڭا ئەجەبسىنگەن ھالدا بىر قاردۋېتىپ، گەپ - سۆز قىلماي رەسمىيەت بېجىرىپ بەردى.

ئەسلىدە بۇ ئەترەت باشقارما تۇرۇشلۇق ئورۇندىن خېلىلا يىراق بولغان 10 - رايوندا بولۇپ، ئىش ئورنىدا يېتىپ-قوپۇپ ئىشلەيدىكەن. شارائىتى جاپالىق بولغاچقا كىشىلەر ئاسانلىقچە بېرىشنى خالىمايدىكەن. شۇڭا، كادىرلار بۆلۈمىدىكى ئىش بېجىرگۈچى ماڭا ھەيران بولۇپ قارىغان ئىكەن.

ئەترەتتىكىلەر مېنى خۇددى يىراقلارغا سەپەر قىلىپ قايتىپ كەلگەن ئوغلىنى كۈتۈۋالغاندەك قىزغىن قارشى ئالدى. شاكىر ئۇستامنىڭ خوشلۇقىنى دېمەيلا قويۇڭ! ئۆزى چېپىپ يۈرۈپ ياتاقلىرىمنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاش-پەزلەرگە تاماق بۇيرۇپ، پايپېتەك بولۇپ كەتتى. ھەتتا باشقا بەنگە بۆلۈنۈپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ ئەترەت رەھبەرلىرىگە ئۆزىنىڭ بەنگە ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئەترەت رەھبەرلىكمۇ پېشقەدەم ئۇستىنىڭ تەلىپىنى يەردە قويمىدى. بۇ بەندە سەككىز ئايدەك ئىشلىگەندىن كېيىن، ھەر خىل ئىش تۈرلىرى بويىچە قىلىدىغان پراكتىكام تۈگىدى. ئاندىن ئەترەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن تېخنىكلىق پراكتىكىسى قىلىش ئۈچۈن بۇ بەندىن ئايرىلدىم. بىر يىلدىن كېيىن رەسمىيلىشىپ، باشقا ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ كەتكەن تېخنىكىمىزنىڭ ئورنىغا تېخنىك بولدۇم. بۇ چاغدا شاكىر ئۇستامۇ ئەترەت باشلىقلىقىغا ئۆسكەن ئىدى. ئىككىمىز ئوبدان ماسلىشىپ ئىشلىدۇق. بىللە ئىشلەش جەريانىدا ئۇ ماڭا توي قىلىۋېلىش ھەققىدە كۆپ قېتىم مەسلىھەت بەردى. لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر ئۆيلىنىشكە ئانچە قىزىق-مايتتىم. ئۆيلىنىشنى خىيال قىلسام لا، رەيھان كۆز ئالدىمغا كېلىۋالاتتى. ھەش - پەش دېگۈچە يېشىم ئوتتۇزغا يېقىن-

لاشتى. ئاتا ـ ئانامۇ خەتلىرىدە توي ئىشىمنى سۆيلەپلا تۇراتتى. كىشىلەرمۇ كەينىمدىن ھەر خىل سۆز ـ چۆچەكلەرنى تارقىتىشقا باشلىدى. بىر كۈنى بورىۋاينىڭ دىجورنى ئۆيىدە قۇدۇق خاتىرىسىنى يېزىپ ئولتۇراتتىم، ئۇچۇق دېرىزىدىن بىر نەچچە يىلەننىڭ مەن توغرىلىق قىلىشىۋاتقان پارىڭى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى.

— تۇرغۇنجاننىڭ يېشىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. توي قىلاي دېمەيدىغۇ؟ ياكى توي قىلىش لاياقىتى يوقمىكىن؟

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىۋاتىسەن؟ ئۇنىڭمۇ كۆڭلىگە پۈككەن ئوي ـ خىياللىرى باردۇ، ئاداش! — دېدى يەنە بىرسى.

— بىزدەك بۇرغىلاش ئىشچىلىرى خوتۇن ئېلىپ نېمە قىلىدۇ؟ بۇ جاڭگاللاردا تۈزۈكرەك ئۆي ـ ماكاننىڭ تايىنى بولمىسا. ئانچە ـ مۇنچە سەھرادىن شەھەرگە كىرىپ دەڭدە ياتقاندەك بىر قونۇپ، قايتىپ كېلىۋاتقان. خوتۇن بىلەن قېنىشقۇدەك بىللە بولالمىغان. بۇنداق ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغاننىڭ نېمە لەززىتى بولسۇن؟ ئۇنىڭدىن كۆرە مۇشۇنداق ئۆتكىنىمىز مىڭ ئەۋزەل! — بۇ تۇرسۇن «داكازا» نىڭ ئاۋازى ئىدى.

— ئەمما ئىنسان نەسىل قالدۇرۇشى كېرەكقۇ! ئۆلسەڭ «ۋاي ئاتام» دەپ يىغلاشقىمۇ بىر ـ ئىككى بالاڭ بولمىسا قانداق بولىدۇ؟

— ئۇ دېگىنىڭغۇ توغرا، ئەمما ھازىرقى ئەھۋالىمىزدا خوتۇن ئالساق «كاككۇك بىلەن زەينەپ» تەك بىرىمىز باغدا، بىرىمىز تاغدا ئۆتىدىغان گەپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە باللار نېمە ئىش قىلىۋاتىدىغاندۇ دەپ ئەنسىرەپ، روزىدەك چىراي

سارغايتىپ، كۆزگە ئۇيقۇ كەلمەي، بېشىغا يوتقاننى پۈركەپ يىغلايدىغان ئىشمۇ بار تېخى! — تۇردى دېگىنى روزىغا دائىم دېگۈدەك ئەنە شۇنداق چاقچاق قىلاتتى.

— يىغلىغىنىمنى قاچان كۆردۈڭ، هوي قاسماق!؟

— ...

بۇلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ بەزىلىرىگە ئىچىمدە كۈلسەم، بەزىلىرى مېنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. راست، ئەمدى نېمىنى كۈتىمەن؟

ئاخىرى ئۆيلىنىش قارارىغا كەلدىم. شاكىر ئۇستام ئاتا بولۇپ هازىرقى ئايالىم — گۈلسۈم بىلەن تويىمىزنى قىلىپ قويدى.

گۈلسۈم مەندىن ئون ياشتەك كىچىك ئىدى. يېشىمىز شۇ قەدەر پەرقلەنسىمۇ، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىر-بىرىمىزگە مېھرىمىز چۈشۈپ قالدى. ئىككى بالىلىقمۇ بولدۇق. گۈلسۈم تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپلا ئىشچى بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ بىلىمىنى تولۇقلاشقا ياردەم قىلدىم. ئۇ هازىر ئىشتىن سىرتقى تېخنىكا كۇرسىدا ئوقۇۋاتىدۇ. شاكىر ئۇستام دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭ ئورنىغا ئەترەت باشلىقى بولدۇم. كۆرمەمدىغان، يىگىرمە نەچچە يىل ئۆتكەندە رەيھان بىلەن كۆرۈشۈپ قالغىنىمنى!...

خىيالىم مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۈزۈلدى. باياتىن رەيھان بىلەن كاردىم بولمىغانلىقىنى هېس قىلىپ دېدىم:

— كەچۈرۈڭ رەيھان! خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ قېلىپ سىز بىلەن كارىم بولماي ئەدەبسىزلىك قىپتىمەن.

—ھە!... ۋاي، نېمىلەرنى دەپ يۈرۈيسىز، هېچقىسى يوق، — دېدى رەيھان چۆچۈپ، ئەسلىدە ئۇمۇ خىيال دەرياسىدا ئېقىۋاتقان ئىكەن.

— قېنى چاي ئىچىڭ! كۆرۈشمىگىلى شۇنچە يىللار بوپتۇ. ئىككىلىمىزنىڭلا چاچلىرىغا ئاق كىرىپتۇ.

— ئۇرغۇن سۇلار ئېقىپ كەتتى، ئۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلار باشتىن ئۆتتى، — رەيهان ئېغىر تىنىۋېتىپ داۋام قىلدى، — بىلەمسىز، بۇ چاچلار بىر كۈندىلا ئاقارمىغان.

— مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى سەرگۈزەشتىلىرىڭىزنى سۆزلەپ بەرمەمسىز؟

— سۆزلىگۈدەك نېمىسى بار دەيسىز؟

رەيهان ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ياغلىقىنىڭ سىرتىغا چىقىپ قالغان چىككە چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆزۈمچىدە قېپقالغانلىقىمنى دېمىسەممۇ بىلىسىز. ھەقىقەتەنمۇ بۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى خاتا باسقان قەدەملىرىمنىڭ بىرىنچىسى بولىدى. ئاچام ئاپامنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈپ، مۇناسىۋەتلىك ئىدارىلارغا قاتراپ، خېلى كۆپ ئاۋارە بولغاندىن كېيىن، ئاران تەسلىكتە شەھەردە قېلىش ئىشىم ھەل بولىدى. لېكىن خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۈچ ئايدىن ئوشۇق كۈتتۈم. بۇ جەرياندا كۆڭلۈمگە ھەر خىل گۇمانلار كەلدى، خىزمەتتىن قۇرۇق قالىدىغان ئوخشايمەن دېگەن ئەندىشىلەردىمۇ بولدۇم. ئۇ يىلىغانلىرىمنى ئاچامغا ئېيتسام: «نېمە ئالدىرايسەن، ئىشلەپمۇ تويىسەن تېخى، پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ بىر نەچچە ۋاقىت ئويىنىۋالماسەن» دېدى. ئۇ مېنى ھەر خىل تاماشا سورۇنلىرىغا بىللە ئېلىپ باردى. نەتىجىدە، ھەر خىل ئادەملەر بىلەن ئۇچراشتىم. بىر كۈنى كەچتە ھەشەمەتلىك بىر ئولتۇرۇشقا باردۇق. سورۇن قاتناشچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئوتتۇرا ياشتىن ئاشقان ئادەملەر ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئايالىرىنى ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، پەقەت

ئاچام قاتارلىق بىر نەچچىسىنىڭلا ئېرى ياكى خوتۇنى بۇ سورۇندا يوق ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئاچام بۇنداق ئولتۇرۇشلارغا ئەزەلدىن ئېرى بىلەن بىرگە بېرىشنى خالىمايتتى. ئۇنىڭ ئېرى ياۋاش ئادەم ئىدى، ئۇ نېمىدېسە «ماقۇل» دەيتتى.

راسلانغان ئۆي مېھمانلار بىلەن تولغان بولسىمۇ، ساھىبخان نېمىشقىدۇر تېخىچە داستىخان سالمىغاچقا، ئەرلەر ئىككىدىن - ئۈچتىن غۇژمەك بولۇشۇپ، ئۆز پارىڭىغا چۈشۈپ كەتتى. ئاياللارمۇ بىر - بىرىنىڭ قۇلاقلىرىغا پىچىرلىشىپ، كىملەرنىڭدۇ غەيۋىتىنى قىلىشاتتى. بەزىلەرنىڭ قاپاقلىرىنى سۈزۈشۈپ ئاچامغا يەر تېگىدىن مەنىستمەسلىك نەزەرلىرى بىلەن قارىشىپ قويۇشلىرىچۇ؟! لېكىن ئاچام بۇلارنى سەزمىگەنگە سېلىپ، نېمىشقىدۇر ئىشىككە تەقەززالىق بىلەن تەلمۈرەتتى. مەن بۇ ھالدىن ئوڭايسىزلىنىپ، كەلگىنىمگە پۇشايمان قىلىشقا باشلىدىم. بىر چاغدا ئىشىكتىن بەكمۇ سېمىز بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. ئولتۇرغانلار خۇددى ئۇۋىسى بۇزۇلغان ھەرىلەردەك ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىشتى. ئۇ ئادەم ئېيىقتەك ئىڭغاڭلاپ مېڭىپ بىر - بىرلەپ سالاملىشىپ، ئاچامنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئالاھىدە ئەھۋال سورىشىپ كەتتى. «سودا شىركىتىنىڭ جىڭلىسى تۇردىيوپ» دەپ تونۇشتۇردى ئاچام ماڭا. داستىخان سېلىنىپ يېيىش - ئىچىش باشلاندى. ھاراق بوتۇلكىلىرىمۇ كەينى كەينىدىن بوشاپ، سورۇننىڭ كەيپىياتى جانلاندى. ئۆينى قاپلىغان ھاراق پۇرىقى ۋە تاماكا ئىسىنىڭ دەستىدىن بېشىم قېيىپ، كۆڭلۈم ئېلىشاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېلىقى تۇردىيوپ ئۇدۇلۇمدا ئولتۇرۇۋېلىپ، ھاياسىز كۆزلىرىنى تىككەنتى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن يىرگىنىپ، ئاچامغا «چىقىپ

كېتەيلى» دېدىم. ئاچام «زىياپەت ئاخىرلاشماي تۇرۇپ سورۇندىن ئايرىلساق ئەدەبسىزلىك بولىدۇ، بىردەم چىدىغىن» دەپ تۇرۇۋالدى. لېۋىمنى چىشلەپ يەنە بىردەم ئولتۇرۇپ بېقىپ، ئاخىرى بولالماي «بوپتۇ ئەمىسە، سەن كەتمىسەڭ قېلىۋەر، مەن كېتىمەن» دېدىم ـ دە، كەينىمگىمۇ قارىماي چىقىپ كەتتىم. چۈنكى تۇردىيوپ ئەمدى ھەددىدىن ئېشىپ، قاش ئېتىشقا باشلىغان ئىدى. ئاچام پەلتۇسىنى كىيىشكە ئۈلگۈرمەي، بىر يېڭىنى سېپىپ، بىر يېڭىنى ساپىماي، كەينىمدىن يۈگۈرەپ چىقتى ـ دە، ماڭا ئاچچىقلاپ:

— نېمىدېگەن بىمەدەبلىك بۇ! ئادەم ئېتىپ زىياپەتكە چاقىرسا، خەقنى كۆزگە ئىلمىغاندەك، خوشلاشمايلا چىقىپ كېتىشتىن ئۇيالمامسەن!؟ — دېدى.

— سەن قائىدە ئۇقىدىغان بولغاندىكىن قېلىۋەرگىن، مەن كېتىمەن!

— خەق شۇنچىۋالا پۇلنى خەجلەپ، بۇ زىياپەتنى كىم ئۈچۈن ئۇيۇشتۇردى بىلەمسەن؟

— بۇنى سەن بىلمىسەڭ، مەن نەدىن بىلەي.

— بىلمىسەڭ بىلىپ قوي! تۇردىيوپ بۇ زىياپەتنى سېنى دەپ ئۇيۇشتۇرغان، ئۇنىڭچۇ ساڭا كۆڭلى چۈشۈپ قاپتۇ ...

— ھە! ...

قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەي قالدىم. بۇ سۆز ھاراقنىڭ بۇسى، تاماكىنىڭ ئىسىدىن ئېلىشىپ تۇرغان كۆڭلۈمنى تېخىمۇ بىئارام قىلىپ، يول بويىدىكى ستولبىغا يۆلەنگىنىمچە قۇسۇۋەتتىم. قېشىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئايالنىڭ، يېنىدىكى ئەرگە: «بۇ بىچارە سېزىك ئوخشايدۇ» دېگىنى

قولدىقىمغا كىرىدىپ، نومۇستىن ئۆلگۈدەك بولدۇم.

ئۆيگە كېلىپلا ئاغرىپ بىر نەچچە كۈن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدىم. ئاچام بولسا مېنى ياتقىلى قويماي، تۇردىيوپقا تېگىشكە قىستايتتى، ئاپا مىنىمۇ كۆندۈرۈۋالغانىمكىن، ئۇمۇ ئاچامنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەيتتى. پەقەت بىچارە دادىملا ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوقتەك بېشىنى ئىچىگە تىقىپ، ئۈندىمەي يۈرەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئائىلىمىزدە «ئىشلەپ پۇل تېپىش» تىن باشقا ھېچقانداق ھوقۇقى يوق ئىدى.

بۇ خىل يالۋۇرۇش، نەسىھەت قىلىشلارنىڭ ئورنىنى ئاخىرىدا تەھدىت ئىگىلىدى. ئاچام بىلەن ئاپام گېپىنى بىر قىلىۋالغان بولسا كېرەك، ئۇلار: ئەگەر تۇردىيوپقا تەگمىسەڭ ئۆيدىن چىق، دەيدىغان يەرگىچە بېرىپ يەتتى. ئاچامنىڭ خۇيىنى ئوبدان بىلەتتىم، ئۇ قىلىمەن دېگىنىنى قىلماي قويمايدىغان بىشەملەردىن ئىدى، مۇبادا ئۆيدىن قوغلانسام، يا خىزمەت ئورنۇم بولمىسا، قانداق ھايات كەچۈرىمەن؟ دېگەن ئەندىشە كاللامغا كىرىۋېلىپ بىئارام قىلغانسېرى قارامايغا بارمىغانلىقىمغا پۇشايمان قىلاتتىم. ئاچامنىڭ چىرايلىق سۆزلىرى، ساختا مېھرىبانلىقلىرى ياشلىق باھارىمنى خازان قىلىدىغان قاپقان ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلەي!؟ خىزمىتىمنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئىبورۇنغا ھەل بولۇشىمۇ تۇردىيوپ بىلەن توي قىلىشىمغا باغلىق ئىكەن.

ئاچامنىڭ بىلىكىدە چەت ئەلنىڭ ئېسىل سائىتى، ئۇچىسىدا يېڭى پاسوندىكى قىممەت باھالىق كىيىم - كېچەكلەر پەيدا بولۇشقا ئەگىشىپ، ئۇ مېنى تۇردىيوپقا تېگىشكە تېخىمۇ بەكرەك قىستاشقا باشلىدى. شۇ ياشقىچە ئاڭلىمىغان تىل - دەشنام ۋە يېمىگەن تاياقنىمۇ ئاچامدىن ئىشىتتىم ۋە يېدىم. ئاقىۋەت دادام بىلەن تەڭ دېمەتلىك بولغان

تۇردىيوپقا تېگىشكە مەجبۇر بولدۇم ...

رەيھان سۆزدىن توختاپ ھەسرەتلىك بىر تىنىۋالدى-دە، سوۋۇپ قالغان چايدىن بىر ئوتلىۋېلىپ داۋام قىلدى:

— تۇردىيوپقا تېگىپ تۇرمۇشۇم باياشادچىلىق ئىچىدە ئۆتتى. مەنمۇ مۇھەببەتسىز بۇ ئەر - خوتۇنچىلىققا كۆندۇم. تۇردىيوپ ئالدىمدا گويا ئۆگىتىلگەن كىچىك قۇيرۇق شىپاڭشىتاتتى، بۇيرىغان نەرسىلىرىم ھايالسىز ئالدىمدا تەييار بولاتتى. نەزەر دائىرەم تار بولغاچقا، تۇرمۇشنىڭ مەڭگۈ مۇشۇنداق ئۆتۈشىگە ئىشىنىپ يۈرۈپتىمەن. كىم بىلسۇن، توي قىلىپ بىر يېرىم يىلدىن كېيىن، ئۇنىڭ ناھايىتى كۆپ پۇلغا خىيانەت قىلغانلىقى پاش بولۇپ، قانۇن بويىچە قولغا ئېلىنىپ كەتتى. كېيىن ئېلان قىلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي، خاڭدا ئىشلەۋاتقان يېرىدە كۆمۈر بېسىۋېلىپ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئۇ قولغا ئېلىنىشى بىلەنلا ئەسلى ئىشلەۋاتقان خىزمەت ئورنۇمدىن تاشقى سودا ئىدارىسىنىڭ تاغدىكى بىر سېتىۋېلىش پونكىتىغا يۆتكىۋېتىشكەن ئىدى...

7

— ئۇمىدجان ئاشۇ تۇردىيوپتىن تۇغۇلغان بالىكەن-دە، — سورىدىم رەيھان ھېكايىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن.

— ياق، — رەيھان قىزىرىپ كېتىپ جاۋاب بەردى، — مەن پەرزەنت يۈزى كۆرمىدىم. ئۇمىدجان يېتىم بالا بولۇپ، مەن ئۇنى كىچىككىدە بېقىۋالغان، بۇنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويماڭ يەنە. بۇنى مۇشۇ كۈنگىچە ئۇنىڭغا

بىلدۈرمىدىم. ئۇ مېنى ئۆز ئانام دەپ بىلىدۇ. مېنىڭمۇ ھايا تىمدىكى خۇشاللىقىم شۇ بىرلا بالا بىلەن. ئىككىمىز ئۇچۇن بۇ ئايرىلىش بەكمۇ ئېغىر چۈشتى. لېكىن ھەر بىر ئادەم ئۆز ئىستىقبالىنى ئۆزى تاپىدىغان گەپ ئىكەن. ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ ئىستىقبالىنى تېپىشىغا ياردەم بېرەلەيدىكەنۇ، تەييار ئىستىقبالىنى ئاتا قىلالمايدىكەن.

— مەن تېخى سىزنى ئۇمىدجاننى ئۇرۇمچىگە يۆتكەپ كېتىش ئۈچۈن كەلگەن چېغى دەپ ئويلاپتىمەن. سىز قايتا ياتلىق بولمىدىڭىزمۇ؟

— ئەگەر ئەرگە تېگىپ كۆرىدىغان كۈن شۇ بولسا، ئىككىنچى ياتلىق بولماسلىققا قەسەم ئىچىپ، بارلىق مېھرىمنى مۇشۇ بالىغا ئاتىۋەتتىم. بۇ نۆۋەت كېلىشتىكى مەقسىتىم بالامنى يوقلاپ، ئىستىقبالىق، غايىلىك بىر ياش قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش ئارزۇيۇمنى تەشكىلىگە بىلدۈرۈش ئىدى. چۈنكى بالىلار بىزنىڭ ئۈمىدىمىز، ئۇنىڭ مەن ماڭغان ئەگرى يوللاردا ماڭماسلىقىنى تىلەيمەن.

مەن رەيھاننىڭ شۇ قەدەر ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكىنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە كۆمۈشتەك ئاقارغان چېكە چاچلىرىغا قاراپ كۆڭلۈمدە بىر خىل ئېچىنىش تۇيغۇسى تۇيغانلىقىنى سەزدىم. جاپادىن قېچىپ، راھەت - پاراغەت ئىزدەپ، مانا ئەمدى ئۇششۇك تەگكەن گۈلدەك ۋاقىتسىز سولاشقان يالغۇز رەيھانمىدۇ؟!

# باھاۋىدىن ئۇستام ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى



باھاۋىدىن ئاكا بورۇۋايلارغا يەتكۈزۈپ بېرىشكە تېگىشلىك سايمانلارنى بىر چەتكە ئايرىپ رەتلەۋاتاتتى. ئۇ بىرەيلەننىڭ چاقىرىشى بىلەن ئىشخانىغا چىقىپ كېتىپ، بىرەر سائەتتىن كېيىن قاپاقلىرى چۈشكەن ھالدا قايتىپ كىردى. ئۇنىڭ قاپاقلىرىنىڭ چۈشۈپ كەتكىنىنى كۆرگەن شاگىرتلىرى بىر-بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ قويۇپ، ئۈنچىقماي ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشتى.

باھاۋىدىن ئاكا چىقىپ كەتكەندە ئۇنىڭ ئورنىغا بەندىكلەرگە يېتەكچىلىك قىلغاچ تۇرغان بەختىيار ئۆز ئۇستىسىنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ:

— ئۇستام، نېمە ئىشقا چاقىرتىشىپتۇ، ئىشىمىزدىن بىرەر چاتاق چىقىپتىمۇ-يا؟ — دەپ سورىدى ئارىدىكى سۈكۈتتىن ئىچى پۇشقاندەك بولۇپ.

— نېمە ئىش بولاتتى، يەنە شۇ «ئاتام ئېيتقان

بايىقى» دېگەندەك، گويا گەپ بولمامدۇ! دەم ئىلىشقا چىق دەيدۇ، — دېدى باھاۋىدىن ئاكا خۇددى ئۇنى پېنسىيىگە چىقىشقا زورلاۋاتقان ئادەم باشلىقلار بولماستىن، بەختىيارنىڭ ئۆزىدەك شاگىرتىغا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

— بىز كىيىۋاتقان ماۋۇ ئىش كىيىمىمىزمۇ ئىككى يىلدا بىر قېتىم يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇپ تۇرىمىز. سىلى ئىشلەۋاتقىلىمۇ ئوتتۇز نەچچە يىل بولۇپ قالدى...

ساۋۇت چاقچاقان دەۋاتقان گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋېتىپ، جىم بولۇپ قالدى. باشلىقلار «ئەجەبىمۇ لاۋزا گەپتىن بىرنى قىلدىڭ - دە» دېگەندەك ئۇنىڭغا ھومىيىپ قويۇشتى.

— ھوي ماڭقا! سەن تېگىشىپ يېڭىسىنى ئالىدىغان ئەسكى چاپانمىدىم مەن؟ — دېدى باھاۋىدىن ئاكا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

ئۇ، ئادەتتە ساۋۇت چاقچاقنىڭ بەزى گەپلىرىگە ئانچە ئېتىبار قىلىپمۇ كەتمەيتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ ئىتتىككلىكىنى بىلسىگەچكە، بەزى سۆزلىرى كۆڭلىگە كەلسىمۇ، چىش يېرىپ بىر نەرسە دېمەيتتى. بۇ يىگىتنىڭ پۇتۇلىنىڭ يەڭگىللىكى، ئىشتىكى چاقچاقلىقى بەزى يېتەرسىزلىكلىرىنى يېپىپ كېتەتتى. ئەمما بۈگۈن سەپراسى ئۆرلەپ تۇرغاندا ئۇنىڭ بۇ گېپى يارىسىغا تۇز سەپكەندەك تەسىر قىلىپ، ئۇنىڭ قەلبىنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى.

—ئانچىكىم دەپ قويغان گەپتى، شۇنىڭغىمۇ خاپا بولامىلا، ئۇستام! — دېدى ساۋۇت چاقچاقان ئۆزىنىڭ ئويلىماي دەپ سالغان گېپىگە خىجىل بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ.

بەختىيارمۇ ھەمراھلىرىنى ئىشقا ئۈندەپ قويدى.

— بولدى، گەپنى ئاز قىلىپ ئىشىمىزنى قىلايلى.

شۇنىڭ بىلەن، ئىشتىن چۈشكىچە ئوشۇقچە گەپ - سۆز بولمىدى، باھاۋىدىن ئاكىمۇ چىرايى كۆز بولۇتلىرى قاپلىغان ئاسماندەك تۇتۇق بويىچە ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىگە قايتتى.

ئۇ ئۆيگە كەلگەندە، نەۋرىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ پۇتلىرىنى قۇچاقلاپ ئەركىلەشلىرىمۇ چىرايىدىكى بۇلۇتلارنى ھەيدىۋېتەلمىدى. ئۇنىڭ قەدىناس ئايالى بۈۋرەۋىخان ئاچا تاماق راسلاپ قويغان ئۈستەل ئالدىغا كەلگەندىمۇ «غىڭ» قىلىپ زۇۋان سۈرمىدى.

— ۋوي! سىلىگە نېمە بولدى بۈگۈن؟ جىن چاپلىشىۋالغاندەك زۇۋانلىرى تۇتۇلۇپلا كېتىپتىغۇ؟! — بۈۋرەۋىخان ئېرىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى بۇ ھالىتىدىن قاتتىق بىئارام بولۇۋاتاتتى.

— ...

ئۇنىڭ سوئالى جاۋابسىز قالدى. ئۇ قايتا سوراي دېدى-يۇ، ئىشتىن ھېرىپ - چارچاپ كەلگەندە كۆزىگە كىرىۋېلىشىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ئويلاپ جىم بولدى. نىھايەت باھاۋىدىن ئاكا بىر تەخسە لەغمەننى يەپ، كەينىدىن بىر چىنە قىزدىق ئاش سۈيىنى ئىچىپ بولغۇچە تەخىر قىلىپ، ئاندىن ئېغىز ئاچتى:

— بۈگۈن سىلىگە نېمە بولدى؟ بىرەسى بىلەن خاپا بولۇشۇپ قالدىلىمۇ ياكى مىجەزلىرى يوقمۇ؟ ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقماي گەپ قىلسىلىچۇ؟

— ئەجەبمۇ يېلىمدەك چاپلىشىۋالدىڭلا، خوتۇن، يەنە شۇ قولاققا ياقمايدىغان گەپ، پېنسىيىگە چىق دەيدۇ.

— ۋايىەي! شۇ گەپمىتى؟ شۇنىڭغىمۇ شۇنچىلا خاپا بولغان بارمۇ، ياخشى گەپكەنغۇ!

— نېمىسى ياخشى؟ مەن تېخى كۈچ - ماداردىن

قالمىسام، ئەمدىزە تاماق يەپ قاچا بىكارلاپ، ئەزرائىل قاچان كېلىپ بۇ جاننى ئالاركىن دەپ كۈتۈپ ياتىدىكەنمەن - دە ...

— نېمانداق كۆزلىرىنى پىيالىدەك ئېچىپ ۋارقىرايلا؟ ئىشقا چىققاندا «ھاي - ھاي»، ئۆيگە كەلگەندە «ۋاي - ۋاي!» ئۇ يېرىم ئاغرىيدۇ، بۇ يېرىم ئاغرىيدۇ دەپ يۈرگىچە، دەم ئال دېگەندىكىن دەم ئالسىلا، ئەسكى چاپاندەك سۆرۈلۈپ يۈرمەي، — دېدى بۈۋرەۋىخانىمۇ بوش كەلمەي.

— مەن ئەمدى ھەممىڭنىڭ ئالدىدا ئەسكى چاپان بولۇپ قالدىممۇ؟ ئىش ئۇرنىدىغۇ ئاغزىدىن ئانا سۈتى تېمىپ تۇرىدىغان بىر نېمىلەر ئەسكى چاپانغا ئوخشاتسۇن، ئەمدى سەنمۇ مېنى ئەسكى چاپانغا ئوخشىتىۋاتامسەن!؟ ...

باھاۋىدىن ئاكىنىڭ لەمپە قاشلىرى دىڭگىيىپ بۇرۇن پەرەكلىرى لىپىلداپ كۆپۈپ، ئېغىر - ئېغىر تىنىشقا باشلىدى.

— بولدىلا دادا! ۋارقىراشماڭلار، قوشنىلار ئاڭلىسا سەت ئەمەسمۇ، — دېدى ئاشخانا ئۆيدە قازان - قومۇچ يۇيۇۋاتقان قىزى رەيھانگۈل.

بۇ سۆز دەرھال ئۆز ئۈنۈمىنى كۆرسەتتى. ئۇلار پەسكارىغا چۈشۈپ، جىم بولۇشتى، تۆت ياشلىق نەۋرىسى تېلىبۈۋىزور كۆرىمەن دەپ جېدەل قىلغانلىقتىن بۈۋرەۋىخان ھەدە تېلىبۈۋىزورنى ئېچىپ، نەۋرىسى بىلەن تېلىبۈۋىزور كۆرۈشكە باشلىدى.

باھاۋىدىن ئاكا ياندىكى ئۆيگە چىقىپ، كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ ياتتى-دە چوڭقۇر ئويغا پاتتى.....

باھاۋىدىن ئاكىنىڭ چېچىلىشىدا ئاساسبار ئىدى، ئۇ كاندا ئۆتكۈزگەن ئوتتۇزنەچچە يىللىق ھاياتىدا نېمە ئىشلارنى قىلمىغان دەيسىز. يېڭى نېفىتلىك تېپىش ئۈچۈن بارمىغان

چۆل - جەزىرىلىرى، تارتمىغان جاپاسى قالمىغان ئەمەسمۇ. بەزىدە ئۆيدىن بىر چىقىپ كەتكەنچە نەچچە ئايلاپ ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم باسماي، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى خىزمەتكە بېغىشلىغاچ دائىم تەقدىرلىنىپ، ئۇ باشقۇرغان بەنلەرمۇ ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالانمىدىمۇ! نەچچە يىلىنىڭ ئالدىدا رەھبەرلىك ئۇنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىپ قالغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپلا تەمىنلەش پونكىتىنىڭ بورىۋايلارغا سايمان يەتكۈزۈپ بېرىدىغان بەنگە بەنجاڭ قىلىپ يۆتكىگەنىدى. ئۇ يۆتكىلىپ كېلىپلا بۇ بەندىكى چۇۋالچاق سايمانلارنى ۋاقتىدا يەت- كۈزۈپ بېرەلمەي بۇرغىلاشقا تەسىر يەتكۈزىدىغان، بەزىدە سايمانلارنى خاتا يەتكۈزىدىغان ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، بۇ بەننى ئىلغار بەن - گۇرۇپپىلار قاتارىغا ئۆتكۈزمىدىمۇ؟! ئەمدى ئۇنى دەم ئېلىشقا چىقىشىن دەۋاتىدۇ. ئۇنىڭ دەم ئالغۇسى يوقمۇ؟ ئۇنىڭ يەنە تارتىشىدىغان نېمىسى بار؟ خوتۇن-بالىلىرى- مۇ ئۇنىڭ دەم ئېلىشىنى قوللايدۇ، بۇۋرەۋۇخان تېخى ئۇنىڭغا «دەم ئېلىشقا چىقساڭ ئايرىلىپ قالىدىغان پىكاپىڭ بارمىتى، ياكى بېشىڭدا خان تاجاڭ بارمىتى؟» دەپ تاپا قىلىدۇ. باھاۋىدىن ئۇستا قەلبىمنى چۈشەنمىدى دەپ تەشكىلدىنمۇ، ئايالىدىنمۇ ئاغرىناتتى. ئۇ نەچچە يىل ئەجىر قىلىپ بىر چېچىلاڭغۇ بەننى مىڭ تەستە بۈگۈنكى ھالەتكە يەتكۈزسەم، ئەمدى بۇنى ئىگىسىگە سىپرىق تۆك چىقمىغان بەختىياردەك بىر بالىغا ئۆتكۈزسەم بۇنداقلارنىڭ ئىچىشى ھاراق، ئويىنىشى تانسا تۇرسا، ماڭا ئوخشاش تىزگىنلەپ تۇرىدىغان ئۆزىنى توختاتقانراق ئادەم بولمىسا بۇ بەننىڭ ھالى نېمە بولار دەپ خاتىرجەم بولالمايۋاتقانلىقىمنى نېمە ئۈچۈن چۈشەنمەيدى- غاندۇ دەپ ئاغرىناتتى.

— ھەي! مۇشۇ بەختىيار... — ئۇ ئويلاپ خىيالى شۇ

يەرگە كەلگەندە، ئاۋازىنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيماي قالدى.

بەختىيار تەمبەل كەلگەن، قارا قاشلىرى تېگىدىكى چوڭ - چوڭ كۆزلىرىدىن شوخلۇقنىڭ نۇرلىرى ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان يىگىت بولۇپ، ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئاخىرقى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا بىر ئىش مۇناسىۋىتى بىلەن باھاۋىدىن ئاكىنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ، ئۇنىڭ كۆڭۈل دەپتىرىگە پۈتۈلۈپ قالغان ئىدى.

بۇندىن بەش يىل بۇرۇنقى ماي ئايلىرىنىڭ بىرى كېچىسى، باھاۋىدىن ئاكا بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىدىكى مېھماندارچىلىقتىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا ئالدى تەرىپىدىن ئۇچقاندەك كەلگەن ۋېلىسىپىتلىك بىرسى ئۇنىڭغا سوقۇلۇپ كەتكىلى تاس - تاماس قالدى - دە، تەسلىكتە رولنى يانغا بۇراپ تېز سۈرئەتتە كېتىپ قالدى. باھاۋىدىن ئاكا ئۇنىڭ كەينىدىكى يەلپۈنگەن ئۇزۇن چاچلىرىدىن ئايال ئىكەنلىكىنى پەم ئەتكەن بولسىمۇ، كىملىكىنى تونۇيالمىدى. چۈنكى بۇ چاغدا ئاي ئۆزىنى بۇلۇتلار كەينىگە يوشۇرۇۋالغان ئىدى. ئۇ ئالدىغا ئەللىك - ئاتمىش قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىن، ئارقىسىدىن ئىتتىك كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ كەينىگە بۇرۇلدى - دە، بۇلۇتلار ئارىسىدىن مارىلاۋاتقان ئاينىڭ سۇس يورۇقىدا تەمبەل بىر يىگىتنىڭ كەينىگە قاراپ - قاراپ، يۈگۈرۈپ كەلگەنچە ئۆز يېنىدىن شامالدەك ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردى، باھاۋىدىن ئاكا ئۇنىڭ تېزلا ئۇزاپ كەتكەنلىكىگە قارىماي چىرايىنى پەرق ئېتىۋېلىشقا ئۈلگۈرگەن ئىدى. باھاۋىدىن ئاكا يولنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە ئازراق ماڭغىنىدا، قولىغا تاش - كېسەك ئالغان ئىككى ئوغۇل بالا يۈگۈرۈشكىنىچە كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتتى - دە، چىرايىغا شۇنداق قارىۋېتىپ:

— ئەمەسكەن، يۇر، چاپسان قوغلايلى، — دېيىشىپ يۈگۈرۈپ كېتىشتى.

ئۇلارنىڭ پاكارراق كەلگەن بىرسىنىڭ بۇرنىدىن ئاققان قان كۆڭلىكىنىڭ ئالدىنى بۇلغىۋەتكەن ئىدى. باھاۋىدىن ئاكا: «ھەي، چۈجە خورازلار! كىچىدە مۇشۇنداق لوكچەكلىك قىلىپ، سۆكەك تالاشقان ئىتتەك «چىشلىشىپ» يۈرگىنىڭلاردا بالام كەلمەيدىغۇ، نېمە بولغاندۇ دەپ ئەنسىرەپ يولۇڭلارغا قاراپ ئولتۇرغان بىچارە ئاتا - ئاناڭلارنى يادىڭلارغا ئالامدىغانسىلەر» دەپ ئويلىدى-دە، بۇ بالىلارنىڭ كۆڭلىگە خۇدادىن ئىنساپ تىلەپ ئۆز يولىغا كېتىۋەردى.

كىم بىلسۇن، 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى، سىبخ مۇدىرى بىر ياشنى باشلاپ كېلىپ باھاۋىدىن ئاكىغا تونۇشتۇردى:

— بۇ يىگىت سېخىمىزغا يېڭى قوبۇل قىلىنغان شاگىرت ئىشچى، ئىسمى بەختىيار، بۈگۈندىن ئېتىبارەن سىزنىڭ بەنىگىزدە ئىشلەيدۇ.

— قارشى ئالىمىز، قارشى ئالىمىز!

باھاۋىدىن ئاكا ئاغزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن، بەختىيارنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ ھېلىقى كېچىدە ئالدىدىن قېچىپ ئۆتكەن بالا ئىكەنلىكىنى تونۇپ قالدى. «بىر چىچقاق كالا بىر قوتان كالىنى چىچقاق قىپتۇ» دېگەن تەمسىل بار. بەنىمىزدە ئىشلەۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچىسى بويتاق ياشلار، بۇ لوكچەكىنى بوپتۇ دەپ قوبۇل قىلسام، باشقىلارنى يامان يولغا باشلاپ كەتمەسمۇ؟! تېخى ئۇنىڭ تۇرقىنى دېمەمدىغان، كارنىاي پۇشقاقلىق ئىشتان، ئېگىز پاشنىلىق بەتىنكە، ئالىبۇلىماچ كۆڭلەك، بەئەينى چارىلانىڭ ئۆزىلا بوپتىغۇ بۇ! بولغاندا ئالمسام ياخشى بولاتتى، ئەمما ئالمايمەن دېسەم رەھبەرلىك بىلەن قارشىلاشقاندەك بولۇپ قالمىسۇن. خەيرىيەت،

ئالسام ئالاي، كېيىن بىر گەپ بولار. يارىماس چىقىپ قالسا، پۇرسىتىنى تېپىپ باشقا بەنلەرگە بېرىۋېتىپلا قۇتۇلامدىم» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا ۋازلىق بىلدۈردى باھاۋىدىن ئاكا.

كۈنلەر كۈنلەرنى قوغلىشىپ، ئايلار ئايلارغا ئۇلىشىپ بەختىيارنىڭ باھاۋىدىن ئاكىنىڭ بەنىگە كەلگىنىگە بىر يىل بولدى. بەختىيارمۇ بەزى ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ جەرياندا بەختىياردا تىلغا ئالغۇدەك بىرەر نۇقسان كۆرۈنمىگەچكە باھاۋىدىن ئاكىمۇ ئۇنىڭدىن ئانچە ئەنسىرىمەيتتى، ھەتتا بەزى ئىشلارنى ئىشىنىپ ئۇنىڭ مۇستەقىل ئىشلىشىگە تاپشۇرۇۋېتەتتى. لېكىن بولۇپ ئۆتكەن بىر ۋەقە باھاۋىدىن ئاكىنىڭ بەختىيارغا بولغان كۆز قارىشىنى يەنە خېمىغا ياندۇرۇپ قويدى.

باھاۋىدىن ئاكىنىڭ ئۈچ بالىسىنىڭ تۇنجىسى ئۆي-ئوچاقلىق بولۇپ، ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتكەنتى. ئىككىنچى بالىسى رەيھانگۈل رېمونت سېخىدا رېمونتچىك ئىدى. ئۈچىنچى بالىسى مۇرادجان ۋىشكا قۇراشتۇرۇش ئەترىتىدە تراكتور ھەيدەيتتى. ئۇ بىر قەدەر ئەركە ئۆسكەن بالا بولغاچقا باھاۋىدىن ئاكا ئۇنى چىڭراق باشقۇرسا بۇۋرەۋىخان ھەدە ئارىلىشىۋېلىپ بەزىدە يوشۇرۇن سۆكۈت بېرەتتى. مۇرادجان ئانىسىدىن ئىبارەت بۇ سايىۋەنىنىڭ دالدىسىدا بەزى شوخلۇقلارنىمۇ قىلىپ قوياتتى. بىر ئاخشىمى مۇرادجان خېلى كەچ بولۇپ كەتسىمۇ ئۆيگە قايتىپ كەلمىدى. ئەتراپتىكى قولۇم-قوشنىلار ئالىقاچان ئۇيقۇغا كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن باھاۋىدىن ئاكا ئوغلىدىن ئەنسىرەپ، ھويلا ئىشىكى يېنىغا ئورۇندۇق سۈپىتىدە قويۇلغان كۆتەكتە ئولتۇراتتى. ئاندا-ساندا بىرەر ئادەم ئىشىك ئالدىدىن ئۆتۈپ

قالسا مۇرادجان قايتىپ كەلدىمىكىن دەپ ئۈمىدلىنىپ قارايتتى، ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن بولسا، ئىچى تىتىلدىغىنىچە ئولتۇرۇپ قالاتتى. شۇنداق ئەنسىرەپ، تىتىلداپ ئولتۇرغاندا مۇرادجان دەلدەڭشىپ كېلىپ قالدى. ئۇ، دادىسىنى كۆرۈپ سەل-پەل ئەيمەنگەندەك بولدى-يۇ، لېكىن مەستلىك ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپ، دەلدەڭشىگىنىچە بېشىنى سېلىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. باھاۋىدىن ئاكا ئۇنىڭ كەينىدىن ئۆيگە كىرگەن پېتى، ئاچچىقىغا پايلىماي قولىنىڭ كەينى بىلەن بالىسىنىڭ يۈزىگە بىر تەستەك ئۇردى. ئورنىدا دەلدەڭشىپ ئارانلا تۇرغان مۇرادجان تەستەك تېگىشى ھامان ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان ئۈستەلنىڭ ئاستىغا پۈكلىنىشىپ كىرىپ كەتتى. ئوغلىدىن غەم قىلىپ يانىدىكى ئۆيدە ئويغاق ياتقان بۈۋرەۋىخان ئاچا ئالدىراپ - تېنەپ، يالڭا ياق يۈگۈرۈپ چىقىپ، باھاۋىدىن ئاكىنى تۇتۇۋالدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ جېدەل بېسىلىپ قالدى...

ئەتىسى ئەتىگەندە باھاۋىدىن ئاكا ئىشقا كەلگەندە چىرايىدىن خاپا ئىكەنلىكى مانا مەن دەپلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. «كۆتۈرەلمىسەڭ سۆرىتىۋال» دېگەندەك دائىم ئىشقا كېچىكمەي كېلىدىغان ئىشچىلارنىڭ بىر نەچچىسى ئىشقا كېچىكىپ كەلگەچكە باھاۋىدىن ئاكىنىڭ جەھلى تېخىمۇ قاتتى.

— ھوي! ئەسكىلىكنىڭ خېمىر تۇرۇچى! ھەممە ئادەمنى ئېچىتتىڭ. سېنىڭ قانداق نېمە ئىكەنلىكىڭنى ئەسلىدىلا بىلەتتىم. سېنىڭدەك بىر نېمىنى بەنگە قوبۇل قىلغان ئۆزۈم ئەخمەق. سېنىڭدەكنىڭ بولغىنىدىن بولمىغىنى مىڭ ياخشى! — دېدى ئۇ ئاچچىقىدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ.

چۈنكى ئىشقا كېلىشتىن بۇرۇن ئۆيدە بالىسىنى سوراق ئېتىپ، ئۇلارنىڭ بەختىيارنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇش قىلىپ،

ھاراقنى قانغۇچە ئىچىپ، مەست بولۇشقا ئىلىرىنى بىلگەن ئىدى.

كېچىكىپ كەلگەنلەر تىرنىقىنى تاتىلاپ، يەرگە قاراشقىنىچە تۇرۇشاتتى. لېكىن باھاۋىدىن ئاكىنىڭ كۆپچىلىك ئالدىدا قىلغان ھاقارىتى قاتتىق ئېغىر كەلگەن بەختىيار ئىش ئورنىدىن پېشىنى قېقىپ كېتىپ قالدى. ئۇ ئۆيگە كىردۋالغىنىچە بىر نەچچە كۈنگىچە تالا-تۈزگىمۇ چىقماي يېتىۋالدى. ئانىسى ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، نەسىھەت قىلىپ، يالۋۇرۇپ يۆلۈپ ئۇنى تەستە ئىش ئورنىغا ئەكىلىپ قويدى. بۇ بىر نەچچە كۈندىن بۇيان باھاۋىدىن ئاكىنىڭمۇ ئاچچىقى بىر ئاز بېسىلغان بولسا كېرەك، بەختىيارغا ئارتۇقچە گەپ-سۆزمۇ قىلمىدى. ئەمما شۇ ئىش تۈپەيلى بەختىيارغا «خېمىر تۇرۇچ» دېگەن سۆز لەقەم بولۇپ قالدى...

باھاۋىدىن ئاكا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ سافاغا چۆككىنىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ شەپكە چېكىلىسىدەك ئۆسكىلەك لەمپە قاشلىرى ئاستىدىكى قېرىلىق تۈپەيلى سەل نۇرى قاچقان سىنچى كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلگەن بولۇپ، تېخىچە بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى، ئۇزاق يىللار جاپالىق ئىشلەپ ياراتقان شەرەپلىك تارىخى بەختىيارنىڭ سەۋەنلىكى بىلەن ئۈزۈلۈپ قالارمۇ؟ يىلمۇيىل ئىلغارلىقنى قولدىن بەرمەي كېلىۋاتقان بۇ كىچىك كوللېكتىپ «ئىلغار بەن» دېگەن نامنى ساقلاپ قالالمىسا، كىشىلەر «باھاۋىدىننىڭ تەربىيىلىگەن شاگىرتى مۇشۇنچىلىك بولماي نېمە بولماقچىدى» دەپ مەسخىرە قىلماسمۇ؟ مانا بۇ ئويلار ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيتتى...

بۈۋرەۋىخان ئاچا بىر چەتتە ئولتۇرۇپ قەدىنىسىنىڭ ئىشتا كېيىدىغان چاپىنىنىڭ ئۈزۈلگەن تۈگمىسىنى قاداۋاتاتتى. رەيھانگۈل بىلەن مۇرادجان بولسا دېرىزە تۈۋىگە قويۇلغان

يېزىدىق ئۇستىلىگە مۈكچىيىشىپ ئولتۇرۇپ، ماتېماتىكىنىڭ بىر مەسىلىسىنى بىرلىكتە يېشىش ھەلەكچىلىكىدە ئىدى.

— زىيان تارتقان سودىگەردەك دەملىرى ئىچىلىرىگە چۈشۈپلا كەتتىغۇ؟ — بۇۋرەۋىخان ئاچا جىمجىت ئولتۇرۇۋېرىپ ئىچى پۇشۇپ ئېغىز ئاچتى.

— ھەي... شۇ بەختىيار ...

— بەختىيارغا نېمە بوپتۇ؟ بىر ئوبدانلا بالىغۇ ئۇ!

— ئاتا باشلىمىغان بالا-دە! دادىسى ئۇ كىچىك چاغدا ئىش ئۇستىدە ئاۋارىيىگە ئۇچراپ قازا قىلغان. شۇڭا، كەپسىز-رەك چوڭ بولۇپ قالغان دېگىنە.

باھاۋىدىن ئاكا شۇنداق دەپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى.

—ياش باللىنى ئۆزلىرىگە سىڭدۈرۈۋالغان ئەرلىرى نېمىسى؟ ياشنىڭ ياشچە، قېرىنىڭ قېرىچە مىجەزى بولىدىغان گەپ-تە.

— سەن نېمىنى بىلىسەن، كاللا دېسە پاقالچاق دېيىشنى بىلىسەن شۇ! بىلىۋاتامسەن، مېنى پېنسىيىگە چىقىرىپ ئۇنى ئورنۇمغا بەنجاڭ قىلماقچى.

— بەنجاڭلىق دېگەن قانچىلىك ئەمەلتى، خېلى-خېلى چوڭ باشلىقلارمۇ ئورنىنى ياشلارغا بوشىتىپ بېرىۋاتىمىدۇ. سىلىلا چوڭ بىلىپ كېتىدىكەنلا شۇ بەنجاڭلىقنى!

— ئۇ دېگىنىڭ راست، خوتۇن. بىراق، بەختىيار سەن دەۋاتقان ياشلارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا سوقۇشۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەنتىم.

— كىچىدە زاۋۇتنىڭ كەينىدە بولغان سوقۇشۇشنى دەملا؟

— سەن قانداق بىلىسەن؟

— بۇ، ئىشنى مەن سىلى ئۆيگە كەلمەي تۇرۇپلا بىلىپ بولغان.

— بۇ قانداق گەپ؟ — ھەيران بولدى باھاۋىدىن ئاكا.

— رەيھانگۈلنى كېچىلەردە نەدە يۈردۈڭ دەپ سوراق قىلىپ يۈرمىسۇن دەپ سىلىگە دېمىگەن. شۇ ئاخشىمى رەيھانگۈل دوستى گۈلسۈم بىلەن ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىپ، بىر ئاز كەچ بولۇپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئالدىراپ كېلىۋاتقاندا ئىككى لۈكچەك ئۇنىڭ ئالدىنى توسىۋالغان ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قالغان بەختىيار رەيھانگۈلنى قۇتۇلدۇرۇۋاپتۇ، ئۇ ۋېلىسىپىت بىلەن ئارانلا قېچىپ كېلىۋالدى. بەختىيار ئەسلىدە ياخشى ئىش قىلغان تۇرسا، «ياخشىلىققا يامانلىق» دېگەندەك ئەيىبلەپ كەتكىنىنى بۇ ئادەمنىڭ!

— ئەسلىدە مۇشۇنداق گەپكەن - دە! راستمۇ رەيھانگۈل؟

— راست بولمايچۇ! شۇ ئاخشىمى تاس - تاماس قالدىم سىزگە ئۇسىۋالغىنى، سىز مېنى تونۇمىغان بىلەن مەن سىزنى تونۇدۇم. كېچىدە چالۋاقاپ كەتمىسۇن دەپ بېشىمنى ئىچىمگە تىقىپ ئۆتۈپ كەتتىم.

— دادا سەنمۇ بىر ئىشنى بىلىۋالساڭ زامانە مەدىنى - زامانەمگىچە تاشلىمايدىغان ئادىتىڭ بار، سەن ياشلارغا يېڭىنىڭ تۆشۈكىدىن قارىما، زامان ئۆزگەردى. ياشلارمۇ ئۆزگىرىۋاتىدۇ، — دېدى مۇرادجانمۇ گەپكە ئارىلىشىپ.

— دەپ باقە، قانداق ئۆزگىرىۋاتىدۇ؟ ئىچكەن ھارىقىمۇ ياكى ئوينايدىغان تانسىسىمۇ؟ ماڭا ئۆگىتىپ كەتكىنىنى قارا ما نىڭ! — دېدى باھاۋىدىن ئاكا، ئۇ ئەزەلدىن بالىلىرىنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ تۇرۇپ تاكاللىشىشىغا يول قويمايتتى.

— بەختىيارنىڭ تۆت يىل ئاۋۋالقى بىر ئولتۇرۇشنى دەستەك قىلىۋالما! شۇ چاغدا ساۋۇت چاقىرىقان ئۇنىڭغا تولا سىلىق سىلىپ، ئۆيۈڭنى كۆرمىدۇق، بىزنى مېھمان قىلمىدىڭ دەۋەرگەچكە شۇنداق بىر بولۇپ قالغان ئىش.

— ھە! ھازىرمۇ كېچە - كېچىلەپ ئولتۇرۇش قىلىپ يۈرىدىغۇ؟

— ياشلارنى بىر يەرگە يىغىلسىلا هاراق ئىچىدۇ دەپ ئويلايدىكەنسىلەر، ئۇنىدىن باشقا ئىش يوقمۇ، سەن بىرسىپ كۆردۈڭمۇ؟ ئۇلار هازىر بەختىيارنىڭ باشچىلىقىدا ئۆگىنىش قىلىپ، ئىشتىن سىرتقى داشۆگە ئىمتىهان بىرىشكە تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ.

— سىلىمۇ ئەجەب ئىچتى - پىشتى دەپ كەتتىلا، سىلى ئىچمىگەن هاراقمۇ بۇ؟ بۇ يەردە ئولتۇرۇپ ۋاتىلداشقىچە بىرىپ كۆرۈپ كەلسىلە بولماسمىدۇ، ئەجەبمۇ ئادەمنىڭ قۇلاق-مىڭىسىنى يەپ كىتىشىدىكەن، - دىدى بۈۋرەۋىخان هەدە نارازى بولغان هالدا.

— بولدى ۋاتىلدىما خوتۇن! بارسام باراي، ئۆز كۆزۈم بىلەن بىر كۆرۈپ باقاي قىنى، — دىدى باهاۋىدىن ئاكا ۋە يالاڭ چاپىنىنى يىپىنچاقلاپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

X X

— بەختىيار ئاداش! هىلىقىنى ئەمدى جاڭگىدە شۇنداق قىلىۋەتمەمدۇق، — دىدى ساۋۇت چاقان قولىنى رومكا كۆتۈرگەن پەدىدە ئىشارە قىلىپ.

— نەپىسىڭ تاقىلداپ كىتىۋاتامدۇ؟! — دىدى بەختىيار.

— بوتۇلكىدا تۇرۇپ «خىمىرتۇرۇچ» تەك ئىچىپ كەتمىسۇن دەيمىنا.

— ئۆگىنىش تىخى تۈگىمىدى، نەپسىڭنى زىغىردەك بىسىپ تۇرغىن، چاقان، — دىدى بەختىيار ئۆز لەقىمىنى ئىيتىۋاتقىنىنى چۈشىنىپ.

باشقىلار بۇلارنىڭ چاقچىقىدىن ئۇن قويۇپ كۈلۈپ كەتتى. بۇ، بويىتاقلار ياتىقى بولۇپ، بۇ يەردە ئالتە نەپەر ياش

ئۈچى بۈگۈنكى پىلانى بويىچە ئەدەبىياتتىن ئۆگىنىش قىلىشىۋاتاتتى. ئەمما قىيا ئېچىلغان ئىشىك يوچۇقىدىن باھاۋىدىن ئاكىنىڭ ماراپ تۇرغانلىقى بۇلارنىڭ ئېسىگىمۇ كىرىپ چىقمايتتى.

— نەپسىڭ ئالدىراپ كەتكەن بولسا، ئاۋۋال مېنىڭ بىر سوئالىمغا جاۋاب بەرگىن، تۇيۇق دېگەن نېمە؟

— ئۇنى كىم بىلمەيدۇ؟ تۇيۇق — پىچان ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى، ئۈزۈم بەك ئوخشايدۇ. تېخى مەن ئۇ يېزىغا بارغان دېگىنە.

ساۋۇت چاقان ئۆز جاۋابىدىن مەمنۇن بولۇپ، «ئاكاڭ قارىغاي قانداقكەن» دېگەندەك قىلىپ ئەتراپىدىكىلەرگە غادىيىپ قاراپ قويدى. باشقىلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ۋاي مەتۇ! قېنى ئەمدى، ئۈزۈمنى جىق يەۋېلىپ شاخىنا قويۇۋەتكەنلىكىڭنىمۇ دېمەمسەن؟ گېپىم بار دەپ ئاغزىڭغا كەلگەننى دەۋېرىدىكەنسەن. «تۇيۇق» دېگەن شېئىرىيەتتىكى بىر شەكىل؛ ئوقۇلۇشى ئوخشاش، ئەمما مەنىسى ئوخشاشمايدىغان سۆزلەرنى قاپىيە قىلىپ يېزىلغان شېئىرىي شەكىل تۇيۇق دەپ ئاتىلىدۇ. نەپسىڭنىلا ئويلايسەنۇ، ئۆگىنىشكە كۆڭۈل بۆلمەيسەن. سېنى قانداق قىلساق بولاركىن. تۇيۇقتىن بىر مىسال كەلتۈرەي، ئاڭلاپ تۇر:

ساۋۇت چاقان، بويى چاقان،
تىلى زەھەر، دىلى چاقان.
قېرىنى كەڭ خۇددى تاغار،
نەپسى بالا، گېلى چاقان.

— بىلدىم، يەنىلا خېمىر تۇرۇچى بار ئادەم قالتىس جۇمۇ! مېنىڭدىن غەم قىلما بۇرادەر، سەن ئوقۇپ باشلىق بولساڭ پىكاپىڭنى ھەيدەش ئۈچۈن بىرەر قارا قورساق شوپۇرمۇ

كىرەك بولۇپ قالار، شۇ چاغدا ماشىناڭنى تېز ھەيدەپ، بارـ دىغان يېرىڭگە يولدا ئىچىتىپ قويماي ئاپىرىپ قويمەن ـ دە!

باشقىلار بۇلارنىڭ چاقچاقلىرىدىن ھۇزۇرلىنىپ، يوتىسىـ غا شاپىلاقلاپ قاتتىق كۈلۈشمەكتە ئىدى.

باھاۋىدىن ئۇستا ئاستاغىنە كەينىگە ياندى ـ دە، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، ئىشىك ئالدىدىن يىراقلاشتى. بارغانسىرى ئەۋجىگە چىقىۋاتقان خۇشال كۈلكە ـ چاقچاقلار ئۇنىڭغا ئەمدى قانداقتۇ بىر بەتقىلىقلىق بولۇپ ئەمەس بەلكى باشقىچە يېقىمـ لىق تۇيۇلۇپ، دىلىنى يايرىتىۋەتتى. ئۇ كۆڭلىدە «80 ـ يىلـ لارنىڭ ياشلىرى روھىي دۇنياسىدا ھەقىقەتەن چوڭ ئۆزگىرىش ياساپتۇ. ئۇلارنى چۈشەنمەي، يالتىراپ تۇرغان ئارتۇقچىلىقـ لىرىنى كۆرمەي، كىيگەن غەلىتە كىيىملىرىنى، قىسمەنلىرىنىڭ، ئانچە ـ مۇنچە ئىچكەن ھاراقلىرىنى، سۈرگەن ئۇيپا ـ ئەگلىك، قاشلىقلىرىنىلا كۆرۈپتىمەن، ئەڭ مۇھىمى قەلبىنى چۈشەنـ مەپتىمەن. ئوقۇمىغان ئادەم دېگەننىڭ نەزەر دائىرىسى ئەجەبـ مۇ تار بولىدىكەن ـ ھە! ...» دېگەنلەرنى ئويلاپ، قەۋەتـ لىك بىنالارنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغاچ، ئاسفالت يول بىلەن كېتىپ قالدى. بۇ چاغدا شالاڭ بۇلۇتـ لار ئارىسىدىن مارىلاۋاتقان تولۇن ئاي خۇددى ئۇنىڭغا «ئەسلىـ دە شۇنداق ئىدى، ئەمدى چۈشەندىڭمۇ» دېگەندەك قىلىپ، گۈزەل جامالىنى گاھ كۆرسىتىپ، گاھ يوشۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن ئويناشقاندەك قىلاتتى.

X X

دۈشەنبە كۈنى، سەھەردە ئورنىدىن تۇرغان باھاۋىدىن ئاكا ئانچە ئۆسمىگەن ساقاللىرىنى ساقال ئالغۇچ بىلەن تۈجۈپىلەپ

پاكىز قىردى - دە، ئۇچىسىغا ھېيت - بايرام، توي - تۆكۈن- لەردىلا كىيىدىغان تۆمـۈر رەڭ سارجا شىم - چاپىنىنى كىيىپ، بېشىغا چىمەن دوپپىسىنى قـوندۇردى. ئاندىن چـوڭ تىكلىمە ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆڭلىكىنىڭ يـاقىلىرىنى بىر قۇر تۈزەشتۈرۈپ، ئۆزىگە ھەمنۇنىيەت بىلەن قارىۋالغاندىن كېيىن:

— ھوي خوتۇن! چېيىڭلار تەييار بولمىدىمۇ تېخى؟—دەپ سوردى ئاشخانىدا چاي قاينىتىۋاتقان بۈۋرەۋىخان ئاچىدىن.

— مانا ھازىر ...

بۈۋرەۋىخان ئاچا يېڭى پىشۇرغان ئىككى قاتلىمىنى بىر لىگەنگە سېلىپ، يەنە بىر قولىدا سۈتلىگەن چاي قـاچىلانغان چۆگۈننى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى ۋە باھاۋىدىن ئاكىنىڭ تۇرقىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى:

— ھوي دادىسى! تويى بولىدىغان يىگىتتەك قېتىۋاپسىغۇ، بۈگۈن ئىشقا بارمىلا نېمە؟

— شـۈنداق، خوتۇن! بـۈگـۈن مېنىـڭ تويۇم بـولىدۇ، تەشكىل پېنسىيىگـە چىقىشىمنى تـەستىقلىدى. بېرىپ بـەندىكى بالىلار بىلەن خوشلىشىپ كېلەيمىكىن.

— ۋىيەي، بـۈگۈن ئـوڭ يانلىرىنى بېسـىپ ياتقانلىرى چېغى، ئەجەبلا ئوڭلۇق تۇرۇپسىغۇ ئۆزلىرى!

— خوش بولۇۋاتقۇدەكسەن - ھە، خوتۇن.

— خوش بولمامدىغان، بالىلارمۇ خـوش بولىدۇ، دېسىلە.

— بەختىيارمۇ بولىدىغان يىگىتتەك تۇرىدۇ.

— ئۇنى بىر دېمىسىلە، شۇڭا ئۇنى كۆيئوغۇل قىلىۋېلىش نىيىتىمۇ بار.

— نېمىدېدىڭلا؟ ئەمدى چەكتىن ئېشىپ ئالجىغلى تۇردۇڭلا.

— ئەتە - ئۆگۈن ئەلچىسى كەلگەندە ھاڭۋېقىپ قالمىسىلا يەنە؟ بالىلار ئاللىقاچان بىرلىككە كېلىپ بوپتۇ.

باھاۋىددىن ئاكا بۇ خەۋەرگە ئىپادە بىلدۈرمەيلا ئورنىدىن تۇردى- دە، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

باھاۋىددىن ئاكا ئىش ئورنىغا يېتىپ كېلىپ، يېنىدىن بىر تىزدىق ئاچقۇچنى ئېلىپ ئىشىكنى ئېچىپ تۇرۇشىغا بەلدىكى يىگىتلەرمۇ كەينى - كەينىدىن يېتىپ كېلىشتى. بەختىيار قولىدا بىر تاختا ئاق قەغەزنى كانايچە قىلىپ ئوراپ كۆتۈرۈ- ۋالغان ئىدى. ئۇ، ئۇستىسىغا سالام بەرگەندىن كېيىن:

— ئۇستام، بۇنى كۆرۈپ باقسىلا، خاتا بولۇپ قالغان يەر- لىرى بارمىكىن، — دېدى بەختىيار قولىدىكى قەغەزنى ئۇستەل ئۇستىگە يېيىپ.

باھاۋىددىن ئاكا يانچۇقىدىن كۆزەينەكنى چىقىرىپ، قول ياغلىقى بىلەن سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن كۆزىگە تاقاپ دىققەت قىلىپ تەپسىلىي كۆرۈشكە باشلىدى، ئۇ ئالدىرىدىماي ھەممىسىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن:

— يارايسەن ئوغلۇم! مەن ئۇزاقتىن بۇيان مۇشۇنداق بىر جەدۋەل تۈزۈپ چىقىشنى ئويلىغان بولساممۇ، چالا ساۋات بولغانلىقتىن قىلالماي، ئىچىمدە ساقلاپ، كۆز مۆلچەرىدىم بو- يىچىلا ئىشلەپ كەلگەن ئىدىم. سەن بۇنى ئوبدان قىلىپسەن. بورىۋايلارغا كېرەكلىك ھەر خىل سايمانلارنىڭ ماركىلىرى، چوڭ - كىچىكلىك ئۆلچىمى ناھايىتى ئېنىق يېزىلىپتۇ. زاكاز قىلىنغان سايمانلارنى بۇنىڭغا سېلىشتۇرۇپ تۇرسا ئۇلا خاتالىق- تىن ساقلانغىلى بولىدۇ. يەنىلا ئوقۇغان ئادەمنىڭ ئىشى پۇختا بولىدىكەن. ئىلمىي ئۇسۇلدا ئىشلەش دېگەن شۇ - دە، — دېدى چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇپ.

— بۇنىڭ خىمىرتۇرۇچى بار دېسىلە ئۇستام، — دېدى ساۋۇت چاققان.

— سەن ساۋۇت كونا مازنى چۇۋۇيدىغان نەرسىكەنسەن.

بۇ دېگەن ئىلىم - مەرىپەتنىڭ خېمىرتۇرۇچى،— دېدى باھاۋىدىن ئاكا، قانداقتۇر ئۆزىنىڭ بۇرۇن بەختىيارنى «ئەسكىلىكنىڭ خېمىرتۇرۇچى» دەپ ھاقارەتلىگىنىگە خىجىل بولغاندەك بولۇپ.

— ھەممىسى سىلىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەتكەنلىرىنىڭ نەتىجىسى، — دېدى بەختىيار.

— بۇ پەقەت بىر تەرىپى، ئاساسلىقى ئۆزۈڭلار تىرىشتىڭلار. ئۆردەكنى يۆلىگەن بىلەنمۇ قونداقچا چىقالمايدۇ. ئەمدى ئۈمىد سىلەردە، بەختىيار ئوغلۇم، سېنىڭ مېنىڭدىن ياخشىراق ئىشلەپ كېتەلەيدىغانلىقىڭغا كۆزۈم يەتتى. ئەمدى خاتىرجەم دەم ئالىمەن. ئەسكى چاپاندەك سۆرۈلۈپ يۈرۈشىنىڭ پايدىسى يوق، شۇنداقمۇ ساۋۇتجان!؟— دېدى باھاۋىدىن ئاكا ساۋۇتنىڭ دولىسىغا ئەركىلىتىپ ئۇرۇپ قويۇپ. ئۇنىڭ شادلىق قاپلىغان چېھرىدىن باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە بىر خىل ئىللىق ئېقىم تارقىماقتا ئىدى.

— ئۇستام! دىققەت قىلماي، بەھۇرمەتلىك قىلىپ سىلىنى كونا چاپانغا ئوخشىتىپ ساپتىمەن، كېيىن بەختىيار بىر مۇنچە ئەدىبىمنى بەردى، كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا، — دېدى ساۋۇت خىجىللىق ئىچىدە.

— ياق ساۋۇتجان! سېنىڭ گېپىڭ توغرا، ئۇ چاغدا سېنىڭ سۆزۈڭ ماڭا قوپال بىلىنگەن بىلەن، بىر مەزگىل ئۆتۈش ئارقىلىق مەنمۇ بۇنىڭ توغرا گەپ ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالدىم، چۈنكى ھەممىنى ئالدىن بىلىۋالىدىغان ئەۋلىيا ئەمەسمەن-دە، مەن ئۆچۈنمۇ بىر چۈشىنىش جەريانى لازىم، ياشلارغا يول بېرىش كېرەك. ئۇلار ئۆسسۇن، يېڭىنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈپ چىنىقسۇن، بەزەنلەرگۇ ھوقۇق - ئىمتىيازىدىن كېچەلمەي، كالىنىڭ ئەمچىكىگە چاپلاشقان كانىدەك جوزىسىغا چاپلىشىۋېلىپ قىلغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق كۈن ئۆتكۈزىۋاتىدۇ. ئەمما

مەن ئادەتتىكى بىر ئىشچىغۇ، تارتىشىدىغان نېمەم بار، پەقەتلا ئىشلارنى ئەپلەپ كېتەلمەمدىكىن دېگەن ئەندىشىلا بارىتى. ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم. بۈگۈن سىلەر بىلەن خوشلاشقىلى كەلگەن ئىدىم. بىزنىڭ ئۆيگىمۇ پات - پات بېرىپ تۇرۇڭلار، ئىشىڭلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇراي، ئوغلۇم بەختىيار، ماۋۇ ئاچقۇچلارنى تاپشۇرۇپ ئالغىن.

باھاۋىدىن ئاكا، قانچە يىللار ئۆزىگە كېچە - كۈندۈز ھەمراھ بولغان بۇ بىر تىزىق ئاچقۇچلاردىن ئايرىلىشقا قىيمايۋاتقاندەك ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ئىككى تامچە ياش مەڭزىنى بويلاپ چۈشۈپ، ئاق ئارىلاشقان چار بۇرۇتلىرىنىڭ ئۈستىگە كېلىپ توختاپ قالدى.

بەختىيار ئۇستىسىنىڭ قولىدىن ئاچقۇچلارنى خۇددى ئاچقۇچ ئەمەس مۇقەددەس بىر بويۇمنى ئالغاندەك ھۆرمەت بىلەن ئىككى قوللاپ تاپشۇرۇپ ئالدى - دە:

— ئۇستام، ئۇمىدىڭىزنى ھەرگىز يەردە قويمايمىز، خاتىرجەم دەم ئېلىڭ، سالامەتلىكىڭىزنى ئاسراڭ، — دېدى.

ئاندىن ئاللىقاچان بورىۋاتقان بوراندا سايمان يەتكۈزۈش ئۈچۈن كېلىپ تەق بولۇپ تۇرغان ماشىنىلارغا بىر قاراپ قويۇپ، سەپداشلىرىدىن كىمنىڭ قايسى بورىۋاتقان قاندا سايمان يەتكۈزۈشى لازىملىقىنى بەلگىلىدى - دە، سايمانلارنى ماشىنىلارغا بېسىپ، ئۆزى بىر ئاپتوموبىلنىڭ كابىنكىسىغا كىرىپ، بورغىلاش جېڭى قىزىۋاتقان ئالدىنقى سەپكە يۈرۈپ كەتتى. باھاۋىدىن ئاكا خۇددى پەرزەنتلىرىنى ئۇزۇن سەپەرگە ئاق يول تىلەپ ئۇزىتىپ قالغان ئاتىدەك، ئاپتوموبىللار قەۋەتلىك بىنالارنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ كۆزدىن غايىب بولغۇچە قىيالمىغان ھالدا قاراپ قالدى.

1984 - يىل 5 - ئاي، چەرچەنبۇلاق.

ئالماس ئالماس

# كۆز تەگمىسۇن

# گۇمان

1

يېرىم كېچە. سىم - سىم باھار يامغۇرى يېغىۋاتاتتى. تۆت قەۋەتلىك بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى ئۆيىنىڭ چېرىغى بايىلا ئۆچۈرۈلگەن بولۇپ، كۆزىگە زادىلا ئۇيقۇ كەلمەيۋاتقان سەلىمىنىڭ يۈرىكى نېمىشقىدۇر ئەنسىز سوقۇۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا ئىشىك ئۇشتۇمتۇت قېقىلدى، سەلىمە ھودۇقۇش ئىچىدە چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ، دەككە - دۈككە ئىچىدە ئىشىك تۈۋىگە كەلدى.

— كىم؟

— مەن.

سەلىمە ئۆزىگە تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاش بىلەن يۈرىكى ئىزىغا چۈشۈپ ئىشىكنى ئاچتى. لېكىن غوپۇرجاننىڭ چىرايىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز چۆچۈپ كەتتى. ئېرىنىڭ ئاغزىدىن كۈچلۈك ھاراقنىڭ پۇرىقى كېلىۋاتاتتى، تۇيغۇن قوي كۆزلىرىدىن بولسا قانداقتۇ بىلگىلى بولمايدىغان غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى. سەلىمە ئۇنىڭ سوغۇق قارىشىدىن ھەيران قالدى ۋە كۆڭلىدە «بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بولدىمىكىن» دېگەن ئوي پەيدا بولۇپ، سورىدى:

— نەگە باردىڭىز، مۇشۇ چاغقىچە تالادا يۈرگەن بارمۇ؟ ئەنسىرەپ كۆزۈمگە زادى ئۇيقۇ كەلمىدى...

— نەگە بارغانلىقىمنى سوراپ نېمە قىلاتتىڭىز؟— غوپۇرجان سەلىمىگە قىرىدچە تەگدى.

ئەر كىشى مەست بولۇپ قالغاندا، سۆز تەگىشىشىنىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى بىلگەن سەلىمە قايتا گەپ قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇردى. غوپۇرجان سەلىمىگە قانداقتۇر بىر گۇمانىي تۇيغۇدا سەپسېلىۋاتاتتى. ئۇ مەستلىكىنى بىلىندۈرمەسلىككە قانچە تىرىشسىمۇ، لېكىن ئاغزىدىن گېپى چۇشۇپ قېلىۋاتاتتى، شۇنداق بولسىمۇ يەنە سورىدى:

— بالىلار ئۇخلاپ قالدىمۇ؟

— ئۇخلاپ قالغىلى نەۋاخ.

غوپۇرجان باشقا گەپ قىلماستىنلا كىچىك ئۆيگە كىرىپ چىراغنى ياندۇردى ۋە بالىلىرىنىڭ تاتلىق ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەسرەتلىك بىر تىندى - دە، چىراغنى ئۆچۈرۈپ ئارقىسىغا ياندى. ئۇ چوڭ ئۆيگە چىقىپ ئىشكاپتىن بىر قارا سوكنو شەپكىنى ئالدى - دە، تاشقىرىقى ئۆيدىكى كارىۋاتنىڭ بۇرجىكىدە قورقۇمسىراپ ئولتۇرغان سەلىمىگە كۆرسەتتى. سەلىمە ئىشنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنەلمەي ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى. غوپۇرجاننىڭ قولى نېمىشقىدۇر توختاۋسىز تىترەۋاتاتتى. ئۇ سەلىمىگە بىگىز دەك قادىلىپ تۇرۇپ سورىدى:

— بۇ كىمنىڭ شەپكىسى؟

سەلىمە ئالاقزادىچىلىك ئىچىدە جاۋاب بەردى:

— بىلمەيمەن.

— بىلمەيمىش، بىلمەيدىغان شەپكە بۇ ئۆيگە قانداق كېلىپ قالدى؟

غوپۇرجان مەست بولغان بىلەن، ھوشى جايىدا ئىدى. ئۇ

زىلۋا بوي، قارا قوشچاق كەلگەن ئايالىنىڭ چىرايىنى ئاس-تىرتتىن خۇپىيانە كۆزىتىۋاتاتتى. سەلىمىنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق بولۇپ، بايىقى ھەيرانلىق ئالا-مەتلىرى تېخىچە تارقىمىغان ئىدى.

— غوپۇرجان، زادى نېمىدېمەكچىسىز؟ مېنى ئازابلىماي گەپنى ئوچۇق ئېيتىمامسىز!— سەلىمە روھىي جەھەتتىن بەك جىددىيلىك ھېس قىلىۋاتقان بولسىمۇ، زور بېرىپ ئۆزىنى تۇتۇشقا تىرىشىۋاتاتتى.

— سەلىمە، خۇپسەنىڭ قىلمىشى، ئالدىنقى كۈنى مېھرىگۇل چوڭ ئۆيىنىڭ ئاستىنى يۇغاندا، كارىۋات ئاستىدىن مۇشۇ شەپكە چىقىپتۇ. بۇ شەپكە ئۆيگە زادى قانداق كېلىپ قالدى؟— غوپۇرجان غەزەپتىنمۇ ياكى تولغىنىشتىنمۇ، ئەيتاۋۇر، لاغىلداپ تىترەيتتى.

— سىز ئىشىنىڭ، شەپكىنىڭ كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ ئۆيگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى راستىنلا بىلمەيمەن.

— ئىھى، ئىشەنگۈدەكمەن تېخى، شەپكىنىڭ نەدىن كەل-گەنلىكىنى سەن بىلمىسەڭ كىم بىلىدۇ؟!

غوپۇرجان غەزەپلەنگىنىدىن بىردىنلا سەلىمىنى «سەن» لەپ سالغىنىنىمۇ سەزمەي، ئالدىدا تۇرغان ئىستائەتمەن ئايالى-نىڭ كاچىتىغا بىر تەستەك ئۇرۇۋەتتى. ئارقىدىن ئاچ بۆرىدەك تاشلىنىپ، بىلەكتەك ئۆرۈمە چېچىدىن قاماللاپ تۇتۇقىنىچە سىلكىشلەشكە باشلىدى. سەلىمە «ۋايجان»لاپ، قايىققا تارتسا شۇ ياققا ئېگىلىپ، نالە قىلاتتى. لېكىن ئۇ پوپاك سېلىپ، ئىشنى قوشنىلارغا ئاشكارىلاشنى نومۇس بىلگەنلىكتىن، ئازابقا چىشىنى چىشلەپ چىداشلىق بېرىۋاتاتتى.

— راستىڭنى ئېيتامسەن - يوق؟ راستىڭنى ئېيتمايدىغان بولساڭ مەن سېنى...

غوپۇرجاننىڭ ۋۇجۇدى غەزەپتىن ياپراقتەك تىترەپ، چىشلىرى غۇچۇرلايتتى. تۇنۇگۈندىن بېرى قەلبىنى پاراكەندە قىلىۋاتقان زىددىيەت ئۇنى ھەر خىل ئويلارغا سېلىپ ئارام بەرمەيۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ بۈگۈن بازاردىكى مەيخانىدا ھاراقنى بولۇشىغا ئىچكەن، توختىماي يېغىۋاتقان يامغۇرغا قارىماي يېرىم كېچىگىچە تالادا ئايلىنىپ يۈرگەن، شۇنداقتىمۇ كۆڭ- لىدە پەيدا بولغان گۇماندىن كېلىپ چىققان غەزىپىنى باسال- ماستىن ئۆيگە كەلگەن ئىدى.

توي قىلغان ئونئەچچە يىلدىن بېرى ئايالىنى «تاك» ئېتىپ چېكىپ باقمىغان غوپۇرجاننى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر- لاۋاتقان سەۋەب نېمە؟ ئۇلار پېداگوگىكا ئىنىستىتوتىدا ئوقۇ- ۋاتقان چېغىدىلا ئۆزئارا تونۇشۇپ، بىر - بىرىنى ياخشى كۆ- رۈشۈپ قېلىشقان. سەلىمىگە غوپۇرجاننىڭ ئېغىر - بېسىقلىقى بىلەن تەمكىنلىكى ياقاتتى. قىز پەقەت ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە ئاز قالغاندىلا، ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇللۇق بىلدۈرگەن ئىدى. ئۇلار دەم ئېلىش كۈنلىرى باغچىلارغا بارغاندا ياكى پىنھان جايلاردا تاتلىق پاراڭلارنى قىلىشقاندا، غوپۇرجان كەلگۈسى ئائىلىۋى تۇرمۇش ھەققىدە توختىلىپ، ماركسنىڭ ئۆز ئايالى- نى بەكمۇ ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى، ئاياللارنى خارلىغۇچىلارنى بەكمۇ ئۆچ كۆرىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان، ئۆزىمۇ كەلگۈسىدە شۇنداق ئائىلىۋى تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى قانچە قېتىملاپ ئوتتۇرىغا قويمىغانىدى؟ ئايدىڭ كېچىلەردە مەكتەپ بېغىدا سەلىمىنىڭ بىلەكتەك ئۆرۈمچاچلىرىنى سىيلاپ: «سەلىمە، چېچىڭىز نېمىدېگەن ئۇزۇن - ھە؟ بۇ چاچلارغا مەسلىكىم كېلىدۇ» دېمىگەنمىدى؟ بۈگۈن شۇ يۇمشاق چاچنى تولغاپ تۇتۇپ سىلكىشكە قانداقلارچە قولى باردىكىنە؟!

سەلىمە مۇشۇلارنى ئويلىغاندا، غوپۇرجاننىڭ بۇ ئەسكى-

لىكى بەكمۇ ئېغىر كەلدى، تۇرۇپلا ئۇ يەنە خىيالغا چۆكتى: «بۇ شەپكە ھەقىقەتەن گۇمان تۇغدۇرىدۇ، تۇرمۇشتا كىشى ئويلاپ باقمىغان بەزى تاسادىپىي ئىشلارمۇ بولۇپ قالىدۇ. ھەر قانداق ئادەم ئۇنىڭ تېگىگە يەتكۈچە تۈرلۈك گۇمانلاردا بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. بۇ شەپكە زادى قانداق قىلىپ كاردۋات ئاستىغا پەيدا بولۇپ قالدىكىنە! ئىناق ئائىلىمىزنى كۆرەلمەيۋاتقانلارنىڭ ئىشى بولمىسۇن تايىنلىق؟ بۇ سىر ئاخىر ئېچىلماي قالمايدۇ. بىراق شۇ ۋاقىتقىچە سەۋرى كېرەك، سىر ئېچىلغاندا غوپۇرجان مېنىڭ ئالدىمدا...»

سەلىمە ئويلىغانسېرى كۆزلىرىدىن يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ياش تۆكۈلەتتى. ئۇ ئېسەدىگىنىچە دېدى:

— غوپۇرجان، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، ماڭا بىكاردىن قارا سۈركەۋاتىسىز، گۇناھسىز ئىكەنلىكىمگە خۇدايىم گۇۋاھ...

سەلىمە ھەقىقەتەن ئادەم ئېچىنغۇدەك زارلىناتتى. ئۇنىڭ گەپلىرى ھەقلىق بولسىمۇ، غوپۇرجاننىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيۋاتاتتى.

— راستىڭنى ئېيت، بولمايدىغان بولسا...

سەلىمە يۈرەك سۆزلىرى ئارقىلىقمۇ ئېرىنىڭ كۆڭلىنى يۇمشىتالمىغاندىن كېيىن، ئاخىرى بىر ئىلاج قىلىپ ئۇنىڭ قولىدىن بوشىنىش قارارىغا كەلدى ۋە غوپۇرجاننىڭ مەسىكىدىن پايدىلىنىپ، بىرلا سىلكىنىدى-دە، چېچىنى بوشىتىپ، چاققانلىق بىلەن چوڭ ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى ئىچىدىن ئېتىۋالدى.

— ئاچ دەيمەن، ئاچمايدىغان بولساڭ...— دېدى غوپۇرجان ئىشىكنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىتتىرىپ،— ھېلى كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن!

— يولسىزلىق قىلماڭ، ھەر قانداق ئىش بولسا ئەتە سۆزلىشەيلى. ياخشىسى، ھازىر ئارام ئېلىڭ، قورسىقىڭىز ئاچ

بولسا ئاشخانىدا سىزگە ئەپ قويۇلغان تاماق بار.

سەلىمىنىڭ تىترەپ تۇرۇپ ئېيتقان سۆزلىرى غوپۇرجاننى ئىشىكنى ئىتتىرىشتىن توختاتتى. بىراق كۆڭلىدىن شۈبھى كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەچكە، يەنە ئەزۋەيلەشكە باشلىدى:

— كىمنىڭ شەپكىسى ئىكەنلىكىنى سەن بىلمىسەڭ كىم بىلىدۇ؟ بىلمەيمەن دېگەن گېپىڭگە مەن ئىشەنمەيمەن.

— مەنمۇ سىزگە ئوخشاشلا جىلى بولۇۋاتىمەن. بۇ بىر تېپىشماق، چوقۇم تاپماي بولمايدۇ.

بۇ مەسىلىنى يەنە تەگەشكە سەۋەب تاپالمىغان غوپۇرجان بىردىنلا بوشاشتى، ئاخىرى پەسكويغا چۈشۈپ، ئىشىك تۈۋىدىن كەتتى، قورسىقى ئاچ بولسىمۇ بىر نەرسە يېيىشكە رايى بارمىدى - دە، ئايىغىنىمۇ سالمايلا كارىۋات ئۈستىگە ئۆزىنى گۆپپىدە تاشلىدى.

**2**

ئېرىدىن ئورۇنسىز يېگەن تاياق سەلىمىگە قاتتىق ھار كەلدى. چۈنكى ئۇلار تۇرمۇش قۇرغانىدىن تارتىپ مۇشۇ كۈنگىچە پەقەت بىر - بىرىنى رەنجىتىشمىگەن ئىدى. ئۇ مېھرىگۈل بىلەن پازىلجاننى ئارقا - ئارقىدىن تۇغۇپ، بىرسىنى ئون ياشقا، يەنە بىرسىنى توققۇز ياشقا كىرگۈزگىچە غوپۇرجان ئۇنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ، ھەتتا تاماق ئېتىشكە قەدەر ياردەملىشەتتى. ئۇمۇ غوپۇرجاننى ھۆرمەت قىلىپ، بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرگۈدەك قىلىپ كېتەتتى. بۇلارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان كۆيۈمچانلىقى قولۇم - قوشنىلارنىمۇ سۆيۈندۈرەتتى.

سەلىمە ئاشۇ شېرىدىن، مەنىلىك ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەپ ئۇخلىماي تاڭ ئاتقۇزدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، بالىلىرى بار

ئۆيگە كىرگەندە، ئۇلار كارىۋاتتا بەخىرامان ئۇخلىشىۋاتاتتى. ئۇلارغا قاراپ ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى. غوپۇرجانمۇ ھېچنېمىنى تۇيماي خورەكنى بولۇشىغا تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئېرىنىڭ ئاخشامقى ئەلپازىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە، سەلىمىنىڭ قەلبىدە بىردىنلا غەزەپ ئوتى يېنىشقا باشلىدى. بىراق، ئۇزاق يىللىق بەختىيار تۇرمۇشنى ئېسىگە ئالغاندا، ئاچچىقىغا ھاي بېرىپ يېڭى باشتىن خىيالغا چۆكتى: «مېنىڭ قەلبىمنى مۇشۇ كەمگىچە چۈشەنمىگىنى بەكمۇ قاملاشمىغان ئىش بولدى. ئەرلەرنىڭ تولىسى ئاشۇنداق گۇمانخور كېلىدىغان ئوخشايدۇ. ئەمما ئۇ بىكۆيۈم ئەرلەردىن ئەمەس، ئۇنى گۇمانلاندۇرۇۋاتقىنى ئاشۇ شەپكە. بۇنى ئېنىقلىماي زادى بولمايدۇ. گۇمان-شۈبھى يېشىلمىسە مەن ئۇنىڭ يۈزىگە قانداق قارىيالايمەن؟ كۆڭلۈمدىكى غەشلىكتىن قۇتۇلالماي تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن قانداقمۇ بىر ئۆيدە بولۇشۇم مۇمكىن؟!...»

سەلىمىنىڭ خىيال يىپىنى ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئانىسىنىڭ قېشىغا كىرگەن مېھرىگۈلنىڭ «ئانا» دەپ چاقىرغان يېقىملىق ئاۋازى ئۈزۈپ قويدى.

— قىزىم، تۇردۇڭمۇ؟ دەرھال يۈزۈڭنى يۇغىن،— دېدى ئانا روھىي ھالىتىدىكى پەرىشانلىقنى قىزىغا سەزدۈرمەسلىككە تىرىشىپ،— ساڭا گېپىم بار.

سەلىمە شۇ سۆزنى قىلىۋېتىپ، غوپۇرجاننىڭ ئايىغىنى سالدۇردى، ئۈستىگە يوتقان يېپىپ قويدى. ئاندىن دېرىزە تەكچىسىدىكى گۈللەرگە سۇ قۇيدى. يېڭىدىن غۇنچە يېرىپ ئېچىلغان ئەتىرگۈلنى قېنىپ-قېنىپ پۇرىۋالغاندىن كېيىن، ھەسرەتلىك تىنىۋېتىپ، قىزى مېھرىگۈلگە دېدى:

— قىزىم، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى چوڭ ئاناڭغا قاراۋاتقانلىقىمنى بىلىسەن، ئىككى يەردە تاماق ئېتىش ئادەمگە ئېغىر

كېلىدىكەن، خىزمىتىمگىمۇ تەسىر يېتىۋاتىدۇ، چوڭ ئاناڭ ياخ-
شى بولغۇچە دادىڭلار بىلەن تاماق ئېتىپ يەپ تۇرۇڭلار، ئۆيگە ياخشى قاراڭلار، گۈللەرگە ۋاقتى - قارايىدا سۇ قۇيۇشنى ئۇنتۇپ قالماڭلار. ئوبدان ئوقۇڭلار، داداڭ ئورنىدىن تۇرغاندا ئۇنىڭغا مەن دېگەن بۇ گەپلەرنى يەتكۈز، تۈنۈگۈن چوڭ ئاناڭنىڭ ئەھۋالى بىر ئاز ئۆزگىرىپ قالغان ئىدى، ھازىر دوختۇرخانىغا بارمىسام بولمايدۇ...

سەلىمە كېيىنى تۈگىتىپ ئىشىك تەرەپكە مېڭىشىغا پازىلجان ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئانا ئۇنى كۆكسىگە چىڭ بېسىپ سۆيگىنىچە بەزلەپ، دادىسى بىلەن ھەدىسىنىڭ سۆزىنى ئوبدان ئاڭلاپ، تىرىشىپ ئوقۇشنى تاپىلىغاندىن كېيىن خوشلىشىپ ئۆيدىن چىقتى.

3

غوپۇرجان خېلى بىر چاغدا ئورنىدىن تۇردى. گەرچە يامغۇر توختىغان بولسىمۇ، لېكىن ھاۋا ئېچىلىپ كەتمىگەن ئىدى. غوپۇرجاننىڭ مەستلىكى تولۇق يېشىلمىگەچكە پۇت - قوللىرى ماغدۇرسىز، كاللىسى گاراڭ ھالەتتە ئاران دەسسەپ تۇراتتى. ئۇ مېھرىگۈلدىن ئەھۋالنى ئۇقۇپ ھەسرەتلىك تىنىدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆينىڭ ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى غوپۇرجاننىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. ئۇ، مەكتەپتىن كېلىپ تاماق ئېتىشكە ئاران ئۈلگۈرەتتى. ئەمما دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بۇ توغرىلىق ھېچ كىشىگە تىنمىدى. سەلىمىگە بەكلا ئىچەكىشىپ كەتكەچكە، ئۇنىڭسىز ئۆتكەن كۈنلىرى ئەمەن چاينىۋالغاندەك مەنىسىز ئۆتۈۋاتاتتى.

ئارىدىن ھەش - پەش دېگۈچە بىر ھەپتە ئۆتكەن بولسىمۇ، غوپۇرجان سەلىمە بىلەن كۆرۈشەلمىدى. ئۇ قېيىن ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە بارغاندا ياكى دوختۇرخانىدا ياتقان قېيىن ئانىسىنى يوقلاپ بارغاندا بولسۇن، سەلىمە توغرىلىق ئېغىز ئاچالمايتتى. بىر كۈنى ئۇ ئادەتتىكىدىن يېرىم سائەتچە بۇرۇن ئىشتىن چۈشۈپ، سەلىمە ئىشلەيدىغان باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئالدىدىكى يولنىڭ چېتىدە كۈتۈپ تۇردى، بىلىنەر - بىلىنمەس چىقىۋاتقان سوغۇق باھار شامىلى دولىنى خېلى قورىسىمۇ، لېكىن ئۇ سوغۇققا پىسەنت قىلمايتتى. بىر چاغدا مۇئەللىملەر بىردىن - ئىككىدىن دەرۋازىدىن چىقىشىپ ئۆيلىرىگە مېڭىشتى، لېكىن بۇلار ئارىسىدا سەلىمە يوق ئىدى. غوپۇرجان بىر ئوقۇتقۇچىدىن سوراۋېدى، ئىشخانىدا قالغانلىقىنى ئېيتتى.

غوپۇرجان كىرگەندە، سەلىمە تاپشۇرۇق تەكشۈرۈۋاتاتتى. ئۇ ئېرىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرغان بولسىمۇ، ئېھتىمشقىدۇر تىكىلىپ قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدى، تەمتىرىگىنىچە قالغان غوپۇرجان بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەنلىكىنى ئېيتقاندىلا، سەلىمە تەستە زۇۋان سۈردى:

— شەپكىڭىز ئىگىسى چىقتىمۇ؟

— ياق.

— مېنى تولا قىينىماي، ئاغىنىڭىز شەرىپىگە مېھمان چاقىرغاندا كەلگەنلەردىنمۇ سۈرۈشتۈرۈپ بېقىڭ!

— سۈرۈشتۈرمىدى دەمسىز، كەلگەنلەردىن بىرەرسىمۇ شەپكىنى مېنىڭ دېمىدى.

غوپۇرجاننىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ ئوتتۇرا مەكتەپكىچە بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشى ئەمەتجان نەكلىپ بىلەن شەھەرلىك مائارىپ شۆبىسىگە بىر ئايلىق ماتېماتىكا دەرسى ئۆتۈشكە كەلگەن ئىدى. ئۇ قايتىدىغان چاغدا غوپۇرجان ئۆز

ئۆيدە ئۇزىتىش زىياپىتى بەرگەن، بۇ زىياپەتكە غوپۇرجان ئۇن نەچچە خىزمەتدىشىنى چاقىرىپ تاكى تاڭ ئاتقۇچە ئولتۇرۇشقان ئىدى. سەلىمە شۇ كۈنكى ئولتۇرۇشنى قايتا ئەسلەپ، ئويلىغانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— دوستىڭىز ئەمەتجاننىڭ شەپكىسىمۇ قارا سوكنودىن تىكىلگەندەك قىلىۋاتاتتى، مەن شۇ كۈنى ئۇنىڭ دالانىغا يالاڭباش چىققانلىقىنى كۆرگەن، شۇنىڭ بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟

بۇ گەپ غوپۇرجاننى بىر ئاز سەگەكلەشتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن سەلىمىنىڭ پەرىزىگە ئانچە ئىشىنىپمۇ كەتمىدى.

— ئۇنداق بولغىنىدا ئۇ بۇ كەمگىچە بىرەر پارچە خەت-پەتمۇ يېزىپ قويماسمىدى؟

— دېگىنىڭىزغۇ دۇرۇس، لېكىن ئېھتىمالغا قارشى سۈرۈشتۈرۈپ باققىنىڭىزنىڭ زىيىنى يوق، ئاڭلىشىمچە، ئادەم قاتتىق مەست بولغاندا نەگە بارغانلىقىنىمۇ بىلمەيمىشقۇ؟ ئۇمۇ شۇ كۈنى خېلى تەڭشىلىپ قالغاندەك تۇراتتى، شەپكىسىنىڭ نەدە قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالالمىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

سەلىمە گېپىنى ئاياغلاشتۇرۇپ سائىتىگە قارىدى، شۇئان ئانىسىنى ئېسىگە ئالغان بولسا كېرەك، دەپتەرلىرىنى يىغىشتۇرۇپ سومكىسىغا سالدى. ئۇلار چاندۇرماي دەرۋازىدىن چىقىشتى، ئاندىن ئايرىلىپ ئۆز يولىغا راۋان بولۇشتى.

بىر كۈنى غوپۇرجان دەرسىنى تۈگىتىپ ئىشخانىغا كىرگەندە، شىرەسى ئۈستىدە ئۇنىڭ نامىغا كەلگەن بىر پارچە زاكاز خەت تۇراتتى. ئۇ خەتنى ئوقۇۋېتىپ، ئايالى سەلىمىنىڭ ئۆتكەنكى مۇنۇ سۆزلىرىنى ئېسىگە ئالدى: «ھازىرقى زاماندا ئىلىم - پەن شۇنچە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىنسان يۈرىكىنىڭ پاك - ناپاكلىقىنى تەكشۈرىدىغان بىرەر ئەسۋاب تېخى دۇنياغا كەلگىنى يوق. ئەگەر شۇنداق ئۈسكۈنە

ئىجاد قىلىنغان بولسا، مېنىڭ يۈرىكىمنىڭ قانداقلىقىنى ئاللىـ
قاچان بىلىۋالاتتىڭىز. سىزگە يەنە بىر قېتىم ئېيتايكى، مەن
ھەنىۋا گۈلگە قونۇپ يۈرۈيدىغان كېپىنەك ئەمەس. مەن مۇ-
ھەببەتكە خىيانەت قىلىدىغان ئايالـلارنىڭ ئۆزىـگە ئۆزى
بەختسىزلىك ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلىمەن، پاكىت ھەممىنى
بېسىپ چۈشىدۇ. مېنىڭ قانداق ئايال ئىكەنلىكىم جامائەتكە ۋە ئۆزۈمـ
گە بەكمۇ ئايان، ياماتلىقىمنىڭ ئاشكارىلانمايدىغىنى نەدە بار؟»
غوپۇرجان سەلىمىنى ئورۇنسىز رەنجىتكەنلىكىنى ئويلاپ،
ئۆزىنى ئەيىبلىدى: «گۇمان ئىمانـنى قاچـۇرىدۇ دېگەن سۆز
ھەقىقەتەن توغرىكەن! مەن ئورۇنسىز گۇمان بىلەنلا سەلىمىنى...»
ئۇ خەتنى يانچۇقىغا سېلىپ مېڭىشقا تەمشىلىۋاتقانـدا، قىزى
مېھرىگۈل بىلەن ئوغلى پازىلجان كىرىپ، چوڭ ئانىسىنىڭ
بالىنىستىن چىققانلىقىنى ئېيتتى. غوپۇرجان ئۇلارغا:
— سىلەر ئۆيگە مېڭىۋېرىڭلار. مەن چوڭ ئانىڭـلارنى
يوقلاپ ئاندىن بارىمەن،— دېيىشىگە، ئىككى بالا تەڭلا ئېغىز
ئاچتى:
— ئانام، چوڭ ئانىڭلار بالىنىستىن چىققاندا ئۆيـگە قايـ
تىپ كېلىمەن دېگەنتى، قايتىپ كەلمەمدۇ؟
بۇ نىڭدىن ھودۇقۇپ قالغان غوپۇرجان چاندۇرمـاي ئېيتتى:
— ئانىڭلارنى ئىككى كۈندە بىر كۆرۈپ تۇرۇپـمۇ سېغىـ
نىپ كېتىپسىلەر - دە، قايتىپ كېلىدۇ، قايـتىپ كېلىدۇ! مېـ
ڭىڭلار بېشىمنى ئاغرىتماي...
غوپۇرجان ئەھۋالنى سەلىمىگە دېيىشكە پۇرسەت تاپالماي،
قېيىن ئانىسىنىڭكىدە خېلى ھايال بولۇپ قالدى. ئۇ سەلىمىنى
ئېلىپ ئۆيگە كەلگەندە سائەت ئونـدىن سەل ئاشقان بـولۇپ،
بالىلىرى ئاللىبۇرۇن ئۇخلاپ قالغانىدى. سەلىمە بالىلىرىنىڭ
ئورۇنىمۇ سالماي قالايمىقان ياتقىنىنى كۆرۈپ كۆزىدىن ياش

كەتتى. بۇ هال غوپۇرجاننى تېخىمۇ تەڭلىكتە قالدۇردى. ئۇ خىجىللىقتىن بىر نېمىدېيىشكە پېتىنالماي، ھېلىقى خەتنى يانچۇقىدىن چىقىرىپ ئايالىغا ئۇزاتتى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەن ئىدى:

«... غوپۇرجان، سىلەر بىلەن خوشلىشىپ ئۆرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسىلا ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئېكىسكۇرسىيىگە كېتىپ قالدىم، شۇ ۋەجىدىن خەت يازالمىدىم، رەنجىمىگەيسەن! يەنە بىر ئىش، ئەتە ماڭىمەن دېگەن ئاخشىمى سېنىڭكىدە مېھمان بولغان چاغدا، چاپىنىمنى چوڭ ئۆيۈڭنىڭ بۇلۇڭىدىكى كارىۋاتقا تاشلاپ، شەپكەمنى ئۈستىگە قويغانلىقىم ھازىرقىدەك ئېسىمدە. قىزدىقچىلىقتا كۆپرەك ئىچىپ، قايتىش ۋاقتىدا تەڭشىلىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن، چاپاننى ئېلىپ، شەپكەمنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. بۇنى ئەتىسى ئويغانغاندا ئېسىمگە ئالدىم. ئەھۋال مەن دېگەندەكمۇ ـ ئەمەسمۇ، ماڭا بۇ ھەقتە خەت يېزىپ قويارسەن. مەن بۇ خەتنى بېيجىڭدىن يازدىم...»

سەلىمە بۇ قۇرلارنى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ تاشلىدى. بىر ھازادىن كېيىن، ئالدىدا قاتۇرۇپ قويغان ھەيكەلدەك بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە تۇرغان ئېرىگە قارىدى. كۆزلىرىگە ئەمدى ھېلىقى كېچىدىكى دەھشەتلىك قىياپەتتىكى ئەر ئەمەس، بەلكى نەچچە يىلدىن بۇيانقى مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل ئەر كۆرۈندى.

1984 ـ يىل.

# يۇرتداشلار

1

ئاۋغۇستنىڭ باشلىرىدىكى بىر شەنبە كۈنى، بوخەي دېڭىزى قولتۇقىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان تيەنجىن ئادەتتىن تاشقىرى ئىسسىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاۋات سۇ ئۈستى باغچىسى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان ئىدى. باغچا ئوتتۇرىسىدىكى ئۈسسۇلۇق ساتىدىغان دۇكاننىڭ يانتەرىپىدىكى ئورۇندۇقتا ئۆزىنى يەلپۈپ ئولتۇرغان ئوماقىنە بىر قىز كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتاتتى. ئۇ قاراماي نېفىتلىكىنىڭ ئىشچىسى سەي خۇا بولۇپ، تۇغۇلغان ئانا يۇرتىنىڭ بۇ گۈزەل سەيلىگاھىغا تويماي قارايتتى.

ئەتراپىنى سۇ ئوراپ تۇرغان بۇ باغچىدا ئالما، شاپتۇل، ئاق تېرەك، مەجنۇنتال، قارىغاي، سۆگەت، سېدە قاتارلىق دەرەخلەر زىچ ھەم رەتلىك ئۆسكەن بولۇپ، شاخلىرى بىر-بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەچكە، قۇياش نۇرىنى ئۆتكۈزمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئازراقمۇ شامال بولمىغاچقا، ھەممە يەرنى تىنجىق ھاۋا قاپلىغان ئىدى. ئۇچار قاناتلارمۇ سايراشتىن توختىغان بولۇپ، شاخلارنىڭ ئارىسىدا دەم توختاپ، دەم چىرىلداۋاتقان تومۇزغىلارنىڭ ئاۋازى ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ-

چۈرۈكى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن ئىدى.

«بۇ باغچا نېمىدېگەن گۈزەللىشىپ كەتكەن - ھە! — دېدى سەي خۇا ئۆز ئۆزىگە. ئاتا - ئانىسى قاراماي يۆتكىلىپ كەتمەستە ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيتتى. شۇ چاغلاردا باللار بىلەن بۇ يەرگە تالاي قېتىم كەلگەنلىكى ئۇنىڭ ئېسىدىن چىقمايتتى، ئەلۋەتتە! — مەن بۇ يەردىن كەتكەن ئون نەچچە يىلدىن بېرى ھەقىقەتەن گۈزەللىشىپ كېتىپتۇ. بۇ نېمىدېگەن ئاجايىپ ئۆزگىرىش - ھە!»

ئۇ، كۆل بويلاپ سېلىنغان كۆركەم شىپاڭلار، ھەر تەرەپكە سوزۇلغان يوللار، ئەگمە كۆۋرۈكلەردىن كۆزىنى ئۈزەلمەيۋاتاتتى.

سەي خۇا بۇ يەرگە سەپداشلىرى بىلەن ئەتىگەن سائەت 10 لاردا كەلگەن ئىدى. ئۇلار باغچىنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك ئايلىنىپ بولۇپ، شەرق تەرەپتىكى كۆل بويىغا كەلگەندە، بىردىنلا قېيىقتا چۆشۈپ ئويناش ھەۋىسى قوزغالدى. ئەمما سەي خۇانىڭ بېشى قايىدىغان ئادىتى بولغاچقا، توپتىن ئايرىلىپ، بۇ دۇكانغا كەلگەن ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ گاز سۈيى ئىچكەچ باغچا مەنزىرىسىدىن ھوزۇر ئېلىپ شېئىردىي تۇيغۇغا چۆمگەن ھالدا ئولتۇراتتى.

كۈتۈلمىگەندە ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئۇنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتىن تۆت قىز ئورۇن ئالدى، سەي خۇا شۇنداق قاراپلا ئۇلار ئارىسىدىكى زىلۋا كەلگەن، بۇغداي ئۆڭلۈك، بۇرنى ئېقىپ چۈشكەندەك قاملاشقان شەھلا كۆز بىر قىزنى كۆرۈپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.

— ۋۇي، بۇ گۈلچېھرەغۇ!

— ۋۇي، سەن سەي خۇامۇ!

ئۇلار بىر - بىرىگە ئۆزلىرىنى ئېتىشىپ خۇددى ئاچا - سىڭىلدەك كۆرۈشۈپ كېتىشتى.

گۈلچېھرە سەي خۇانىڭ بوينىغا ھەشقىپىچەكتەك چىرمىشىپ كەتكەن قولىنى ئاستا بوشىتىپ، مەمنۇن بولغان ھالدا دېدى:

— سەي خۇا، ھاياتتا ئويلىمىغان ئىشلار بولىدىكەن، يۇرتۇڭنىڭ بۇ گۈزەل باغچىسىدا مەن بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشنى ئويلىمىغان بولغىيدىڭ - ھە!

— يېقىن دوستلارنىڭ بۇنداق تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىشى ھاياتتا ئۇچرايدىغان ئىش.

— سەن بۇياققا قانداق كېلىپ قالدىڭ، خېتىڭگە يازماپتىكەنسەنغۇ؟

— ياشلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى بىلەن كەلدىم، ساڭا خەت سېلىۋېتىپ بىر ھەپتە ئۆتكەندە ئۇشتۇمتۇت يولغا چىقىدىغان بولۇپ قالدۇق. قايتا خەت يېزىشنىڭ ئامالى بولمىدى.

— تىيەنجىنگە قاچان كەلدىڭ؟

ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى بېيجىڭگە كەلگەن، پايتەختتە بىر كۈن تۇرۇپلا يولغا چىقىپ، داچىڭ، داگاڭ، رىنچيۇ نېفىتلىكلىرىنى كۆرۈپ، تېخى تۈنۈگۈنلا بۇ شەھەرگە كەلگەن ئىدى. ئەسلىدە سەي خۇا بېيجىڭگە كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا، گۈلچېھرەنى يوقلاپ ئۆتۈش ئۈچۈن، جاسارەت ئىككىسى ئۇ ئوقۇۋاتقان نېفىت شۆيۈەنىگە چىققان، ئۇ ئىككى كۈن بۇرۇن ئېكسكۇرسىيىگە مېڭىپ كەتكەچكە كۆرۈشەلمىگەن ئىدى. سەي خۇا بۇ ئەھۋاللارنى تەپسىلىي بايان قىلىپ، ئاندىن جاۋاب بەردى:

— تۈنۈگۈن كەلدىم.

— ئەمدى قاياققا بارماقچىسەن؟

— يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن بېيجىڭگە قايتىمىز. پايتەختتە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ، ئاندىن شىنجاڭغا ماڭىمىز.

گۈلچېھرەمۇ تەتىل ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئېكسكۇرسىيىگە

چىققان بولۇپ، داچىك، خاربىن، دالىيەن قاتارلىق شەھەر-لەرنى كۆرگەندىن كېيىن، تۇنۇگۈن تيەنجىنگە كەلگەن ئىدى.
ئۇ بارماقلىرىنى پۈكۈپ كۈننى ساناپ ئېيتتى:
— تاسادىپىي ئەھۋال بولۇپ قالمىسا، بىزنىڭ ئۆگىتىشىمىزمۇ پات ئارىدا ئاياغلىشىدۇ. ئۇزاققا قالماي سىلەر بىلەن بىرگە ئىشلەيمىز.
گۈلچېھرە ئاندىن، سەيخۇانى ساۋاقداشلىرىغا، ساۋاقداشلىرىنى سەي خۇاغا تونۇشتۇرۇپ بولۇپ سورىدى:
— سەيخۇا، باغچىغا ئۆزۈڭ يالغۇز كەلگەنمۇ؟
— ياق، ئۆمەكتىكىلەر بىلەن كەلگەن، ئۇلار ئىچىدە جاسارەتمۇ بار دېگىنە.
سەي خۇا شۇنداق دەپلا كۈلۈپ كەتتى. گۈلچېھرە شەل-پەردەك قىزارغان بولسىمۇ، لېكىن جىنەستىدەك لەۋلىرىدىكى كۈلكە ياماشتى.
— ئۇلار قېنى؟
سەي خۇا باغچىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئوتتۇرىسىدا بۈك دەرەخزارلىق كىچىك ئارال بار كۆلنى ئىما قىلدى. كۆلدە قىز-يىگىتلەر چۇقان - سۈرەن سېلىشىپ قېيىقلارنى چاپتۇرۇپ يۈرۈشەتتى. يۈز مېتر يىراقلىقتىن قارىغان كىشىگە كۆل مەنزى-رىسى بەئەينى ئادەملەر دېڭىزىنى ئەسلىتەتتى.
— ئەنە ئۇلار قېيىقتا ئۈزۈپ ئويناۋاتىدۇ، مەن بۈياققا ئۇسسۇلۇق ئىچكىلى كەلگەن، يۈرۈڭلار شۇ ياققا بارايلى.
گۈلچېھرە سائەتكە قاراپ ئەندىكىپ كەتتى:
— بىز بارالمايمىز، سائەت بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ، سائەت ئۈچتە يولغا چىقماقچىدۇق، قالغان گەپنى بېيجىڭدە قىلىشايلى، جاسارەتكە...
ئۇ، دوستى گۈلچېھرەنى كۆرمىگىنىگە ئۈچ يىل بولاي دەپ

قالغاچقا بەك سېغىنغان ئىدى، ۋاقىت قېرىشقاندەك ئۇزاقراق مۆھلەتلەشقا ئىمكان بەرمىدى. سەي خۇا ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ، كۆل بويىغا كەلگەندە، ئويناۋاتقانلار كۆلدىن چىقىشىۋاتاتتى.

بۇ سەيلىچىلەر باغچىدىن قايتقاندا قۇياش غەربكە قىيسايغان بولۇپ، ئۇلار ئىككى-ئۈچتىن غۇژمەكلىشىپ بۈگۈنكى باغچا تاماشاسى ھەققىدە پاراڭلاشقاچ يۈرۈپ كېتىشتى.

توپنىڭ ئەڭ كەينىدە سەي خۇا بىلەن جاسارەت كېتىۋاتاتتى. نېمىسىندۇر ئويلاپ مېڭىۋاتقان جاسارەت بىردىنلا سورىدى:

— سەي خۇا، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىنىڭىز راستمۇ؟

— يالغان ئېيتىپ نېمە قىلاي، گاز سۈيى ئىچىپ ئولتۇرسام ئۇ ساۋاقداشلىرى بىلەن تاسادىپىيلا كېلىپ قالدى دېدىمغۇ.

— ئۇنداق بولسا نېمىشقا قېشىمىزغا باشلاپ كەلمىدىڭىز؟

— ئۇلار سائەت ئۈچتە داگاڭغا ماڭماقچى ئىكەن، ۋاقىت توشۇپ قالاي دېگەنلىكتىن، سىلەر بىلەن كۆرۈشۈشكە ئۈلگۈرەلمىدى.

جاسارەت بۇ گەپكە ئەمدىلا ئىشىنىپ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. ئۇ سەي خۇادىن، گۈلچېھرە قانداق تۇرۇپتۇ دەپ سورىماقچى ئىدى، ئەمما ئىزا تارتىپ ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن گەپنى يۇتۇۋەتتى. چېچەن سەي خۇا ئۇنىڭ بۇ ئويىنى سېزىپ، چاقچاق قىلدى:

— ئالدىراپ كەتمەڭ! كۆرۈشىسىز.

— قارىسىغا گەپ قىلماڭ، ئالدىرىغىنىم يوق.

جاسارەت يالغان ئېيتىۋاتاتتى. ئۇ قانداقمۇ كۆرۈشۈشكە ئالدىرىمىسۇن؟!

بۇ ئىككىيلەن باغچا دەرۋازىسىدىن چىقىپ بولغان ھەم-

راھلىرىغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن بىردىنلا قەددىمىنى تېزلەتتى. جاسارەت شۇ تاپتا سەي خۇاغا ئەگىشىپ كېتىۋاتقىنىنى بىلەن، پىكىر ـ خىيالى گۈلچىھرەدە بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇش جەريانى كۆز ئالدىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى.

2

1981 ـ يىلى 9 ـ يانۋار. قۇياش نەيزە بويى ئۆرلىگەندە، قاراماي نېفىتلىكىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى نېفىت يىغىش پونكىتىغا بىر يىگىت كىرىپ كەلدى.

سەي خۇا دېرىزە تۈۋىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، قويۇق قارا قاشلىق، قارچۇغا كۆز بۇ يىگىتكە باشتىن ـ ئاياغ سەپسېلىپ چىقتى، ئەمما «ۋەقە» كېچىسى يۈز بەرگەن بولغاچقا، زادىلا تونۇيالمىدى. ياش ئىشچى پونكىت ئىچىگە بىر قۇر سەپسېلىپ چىققاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئەھۋال ئۇقۇش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. سەي خۇا ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئۇ ئىشچى كېچىدە نەگە بارغان ئىكەن؟

جاسارەت ھودۇقۇش كەيپىياتىنى تەستە كونترول قىلىپ، دۇدۇقۇپراق جاۋاب بەردى:

— ئۇ... ئۇنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇ كۈنى يېڭى يىل كېچىسى بولۇپ، ئۇنى قوشنا دۆيدىكى دوستلىرى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغان ئىكەن. ئولتۇرۇش ئاياغلاشقاندا، دوستىنىڭ ئاپىرىپ قويۇشىنى رەت قىلىپ ئۆزىلا قايتقان. مەستچىلىكتە كېتىۋېتىپ تېيىلىپ ئېرىققا يىقىلغانۇ، ئورنىدىن قوپالمىغان...

— مۇنداق دەڭ، شۇ كۈنى يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا بىز قۇدۇق ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، ئۇنى ئېرىق ئىچىدە سول يۈزنى

قارغا يېقىپ ياتقان ھالەتتە ئۇچراتتۇق. ھاراقنىڭ پۇرىقىدىن ئۇنىڭ مەست بولۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى بىلىپ، ئىككىمىز مىڭ تەسلىكتە پونكىتقا كۆتۈرۈپ ئەكىلىپ ياتقۇزۇپ قويدۇق. ئەتىگەندە قۇدۇق ئاردىلاشقا چىقىپ كېتىپ قايتىپ كەلسەك، «خوش» مۇ دېمەيلا كېتىپ قاپتۇ.

جاسارەت بىر سىككۇنتچە ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، چاندۇرماي ئېيتتى:

— ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۆزىنىڭ سەت ئىش قىلىپ قويغىنىدىن خىجىل بولۇپ، سىلەرنىڭ قۇدۇق ئاردىلاشقا مېڭىشىڭلارغا غىپلا قىلىپ تىكىشۋېتىپتۇ.

— ئىزا تارتىپ شۇنداق قىلغان بولسا بوپتۇ، خاتالىقىنى تونۇپ ئىزا تارتقان ئادەم ئۆزىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ.

بۇ گەپ جاسارەتنىڭ يۈزىنى ئىختىيارسىز قىزارتىۋەتتى. قىز بۇنىڭغا ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىدى.

— سى... سىلەرگە رەھمەت، — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ، — سىلەرنىڭ بۇ روھىڭلاردىن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك، بۇ ياخشى ئىشىڭلارنى دۆي رەھبەرلىكىمىزگە ئىنكاس قىلىمەن.

جاسارەت ئۆزىنى ئوڭشاپ سەي خۇانىڭ بىللە ئىشلەيدىغان سەپدىشىنى سۈرۈشتۈرگەن ئىدى، قىز سائىتىگە قاراپ دېدى:

— گۈلچېھرەنى دەمسىز، ئۇ زۇكام بولۇپ قالغان، تېخى بايىلا داۋالاش پونكىتىغا ئوكۇل ئۇردۇرۇش ئۈچۈن كەتكەن، كېلەر ۋاقتى بولۇپ قالدى.

جاسارەت گۈلچېھرە كېلىپ قالسا، ئۆزىنى تونۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ دەرھال قايتىش نىيىتىگە كەلدى-دە، ئورنىدىن تۇردى. دەل شۇ پەيتتە كىرىپ كەلگەن گۈلچېھرەنىڭ تىكىلىپ قارىشى ئۇنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى.

قىز قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن، يېقىملىق ئاۋازدا دېدى:

— ئالدىنقى ھەپتە كېچىدە، مەست بولۇپ ئېرىقتا يېتىپ قالغان سىز ئەمەسمۇ؟!

— يا... ياق، مە... مەن ئەمەس، —قاتتىق ھودۇقۇشتىن تىلى كالۋالاشقان جاسارەت ئاران ئېيتتى، — ئۇ ماڭا ئاز-پاز ئوخشايدۇ. مېنى ئۇنىڭغا ئوخشىتىپ قالغانسىز بەلكىم.

— نېمانچە ھودۇقىسىز ئەمىسە، چىرايىڭىزدىنلا چىقىپ تۇرىمامدۇ؟! ئادەم دېگەن راست گەپ قىلىش كېرەك، قانداقچە سىز ئەمەس، دەل سىز، يىگىت دېگەنمۇ يالغان گەپ قىلامدۇ؟

جاسارەت قىزنىڭ «سوراق - سوئال» لىرى ئالدىدا ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بولدى:

— با ياتىن نومۇس قىلىپ...

جاسارەتنىڭ يەر ئاستىدىن تىكىلىشى گۈلچېھرەنى ھودۇقتۇرۇپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن سىز نېمىدېگەن سەزگۈر قىز دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى. گۈلچېھرە ئۆزىنى ئوڭشاپ نارازى بولغان قىياپەتتە:

— ھاراقنى كۆپ ئىچىش خەتەرلىك، ئەگەر شۇ كېچىسى بىزگە يولۇقمىغان بولسىڭىز... — دېدى.

— شۇنداق، مېنى ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقىڭىزلار ئۈچۈن كۆپ رەھمەت. بۇ ياخشىلىقىڭلارنى مەڭگۇ ئۇنتۇمايمەن...

شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى قورۇنۇش بىردىنلا تۈگەپ، كۆڭۈللىرى ئۆتكۈنچى يامغۇردىن كېيىنكى بۇلۇتسىز ئاسماندەك ئېچىلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ قىزغىن مۇڭدىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن سەيخۇا ھەيران قالدى.

3

جاسارەت ئاتا ـ ئانىسى بىشنى ئوڭلاپ قويۇش ھەققىدە پاراڭ سىلىۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە كىرىپ كەلدى.

— كەل، توخۇپ كېتىپسەن، چاي ئىچكىن، — دېدى قاسىم ئاكا ئۇنىڭغا يېنىدىن ئورۇن كۆرسىتىپ.

جاسارەت ئولتۇرغاندىن كېيىن، دادىسى سۇنغان پىيالىنى ئالدى ـ دە، ئىزا تارتماستىنلا ئۆزىنىڭ لايىقى بارلىقىنى ئېيتتى:

— دادا، مەن تېگى بىز بىلەن بىر يۇرتلۇق بىر قىز بىلەن تونۇشۇپ قالدىم.

— ئىسمى نېمىكەن، قەيەردە ئىشلەيدىكەن؟

— ئىسمى گۈلچېھرە، نېفىت ئېلىش 4 ـ دۇيىدە ئىشلەيدىكەن.

قاسىم ئاكا قويۇق قېشىنى ھىمىرىپ بىر ھازا ئۇنچىقماي تۇرغاندىن كېيىن، ياندۇرۇپ سورىدى:

— دادىسىنىڭ ئىسمى نېمىكەن؟

— ئەمەت.

قاسىم قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، بىرپەس ئويغا چۆمدى. ئۇ «ئەمەتنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بىر قىزى باركەن، ئوبدان ئادەم بوپتۇ، ئۇنىڭ ئىشچى بولۇش ئارزۇسى بەك كۈچلۈككەن، دەپ ئاڭلىۋىدىم، شۇ بولۇپ قالمىسۇن يەنە!» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. قىزنىڭ دادىسى قاسىم ئاكىنىڭ يېقىن دوستى بولۇپ، ھېلىقى قىيىنچىلىق يىللىرى، نادانلىق قىلىپ يۇرتىغا قايتىپ كەتكەن ۋە كېسەللىك بىلەن قازا تاپقان ئىدى.

جاسارەت گۇلچېھرەنىڭ كانىغا كەلگەن ئىككى يىلدىن بېرى، ئانىسىنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە قاسىم ئاكىنى كۆپ سۆ-رۈشتۈرگەنلىكىنى، لېكىن ئىشلەيدىغان ئورنىنى ئېنىق بىلمە-گەچكە تاپالمىغانلىقىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

— ئۇنداق بولسا ئۇنى نېمىشقا ئۆيگە باشلاپ كەلمىدىڭ؟

— ئۆيگە تەكلىپ قىلغان ئىدىم. بۈگۈن كېچىلىك سىمې-نىغا چىقىدىكەن، ئەتە كېلىدىغان بولدى.

جاسارەتنىڭ ئانىسىمۇ «بەشقورغان»لىق بولۇپ، ئەمەت ئاكىنى ئوبدان بىلەتتى، جاسارەتمۇ شۇ يۇرتتا تۇغۇلغان ئىدى. ئۇ تۆت يىلدىن كېيىن يۇرتىغا تۇغقان يوقلاپ بارغاندا ئەمەت ئاكىنىڭ ۋاپات بولۇپ كەتكىنىگە ئۈچ ئاي بولغان ئىكەن. قائىدە - يوسۇنلۇق پاتەمخان ئاچا فاتىھە قىلىپ بارغاندا، گۇلچېھرەنى ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا كۆرگەن ئىدى. ئۇ ئاشۇلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ سۆھبەتكە ئارىلاشتى:

— گۇلچېھرە كىچىك ۋاقتىدا بەكمۇ چىرايلىق قىز ئىدى، كۆرمىگىلى ئۇزاق يىللار بوپتۇ، قانداقراق چوڭ بولدىكىن؟

جاسارەت، بەكمۇ چىرايلىق قىز كەن دېمەكچى ئىدى، دادىسىدىن ھېيىقىپ كۆڭلىدىكىنى ئېيتىشقا پېتىنالمىدى.

ئەتىسى گۇلچېھرە دوستى سەي خۇا بىللە قاسىم ئاكىنىڭ ئۆيىدە كەچكىچە مېھمان بولدى، قاسىم ئاكا ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىپ، دادىسى بىلەن قاراماي-دا ئىشلىگەن چاغ-دىكى ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردى. قىز دادىسىنى كۆرگەندەك بولدى ھەمدە دادىسىنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى ئاڭلاپ، نادانلىقتا بولغان نەپرىتى تېخىمۇ كۈچەيدى.

— نادانلىق ئىنسانىنى جاھالەتكە باشلايدۇ، ئىلىم-پەن...

گۇلچېھرە شۇنداق دېگىنىچە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، ئېغىر خۇرسىندى.

— ئەقلىڭگە بارىكاللا قىزىم، كېيىنىڭ جايىدا، ئەل - يۇرتنى گۈللەندۈرىدىغىنى ئىلىم - پەن.

مانا شۇندىن تارتىپ گۈلچېھرە بۇ ئائىلىنىڭ ئۆز قىزىدەك ئىچىكىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاغزى يۇمشاق، پۇتى چاققان، قولى گۈل ئىدى، ئۇ پاتەمخان ئانىنىڭ كۆڭلىگىمۇ قەۋەتلا يېقىپ قالدى.

گۈلچېھرە بىلەن جاسارەتنىڭ مۇناسىۋىتى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قويۇقلىشىپ باردى. ئارىدىكى ئىناقلىق ئۇلارنىڭ قەلب رىشتىنى بىر- بىرىگە چاتماقتا ئىدى.

جاسارەت تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئىشچى بولغان ئىككى يىلدىن بۇيان، ئەتراپىدا كېپىنەكتەك ئايلىنىپ يۈرگەن قىزلارنىڭ بىرىنىمۇ ياقتۇرماي كېلىۋاتاتتى. ئۇ گۈلچېھرە بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، قىزنىڭ پەزىلەتلىكلىكى بىرىدىنلا يېقىپ قالدى، دېمىسىمۇ، گۈلچېھرە ئېغىر - بېسىق، ئوچۇق كۆڭۈل، ئەخلاقلىق قىز ئىدى.

4

سۈتتەك ئايدىڭ كېچە. ئېفىت قۇدۇقىنىڭ بىر چېتىدىكى يۇلغۇنلۇق دۆڭدە گۈلچېھرە خىيالغا چۆمۈپ ئولتۇراتتى. ئاسمانغا بوي سوزغان ۋىشكىلارنىڭ ئۈستىدىن تارتىپ ئاستىغىچە قونۇۋالغان «يۇلتۇز»لار نېفىتلىك قىزنىڭ چىراي قىياپىتىدىن كۆڭلىدىكىنى بىلمەكچى بولغاندەك چاقناپ ئۇنىڭ ھۆسنىنى تاماشا قىلاتتى. «جاسارەتكە نېمە بولغاندۇ، — دەپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلايتتى قىز ئالدىدىلا كۆرۈنۈپ تۇرغان ۋىشكا مۇنارىغا كۆز تىكىپ، — بىرەر ئىش چىقىپ قالغانمىدۇ - يا؟!»

قىزنىڭ ئىنتىزار كۆڭلىنى بىلگەندەك، شۇ ئارىلىقتا دەرەخزارلىقتىن بىر قارا گەۋدە چىقىپ كەلدى، بۇ جاسارەت ئىدى.

— شۇنداقمۇ كېچىككەن بارمۇ، — قىز سەل نارازى بولغاندەك تەلەپپۇزدا دېدى، — ئىش ۋاقتى توشقىلى نەۋاخ.

— كەچۈرۈڭ گۈلچېھرە، ماڭاي دەپ تۇرۇشۇمغا ۋاڭدۇيجاڭ كېلىپ قالدى. ئۇ: قىزىلۋاتقان قۇدۇق چوڭقۇرلاپ قالدى، بەك دىققەت قىلىڭلار، دەپ بىر قانچە تۈرلۈك كۆرسەتمە بەردى. گەپ تۈگىگىچە تۇرۇشقا توغرا كەلدى.

— ئۇنداق بولسا بوپتۇ، مەن تېخى...

— بولمىغۇر ئويلاردا بولماڭ گۈلچېھرە، ئەسلىك ئادەم تۈيۈق يولدا بىر قېتىملا ماڭىدۇ.

گۈلچېھرە بېيجىڭ نېفىت شۆيۈەنىگە ئىمتىھان بەرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغانلىقى توغرىلىق چاقىرىق قەغىزى كەلگەن ئىدى. ئۇلار بۈگۈن ئوقۇشقا «بېرىش-بارماسلىق» مەسىلىسى ئۈستىدىلا سۆزلەشتى. ئاران بىر تېپىشقاندا ئىككى سائەت ۋاقىت تالاش - تارتىش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. قىز باردىمەن دېسە، يىگىت بارمايسىز دەيتتى. ئاخىرى گۈلچېھرە سۇسلا خۇشلىشىپ كېتىپ قالدى.

گۈلچېھرە پونكىتقا كەلگەندە، سەي خۇا سىمىنىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ بولغان ئىدى.

— دەل ۋاقتىدا ئۈلگۈرۈپ كەلدىڭ، مەن تېخى تاتلىق سۆھبەتكە بېرىلىپ كېتىپ، كېچىكىپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەۋېدىم.

— توۋا دېگىنە، مېنىڭ قاچان ئىشقا كېچىكىپ قالغان يېرىم بار، بىلمەيدىغاندەكلا گەپ قىلىدىكەنسەنغۇ، ئاداش.

— ئەسلىگۇ شۇنداق، لېكىن مۇھەببەت دېگەن ھەرقانداق ئادەمنى...

— خاتىرەڭنى جەم قىل، ھەممە ئىش ئۆز يولىدا بولىدۇ. ئىشقىقا بېرىلىپ خىزمەتنى ئۇنتۇپ قالىدىغان قىزلاردىن ئەمەسمەن.

قىزلار قۇدۇق ئارىلاشقا ماڭدى، سىرتقا چىقىش بىلەن تەڭ سەلكىن شامال ئۇلارنىڭ يىپەكتەك يۇمشاق چاچلىرىنى، تومۇز ئاپتىپىدا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن يۈزلىرىنى سىپاپ ئۆتەتتى. ھېلىلا پەيدا بولغان بۇلۇتلار ئاسمان مەلىكىسى — ئاينى گاھ كۆرسىتىپ، گاھ يوشۇراتتى.

ئۇلار قۇدۇق تەرەپكە سوزۇلغان يۇمشاق توپىلىق چىغىر يولدا يېنىك قەدەم تاشلاپ جىمجىت كېتىشىۋاتاتتى. بۇنداق «بۇرۇختۇملۇق»تىن بەزگەن سەي خۇا باياتىن ئويىغا كەلگەننى دەپ ئارىدىكى نورمالسىز كەيپىياتقا خاتىمە بەردى:

— ئاداش، روھىڭ بەك چۈشكۈنغۇ، ئايرىلىشقا كۆڭلۈڭ قىيماي بىئاراملىق ھېس قىلىۋاتقانسەن تايىنلىق.

— چىشىڭغا تەگمىگىنە، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئوقۇيمەن دەپ تارتقان جاپايىم ئازمۇ، ئەھۋالىمنى بىلىپ تۇرۇپ، قىلىۋاتقان گېپىڭنى قارا! ئىمتىھاندىن ئاران ئۆتسەم، قانداقمۇ شۇنداق ئۆيدە بولىمەن؟!

گۈلچېھرە جاسارەت ئوقۇشقا بېرىشىغا قوشۇلمىغانلىقى ئۈچۈن كۆڭلى غەش بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ چىرايىنى ئەندىشە قاپلىۋالغان ئىدى.

— بۇ، بىلىمگە يۈرۈش قىلىش دەۋرى تۇرسا، جاسارەتنىڭ بۇنىڭدىكى غەرىزى نېمىدۇ؟ ياخشى كۆرۈشنىڭ ئۆزى قارشى تەرەپنى بەختلىك قىلىشقۇ! جاسارەت توغرا قىلماپتۇ. ئەمدى قانداق قىلماقچىسەن؟

— مەن ئالدىقاچان قەتئىي نىيەتكە كېلىپ بولغان. دادام ئەينى ۋاقىتتا ئىشچى بولۇپ قارامايغا كەلگەندە، ساۋاتسىز

بولغىنى ئۈچۈن نېفىتلىكنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا ئىشەنچ باغلىيالماي كېتىپ قالغان ئىكەن. مەن بۇ بىلىم ئېلىش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەيمەن.

— ئاداش، ئىرادەڭگە قايىلمەن. ئەنئەنىۋى قاراش تۇپەيلىدىن بولسا كېرەك، ھازىرغىچە ئۇيغۇر قىزلىرىدىن كۆزگە كۆرۈنگەن كەسىپ ئەھلىلىرى بەكمۇ ئاز، بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋال، ئەلۋەتتە، جاسارەتنى خېلى ئاڭلىق يىگىت دەپ يۈرسەم، ساڭا پۈتلىكاشاڭ بولماقچى بولغىنى نېمىسى؟ ئۇنىمىسا ئايرىلىپ كەت، سەندەك قىزغا...

گۈلچېھرە: ئۇ ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك ۋە قابىلىيەتلىك يىگىت، مەن چىن دىلىمدىن ياخشى كۆرىمەن، ئۇنىڭدا چىراي دېسە چىراي بار، ئەقىل-پاراسەت دېسە ئۇمۇ بار. كەمچىللىكى— سەل ئاچچىقى يامان شۇ. نۇقسانسىز ئادەم بولمايدۇ. ئالدىنقى كۈنى گېزىتتىن ئۇنى تونۇشتۇرۇپ يازغان تەپسىلىي خەۋەرنى ئوقۇدۇم. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى مەدھىيىلىنىپتۇ. ئۇ دادىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ياخشى ئىشلەپ بىر يىلدىلا سمېنا باشلىقى بوپتۇ، دېمەكچى ئىدى، لېكىن ياخشى كۆرگەن يىگىتنى بىراۋغا ماختاپ بېرىشنىڭ ئەپسىزلىكىنى ھېس قىلغان قىز ئويلىغانلىرىنى ئاغزىدىن چىقارمىدى. شۇڭا ئۇ، مۇھەببەت كېمىسىنى قىرغاققا قانداق ئېلىپ چىقىش ھەققىدە بىر ھازا ئويلانغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— ئاداش، مۇھەببەت ئىشىدا يەڭگىلىك قىلىشقا بولمايدۇ. مەن ھېلى ئۇنداق، ھېلى بۇنداق ئۆزگىرىپ تۇرۇشنى ياقتۇرمايمەن. بىرسىنى سۆيگەن ئىكەنمەن، ئاخىرغىچە ... ئۇ ھازىر چۈشەنمەسلىكتىن شۇنداق قىلىۋاتىدۇ، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن جەزمەن چۈشىنىپ يېتىدۇ.

— سۆزۈڭغۇ توغرا، لېكىن ئۇ سېنىڭ ئوقۇشقا بېرىشىڭغا

قوشۇلما يۇۋاتسا قائىداق قىلسەن؟ ئۇ ئۆز پىكىرىدە چىڭ تۇرۇۋالسا ئايرىلىپ كەتمەكتىن باشقا نېمە چارە بار؟

— ئۇنىڭ كۆڭلىگە كىرىپ چىقسام، مېنى بېيجىڭگە بارغاندىن كېيىن ئۆزگىرىپ كېتىدۇ دەيدىغان ئوخشايدۇ. بۇنى ئۇچۇق دېمىگەن بىلەن گەپ-سۆزلىرىنىڭ ئورامىدىن چىقىپ تۇرىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، تۆت يىل ئۇنىڭ ئۈچۈن بەك ئۇزاق تۇيۇلسا كېرەك، شۇ ۋەجىدىن...

— پەرىزىڭ دۇرۇس، ھەممە ئادەمدە چوقۇم شۇنداق تۇيغۇ بولىدۇ، — دېدى سەي خۇا ۋە يىگىتنى شىنجاڭ سانائەت شۆيۈەنىگە ئىككى يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا ماڭغان چاغدا ئۆز روھىي ھالىتىدە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشنى ئەسلەپ، قوشۇپ قويدى، — بۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە چىدىماق ھەقىقەتەن تەسكەن، مەنمۇ كېيىن چۈشەندىم...

— راست گەپ قىلدىڭ، مەنمۇ ئاغزىمدىن چىقارمىغىنىم بىلەن شۇنداق ھېسسىياتتا بولۇۋاتىمەن. لېكىن ھازىر مەن ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك بولۇۋاتقىنى بىلىم، بىر مەزگىللىك ئايرىلىشقا چىداش كېرەك-تە! مەن شۇنداق تۇيغۇدا بولۇۋاتقان يەردە جاسارەتمۇ ئەلۋەتتە ئازابلانماي تۇرالامدۇ، دەيسەن!؟ ئۇمۇ ئاستا-ئاستا چۈشىنىدۇ.

ئۇلار ئەنە شۇنداق پاراڭ بىلەن مېڭىپ، قودۇق بېشىغا كېلىپ قالغىنىنىمۇ سەزمەي قېلىشتى.

5

1982-يىل، باش باھارنىڭ ئەتىگەندىكى سانجىلىدىغان سوغۇق شامىلى چىقىۋاتقان بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، ۋىشكىلار ئارىلاپ ئۆتۈۋاتقان كەڭ دالىدا بىر كىچىك ماشىنا ئىلگىرىلىمەكتە

نىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى ھەيۋەتلىك بۇرغا مۇنارىسىنىڭ يېنىدا توختىدى. جىپنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، 55 ياشلار چامىسىدىكى قامەتلىك بىر كىشى چۈشتى. ئۇ، بۇرغا بىلەن چارەك ئەسىر ھەپىلەشكەن قاسىم ئاكا ئىدى.

بۇ كۈنى جاسارەتنىڭ سمېنىسىدىكىلەر قۇدۇق قېزىۋاتاتتى، جاسارەت دادىسىنى كۆرۈش بىلەنلا ۋەھىمىگە چۈشتى. شۇنداقتىمۇ تورمۇزنى مەھكەم تۇتقىنىچە مەشغۇلاتنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. ئۇ دادىسىنىڭ يېقىندا رېمونتقا چۈشۈش ئالدىدا تۇرغان ناسوسنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلگەندىلا يېنىك تىندى. قاسىم ئاكا تەكشۈرۈش ئىشىنى ئاياغلاشتۇرۇپ بولۇپ، ئۆز قولىدا تەربىيىلەنگەن ئەترەت باشلىقى ۋاڭ خۇيمىندىن جاسارەتنىڭ يېقىنقى ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈردى.

ئالدىراپ بۇرغا سۇپىسىغا چىققان ۋاڭ خۇيمىن جاسارەتنىڭ قۇلىقىغا ئاغزىنى ئاپىرىپ دادىسىنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى-دە، ئۇنىڭ قولىدىن تورمۇزنى ئالدى.

دادىسى ئۇنى قۇدۇق قېزىلىۋاتقان جايدىن 20 مېتىرچە يىراقلىقتىكى كۆچمە ئۆيگە باشلاپ كىرىپ، كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنى چاچراتقان ھالدا تەنبىھ بەردى:

— مەن سېنى دۆلەتكە زىيان سېلىشقا ئۆگەتكەنمۇ؟ نېفىت دۆلەتكە شۇنداق ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقاندا سەن نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟

دادىسى ئالدىدا قولىنى قوشتۇرغىنىچە يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرغان جاسارەت دۇدۇقلاپ، گەپ ياسىدى:

— ئا... ئالدىراشچىلىقتا ۋەزىپە قوغلىشىپ...

قاسىم ئاكا غەزەپتىن پارتلاپ كەتكۈدەك بولدى:

— يالغان! ئىيتە، مەن ساڭا مۇشۇنىداق يالىغان گەپ قىلىپ ئادەم ئالداشنى ئۈگەتكەنمۇ؟ بالام ئىززمنى باستى دەپ خۇش بولۇپ يۈرسەم، قىلىپ يۈرگەن ئىشىنى قارا بۇنىڭ...

مايلىشىپ كەتكەن ياغاچ بەندىگدە ئولتۇرغان قاسىم ئاكا ئاچچىقلىغىنىچە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. ياغاچ ئۆيـ نىڭ ئوچۇق دېرىزىسىدىن ئاچچىق ئىزغىرىن شامال كىرىپ تۇرـ راتتى. لېكىن تۈنۈگ ئوچاقتا گاز يېلىنجاپ كۆيۈپ تۇرغاچقا، ئۆينىڭ ئىچى تونۇردەك ئىسسىق ئىدى. ئوچۇق دېرىزىدىن قۇدۇق سۇپىسىدىكى ئوقتەك ئايلىنىۋاتقان تۇرۇبىنىڭ يەرنىڭ تەھتىگە شۇڭغۇۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. سوغۇق شامال ئېلىپ كەلگەن نېفىت پۇرىقى دېماققا ئۇرۇلاتتى. ماتورـ نىڭ ھەيۋەتلىك ساداسى ئۆزئارا پاراڭنىمۇ تازا دېگەندەك ئاڭلاتمايتتى.

قاسىم ئاكا ياشانغان بولسىمۇ، تېنى ساغلام، روھى تېتىك ئىدى، ئۇ بۇرغىلاش سېپىدىن چېكىنگەن بىلەن، ئەمما بۇرغا، نېفىت ئېلىش ئۈسكۈنىلىرى رېمونت زاۋۇتىدا ئىشلەۋاتاتتى، ئۇنىڭ مىجەزى ئىتتىك بولۇپ، ئاچچىقى تېز كېلىپ، بىردەمـ دىلا تارقاپ كېتەتتى، جاسارەت دادىسىنىڭ بۇگۇنكى ئەلپاـ زىدىن بەكمۇ چۆچۈپ كەتتى.

— مەن كەسپنى ياخشى ئىگىلىيەلمىگەنلىكىمدىن قۇدۇقنى يانتۇ قېزىپ قويۇشتەك كاشىلا سادىر قىلدىم. بۇنىڭ بىلەن دۆلەتكە...

جاسارەت ئەھۋالنى ئەينەن ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ ئەترەت باشلىقىنىڭ دېگىنى بىلەن ئوپئوخشاش بولغاچقا، قاسىم ئاكا رازى بولدى.

— مەن ساڭا ئالدىنقى قېتىم: بىر بۇرغىچى بولغان ئادەم قېزىش تېخنىكىسىنى پىششىق بىلىش كېرەك، سەن بۇنى مەخـ

سۇس ئوقۇيالىدىك، ئەمەلىيەت جەريانىدا ئوبدان ئۆگەن دېگەندە، سەن: دادا، مەندىن خاتىرجەم بولۇڭ! ئىرادىلىك، تىرىشچان ئادەملا ھەر قانداق نەرسىنى ئۆگىنىۋالالايدۇ، دې- مىگەنمىدىڭ، بىر نەچچە ئايدىن بېرى پەقەت ئۆگىنىشكە بې- رىلمەيدىغان بولۇپ قاپسەنغۇ، نېمىشقا سۆزۈڭگە ئەمەل قىل- مايسەن؟!

دەرۋەقە ئۇ گۈلچېھرە ئوقۇشقا كەتكەندىن كېيىن، چۈش- كۈنلىشىپ بىر مەزگىل كەسىپ ئۆگىنىشنى بوشاشتۇرۇپ قويغان. شۇ ۋەجىدىن قۇدۇقنى يانتۇ قېزىپ قويۇشتەك كاشىلىنى تۇغ- دۇرغان، بۇ ئەترەتنىڭ قۇدۇقنى سۇپەتلىك قېزىشىغا تەسىر كۆرسەتكەن، نەتىجىدە قۇدۇقنى قايتا قېزىشقا توغرا كېلىپ، دۆلەتكە نۇرغۇن زىيان بولغان ئىدى.

جاسارەت ئۆز ۋەدىسىگە مۇخالىپ ئىش قىلىپ قويغان- لىقى ئۈچۈن بەك خىجىل بولدى:

— كەسىپكە پۇختا بولمىغانلىقىمدىن شۇ قېتىم قۇدۇقنى قىيسىق قېزىش ھادىسىسىنى تۇغدۇردۇم...

— سەن سىېنا باشلىقلىقىغا ئۆسكەندە مەن ساڭا: يې- تەكچى بولغان ئادەمنىڭ قۇدۇققا، قول ئاستىدىكى ئادەمگە، بۇرغا ئۈسكۈنىلىرىگە مەسئۇل بولىدىغانلىقى، بۇنىڭ ئۈچۈن كەسىپنى پىششىق بىلىشى لازىملىقى توغرىلىق تاپىلىمىغانمىدىم، ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟

— دادا، گەپلىرىڭىز ئېسىمدە...

جاسارەت دۆلەتكە كەلتۈرگەن زىيىنىنى ئويلاپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ تاشلىدى.

بىراق قاسىم ئاكا يۇمشايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ گۈلچېھرە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە توغرا قىلمى- غانلىقىنى يۈزىگە سېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن مۇۋاپىق

كۆرمىدى، شۇنداقتىمۇ بىشارەت بىرىپ ئېيتتى:
— گېپىڭگە ئەمەل قىلمىغان ئادەمنى يىگىت دېگىلى بولمايدۇ... سەن ئۆز كۆڭلۈڭنى دەپ، بىرسىنىڭ ئارزۇ گۈلىنى نابۇت قىلساڭ، شەخسىيەتچىلىك قىلغان بولمامسەن؟!
ئۇلار مۇھەببەت گۈلزارىغا قەدەم قويغاندا، قىز: «ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ قالسام ئوقۇشقا بارىمەن. سىز بۇ شەرتىمگە كۆنەمسىز؟» دېگەندە، جاسارەت قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن، لېكىن قىز ماڭماقچى بولغاندا، ئۇ گېپىدىن يېنىۋالغان ئىدى. بۇ چاغدا قىز خاپا بولۇپ، «سىز پەقەت گېپىڭىزدە تۇرمايدىكەنسىز، يىگىت دېگەن شۇنداق بولامدۇ؟» دېگەن. بۇ گەپ سۆيگۈنىدىن ئايرىلىشقا چىدىماي تۇرغان يىگىتنىڭ يۈرىكىگە بەك قاتتىق تەگكەن، شۇڭا ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچنىمە كۆرۈنمەي: «مەن يىگىت بولماي نېمىكەنمەن، قىلىۋاتقان گېپىنى قارا بۇنىڭ...» دەپ ھۆركىرىگىنىچە قىزنىڭ كاچىتىغا بىر تەستەك سالغان.
جاسارەت ئاشۇلارنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ، ھەسرەتلىك تىنغاندىن كېيىن دېدى:
— دادا بولدى، ئەمدى...
ئوغلىنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياش قاسىم ئاكىنى ئاچچىقىدىن سەل ياندۇردى:
— بولدى يىغلىما، يىگىتكە كۆز يېشى قىلىش ئۇيات، چىقىپ ئىشىڭنى قىل! بۇنىڭدىن كېيىن يەنە شۇنداق ھادىسە تەكرارلىنىپ قالىدىغان بولسا...
قاسىم ئاكا ياغاچ ئۆيدىن چىقىپ كەڭ نېفىتلىككە نەزەر تاشلىدى: بىپايان نېفىتلىك ئاپئاق قار بىلەن پۈركەنگەن بولۇپ، تەرەپ - تەرەپتىن ياڭرىغان ماتور سادىسى جىملىقنى بۇزاتتى. بىر كۆتۈرۈلۈپ-بىر چۈشۈپ تىنماي ھەرىكەتلىنىۋاتقان

قان كاچالكىلار تەنھەرىكەت مەشقى قىلىۋاتقان سپورتچىلار-
نى ئەسلىتەتتى.

ئۇنىڭ بۇ جەڭگاھتىن ئايرىلغىنىغا ئۈچ يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇرغا سۇپىسىدا چارەك ئەسىر كۆرەش قىلىپ تالاي قۇدۇقلارنى قېزىپ نېفىت فونتانلىرىنى ئېتىلدۇرغان ئىدى، شۇڭا ئۇ بۇ يەرگە قەدەم باسسىلا ئاشۇ جەڭگىۋار يىللارنى ئەسلەيتتى.

قاسىم ئاكا ئولتۇرغان ماشىنا نېفىت شەھىرىگە يېتىپ كەلگەندە، گۇگۇم چۈشۈپ بولغان ئىدى.

•

ئويابرنىڭ دەسلەپىدىلا ياغقان قار نېفىت شەھىرىنى ئاپئاق لىباسقا ئورىغان ئىدى. كەچتىكى ئاچچىق سوغۇق قۇلاق-بۇرۇنلارنى چاقاتتى.

دىلكەش ئەر-خوتۇن پارلىق، ئازادە مېھمانخانىدىكى كرېسلودا ئولتۇرۇپ چاي ئىچكەچ پاراڭغا چۈشتى.

— خوتۇن، يېقىندا ۋاڭ دۇيجاڭ بىلەن كۆرۈشتۈم، ئۇنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، جاسارەت ھەقىقەتەن كېيىنكە ئەمەل قىپتۇ، ئۇنىڭ سمېنىسى ئەترەت بويىچە ئىلغار ئىكەن، دادۇي رەھبەرلىكى ئۇنى مۇئاۋىن دۇيجاڭلىققا ئۆستۈرۈشنى ئويلىشىۋېتىپتۇ، مەن ۋاڭ دۇيجاڭغا، رەھبەرلىك ئالدىرىمىسۇن، ئۇ يەنە بىر مەزگىل چېنىقسۇن دېدىم.

— دېگەنلىرى دۇرۇس، بۇ ھەقتە مەنمۇ ئاڭلاپ خېلى خۇش بولدۇم.

— ھە راست، ئەنە سورايمەن، مانا سورايمەن دەپ ئۇنۇتۇپ قاپتىمەن. ئۇنىڭ گۈلچېھرە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

قانداق بوپتۇ، ئۇقتۇڭلامۇ؟

پاتەمخان ئانا ھەسرەتلىك تىنىدى:

— ئوغلىمىز خاتالىقنى تونۇپ خەت يازغان ئىكەن، گۈلچىھرە تېخىچە جاۋاب بەرمەپتۇ. بىچارە ئوغلۇمغا بەكلا ئىچىم ئاغرىپ قالدى.

— ئالدىرىما، خوتۇن، گۈلچىھرەنىڭ پەزىلەتلىك قىز ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. جاسارەت خېتىدە ئۆز خاتالىقىنى ھەقـقىي تۈردە تونۇغانلىقىنى بىلدۈرەلىگەن بولسىلا، ئۇنىڭ ئەپۇ قىلىشى چوقۇم، بولمىسا... بۇنىڭ ئۇچۇن ئۇرۇنسىز قايغۇرماي يەنە بىرسىنى تاپسا بولىدۇ. تۇرمۇش دېگەن شۇنداق نەرسە.

ئۇلار گۈلچىھرەنىڭ ئۇبدان تەرىپىنى خېلىغىچە قىلىشىپ بىر چاغدا ئۇخلاپ قالدى.

دېكابىرنىڭ ئاخىرلىرى ئىدى. بىر كۈنى ئەتىگەندە سىنىپتىن چۈشكەن بويى ئۆيگە كىرىپ كەلگەن جاسارەت بەكلا خۇشال كۆرۈنەتتى، نېمىدۇر بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتـقان ئانا ئوغلىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا تىكىلدى.

ئۇ ئانىسىغا گەپ قىلىش ئورنىغا يانچۇقىدىن گۈلچىھرەـنىڭ خېتىنى چىقىرىپ ئوقۇپ بەردى:

«جاسارەت:

سىزگە سالام!

خېتىڭىزگە كېچىكىپ جاۋاب يازدىم. خاپا بولمايدىغانـلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن. خېتىڭىزنى قايتا-قايتا ئوقۇدۇم. يۈرەكـتىن چىققان سۆز يۈرەككە ياقىدۇ دېگەن گەپ توغرا ئېيتىلغان ئىكەن. خېتىڭىز مېنى قايىل قىلدى. شۇ ۋەجىدىن ھاياتىمىزـنىڭ ئەينىكى بولۇپ قالسۇن دېگەن نىيەت بىلەن خېتىڭىزنى ساقلاپ قويدۇم.

ئادەم كۆڭلىدىكىنى بىلىش ئوڭاي ئەمەس، مېنىڭ نېمە

ئۈچۈن ئىلىم-پەنگە ئاشىق بولۇشۇمنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشىنىپسىز، «ئىلىم-پەننىڭ ئىنسان ئۇستىخىنىدىكى يىلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن ۋاقتىمدىلا، سىزنى ئوقۇشقا بارماسلىققا دەۋەت قىلغانلىقىم ئۈچۈن قاتتىق ئەپسۇسلاندىم» دېگەن قۇرلىرىڭىز مېنى تەسىرلەندۈردى.

«سۆيگۈنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئۆز ئارا ئىشەنچ، ئۆز ئارا بىر - بىرىگە ھەقىقىي مېھرى - مۇھەببەت بولۇش كېرەك» دېگەن سۆزىڭىزنى ئوقۇپ، سىزنىڭ بۇ جەھەتتىمۇ خېلى چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولغانلىقىڭىزنى بىلدىم. مۇھەببەت ماددىي بۇيۇم ئەمەس، ئۇنى پۇلغا سېتىۋالغىلى، سورىغان ئادەمگە بەرگىلى بولمايدۇ. ئىشىنىڭكى، مەن مۇھەببىتىمنى مەڭگۈ سىزگە تەقدىم قىلغانمەن. ئىنسانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىردىنبىر شەرت، ئۆز مۇھەببىتىگە ئەبەدىي سادىق بولۇشتۇر، سۆيگىنى ئۈچۈن ھەر قانداق مۇشكۈلنى يېڭەلەيدىغان بولۇشتۇر، مەن بۇ نۇقتىنى چۈشىنىمەن، شۇڭا مەن سىز ئۈچۈن...

«ئاچچىق كەلگەندە ئەقىل قاچىدۇ. ئاچچىقىمدا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي، سىزنى... بۇ جىنايىتىم ئۈچۈن ھازىرغىچە ئازابلىنىۋاتقانلىقىمنى بىلەمسىز؟ بۇ ئازابتىن قۇتۇلۇش-قۇتۇلماسلىقىم سىزنىڭ كەچۈرۈش-كەچۈرمەسلىكىڭىزگە باغلىق، ماڭا ئىشەنسىڭىز، مەن ئەمدى ھەرگىز شۇنداق...»

بۇ سۆزلىرىڭىزدىن ھەممىنى چۈشەندىم. ئەقلى-ھوشى جايىدا، ئاز-تولا ۋىجدانى بار ئادەم ئاداۋەت ساقلىمايدۇ. ئۆزىنىڭ نۇقسانىنى سېزىپ ئۇنى تۈزەتكەن ئادەم ئەقىللىقتۇر. مەن سىزگە بولغان مۇھەببىتىم ئۈچۈن ئۇنى مەڭگۈ ئۇنۇتتۇم ھەم كەچۈردۈم.

ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ ئويلاپ سۆزلە، دېگەن ماقال بار. مەن سىزنىڭ غۇرۇرىڭىزغا تېگىپ قويدۇم. بۇ قىلغىنىم توغرا

بولمىدى. سەۋەنلىكىمنى بىلىپ يەتكەن چېغىمدا قاتتىق ئۆكۈندۈم. تىلنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرسەڭ ساڭا خۇشاللىق ئېلىپ كەلمەيدۇ دېگەن سۆزگە ئىشەندىم.

سىز مېنى بىھۇدە ماختاپسىز، سىزگە ئېيتىپ قوياي، ئادەمنى كۆپ ماختاش ياخشى ئادەت ئەمەس، مەن بۇنداق قىلىشىڭىزنى ياقتۇرمايمەن، مەن ماختىغىنىڭىزچىلىك ئوقۇ-يالمىدىم. پەقەت ۋەتەننىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمەن، خالاس. پايتەختتە ئوقۇغانغا تۇش-لۇق بىلىم ئالمىسام ۋەتەن ۋە مېنى ئوقۇشقا ئەۋەتكەن قارا-ماي ئالدىدا نېمىدەپ جاۋاب بېرىمەن؟! مېنىڭ ئويلايدىغى-نىم ئەنە شۇ، شۇڭا...

سەيخۇا ئۆز خېتىدە دۈيجاڭ بولغانلىقىڭىزنى ئېيتىپتۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن سىزنى تەبرىكلەيمەن. شۇنى ئېيتىپ قوياي كى، ئىنسان دۇنياغا بىر قېتىم تۆرىلىدۇ، ھاياتتا ئەلنىڭ ئېسىدە قالغۇدەك ئىش قىلىش كېرەك. شۇ چاغدىلا ھاياتقا گۈزەللىك تەقدىم قىلغىلى بولىدۇ. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى چوڭ بىر دەرەخكە ئوخشاتساق، شەخسنىڭ ھاياتى ئۇنىڭ شېخىدىكى بىر تال يوپۇرماق. غازاڭ ھامان بىر كۈنى تۆكۈلۈپ چىرىپ تۈگەيدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ ئۆزىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان دەرەخكە گۈ-زەللىك بېغىشلىشى كېرەك. مەنىلىك ياشىمىغان ئىنساننىڭ قايسى بىرى ھاياتىدىن ئىز قالدۇرالىدى؟!

دادام، ئانامىلارنىڭ سالامەت تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپ قەۋەت خوش بولدۇم، ئۇلارنىڭ مېنى ياد ئەتكەنلىكىدىن بەك سۆيۈنۈپ كەتتىم. مەن ئۇلارنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئېلىپ كې-تەلىشىمگە ئىشىنىمەن.

ئوقۇشۇم ئالدىراش، پات-پات خەت يازمىسام، باشقىچە ئويلاردا بولۇپ قالماڭ. كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس. ھا-

زىرچە گەپلىرىدىم شۇ.

سىزنى سېغىنىپ گۈلچېھرە.

1982-يىل، 15-نويابىر

بېيجىڭ»

## 7

جاسارەت بېيجىڭگە قايتا كەلگەندىن بېرىدىقى بىر ھەپتىنى تەشۋىش، غەم-قايغۇ ئىچىدە ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ گۈلچېھرە بىلەن خەت ئارقىلىق ئەپلىشىپ قالغىنىغا ئىككى يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن دىدارلىشىش تېخىچە نېسىپ بولمايۋاتاتتى. چۈنكى گۈلچېھرە تەتىللەردىمۇ قارامايغا يولاپ باقمىدى. جاسارەت بۇ قېتىم سەپەرگە چىققاندا، ئۇنىڭ بىلەن بېيجىڭدە كۆرۈشەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچىسى كامىل ئىدى، لېكىن قېرىشقاندەك بۇ ئارزۇسى تېخىچە ئەمەلگە ئاشماي ئۇنى قىيناۋاتاتتى.

ئۇ دەسلەپ بېيجىڭگە كەلگەندە، گۈلچېھرە ئېكسكۇرسىيىگە كېتىپ قالغان، بۇ قېتىم شەرقىي شىمالنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ قايتىشىدا يەنىلا داگاگىدىن كەلمىگەنلىكىنى ئۇقتى. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ قېتىم گۈلچېھرە بىلەن داگاگىغا بارغانلار ئەسلىدە شۇ نېفىتلىكنىڭ يەر قاتلىمى بىلەن تونۇشۇپ شۇ ھەقتە ماقالە يازماقچى ئىكەن. ئەھۋال بۇنداق تۇرسا جاسارەتنىڭ تىت-تىت بولغىنىدىن نېمە پايدا دەيسىز؟

ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى قايتىش ئۈچۈن تونۇگۈن بىلەت ئېلىپ بولغان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن جاسارەت بۈگۈن مېھمانخانىدىن ھېچيەرگە مىدىرلىمىدى. گۈلچېھرە بۈگۈن كەلمىسە جاسارەتكە قاتتىق ئەلەم بولاتتى.

خىلىدىن بىرى كۆڭلىدە گۈلچىھرەنى ئويلاپ كارىۋاتتا ياتقان جاسارەت تومۇزنىڭ دىمىقىغا چىدىماي ئورنىدىن تۇرۇپ، ياتاقنىڭ ئىشىكىنى داغدام ئېچىۋەتتى. ئاندىن ئۇستاكانغا چاي قۇيۇپ قويماقچى بولۇپ، چايداننى ئالدى، شۇ ئەسنادا ياغاچ پوللۇق ئۇزۇن كارىدورنىڭ ئۇ تەرىپىدىن چىكىپ دەسسىگەن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ئانچە ئۆتمەستىن ياتاقنىڭ ئىشىكى ئالدىدا يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا گۈلچىھرە پەيدا بولدى.

— گۈلچىھرە!

— جاسارەت!

ئۇلار ھال-ئەھۋال سورىشىپ ياتاقتا بىرەر سائەتتەك ئولتۇرغاندىن كېيىن، ياتاقتىن چىقىپ بېيخەي باغچىسىدا شىرىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى...

**1985-يىل، 6- ئاي، قاراماي.**




كۆن قايرىلغان بولسىمۇ، نېفىتلىك بەئەينى تونۇردەك ئىسسىق ئىدى. 5- نېفىت قۇدۇقىنىڭ تېشىلگەن ماي تۇرۇبا لىنىيىسىنى قېزىش جېڭى تېخىچە جىددىي داۋام قىلىۋاتاتتى. تۇرۇبا ئالماشتۇرۇلۇپ قۇدۇق دەرھال ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلمىسە، ئەترەتنىڭ ئايلىق نېفىت ئېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىشىغا تەسىر يېتەتتى. شۇڭا ئىشچىلار بۇ لىنىيىنى قېزىشقا قاتتىق كىرىشىپ كەتكەن ئىدى.

كاناۋىنىڭ ئاياغ تەرىپىنى قېزىۋاتقان كامىل ئۇزۇنلۇقى ۋە چوڭقۇرلۇقى ئىككى مېتىر قېزىش ۋەزىپىسىنى تاماملاپ بولدى. ئانچە ئۆتمەي بۇيەرگە ئەترەت باشلىقى كەلدى. ئۇ كامىلنىڭ بىرىنچى بولۇپ ۋەزىپىسىنى تاماملىغانلىقىنى كۆرۈپ تولىمۇ خۇشال بولدى.

— يارايسەن يىگىت، يارايسەن!— ئەترەت باشلىقى تاڭ پۈمىن ھاياجىنىنى باسالماي قالدى. ئۇ قولىنى كاناي قىلىپ تۇرۇپ ئەتراپتىكىلەرگە كەينى-كەينىدىن ۋارقىرىدى،—

كامىل ۋەزىيەتنى ئۇرۇنلاپ بوپتۇ، ھەممىمىز كامىلدىن ئۆگىنەيلى! — ئۇ ئاندىن كامىلنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ بۇيرۇق ئاھاڭىدا قوشۇپ قويدى، — كامىل، سەن ئەتىگەن ئىشتىن چۈشكەندە، قايتقىن دېسەم ئۇنىماي يەنە ئىشلىدىڭ، ئەمدى بولدى قىل، ئادەم ئىشلەشنىمۇ، دەم ئېلىشنىمۇ بىلىش كېرەك.

بۇنىڭدىن ئىككى ھەپتە بۇرۇن كامىل كېچىلىك سىمېنتىدىن چۈشكەندە، كۈندۈزلۈك سىمېنىتقا چىققىدىغان بىر ئىشچى ئاغرىپ قېلىپ ئىشقا كېلەلمىدى. كامىل كېيىنكى سىمېنا باشلىقىنىڭ توسقىنىغا قارىماي، ئۇ ئىشچىنىڭ ئورنىغا ئىشلىدى. لېكىن بالا دەردىدە يۈرىكى زەردىگۈش بولۇپ كەتكەن ئانىسى ئوغلىنىڭ ئىشتىن ۋاقتىدا كەلمىگەنلىكىدىن ئەنسىرەپ تولىمۇ پاراكەندە بولغان ئىدى. شۇڭا شۇ تاپتا ئۇنى ئەتىرەت باشلىقى ئىشتىن چۈشۈشكە زورلاۋاتاتتى.

چېكە چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەن تىللاخان ئاچا ئۆيگە كىرىپ كارىۋاتقا ئولتۇرۇپ تۇرۇشىغا ئىشىك ئاستا قېقىلدى. ئەتىگەندىن بېرى كۆڭلى ئەنسىزلىككە چۈشۈپ ئىشىككە تولا قاراپ تاقەتسىزلىنىپ ئاران تۇرغان ئانا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئىشىكنى ئېچىۋېدى، ئوغلى كۆرۈندى. شۇندىلا ئۇنىڭ كۆڭلى ئارام تاپتى:

— بالام، ئەجەب كېچىكىپ كەلدىڭغۇ، يولۇڭغا تولا قاراپ كۆزۈم تۆت بولۇپ كەتتى.

ئانا دادىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشا يدىغان ئوغلىنىڭ بېشىدىن ئايىغىغا قايغۇ ئارىلاش مېھرىبانلىق بىلەن سىنچىلاپ قاراپ چىقتى. كامىلنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى پۈتۈنلەي ماي بولۇپ كەتكەنىنىڭ ئۈستىگە، توپا-چاڭ باسقان يۈز-كۆزلىرىمۇ ئادەم قارىغۇسىز ئىدى. ئۇ بۈگۈن ئىشتىن ۋاقتىدا كېلەلمىگەن

لىكىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ ئانىسىنى خاتىرجەم قىلدى-دە، ئالدىراش يۇيۇنۇپ، تامىقىنىمۇ ھاپىلا - شاپىلا يەپلا كىيىم ئالماشتۇرۇشقا كىرىشتى. بۇ ھالنى كۆرگەن ئانا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئېغىز ئاچتى:

— كەچ بولغاندا يەنە نەگە بارىسەن ئەمدى؟ بىر كېچە-كۈندۈز ئىشلەپ ھارغانسەن، تاماقنى سىڭدۈرۈپ ئوبدان ئارام ئالغىن!

— ئانا، خالمۇرات چاقىرىپ قويغان، چاقىرغان يەرگە بارمىسام سەت بولىدۇ.

ئانا نائىلاج ماقۇل بولدى:

— بارساڭمۇ بارغىن، لېكىن بەك كەچ قالمىغىن، مەن خۇش بولاي.

— ئانا، ئۇرۇنسىز غەم-ئەندىشە ھاياتنى خورىتىدۇ، بولمىغۇر خىياللارنى تولا قىلماڭ، مەن ئەمدى...

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. تىللاخان ئوغلىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىگە بىر تۇرۇپ چىنپۈتەتتى، بىر تۇرۇپ چىنپۈتمەيتتى.

ئوغلى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئانا ئۆيدە زادى ئولتۇرالماي قالدى. ئۇنىڭ ئىچى تىت-تىت بولۇپ، خالمۇراتنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بېقىش نىيىتىگە كەلدى.

نۇسرەت مېھمانخانىغا سەي بىلەن، يېڭى دەملەنگەن چاينى ئەكىرىپ بېرىپ چىققاندا، كىچىك ئۆيدە تۇرغان تىللاخان ئاچىنى كۆرۈپ ئەجەبلەندى. تىللاخان ئاچا ئۇنىڭ قولىغا شىۋىرلىغاندىلا، ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشىنىپ، ئىشىكنى يېپىپ قويدى. ئىككىسى چاي ئىچكەچ پاراڭغا چۈشتى.

— تىللاخان ئاچا، مېنىڭچە، پەقەت ئەندىشە قىلمىسىلا، كامىل ھەقىقەتەنمۇ ئۆزگىرىپتۇ.

نۇسرەت تۇنۇگۇن زاۋۇت بويىچە ئېچىلغان ئىشچى-خىز-مەتچىلەر يىغىنىدا رەھبەرلىكنىڭ كامىلنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ماختىغانلىقىنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ بەردى.

— دېگىنىڭىز راست، قىزىم، ئۇنىڭ دۇيجاڭىمۇ نەچچە قېتىم كېلىپ، ئۇنى ئالاھىدە ماختاپ بېرىپ كەتتى. جەرەنبۇ-لاقتا ئىشلەيدىغان ھەدىسى تۈنۈگۈن مېنى يوقلاپ كىرگەن ئىكەن، كامىل ھەققىدە ماقالە بېسىلغان گېزىتىنى ماڭا ئالا-ھىدە كۆرسەتتى. ئىشقىلىپ خۇدايىم ئىناپ بەرگەندەك قىلى-دۇ. يېقىندىن بېرى ئۇنىڭ سېتىۋالغان كىتابلىرى بىر ئىش-كاپقا پاتماي قالدى. كىتاب كۆرسە بېشى ئاغرىيدىغان كامىل-نىڭ كىتابقا شۇنچىلىك مەستانە بولۇپ كەتكىنىگە ئىچ-ئىچىم-دىن خوش بولۇۋاتىمەن.

— تىللاخان ئاچا، ھە راست، دەيمەن دەپ ئۇنتۇغىلى تاس قاپتىمەن، كامىل ئالدىنقى ھەپتە زاۋۇت بويىچە ئېچىل-غان يىغىندا ئەمەسمۇ، كەسىپي ئەخلاق تەربىيىسى توغرىسىدا تەسىرات سۆزلەش يىغىنىدا سۆزگە چىقىپ، ئاجايىپ قارشى ئېلىندى، ھەتتا بەزىلەر تەسىرلىنىپ يىغلىۋەتتى. مەنمۇ كۆز يېشىمنى توختىتالماي قالدىم، كەچتە خالمۇراتقا سۆزلەپ بەرگەن ئىدىم، ئۇ كېيىنكىگە تازا قايىل بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئويلى-نىپ بىر ۋاقىتقىچە ئۇخلىيالمىدى.

— ئۇنىمۇ ئاڭلىدىم قىزىم، سەندىن بىر گەپ سوراي، بۈگۈن خالمۇرات ھاراق ئەكەلدىمۇ؟ — تىللاخان ئاچا تاسادىپىي سوراپ قالدى.

نۇسرەت ئۆيدە بۇ ھەقتە بولۇنغان تالاش-تارتىشنى سۆزلەپ، مۇنداق دېدى:

— ئەكەلدى، ئەكەلمىگىن، ئىچمەيدۇ دېسەم، كېيىنكىگە پەقەت كىرمىدى. «كامىل ھاراقنى زادى ئىچمەيدىغان بوپتۇ

دېگەن كېيىنكىگە چىنپۇتمەيمەن. هاراقتا ئۆگىنىپ قالغان ئادەمنىڭ بىراقلا تاشلىۋېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس» دەپ پەقەت ئۇنىمىدى.

ئانا ھەسرەتلىك تىنىپ لىۋىنى چىشلىدى.

— قىزىم، خالمۇرات ئوغلۇمنىڭ جان - جىگەر دوستى، ئۇنى ئوبدان بىلىمەن. ئەگەر ئۇ بۇ يەردە يەنە هاراق ئىچىپ سالىدىغان بولسا، مەن ئۇ چاغدا...

ئانا ھەقىقەتەن ئوغلىنىڭ هاراقنى تاشلىۋەتتىم دېگىنىگە هازىرغىچە مۇتلەق ئىشەنمەي، تېخىچە ئەندىشىلىك خىياللاردا بولۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ روھىي هالىتىدىن بۇ هالنى سەزگەن نۇسرەت كۆڭلىدىكىنى ئوتتۇرىغا قويماي تۇرالمىدى:

— ئانا، كامىل ھەقىقەتەن هاراقنى تاشلاپتۇ، ئىچمەيدۇ، ئۇ قايتىپ كېلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن، زاۋۇت بويىچە ئېچىلغان ياشلار يىغىنىدا ئۆزگىرىش جەريانىنى سۆزلەپ: ۋەدىدىن يېنىۋالغىلى بولمايدۇ، لەۋزىدە تۇرمىغان ئادەمنى ئادەم دېيىش قىيىن، دېگەن ئىدى. قايتىپ كەلگەن ئىككى ئايدىن بېرى لەۋزىدە چىڭ تۇردى. كامىلنىڭ بۇ تەرىپىگە ھەممەيلەن قايىل بولغانلىقىنى دېيىشىۋاتىدۇ.

تىللاخان ئاچىنى تېخىمۇ قايىل قىلىش ئۈچۈن، نۇسرەت يېقىندا بولغان بىر تويدىكى ئولتۇرۇشتا ياشلار ھەر قانچە زورلاپمۇ كامىلغا هاراق ئىچكۈزەلمىگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

ئانا يەنە تازا ئىشىنەلمەي ئورنىدىن تۇرۇپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ دەلىزدىكە چىقتى - دە، تامغا يۆلەنگەن هالدا مېھمانخانىغا يوشۇرۇن كۆز تاشلىدى:

كۆركەم ياسالغان ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يۇمىلاق شىرەگە سېلىنغان قىزىل سۇلياۋ داستىخانغا تىزىلغان يېمەكلىكلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن بوش ئورۇن يوق ئىدى. كامىل بىلەن

خالمۇرات قارىمۇ قارشى ئولتۇراتتى.

خالمۇرات بىر دەمدىن كېيىن، ئىشكاپتىن هاراق ئالدى. ئۇ بىر رومكىنى تولدۇرۇپ قولىغا ئېلىپ، دوستى كامىلنى سىرتقا خىزمەتكە كېتىپ ۋاقتىدا چاقىرالمىغانلىقىغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى. ئاندىن قوي كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ تۇرۇپ پەس ئاۋاز بىلەن:

— ئاداش، مەن بۇ رومكىنى سېنىڭ ساق - سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىڭ ئۈچۈن كۆتۈرىمەن، — دەپلا ئاغزىغا بىراقلا كۆمتۈرۈۋەتتى. ئاندىن داۋام قىلىپ ئېيتتى، — ئاداش، ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇرغىن، ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا...

خالمۇراتنىڭ تولدۇرۇلغان رومكىنى كامىلغا سۇنغانلىقىنى كۆرگەن ئانا بەكمۇ ئالاقزادە بولۇپ كەتتى.

— قىزىم، قانداق قىلارمەن، كامىل هاراق ئىچىدىغان بولدى. كىرىپ توسۇۋالايمۇ، قانداق قىلاي؟

نۇسرەت كەسكىن رەت قىلدى:

— ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا تىللاخان ئاچا، مەن سىلىگە دېدىمغۇ، كامىل ئىسپىرتلىق ئىچىملىكنىڭ ئىنسان ئۈچۈن بەكمۇ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ، يىغىندا سۆزلىگەندە ئۇ ھەقتە ناھايىتى تەسىرلىك گەپلەرنى قىلدى، گېپىمگە ئىشەنسىلە، ئۇ ئىچمەيدۇ دېگەندىكىن ئىچمەيدۇ.

دېگەندەك خالمۇرات شۇنچە زورلاپمۇ رومكىنى كامىلغا ئالدۇرالمىدى. ئاخىرى بولماي ئىختىيارىغا قويدى.

— ئۇزاقتىن بېرى سەن بىلەن ئولتۇرۇشالمىدۇق، كالپۇكۇڭنى بولسىمۇ تەگكۈزۈپ قوي، قالغىنىنى مەن...

رومكىنى تەسلىكتە قولغا ئالغان كامىلنىڭ قارا قاتتەك كۆزى سۈپسۈزۈك هاراققا چۈشكەندە تېنى زەھەرلىك يىلان

چىقىۋالغاندەك شۈركەندى. ئىلگىرى ئۇنى كۆرسە تاڭلىيى لىكىلداپ تۇرالمايدىغان، ئولتۇرۇش بار دېسە، شۇنچە يىراق ئاقبۇلاقتا پىيادە چىقىشتىن يانمايدىغان كامىل رومكىغا تىكىلگىنىچە قاتۇرۇلغان ھەيكەلدەك تۇرۇپلا قالدى.

× × ×

دېگابىر كۈنلىرىنىڭ بىرى، كامىل دوستلىرى بىلەن نېفىت شەھىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بىر ئاشخانىدا راسا «ياشا» ۋاتاتتى. نۆۋەت كامىلغا كېلىپ بوتۇلكا قۇرۇقدالدى، شۇنىڭ بىلەن، ساقىيلىق قىلىۋاتقان دوستى ئۇنى ھاراق ئەكىرىشكە بۇيرىدى. كامىل شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقان ياشلار ئارىسىدىن دەلدەڭشىپ ئاران تۇردى ـ دە، سىرتقا ماڭدى.

ئۇنىڭ يانچۇقىدا پۇل يوق ئىدى. مائاشنى ئاينىڭ بېشىدىلا ئولتۇرۇشقا سەرپ قىلىۋەتكەنلىكى بىلەن «دوستلىرى» نىڭ نېمە چاتىقى دەيسىز؟!

ئىشىك ئالدىغا چىققان كامىلنىڭ گىرادۇسى بىردىنلا ئۆرلەپ، ئۆزىنى تېخىمۇ كۈچلىنىپ كەتكەندەك ھېس قىلدى. ئۇ ماي يۇقى پاختىلىق سىرتما چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىۋېتىپ، تونۇش ـ بىلىشلەردىن بىرەرسىنىڭ كېلىپ قېلىشىنى بىردەم كۈتتى. ئاندىن بولماي ئۇدۇل ئۆيىگە ماڭدى.

ئۇ ئېگىز ـ پەس دەسسەپ ئۆيىگە كەلگەندە، ئانىسى ئۇنىڭ كۆڭلىكىگە دەزمال سېلىۋاتاتتى. ئۇ كىرگەن پېتى ئانىسىدىن پۇل سورىدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن ھەممىنى چۈشەنگەن ئانا «نۆزەمبىللا يوق» دەپ تۇرىۋالدى. كامىل بۇنىڭغا كۆنسۇنمۇ؟ ئۇ جېدەل قىلىپ، بىچارە ئانىنى قەيەردىن بولمىـ

سۇن ئۇن يۇەن تېپىپ بىردىشكە قىستىدى. ئانا ئاغزىدىن قاچىسىق هاراق ھىدى كېلىپ تۇرغان ئوغلىنىڭ بۇ پۇلنى نىمىگە ئىشلىتىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، باھانە كۆرسىتىپ پەقەت ئۇنىمىدى.

جىلىن بولغىنىدىن گرادۇسى بارغانسېرى ئۆرلەپ كېتىۋاتقان كامىل يولسىزلىق قىلىۋەردى. ئانا سەۋرچانلىق بىلەن نەسىھەت قىلدى:

— بالام، دادىڭ ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن بېرى كىرىمىمىز ئازىيىپ كەتتى. پەقەت مېنىڭ مائاشىم بىلەنلا تۇرمۇش ئۆتكۈزۈۋاتىمىز، سەن بولساڭ...

— دادامدىن قالغان پۇل قېنى، تولا گەپ قىلماي، بانكىنىڭ چېكىنى بەر، بولمىسا ھېلى...

كامىل شۇنداق دېگىنىچە ئانىسىنىڭ ئالدىغا دىۋە يلەپ كەلدى، ئۇنىڭ ئەلپازى بەكمۇ يامان ئىدى، ئۇزاقتىن بېرى بالىسىنىڭ زەردىگۆش قىلىشى بىلەن مىجەزى چۇسلىشىپ كەتكەن تىللاخان يالۋۇرۇپمۇ، چېچىلىپمۇ، ھەتتا يىغلاپمۇ پەقەت گەپكە كىرگۈزەلمىدى. ئۇ ئانىسىنى چەكنى بېرىشكە قىستاۋەردى. ئانا ئاخىرى بومبىدەك پارتلاپ ئوغلىنىڭ كاچىتىغا زەردىسى بىلەن بىر - ئىككى شاپىلاق سالدى. ھەممىنى ئۇنتۇغان كامىل ئانىسىنى غەزەپ بىلەن ئىتتىرىۋەتتى ۋە بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالماستىن، خۇددى بۇلاڭچىدەك ئەلپازدا قولىنى قايرىپ بانكىنىڭ چېكىنى بېرىشكە مەجبۇرلىدى. بۇ چاغدا ئانىنىڭ قولى بېغىشىدىن چىقىپ كەتكەن ئىدى. قولىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىمىغان ئانا قاتتىق نالە قىلىپ يىغلا- ۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە ئاچچىق كىرىپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا، كامىل ناكاھ بولغان قولنى قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى...

* * *

كامىل بۇندىن ئىككى يىل بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن ئاشۇ دەھشەتلىك ۋەقەنى ئەسلەپ، بېشىغا چاقماق چۈشكەندەك تىترەپ كەتتى. قولىدىكى رومكا سىلكىنىپ، ھاراقنىڭ يېرىمى شىرەگە تۆكۈلدى.

كامىل تېخنىكا ئىشچىلار مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ ئىشقا ئورۇنلىشىش بىلەنلا، ھاراققا بېرىلىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ دائىم ھاراق ئىچىپ ئىشقا چىقمىغاندىن تاشقىرى، ھە دېسىلا ۋەقە تۇغدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى. تەشكىل ئۇنىڭ پېشقەدەم ئىشچىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى ۋە دادىسىنىڭ ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، تەربىيىلەپ ئادەم قىلىشقا كۈچەۋاتاتتى. ئەمما تەربىيە-نەسىھەتلەر ئۇنىڭغا ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك كار قىلمايۋاتاتتى. ئۇ ئانىسىنى بانكىنىڭ چېكىنى بېرىشكە مەجبۇرلىغان كۈنى، كەچتە ئاشخانىدا ھاراق ئىچىپ، بىرسىنى ھاراق ئەكىلىشكە زورلاپ جېدەل چىقارغان، ھاراق ئەكىلىشكە ئۇنىمىغان بىر-سىنى بىكاردىن-بىكار ئۇرۇپ بېشىنى يېرىۋەتكەن، بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان قوغداش خادىملىرى نەق مەيداندىن ئۇنى تۇتۇپ كەتكەن ۋە ئۇستىدىن ماتېرىيال تۇرغۇزۇپ ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىغا ئەۋەتىپ بەرگەن ئىدى.

— خالمۇرات، مېنىڭ نېمە ئۈچۈن ئەمگەك بىلەن تەربى-يىلەش ئورنىغا بارغانلىقىمنى بىلەمسەن؟! ساڭا مەلۇملۇققۇ، مەن ئىچىملىككە بېرىلىپ، نېمە ئەسكىلىكلەرنى قىلمىدىم، مېنى ئەڭ ئېچىندۇرىدىغىنى ئانامغا قىلغانلىرىم، — ئۇ ۋەقە تۇغدۇ-رۇپ قولغا ئېلىنىشتىن تۆت سائەت بۇرۇن ئانىسىغا قىلغان

زوراۋانلىقلىرى ئۈستىدە سۆزلەپ بەردى، — مەن بۇ قىلىقلىرىم ئۈچۈن مەڭگۈ ئازابلىنىمەن، ئانامغا تىكىلىپ قاراشقا جۈرئەت قىلالمايمەن. يەنە ئىچىشكە دەۋەت قىلىشىڭ بەكمۇ يولسىزلىق!

ئۇنىڭ كۆزىدە لىغىرلىغان ياشنى كۆرگەن خالمۇرات خىجىل بولدى.

— كەچۈر، ئاداش، مېنىڭ مۇشۇ گاللام...

كامىل كۆزلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، ھەسرەتلىك تىنىقىنچە ئېيتتى:

— مەن ئىچىملىككە بېرىلىپ، خەتەرلىك يارغا دومىلاپ چۈشكىلى تاس قالغاندىلا ئارقامغا ياندىم. كىمىكى ئىچىملىككە مەستانە بولىدىكەن بالا - قازاغا يولۇقماي قالمايدۇ. ئاخىرى ھايات گۈلىمۇ ۋاقىتسىز سولىدۇ. بۇ مېنىڭ ئۆز كەچۈرمىشلىرىمدىن ئالغان تەسىراتىم. مەن ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىدىن قايتىپ كەلگەندىن بېرى ئىش بىلەن خوشى يوق، ھاراقتا، ئويۇن - تاماشىغا خۇشتار، جېدەل - ماجىراغا ئامراق دوستلىرىمغا ئاچچىق سەرگۈزەشتىلىرىمنى سۆزلەپ بېرىۋاتىمەن. ئۆزگىرىش ئىپادىسى كۆرۈلگەنلەر بىلەن ئالاقە قىلىۋاتىمەن، گېپىم تەسىر قىلمىغانلار بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈۋاتىمەن، ھەتتا بەزىلەر ماڭا تەھدىت سېلىپ ئىلگىرىكى يولغا قايتۇرماقچىمۇ بولۇشتى. لېكىن مەن قىلتاققا چۈشمىدىم. ھايات تولىمۇ قىممەتلىك، ئۇنى مەنىسىز ئۆتكۈزۈپ، نابۇت قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ. ئىككىمىز جان دوست ئاغىنە، بىر - بىرىمىزگە كۆيۈنۈشىمىز كېرەك...

خالمۇرات گەرچە ھاراق ئىچىپ ۋەقە چىقارمىسىمۇ، لېكىن ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بارلاردىن ئىدى. شۇڭا ئۇ دوستىنىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىپ، شالاڭ كىرپىكلىرى نەملەشتى - دە:

ھاراقنى بېرىلىپ كەتكەن ئادەم ئۇنىڭدىن زادى مېھرىنى ئۈزەلمەيدۇ، دېگەن قارىشىنىڭ بىر تەرەپلىمە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى ۋە سەممىيلىك بىلەن كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاخىرىدا مۇنداق دېدى:

— ئاداش كامىل، بىر ئاز پەيزى قىلارمىزمىكىن دەپ-تىكەنمەن، ئۇقماپتىمەن، كەچۈرگىن... سېنىڭ ھاراقتىن بۇنداق ئاسان ئادا - جۇدا بولۇشۇڭغا كۆزۈم يەتمىگەن ئىدى. ھەقىقەتەن ئادەم ئۆزىدىكى ئەسكى قىلىقنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن باتۇر ۋە جاسارەتلىك بولۇشى كېرەك ئىكەن. مەنمۇ ئەمدى...

1987 – يىل.





# خۇشامەتچى

پازىلجان دوستىنى جاھازلىرى تولۇق، ئىككى تەرىپىگە ئۇزۇن كرېسلو قويۇلغان ئازادە مېھمانخانىغا باشلىدى. ئوتتۇرا بوي كەلگەن، چىرايى ئاپتاپتا قارىداپ كەتكەن، قارىغا مايىل كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان ساۋۇت ئاستىغا نىلون كىلىيونكا سېلىنغان ئۆيدە سەل قورۇنۇپ ئېھتىيات بىلەن ئولتۇردى. قولىدىكى نىلون تورنى كرېسلونىڭ باش تەرىپىگە قويدى. ئارقىدىنلا قول ياغلىقى بىلەن پېشانىسىگە تەپچىگەن سۈزۈك تەرنى سۈرتتى. ئاندىن تۇنجى قېتىم كىرگەن بۇ ئۆيگە ئىنچىكىلەپ سەپسېلىشقا باشلىدى.

بۇ ئازادە ئۆينىڭ ئىككى تېمىغا ئېسىلغان خوتەننىڭ چوغدەك رەڭدار گىلىمى ئاجايىپ گۈزەللىك بېغىشلاپ تۇراتتى، دېرىزىدىكى تەشتەكتە ئېچىلىپ كەتكەن ئاق، قىزىل

ئەتىر گۈللەر خۇش پۇراق چېچىپ، كىرگەن كىشىنى لاللىزار-لىققا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدۇراتتى.

ھەرىكىتى چاققان پازىلجان ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇل-غان يۇمىلاق شىرە ئۈستىگە كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە ئارىلىقتا كەمپۈت، قەنت - ناۋات، نان قاتارلىق نازۇ - نېمەتلەرنى تىزىپ ئۈلگۈردى. ئارقىدىنلا بۇغداي گۈللۈك پىيالىدە چاي ئەكەلدى. دەستىلەنگەن ناننىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىرنى ئېلىپ ئوشتۇپ قويدى. ئاندىن دوستىنى يېيىش - ئىچىشكە ئۈندەپ، يوشۇرۇن ھالدا ئۇنىڭ قانداق ھېسسىياتتا بولۇۋاتقانلىقىنى كۆزەتتى. دوستىنىڭ روھىي ھالىتىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىشنى سەزمىگەندىن كېيىنلا كۆڭلى خاتىرجەم بولدى.

— قېنى ئاداش، چايغا باققىن، — بۇ تەكەللۇپ سۆزى ئۆينى تاماشا قىلىۋاتقان ساۋۇتنىڭ دىققىتىنى داستىخانغا مەركەزلەشتۈردى، — چاينى تارتىنماي بەھوزۇر ئىچىپ تۇرغىن، مەن ھازىرلا...

— بايا ساڭا چاي ئىچىپلا يانىمەن دېمىدىممۇ، تولا كايىپ كەتمەي ئولتۇرغىن، ئولتۇرۇشۇۋالىدىغان پۇرسەتلەر يەنە كېلىپ قالىدۇ، شۇ چاغدا...

ساۋۇت قولىغا پىيالىنى ئېلىپ چايدىن بىر ئوتلاپ، ئۆي ئىچىنىڭ تىنچىقلىقىنى ھېس قىلغان بولسا كېرەك، دېرىزە پەردىسىنى قايرىۋەتتى.

— ئاداش ساۋۇت، مېنى تەمتىرەتمەي، جىندەك ئولتۇ-رۇپ تۇرغىن، سەي بولسىمۇ قورۇۋي ئەمىسە.

پازىلجان شۇنداق دېگىنىچە، ئاغزى ئىشىك تەرەپكە قارىتىپ قويۇلغان توڭلاتقۇنىڭ ئىشىكىنى ئاستا ئېچىپ ئاختۇرۇشقا باشلىدى. قولىغا گۆش بىلەن تۇخۇملار مانا مەن دەپ ئۇرۇنۇۋاتسىمۇ، چاندۇرماي خوتۇنىدىن ئاغرىندى:

— ئاپلا، ماۋۇ سەتچىلىكنى قارىماسەن، ھەممىنى تۈگىتىپ ئولتۇرۇپتىكەن ئەمەسمۇ، بىر - ئىككى تۇخۇم بولسىمۇ ھەيلىدى. ماۋۇ خوتۇنىنىڭ ماڭا دەپ قويمىغىنىنى قارىمامدىغان. ئەتىگەن دەپ قويغان بولسا گۆش ئالغاچ كەلمەسمىدىم. كالۋا خوتۇن دېگەنىنىڭ زادى... ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن ئاران بىر كەلگەندە، نانلارنىمۇ قىتىپ كەتكىنىنى دېمەمسەن تېخى...

بىر دەمدە نەچچە ياڭزا ئۆزگىرەلەيدىغان پازىلجاننىڭ يۇمىلاق كەلگەن ئاپئاق يۈزى تاتىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ توڭلاتقۇنىڭ ئالدىدىن شاقىلدە تۇرغاندا، ئۇنىڭ ئۆڭۈپ كەتكەن چىرايىنى كۆرگەن ساۋۇت ھېلى بۇ ئۆيدە بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى بولغاي، ئۇنى خاپا بولماسلىققا ئۈندىدى:

— ئاداش، ئۇنچىلىك خاپا بولۇپ كەتمە، ئايالىڭ ئىشقا ئالدىراپ ئۇنتۇپ قالغاندۇ، ئۇنى ئورۇنسىز ئەيىبلىمە، ئەگەر مېنى دەپ مۇشۇ ئىش تۈپەيلى ئايالىڭ بىلەن رەنجىشىپ قالىدىغان بولساڭ مەن رازى ئەمەس.

— ئاداش، بۇ جەھەتتىن خاتىرجەم بول، بەك قاملاشمىغان ئىش بولدى، چاي ئىچكەچ جىندەك ئولتۇرۇپ تۇرغىن، گۆش دۇكىنى مۇشۇ ئەتراپتىلا، ئۆيىمىزگە يېقىن. ئۇچقاندەك بېرىپ گۆش ئالغاچ، ئايالىمنىمۇ چاقىرىپ كېلەي، ئاران بىر كەلگىنىڭدە...

— ئاداش، سەن نېمىشقا گېپىڭگە ئەمەل قىلمايسەن. بايا ئالدىرايمەن، ئۆيۈڭگە بارالمايمەن دېسەم، ئۆيىنى كۆرۈپ بىر پىيالە چاي ئىچىپ كەتسەڭلا بولىدۇ دەپ تۇرۇۋېلىپ باشلاپ كەلمىگەنمىدىڭ، كۆڭلۈڭنى دەپ كەلگىنىمگە بۇنچىۋالا كايىپ كېتىشىنىڭ نېمە ھاجىتى ئەمدى؟ مەقسەت

يېمەك ـ ئىچمەكتە ئەمەس، گېپىمگە ئىشەن، مەن راستىنلا ئالدىرايمەن، ــ ساۋۇت شۇنداق دەپ سائىتىگە قارىدى.

پازىلجان سىرتقى نىيەت رايونىغا خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن چىققاندا، دوستى ساۋۇتنىڭ ئۆيىگە كىرمەي قويمايتتى. ساۋۇت ئۇنى دەسلەپكى قېتىمدا بىر پاقلىنىنى سويۇپ مېھمان قىلسا، كېيىنكى نۆۋەتتە ئۇنداق ھەشەمەتلىك تۈردە كۈتۈۋالالمىغاندىمۇ، ئۇنىڭ شەرىپى ئۈچۈن، قولۇم ـ قوشنىلىرىنى قاتناشتۇرۇپ يېرىم كېچىگىچە سوزۇلىدىغان ئولتۇرۇش ئۇيۇشتۇرۇپ بېرەتتى. لېكىن ساۋۇت يۆتكىلىپ كەلگەندىن بېرى ئۇنىڭ ئۆيىدە ھازىرغىچە بىرەر قېتىممۇ مېھمان بولۇپ باقمىغانلىقى (پازىلجانغا) ئايان ئىدى. شۇڭا پازىلجان ئۇنى كۆرۈنۈشتە بەكمۇ چىڭ تۇتۇۋالاتتى. ئۇ يەنە گەپ ئۇيناتتى:

ــ ئالدىرىما، ۋاقىت خېلى بار، دوستلۇق سۆز بىلەنلا ئىپادىلەنمەيدۇ. ئاران بىر كەلگەندە مۇشۇنداق غورىگىل قايتۇرۇشقا كۆڭلۈم ئۇنىمايۋاتىدۇ. مەن بەك خىجىل بولۇۋاتىمەن، ئاشۇ چاغلاردا قاچانلا سېنىڭ ئۆيۈڭگە چىقسام، سەن...

بۇ چاغدا، ساۋۇت تولىمۇ ئاق كۆڭۈل بولغاچقا: «دوستۇم راستىنلا مېنى ياخشى كۈتەلمىگىنىگە خىجىل بولۇپ شۇنداق قىلىۋاتىدۇ. بۇ ئۇنىڭ خىجىللىقىدىن بولۇۋاتقان ئىش» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ـ دە، باياتىن ئويلىغانلىرىنى يوشۇرمىدى:

ــ ئاداش، قەلبىڭنى چۈشىنىمەن، خىجىل بولما، بۈگۈن قىلالمىغاننى ئەتە قىلغىلى بولىدۇ. ئۆي دېگەندە ھەمىشە ھەممە نەرسە تەل بولۇپ كەتمەيدۇ. ئۆزۈڭ نېمە يېسەڭ، دوستۇڭغا شۇنى بەر دېگەن گەپ بار. مېنى مېھمان قىلىمەن دەپ سىرتقا چىقىشىڭغا يول قويمايمەن.

ساۋۇت دوستىنىڭ ئالدىنى توسۇپ تەستە ئارقىغا

ياندۇردى.

— ئۇنداق بولسا، بېيجىڭدىن ئالغاچ كەلگەن «ماۋتەي» دىن ئازراق بارمىكىن، شۇنىڭغا بولسىمۇ ئېغىز تېگىپ كەتكىن، ئۇ شۇنداق دەپ، كىچىك ئۆيدىن يېرىمدالغان ساپال بوتۇلكىلىق «ماۋتەي» نى ئەكىرىپ شىرە ئۈستىگە قويدى. ئاندىن چولاق ئىشكاپ ئۈستىدە تۇرغان رومكىنى ئېلىپ يۇيۇشقا باشلىدى.

ساۋۇت قارىماققا ياۋاشتەك كۆرۈنگەن بىلەن، خېلى چېچەن يىگىت ئىدى. ئۇ دوستىنىڭ ئەدەبسىزلىك قىلىپ، ئېچىپ قالغان ھاراقنى ئالدىغا ئەپچىقىپ ئىززەت ـ ھۆرمەتنى تۆككەنلىكىگە بەكمۇ خاپا بولدى ـ يۇ، لېكىن سەزدۇرمەسلىككە تىرىشتى. قورسىقىدا ئىلمىنىڭ سۇنۇقى يوق، ئۆزىدىن باشقىنى كالۋا سانايدىغان پازىلجان بۇ ھاراقنى بېيجىڭدىن ئېلىپ كەلگەنلىكى ھەققىدە ئادەمنىڭ غىدىقى كەلگۈدەك بىر تالاي گەپ ساتتى. ئۇ ئاز كەلگەندەك تېخىمۇ لاۋزىلىشىپ بۇ ھاراقنى ئەڭ يېقىن دوستلىرىلا ئىچىشكە مۇيەسسەر بولالايدىغانلىقىنى قەيت قىلدى.

— ئاداش، سېنىڭمۇ بۇنىڭغا رىسقىڭ چۈشۈپتىكەن، دېگەن بىلەن سەنمۇ خېلى تەلەيلىك جۇمۇ!

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، رومكىغا ھاراق قويۇشقا تەمشەلگەن ئىدى، ساۋۇت ئىنتىراز بىلدۈردى. دوستى بۇ ئىنتىرازنى ئېتىبارغا ئالمىغاچقا، تورمۇز تۇتۇپ قېتىپ كەتكەن قولى بىلەن ئۇنىڭدىن ساپال بوتۇلكىنى تارتىۋالدى.

— مۇنداق دېگىن، بىر رومكا «ماۋتەي» ھارىقى ئىچىشكە مۇيەسسەر بولغان ئادەم تەلەيلىك بولىدىكەن ـ دە، ئىچمەيمەن دېدىم ئىچمەيمەن. ئىشقا قاتناشقان ئون نەچچە

يىلدىن بېرى بىرەر قېتىممۇ هاراق ئىچىپ ئىشقا چىقىپ باقمىغان ئادەم ئەمەسمەن. ئىسسىل هارىقىمىزنى يەنە بىر كۈنى ئىچىشكە مۇيەسسەر بولۇپ قالارمەن.
ئۇنىڭ تەلەپپۇزى هەم قوپال، هەم قاتتىق ئىدى.
پازىلجان قولىنى ئۇۋۇلاپ بىر سىككۇنتچە جىم تۇردى ۋە بۇ ئارىلىقتا ساۋۇتنىڭ چىراي يىغا يوشۇرۇن قارىدى. ئۇنىڭ چىرايى ئۆزگەن بولۇپ، خاپىلىق تۇمانلىرى قاپلىغان ئىدى. پازىلجان زورىغا هىجىيىپ ئۇنىڭدىن رەنجىگەنلىكىنى بىلدۇردى:
— كۆڭلۈم ئۇچۇن بولسىمۇ بىرەر رومكا ئىچسەڭ ئۆلۈپ كېتەرمىدىڭ، ۋاقىت خېلى بارغۇ تېخى. ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئاياش دېگەننىمۇ ئۇقمايدىكەنسەن، ساۋاقدىشىم دەپ ئىززەت قىلغاننى بىلمىسەڭ، كۆڭلۈمگە كەلمەمدۇ؟!
— بورۇۋاي ئىشچىلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىسەنغۇ، ئەهۋالنى بىلىپ تۇرۇپ قىلىۋاتقان گېپىڭنى قارا، هەقىقىي دوست ئاغىنىسىگە كۆيۈنىدۇ، سەن... هاراق ئىچىپ ئىشقا چىقىش ئىشچىنىڭ پەزىلىتى ئەمەس.
ساۋۇت شۇنداق دەپلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئۇنىڭ روهىي كەيپىياتىدىن ئادەتتىن تاشقىرى بىر خىل جىددىيلىك چىقىپ تۇراتتى. پازىلجان دوستىنىڭ ئەلپازىدىن سەل چۆچۈدى - دە، قايسىدۇ بىر كىتابتىن ئوقۇغان: «ياۋاش ئادەم ئاچچىقلانمايدۇ، لېكىن ئاچچىقلانسا هېچقانداق گەپ كار قىلمايدۇ» دېگەن جۈملىنى ئېسىگە ئېلىپ، هاراقنى دەرهال ئېلىۋەتتى ۋە ئالدىراپ ئەپۇ سورىدى:
— بوپتۇ ئەمىسە، ئاداش، ساڭا بولغان يېقىنچىلىقىمنى بىلدۈرىمەن دەپ هاراق ئىچىشكە زورلاپ توغرا قىلماپتىمەن، خاپا بولما، بۇنداق قىلىپ كېتىدىغانلىقىڭنى بىلگەن بولسام...
ساۋۇت ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، ئۆيگە

سىمىزلىكتىن قورسىقى تۇغۇتى يېقىنلاپ قالغان ئايالدەك ئالدىغا چىقىپ كەتكەن سالاپەتلىك بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. ساۋۇت قائىدە يۈزىسىدىن دوستىغا ئەگىشىپ مېھمانغا قولىنى ئۇزاتتى. يېڭى مېھماننى كۆرۈپ قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قالغان پازىلجان چىرايىدىن كۈلكە ياغدۇرغانچە قارشى ئېلىپ تۆردىكى كرېسلوغا تەكلىپ قىلدى ۋە ئولتۇرا-ئولتۇرماي ئۇنى قايتىشقا ئالدىراپ تۇرغان ساۋۇتقا بىر تالاي ماختاش سۆزلىرى ئارقىلىق تونۇشتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىسمى ھاپىز بولۇپ، زاۋۇت باشلىقى ئىكەن.

پازىلجان ئۆزىنىڭ كادىرلىققا ئۆستۈرۈلۈشىدە كۆپ كۈچ چىقارغان بۇ زاۋۇت باشلىقىنى ئۇچرىغانلا ئادەمگە ماختاپ بېرىشكە، ئۇزاقتىن تەرىپىنى قىلىپ تونۇشتۇرۇشقا ئامراق ئىدى. ھەتتا زاۋۇت باشلىقىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن تىك قىيادىن سەكرەشتىنمۇ يانمايتتى.

پازىلجان زاۋۇت باشلىقىنى تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆز نۆۋىتىدە ساۋۇتنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— چاڭجاڭ، بۇ مېنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكىچە بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشىم، ئىسمى ساۋۇتجان، ئىككىمىز تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا قارامايغا كېلىپ، بۇرغىلاش باشقارمىسىغا تەقسىم قىلىنغان. دەسلەپتە ئۇ بۇرغىلاش ئىشچىسى، مەن ئاشپەز بولدۇم. ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە يىللار بىر ئورۇندا ئىشلىدۇق. كېيىن ئۇ خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىتلىكىگە يۆتكىلىپ كەتتى. ئانچە ئۆتمەستىنلا مەنمۇ × × زاۋۇتقا يۆتكەلدىم. مانا ئۇنىڭ ئەسلى ئورنىغا يۆتكىلىپ كەلگىنىگىمۇ بىر يىلدىن ئاشاي دەپ قالدى. تەقدىرنىڭ قىسمىتى بىلەن مەن كېيىنكى چاغدا كادىرلىققا ئۆستۈرۈلدۈم، ئۇ ھېلى-

ھەم بۇرغىلاش ئىشچىسى...

تونۇشتۇرۇشنىڭ ئاياغلىشىشىنى كۈتۈپ ئارانلا تۇرۇۋاتقان ساۋۇت زاۋۇت باشلىقىغا لاپپىدە بىر قارىدى - دە، ئۆزىنىڭ دەرھال قايتمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئىزاھلاپ، ئۆزرە سورىدى.

مېھمان بۇنىڭغا قارشىلىق قىلمىدى.

— مەن پازىلجاننىڭ مەزىلىك تاماقنى يەپلا تونۇشۇپ قالغان، مانا بۇ ئۇنىڭ نەچچە يىلدىن بېرى ئۇرۇق - تۇغقاندەك يېقىن ئۆتۈۋاتىمىز. سىز ساۋاقدىشى ھەم يېقىن دوستى ئىكەنسىز. بۈگۈن تونۇشۇپ قالدۇق، بەك خۇشالمەن. مۇگدىشىپ ئولتۇرغان بولساق بەك ئوبدان بولاتتى. بىراق ئىشقا چىقىدىكەنسىز، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئۆيگە كەلسىڭىز بىز تەرەپكىمۇ بېرىڭ، پازىلجان باشلاپ بارسۇن، قەدىرلىك دوستلاردىن بولۇپ قالايلى.

ساۋۇتنىڭ ئورنىدا پازىلجان ئالدىراپ ئىنكاس قايتۇردى:

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ، چاڭجاڭ.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەنلا، ساۋۇت ھەر ئىككىسى بىلەن خوشلىشىپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. كارىدورغىچە ئۇزىتىپ چىققان پازىلجان ئۇنى ئوبدان كۈتۈۋالالمىغانلىقى ئۈچۈن، يەنە ئەزۋەيلەپ قايتا - قايتا ئەپۇ سورىدى:

ئاداش، سىنى ئوبدان كۈتۈۋالالمىدىم، ئەگەر سەن ئىشقا چىقمايدىغان بولساڭ... پۇرسەت بولسىلا، خوتۇن - بالىلىرىڭنى ئېلىپ كېلىپ كەچلەپ كەت، رەنجىمەي قايتقىن جۇمۇ!

ساۋۇت پەلەمپەيدىن چۈشۈۋېتىپ دېدى:

— مېنىڭ مىجەزىمنى بىلىپ تۇرۇپ قىلىۋاتقان گېپىڭنى قارا، سەن مېنى تېخىچە... چاڭجاڭ مۇھىم ئىش بىلەن كەلگەندەك تۇرىدۇ، كىرىپ كەتكىن! خوش...

پازىلجان ئۆيگە كىرىشى ھامان، زاۋۇت باشلىقى راست-

تىنلا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

— چاڭجاڭ، تېزراق ئېيتسىلا تەقەززا قىلماي، نېمە خۇش خەۋەر ئۇ؟ تۈنۈگۈندىن بېرى زادى ئۇيقۇ قاپىقىم تارتىپلا تۇرغان دېسىلە.

— سىز بەك موللا تاپقاق جۇمۇ! نېمە خۇش خەۋەر بولاتتى، سىزنى فۇ كېجاڭلىققا ئۆستۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلاتنى يۇقىرى تەستىقلاپتۇ. ئۇ تۈنۈگۈن كەلدى، ئەتە تەستىقنى يەتكۈزدۇ، — زاۋۇت باشلىقى سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن داۋام قىلىپ دېدى، — قانداق، پازىل، قولۇمدىن ئىش كېلەمدىكەن، سىزنى چوقۇم كېجاڭلىققا ئۆستۈرىمەن دېسەم بۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا تازا ئىشەنمىگەنتىڭىز، ئەمدىغۇ ئىشەنگەنسىز؟ بىلىپ قويۇڭكى، مەن ئاسانلىقچە بىر ئىشقا تۇتۇش قىلمايمەن، قىلدىمما، ئۇنى بىر باشقا ئېلىپ چىقماي قويمايمەن.

— چاڭجاڭ، قولىڭىزدىن ئىش كېلىدىغانلىقىغا ھەقىقەتەن قايىل بولدۇم. بۇ شەپقىتىڭىزنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايمەن. سىزنىڭ يارىدىمىڭىز بولمىغان بولسا ... قىلغانلىرىڭىزنى چوقۇم ياندۇرىمەن!

پازىلجان ئاجايىپ چاققانلىق بىلەن يورغىلاپ يۈرۈپ، ھەش - پەش دېگۈچە شىرە ئۈستىدىكى يېمەكلىكلەرنى يەڭگۈشلەپ بولدى. ئەمدى شىرە ئۈستى يۇمشاق نان، ئەنجۈر مۇراببا سى، ئۈزۈم، ناۋات، ئالما - ئامۇت، كەمپۈت، پىرەنىك-تورت دېگەندەك نازۇ - نېمەتلەر بىلەن تولۇپ كەتتى.

پازىلجان يادەك ئېگىلگىنىچە زاۋۇت باشلىقىغا چاي سۇنۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— چاڭجاڭ، بۈگۈن يەكشەنبە، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئۈچۈن خۇشاللىق كۈن. ئۆزلىرىگە ئۇزاقتىن بېرى ئالاھىدە ساقلاپ كەلگەن ھارىقىم بار ئىدى. ئاز - تولىدىن ئىچىپ بىردەم

كۆكۈل كۆتۈرۈشكە تاۋىلىرى باردۇ، سىلى چاي ئىچكەچ تۇرسىلا، مەن شاپپىدە ئۇنىڭ زاكوسكىسىنى تەييارلاي، ئاڭغىچە خوتۇنمۇ كېلىپ قالىدۇ، ئۇ چاغدا ئوخشىتىپ ئېتىلگەن ئاچچىق-چۈچۈك ئۇگرىمۇ تەييار بولىدۇ.
ئاغزىغا ئەنجۈر مۇراببىاسى بىلەن نان كەپلىشىپ قالغان زاۋۇت باشلىقى بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۇردى.
ھايت - ھۇيت دېگۈچە سېمىز گۆش بىلەن لازىدىلا قورۇلغان ئىككى تەخسە قورۇما، قاملاشتۇرۇپ پىشۇرۇلغان چوڭ بىر بېلىقشىرەگە ھازىر بولدى. بۇ نەرسىلەرگە پېچەتتى بۇزۇلمىغان «ماۋتەي» ھارىقىدىن ئىككى بوتۇلكا ياندىشتۇرۇلدى. زاۋۇت باشلىقىغا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئولتۇرغان پارىلجان باياتىن بېرى تېز ھەرىكەت قىلغاچقا چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمگەن ئىدى. ئۇ يۈزىدىكى تەرلەرنى چالا - پۇلا سۈرتۈۋېتىپ، بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى - دە، ئەللىك گراملىق ئىككى رومكىغا تولدۇرۇپ ھاراق قۇيۇپ، بىرىنى غەيرىي ئىززەت-ئېكرام بىلەن زاۋۇت باشلىقىغا تۇتتى. ئاندىن ئۆزىنىڭ رومكىسىنى زاۋۇت باشلىقىنىڭ قولىدىكى رومكىغا «جاققىدە» تەگكۈزۈپ دېدى:
— سىزنىڭ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشىڭىزگە تىلەكداشمەن، مەن بۇ رومكىنى شۇنىڭ ئۈچۈن كۆتۈرىمەن.
زاۋۇت باشلىقى رومكىنى ئاغزىغا ئاپىرىپ تۇرۇپ جاۋابەن ئېيتتى:
— دېگىنىڭىزدەك بولسۇن، تەن ساقلىق زور بايلىق ئەمەسمۇ!
زاۋۇت باشلىقى رومكىنى ئاغزىغا كۆمتۈرۈپ ئاغزىنى يۇمۇشقا ئۇلگۈرگىچە، پارىلجان چوكىدا قىسىپ تەييارلاپ تۇرغان گۆشنى سېلىپ ئۈلگۈردى.

ئارقا - ئارقىدىن ئىچىلگەن «ماۋتەي» ھەر ئىككىسىگە تېزلا تەسىر قىلىپ، ئۇلارنىڭ چېكىلىرىدە پەيدا بولغان تەر تامچىلىرى مەرۋايىتتەك يالتىراشقا باشلىدى. زاۋۇت باشلىقى كالىدەك پۇشۇلداپ، ياغلىقى بىلەن تەرىنى ئېرتقاچ، سۆزلەپلا تۇراتتى:

— پازىل، سىزنى ئۆستۈرۈشكە ئاز كۈچ كەتمىدى جۇمۇ، تەشكىلات بۆلۈمىدىكى ئادىل دېگەن نېمە مەن بىلەن خېلى ئېلىشتى، ئۇ ھەدېسە، پازىل ئىقتىدارسىز دەپ، دوكلاتىنىڭ ۋاقتىدا يوللىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىپمۇ باقتى-يۇ، ئاخىرى مەن غالىب چىقتىم. ئۇبدان ئىشلەڭ، ھېساباتتا تۇتۇلۇپ قالىدىغان ئىش ھەرگىز يۈز بەرمىسۇن!

— شۇنداق، چاڭجاڭ، زاۋۇتتىكى بەزى «پىت ئۈچەي» لەرمۇ پازىلنىڭ قورسىقىدا ئۇماچ يوق، باشلىققا ياخشىچاق بولۇش ماھارىتىلا بار، ھازىر تاپان يالىغان ئادەم ئۆسىدىكەن، ھەقىقىي بىلىملىك كادىرلارنى ئۆستۈرۈش دېگەن پرىنسىپ ئېقى قەغەز، قارىسى سىيا پېتىچىلا قالدى، دېگەن گەپلەرنى تارقىتىپتۇدەك.

— ئۇستىمىزدە گەپ قىلغۇچىلار بېشىنى تاشقا ئۇرغىنى بىلەنمۇ بىزنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ، پەيتى كېلىپ قالسا ئۇنداقلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ، پىتنە قىلغىنىغا تويغۇزۇۋېتىمەن. خاتىرجەم بولۇڭ، مەنلا بولىدىكەنمەن سىزنى تېخى يەنە ئۆستۈرىمەن، ئەمما پەخەس بولۇش كېرەك، كىشى بار يەردە يېقىنچىلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن چىشىڭىزنىڭ ئېقىنى ئاز چىقىرىڭ، ئۆيگە نەرسە-كېرەك ئاپارغاندا بەكمۇ دىققەت قىلىڭ، دەرۋەقە بىزنى كۆزەتكۈچىلەر كۆپىيىپ كەتتى.

— ھە، راست، چاڭجاڭ، سىلىدىن بىر نەرسىنى سورايمەن دەپ ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن، ئېيتسىلا، مېنىڭ

توغرامدا زاۋۇت رەھبەرلىكىگە نارازىلىق خېتى كەلگەنلىكى راستمۇ؟

زاۋۇت باشلىقى ئالدىدىكى رومكىنى بىر كۆتۈرۈپلا بوشىتىۋېتىپ، ئاغزىغا سالغان گۆشنى مالاچلىتىپ چاينىغاچ جاۋاب بەردى:

— ھەئە، مەنمۇ دەيمەن دەپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ئۇ سىزنىڭ تۇرمۇش بۆلۈمىنىڭ كېچىكىلىقىغا ئۆستۈرۈلۈشىڭىزگە نارازى بولغۇچىلارنىڭ ئەرزىكەن. ئەمما خەتنى يازغانلارنىڭ ئىسمى يوق، بۇ ماھىيەتتە ماڭا بىلدۈرۈلگەن نارازىلىق.

— خەت يانلىرىدا بولغان بولسا، كۆرۈپ باققان بولسام.

زاۋۇت باشلىقى پورتمىنىنى ئاختۇرۇپ، ئارقا - ئالدىغا خەت يېزىلغان بىر ۋاراق قەغەزنى پازىلجانغا سۇندى. خەتنى بەكمۇ تېز لىكتە ئوقۇپ چىققان پازىلجان بىردىنلا شۈكلەپ كەتتى. ئارقىدىنلا زاۋۇت باشلىقىنىڭ تەلىپى بويىچە: «... پازىل كۆپ ئوقۇمىغان بىلەن تەخسىكەشلىك ماھارىتى ئۈستۈن، تاپان يالايدىغانلارنى ياخشى كۆرىدىغان باشلىقنى بىردەمدىلا ئىندەككە كەلتۈرۈۋالدى، ئۇنىڭ ئاشپەزلىكتىن بىراقلا كادىرلىققا ئۆسۈشى شۇنىڭ نەتىجىسى، ئۇ نەپىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ۋاستە تاللىمايدىغان ئادەم، ئادەتتىكى ئادەملەرگە نەپ بەرمەيدۇ، ئەمما ئىلىشقا ماھىر، نەپ چىقىدىغان باشلىقلاردىن ھېچنېمىنى ئايىمايدۇ، باشلىقلارغا قىلغان خۇشامىتى بەدىلىگە نەچچە ھەسسە نەپ ئۇندۇرۇۋالىدۇ...» دېگەن قۇرلارنى بىئارام بولغىنىنى چاندۇرماي ئۈنلۈك ئوقۇدى. بىراق زاۋۇت باشلىقىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ چىرايى بىردىنلا ئۆزگەردى.

— بىلدىڭمۇ، تېغىنىڭ ئۇچى ماڭا قارىتىلغىنىنى؟ خەپ! خەت يازغانغا بىر تويغۇزمىسام چاڭجاڭ بولماي كېتەي.

ئۇ ھاراقتىن ئۆزى بىر رومكا قۇيۇپ ئىچىۋەتتى.

پازىلجان خەتنى زاۋۇت باشلىقىغا بىرنۇۋېتىپ، كۆڭلىدىكى گۇمانىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

— چاڭجاڭ، بۇ خەتنى تەشكىلات بۆلۈمىدىكى ئادىل يازغاندەك تۇرىدۇ، بۇنىڭدىن بىر ھەپتە بۇرۇن ئىككىمىز گەپ تالىشىپ قالغاندا ئۇ مېنى «ھەي خۇشامەتچى، تاپان يالاپ ياشىغۇچە، ئادەمدەك ياشىساڭ بولمامدۇ» دەپ تىللىغان ئىدى.

— توغرا، دەل شۇ. ئۇ بەكمۇ سەزگۈر نەرسە، ئېھتىيات قىلمايمۇ بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئەدىبىنى بېرىدىغان چاغلارمۇ كېلىپ قالار، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، خۇشامەتچىلىكمۇ بىر «سەنئەت»، ئۇنى قولىدىن كەلگەنلەر قىلالايدۇ.

دالاندا ياتىن ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا بولغان سۆھبەتنى ئاڭلاپ تۇرغان ساۋۇت ئارقىسىغا يېنىپ كارىدورغا چىقتى. ئۇ، شەھەرنى يېرىم كۈن ئارىلاپ ئاران دېگەندە تېپىپ سېتىۋالغان ئاياغنى پازىلجاننىڭ ئۆيىدە ئۇنتۇپ قالغان ئىدى. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىرى قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئاياغنى ئېلىپ كېتىش قارارىغا كەلدى.

ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىگە يېرىم سائەتتىن ئاشقان ساۋۇت يەنە دالانغا كىردى - دە، قىزىل نىلون پەردىنىڭ يوچۇقىدىن ئۆي ئىچىگە سەپسېلىپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، يۈرەكلىك ھالدا پەردىنى قايرىپلا ئۆيگە كىردى. قولىغا رومكىنى ئېلىپ زاۋۇت باشلىقى بىلەن سوقۇشتۇرۇشقا تەييارلانغان پازىلجان ئۇنى كۆرۈپ مەڭدەپ قالدى، قولى تىترەپ رومكىدىكى ھاراقنىڭ يېرىمى شىرەگە تۆكۈلدى، ئۆزى بولسا خۇددى يېلى چىققان توپتەك لاسسىدە بوشاپ بېشى يەرگە ساڭگىلىدى. زاۋۇت باشلىقىمۇ ئوڭايسىزلانغىنىدىن زۇۋان سۈرۈشكە پېتىنال-

مىدى. ساۋۇتنىڭ تۇيۇقسىز كىرىپ كېلىشى ئۇلارنى قاتتىق گاڭگىراتقان ئىدى.

ساۋۇت كىرىپلونىڭ باش تەرىپىدىكى ئاياغ سېلىنغان تور سومكىسىنى ئالدى ـ دە، دېدى:

ـ كەچۈرىسىلەر، كەيپىڭلارنى بۇزدۇم، بالام ئۈچۈن سېتىۋالغان بۇ ئاياغنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، بېكەتكە بارغاندىلا ئېسىمگە كەلدى.

ئۇ شۇنداق دەپلا ئىتتىك بۇرۇلۇپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. سوراققا تارتىلىۋاتقان جىنايەتچىدەك بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان پازىلىجان زوۋان سۈرۈش تۈگۈل ئورنىدىن تۇرۇشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى.

ساۋۇت بېكەتكە كېتىۋېتىپ ئويغا چۆمدى، پازىلجاننىڭ ئۆيىدە بولۇنغان سۆھبەتنى، شىرە ئۈستىگە قويۇلغان نازۇنېمەتلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە، قاراماي يۆتكىلىپ كەلگەندىن بېرى پازىلجان ھەققىدە ئاڭلىغان گەپ ـ سۆزلىرىنىڭ ھەقىقەتەن راستلىقىغا ئىشەندى، دوستىغا بولغان مۇھەببەت نەپرەت بىلەن ئالماشتى.

ئازادە ئاسفالت يولدا شىمالغا قاراپ ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان ئاپتوبۇستا خىيالغا پېتىپ ئولتۇرغان ساۋۇت قايسىدۇر بىر كىتابتىن يادلىۋالغان «خۇشامەتچى ئادەم زەھەرلىك، تەلەپكارى ئاندىن خەتەرلىك» دېگەن ئىككى مىسرا شېئىرنى ئىچىدە تەكرارلايتتى.

1988 ـ يىل، 3 ـ ئاي، قاراماي.

ئابدۇرېھىم ئابلىمىت

# تىنىمسىز خىياللار

## «يۈك»

ئۆينىڭ جىمجىتلىقىنى ئىشىكنىڭ غىچىلداپ ئېچىلىشى بۇزۇۋەتتى. كەچلىك تاماق يەۋاتقان ئۆي ئىچىدىكىلەر ئىشىك تەرەپكە لاپپىدە قاراپ قويۇپ، يەنىلا تاماق يېيىشنى داۋاملاشتۇردى.

ئۆيگە كىرگەن 17 — 18 ياشلاردىكى بىر يىگىت ھەرىكەتسىز ھالدا پەگاھتا ئۆرە تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ چىرايى سۇلغۇن، بېشى ساڭگىلىغان بولۇپ، خۇددى گۇناھكار كىشىگە ئوخشايتتى.

ئۆي ئىچىدە قوشۇقلارنىڭ چىنىلەرگە ئۇرۇلۇشى، تۆردە ئولتۇرغان 50 ياشلار چامىسىدىكى كەكە ساقال كىشىنىڭ قىسقا ـ قىسقا يۆتىلىپ قويۇشىدىن باشقا ھېچقانداق سادا چىقمايتتى. يىگىت ئورنىدا ئالاھازەل 10 مىنۇتچە قېتىپ تۇرغاندىن كېيىن، دېرىزە يېنىغا قويۇلغان ئىشكاپقا يۆلەنگەن ھالدا زوڭزىيىپ ئولتۇردى ـ دە، تىرنىقىنى تاتىلاشقا باشلىدى.

— مە، مانى قارنىڭغا تىق!

يىگىت ئاستا بېشىنى كۆتۈردى ۋە قوللىرىنى ئۇزىتىپ، ھورى چىقىپ تۇرغان بىر چىنە پولۇنى ئاۋايلاپ ئالدى. ئۆي ئىچىدە كىشىنى بۇرۇختۇم قىلىدىغان ئېغىر جىمجىتلىق يەنە ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى.

بۇ ئائىلىدىكى تېخى تۈنۈگۈنكى شادلىق، كۈلكە ـ چاق-

چاقلار مانا بۈگۈن ئاللىقاياقلارغا غايىپ بولغان ئىدى. بۇ كۆڭۈلسىزلىككە سەۋەب بولغان ۋەقەلەر يىگىتنىڭ خىيال ئەينىكىدىن بىر-مۇ بىر تىزىلىپ ئۆتۈۋاتاتتى: شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئالدى بۈگۈن ئەتىگەندىلا ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان. بۇ يەردىكىلەرنىڭ كۆپ قىسمى دېگۈدەك ئوقۇغۇچىلار بولۇپ، يۈزلىگەن جۈپ كۆزلەر دەرۋازىنىڭ ئوڭ يېنىغا چاپلانغان قەغەزدىكى سان - سىفىر، ئىسىم - فامىلىلەرگە تىكىلگەن؛ بەزىلەرنىڭ چىرايىدا شادلىق تەبەسسۇم جىلۋە قىلسا، يەنە بەزىلەرنىڭ چىرايىدا مەيۇسلۈك، ئۈمىدسىزلىك ئالامەتلىرى ئەكس ئېتەتتى...

توپىنىڭ ئىچىدىن قاڭشارلىق، كۆزلىرى چوڭ، ئوتتۇرا بويىلۇق بىر بالا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا ئاستا مېڭىپ كەتتى. ئۇ گويا ئەس - ھوشىنى يوقاتقان كىشىدەك پۇتلىرى كالامپايلىشىپ، يول بويىدىكى ئىستولبىغا يۆلىنىپ قالدى ۋە خىيالغا كەتتى:

«قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۆيگە نېمىمۇ دەپ بارارمەن؟ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگىنىمنى ئېيتسام، شۇ ئاچچىقى يامان دادام تېرىكىپ زەردە قىلىدۇ. مانا ئەمدى ئاتا - ئانام تۈگۈل ھەتتا ئۇكىلىرىممۇ ماڭا يامان كۆز بىلەن قارايدۇ...»

ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە يول ئالدى... ئۇ تاكى كەچ بولغانغا قەدەر كوچىلاردا ئېغىر خىيال يۈكىنى شىللىسىگە ئارتىپ يۈردى. ئۈچەيلىرىنىڭ تارتىشىشىدىن ئەتىگەندىن بېرى بىر نەرسە يېمىگەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئاتا - ئانىسىنىڭ دوق قىلىشىنى يۈرىكى تۇيۇپ تۇرسىمۇ، ئاخىرى نامازشام بىلەن ئۆيگە قايتىشقا مەجبۇر بولدى...

ئەنە، ئۇ ھازىر پەگادا ئولتۇرىدۇ، ئۇكىلىرىمۇ ئۇنىڭغا

ئۆيدەك ئالىپ قويۇشىدۇ. دادىسى قاسىم ئاخۇنىڭ كەكرىدەك ئاچچىق سۆزلىرى تۇرسۇننىڭ يۈرىكىگە نەشتەردەك سانجىلماقتا:

— ھۇ، ئەقلى يوق كالۋا! ھە دېسە كىتاب پۇلى، ئوقۇش پۇلى... دەپ يانچۇقۇمنى قۇرۇقداپ قويدۇڭ. سېنىڭ ئورنىڭغا ئىتنى باققان بولسام بوپتىكەن. ئىسست، ساڭا ئۇن يىلنىڭ بويانىدا بەرگەن ئاش - نان، پۇل - پىچەكلىرىم!

تۇرسۇن ئۆز دادىسىنىڭ بۇنداق ئاھانەت ۋە خورلۇقلىرىدىن گويا ئاسماندىن تاشلىۋەتكەندەك تېپىرلاپ، كۆز چاناقلىرى لىققىدە ياش بىلەن تولدى...

مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئانىسى شەرۋانىخان زەھرىنى چاچتى:

— ۋاي نان قېپى، ھارام تاماق! ئۆتكەندە مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىپ، ھۈنەر ئۆگىتەيلى دېسەم، ئوقۇيمەن دەپ تۇرۇۋالدىڭ. مانا ئەمدى ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي، بىزگە ئوشۇقتىن ئوشۇق يۈك بولىدىغان بولدۇڭ!...

شەرۋانىخاننىڭ سۆزىنى تۇيۇقسىز ئۆيگە كىرىپ كەلگەن سېلىمىخان ئۈزۈپ قويدى.

— شەرۋانىخان، كۆرمەملا، خۇشلۇقىمدىن ئۆزۈمنى يەتتە قات ئاسماننىڭ قەھرىدە تۇرغاندەك سېزىۋاتىمەن.

— بەك خۇشالغۇ سىلە، گۆھەر تېپىۋاللىمۇ نېمە؟

— ۋاي ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئىش بولدى دېسىلە، قىزىمىزنىڭ تەلىيى ئوڭ كەلدى!

— ئوبدانىراق يەردىن ئەلچى كەلگەن ئوخشىمامدۇ، سېلىمىخان؟

— ياق، روشەنگۈل ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، ئۈرۈمچى دېگەن كاتتا شەھەرگە ئوقۇشقا بارماقچى، دېسىلە!

— ھە!؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، شەرۋانىخانىنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى...

— مەن سىلىنىڭ تۇرسۇنجانىمۇ ئۈرۈمچى تەرەپكە ئۆتكەن بولسا، يولدا قىزىمغا ھەمراھ بولۇپ، بىللە ماڭسىكىن دېگەن ئىدىم...

— نەدىكىنى، — شەرۋانىخان ئوغلىغا سەت بىر كۆلىيىپ قويۇپ دېدى، — بۇ دۆت ئۈرۈمچىگە بارالامدۇ، دەيلا؟ ئۈرۈمچى تۇگۇل مەدىكار بازىرىدىنمۇ ئورۇن چىقمىغۇدەك بۇنىڭغا...

سىلىمخانىنى ئۇزاتقىلى چىقىپ كەتكەن شەرۋانىخانىنىڭ سۆزىنى قاسىم ئاخۇن داۋام قىلىپ، تۇرسۇنغا دوق قىلدى:

— ھوي شورى قۇرغۇر! قارىغىنا، ئاشۇ روشەنگۈلچىلىك بولالمىدىڭمۇ - ھە؟ قىز بالا جېنىدا ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ ئۈرۈمچىگە ماڭىدىكەن، سەن ئويۇنچى نېمىش قىلدىڭ!؟

شۇ ئارىدا زوردۇن مۇئەللىمنىڭ ئۆيگە كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن قاسىم ئاخۇن، سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئىلاج بوغۇزىغا يۇتتى ۋە مۇئەللىمنى سوغ قارشى ئالدى:

— كەلسىلە مۇئەللىم، بۇ ياققا كەپ قاپلا؟

— ھە، تۇرسۇننى يوقلاپ كېلىۋېدىم.

تۇرسۇن گويا بىر ھىمايىچىغا ئېرىشكەندەك، خېلىلا تېتىكلىشىپ قالدى.

ئۇ گەپنى ئۇلغايتىۋەتمەسلىككە تىرىشىپ، لىۋىنى چىڭ چىشلىدى:

— مۇئەللىم مەن...

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، تۇرسۇن، مەن ئىشىڭىزدىن ئەنسىگەندىلا خەۋەر تاپقان... تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، يەنىمۇ تىرىشىدىغانلا بولسىڭىز، گەپ يوق كېلەر يىلقى ئىمتىھاندىن چوقۇم ئۆتىسىز!

— ۋاييەي، يەنەشۇ ئوقۇشنىڭ گېپىمۇ مۇئەللىم، — شەرۋانىخان ئەزۋەيلەپ سۆزلىدى، — قولىقىم ئاڭلىمىسۇن ئوقۇش دېگەننى، ئوقۇسا يەنە شۇنچىلىك ئوقا!؟ مەدىكار ئىشلەپ پۇل تاپسۇن ئۇ!

— بۇنداق دېيىشلىرى بولمايدۇ، — دېدى مۇئەللىم چۈشەندۈرۈپ، — تۇرسۇن ئەسلىدە دەرستە ياخشى ئوقۇغۇچى ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ يىلقى دۆلەتلىك ئىمتىھانىدا 20 نومۇر كاملاپ قېلىپ تاللانماي قالدى. يەنە بىر يىل دەرسلىرىنى تەكرارلىسۇن. مەن ياردەم قىلاي، — ئۇ، ئۆپكىدەك يىغلاۋاتقان تۇرسۇننىڭ بېشىنى سىيلاپ، ئۇنىڭدىن سورىدى، — دەرسلىك ماتېرىياللىرىڭىزنى يوقاتمىغانسىز؟

تۇرسۇن جاۋاب بېرەي دەپ تۇرۇشىغا، ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا ئولتۇرغان يەتتە ياشلىق ئۇكىسى چۇرقىرىدى:

— دادام چۈشتە ئاكامنىڭ كىتاب - دەپتەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋەتتى!

1983 - يىل، قەشقەر

# «قالپاق»

كىشىلەر: «بەخت دېگەن ھالال مېھنەت، پېشانە تەرىدىن
كېلىدۇ» دېيىشىدىكەن. بۇنداق دېگۈچىلەر ئۆز بەختىنى جاپا-
لىق ئەمگەكتىن تاپماقچى بولۇشىدۇ. مەنچۇ؟ مەن بولسام
«بەخت» ئۈچۈن ئۇنچىۋالا جاپا چېكىشنى خالىمايمەن. ئۇنىڭ-
سىزمۇ مەن بەختلىك ياشاۋاتىمەن، بەزى كىشىلەر مېنىڭ بۇ
بەختىمدىن نەپرەتلىنىشى مۇمكىن. ئۇلار نەپرەتلەنسە نەپرەت-
لىنىۋەرسۇن؛ مېنىڭ پەرۋايىم پەلەك!

× ×

ھېلىقى مالىمانچىلىق يىللىرىدا ئوقۇشقا — ئالىي مەك-
تەپكە مېڭىشىم خۇددى بىر ئەمانى بىرسى يېتىلەپ ماڭغاندەك
بىر ئىش بولدى. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئاشۇ قەدىمىم
مەن ئېرىشكەن «بەخت»نىڭ مۇقەددىمىسى بولدى.

ئاشۇ يىللاردا تاغام مائارىپ بۆلۈمىدە ئىشلەيتتى. تۇغ-
قان دېگەن تۇغقان ئىكەن. تاغام مېنى ئالدى بىلەن يېزا
تەشۋىقات دۈيىگە ئورۇنلاشتۇردى. كېيىن «تەشۋىقات خىزمە-
تىدە ئالاھىدە نەتىجە ياراتقان»لىقىم ئۈچۈن ئۆزى بىۋا-
ستە تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئالىي مەكتەپكە يولغا سالدى...

يىللار چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ، ئالىي مەكتەپ ھاياتىمنى تاماملاپ، ئۆز ناھىيەمگە تەقسىم قىلىندىم. ناھىيىنىڭ مەسئۇللىرى مەندەك بىر ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن كىشىنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىگە ئورۇنلاشتۇردى. بىر - ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، مېنىڭ بۆلۈمدىكى خىزمەت ۋەزىپەمنىمۇ ئۇقتۇرۇشتى — ئاساسلىق ۋەزىپەم يۇقىرىدىن كەلگەن تەشۋىقات خىزمىتىگە دائىر ماتېرىيال، ھۆججەتلەرنى تەرجىمە قىلىش، بەزى ماتېرىياللارنى يۇقىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاشتىن ئىبارەت بولدى. «بۇغداينىڭ بانىسىدا قارىمۇق سۇ ئىچىپتۇ» دېگەندەك، مەن بۆلۈمدىكى غولام ئىسىملىك بىر ئۇستا تەرجىمان يىگىتنىڭ ياردىمىگە مۇيەسسەر بولدۇم. توۋا، جاھاننىڭ ئىشلىرى ئاجايىپ ئىكەن. غولام دارىلمۇئەللىمىندە ئىككى يىل ئوقۇش ئارقىلىق، تەرجىمانلىقنىڭ ھۆددىسىدىن بىمالال چىقالايدىكەنۇ، بىراق بۆلۈم باشلىقلىرى ئۇنى «ۋاي» دەپ كەتمەيدىكەن. مېنىچۇ؟ مەن بۇ ناھىيىگە كەلگەن كۈنۈمدىن باشلاپلا، ھەممەيلەن ماڭا قانداقتۇ چوڭ بىر ھىمايىچىگە ئېرىشكەندەك «ۋاي» دېيىشىپ، بېشىدا كۆتۈرگۈدەك بولۇپ كېتىشتى. دېمىسىمۇ مەن دېگەن شۇنداق قىلىشقا لايىق ئادەم. چۈنكى، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن - دە!

مەن كۆپىنچە خىزمەتلەرنى غولام بىلەن بىرگە ئىشلەيتتىم. راستىمنى ئېيتقاندا، خىزمەتلەرنى ئۇنىڭسىز ئىشلىيەلمەيتتىم. غولامىمۇ ياۋاش يىگىت بولغاچقا، دېگەن ئىشلىرىمنى دەرھاللا قىلىۋېتەتتى. قىز بالا دېگەن — ئوت، يىگىت دېگەن — قوغۇشۇن ئەمەسمۇ؟! مەن ھەر قېتىم ئۇنىڭ يېنىغا كەلگىنىمدە، جېنىمنى ئېلىپ جاڭگالدا قويارلىق ناز - جىلۋىلىرىم بىلەن ئۇنى ئۆزۈمگە مەھلىيا قىلىۋالاتتىم ۋە ئامالسىز قوياتتىم...

ئالىي مەكتەپتىكى ھايا تىم پۈتتۈنلەي شۇئار تووْلاش بىـ
لەن خۇددى ئېقىن سۇدەك ئۆتتۈپتىكەن. خىزمەتكە چىققاندىـن
كېيىن، بۇ يەردىكى باشلىق تاغامنىڭ يۈز - خاتىـرىسـى ۋە
«ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن» دېگەن شەرەپلىك نامىم ئۈچۈنلا
كىشىلەر مېنى ھۆرمەتلەيتتى، ئەتىۋالاپ ئىشلىتەتتى...

مەن مەشغۇلات ۋاقتى ۋە تۈزۈم دېگەنلەرگە ئانچە ئېـرەڭ
قىلىپ كەتمەيتتىم. خالىغان ۋاقتىمدا ئىشقا چىقىپ چۈشەلەيتـ
تىم. باشقىلار مېنىڭ ئۈستىمدىن گەپ قىلىشقا پېتىنالمايتتى
ھەم ئۇنداق قىلىشقىمۇ ھەققى يوق ئىدى. چۈنكـى، مـېنىـڭ
كۈچلۈك ئارقا تىرىكىم بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالىي مـەكـتەپنى
پۈتتۈرگەن - دە، مەن!

ئاردىن ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى، بۆلۈمنىڭ تەرجىمانـ
لار گۇرۇپپىسىغا مەسئۇل قىلىپ بېكىتىلدىم. «مـەسئۇل!» ...
ئايھاي، بۇنىمىدېگەن كاتتا سۆز - ھە؟! ئەمدىكى ئىشـلىرىم
تېخىمۇ ئوڭاي بولۇشقا باشلىدى. مەن دېگەن مەسئۇل كىشى،
قول ئاستىمدىكىلەر قاقسام قوزۇق، ماڭسام قويـرۇق بولـىدۇ.
مەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسنى غولامغىلا ئىتتىـ
رىپ قويىمەن. ئۇنـىڭ تېز ھـەم سۈپـەتـلىـك ئىشلىـشىنى
جىكىلەيمەن ...

مۇشۇ كۈنلەردە ئىشلىرىم كۆڭلۈمدىكىدەك ئوڭۇشلۇق كېتە
ۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بىر ئىشتىن كۆڭلۈم پاراكەندە ئىـدى.
مەن بىلەن تەڭ ياشتىكىلەرنىڭ ھەممىسى توي قىلىپ، ئالدى
بىر - ئىككى بالىغا ئانىمۇ بولۇپ قالدى، ماڭـا تېـخى بىـرەر
يىگىتمۇ ئېغىز ئېچىپ باقمىدى. ئۆزۈمچە جىلە بولىمەن، ئازابـ
لىنىمەن. ئىكلىمە ئەينەك ئالدىدا تۇرۇپ، بىر ھازاغىچە تـۇرـ
قۇمغا قاراپ كېتىمەن:چىرايىممۇ يامان ئەمەس. بىراق، ئۇسـ
تىخىنىم سەل قوپالراق.رەندە سىلىپ تۈزلىگىلى بولسىمۇ كـاشـ

كى ... شۇنداق بولغىنىم بىلەن خېلى - خېلى يىگىتلەرنى ياراتمايمەن. ئۆزى يارىغان تەقدىردىمۇ، خىزمەت ئورنى ۋە كەسپى جەھەتتىن پەقەتلا يارىمايدۇ. كىشىلەرنىڭ ئالدى - كەينىمدىن: «ھەي... كۆڭلىدىكىنى تاپالماي، مۇنداقلارنى ياراتماي ئولتۇرۇپ قالدى...» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلىپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. بەزىدە بۇ گەپلەر ئۈچۈن خاپىمۇ بولاتتىم. ئەمما راستىمنى ئېيتسام، بۇنداق سۆزلەر ئۈچۈن مەغرۇرلىناتتىم. چۈنكى، مەن خالىغان كىشىلەر قوللىرىنى ئۇزىتالمايدىغان، ئۇزاتسىمۇ يەتمەيدىغان ئېگىز شاختىكى بىر ئالما ئىدىم. «رىسق» ۋە «تەقدىر» دېگەنلەر ئاجايىپ نېمىكەن، ئاخىرى بۇ ئالما پىشىپ ساپىقىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشەي دەپ تۇرغاندا، ئويلىمىغان يەردىن بىرسىگە نېسىپ بولدى...

يولدىشىمنىڭ ئىسمى ئەخەت ئىدى، پۈتۈن كۈنى قەغەز - قەلەم ئارىسىدا ئۆتەتتى. مەن دەسلەپتە يولدىشىمنىڭ كەمسۆز، جىمغۇرلۇقىدىن تولىمۇ زېرىكتىم، ھەتتا ئاجرىشىپ كېتىش قارارىغىمۇ كەلدىم. چۈنكى، مەن دېگەن ھېسسىياتلىق بىر ياش جۇۋان - دە! بىراق، كېيىنچە ئىككى قات بولۇپ قالغاچقا، بۇ پەيلىمدىن يېنىشقا مەجبۇر بولدۇم...

جاھان ئۆزگىرىپ، بىلىم ئەھلىلىرىنىڭ كۈنى تۇغقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئەخەت ۋىلايەت مەركىزىدىكى يۆتكىلىپ، گېزىتخانىدا ئىشلەيدىغان بولدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، دەسلەپتە خورلۇق ھېس قىلدىم. «مەن تۇرغان يەردە ئۇنى نېمە ئۆستۈرۈش؟» دەيتتىم ئىچىمدە. چۈنكى ئۇ، ئادەتتىكى بىر دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەن ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن «بوپتىلا، ئۇنىڭغا كەلگەن تەلەيدىن مەنمۇ تەڭ بەھرىمەن بولمايمەنمۇ» دەپ ئويلىدىم. دېگەندەك ئۇنىڭ يۆتكىلىشى بىلەن بىز شەھەرلىك بولۇپ قالدۇق، مېنىمۇ گېزىتخانىغا

ئورۇنلاشتۇردى...

ئەخەت بۇ يەردە مۇھەررىر ئىدى، مەن بولسام يەنىلا ئاۋۋالقى خىزمەت — تەرجىمانلىق كەسپىمنى قىلدىم. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى مېنى بىر ۋەسۋەسە ئۆز ئىلكىگە ئېلىشقا باشلىدى. بۇ يەردە ئىش ئېغىر، تۈزۈم قاتتىق ئىدى. ئەڭ يامىنى بېشىمغا كۈن چۈشسە «سايىۋەن» بولىدىغان تاغام يېنىمدا يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بالدۇرقىدەك ئىشلىرىمنى باشقىلارغا قىلدۇرۇشتىكى دەسمايەم — ناز - خۇلقۇم، ياشلىق سىمايىم رەھىمسىز تەبىئەت ئاتا قىلغان قورۇق، داغلار ۋە كېبىلەكسىزلىكلىرىم تەرىپىدىن ئاللىقا ياقلارغا كەتكەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ باشقىلار ئالدىدا چاندۇرماسلىققا تىرىشاتتىم، ئىشخانىغا كىرەتتىمدە، ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، قوشۇمامنى تۈرۈپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن خىزمەت قىلىۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالاتتىم...

ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئىدارىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ: «ئىككى گەپىنىڭ بىرى بولسا، مەن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە بىرەر پارچە خەۋەر - ماقالىنىمۇ ئەپلەپ تەرجىمە قىلالمايدۇ» دېگەن سۆزلىرى قۇلىقىمغا ئاڭلىنىشقا باشلىدى. مەن بۇنداق گەپلەرنى ئەتەي ئاڭلىماسلىققا سالاتتىم، ئۇلار بىلەن تاكاللىشىشنى خالىمايتتىم. چۈنكى «ئىت ھۈرەر، كارۋان يۈرەر» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ!؟

ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى، بۆلۈم باشلىقى مېنىڭ كوررېكتورلۇق قىلىشىمنى ئورۇنلاشتۇردى. قىلماي نېمە ئامال؟

— سىڭلىم، — دېدى چاچلىرىنى ئاق ئارىلىغان، ياداڭغۇ چىراي بىر كىشى كوررېكتور گۇرۇپپىسىغا كىرگەن بىرىنچى كۈنۈم ئالدىمغا كېلىپ، — سىز ھازىرچە 5—6 ئاي ئۆگىنىسىز، كوررېكتورلۇق كەسپى تولىمۇ زىل، ئىنچىكە ئىش. ئۇ سۆز - كۆچلىك رول ئوينايدۇ. شۇڭا، ئەستايىدىل ئىشلەڭ، — ئاندىن

ئۇ كىچىك بىر قىزنى كۆرسىتىپ، قوشۇپ قويدى، — سىز ھازىرچە ئاشۇ تۇرسۇنئايدىن ئۆگىنىسىز.

ئۇندىمىدىم. كۆڭلۈمدە: «كوررېكتورلۇق دېگەن قانچىلىك ئىشتى؟ ناھايىتى شۇ تەييار گېزىتنى ئوقۇپلا بەرسە بولىدىغان ئىشقۇ؟! مەن دېگەن ئۇنچىلىك ئىشنى قىلالمامتىم...» دەپ ئويلىدىم. بىر ئىشتىن ئاچچىقىم كەلدى. چۈنكى، تۇرسۇنئاي دېگەن قىز مەندىن 10—15 ياش كىچىك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە ئىكەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق مېنى ئۇنىڭغا «شاگىرت» لىققا تۇتۇپ بەرگىنى خۇددى چوڭ ئادەمگە كىچىك بالىنىڭ نان چايناپ بەرگىنىدەك غەلىتە ئىش ئەمەسمۇ؟! مەندەك يېتىشكەن زىيالىي ئۈچۈن ئۇنىڭدەك «سېرىق تۆك» تىن بىرنېمە ئۆگىنىش خۇددى دىۋانىدىن سەدىقە تىلىگەندەك بىر ئىش ئىدى. ھەي... ئاچچىقىمنى، دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇۋېتىپ، ئىشقا كىرىشتىم...

گۇرۇپپىدا مەن بىلەن ئالتە ئادەم ئىشلەيتتۇق، ھېلىقى ئابلىز ئۇستامدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئاياللار ئىدۇق. بۇ يەر مەن ئۈچۈن ئۆزۈمنى كۆرسىتىدىغان، كىبىرلىك تونىنى قوشلاپ كىيىدىغان ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. گۇرۇپپا بويىچە مەنلا، پەقەت ۋە پەقەت مەنلا ئالىي مەكتەپ سەۋىيىسىدىكى كىشى ئىدىم، «زىيالىيلارغا تۇرمۇش ياردەم پۇلى قوشۇپ بېرىلىدۇ» دېگەن ئۇقتۇرۇش كېلىۋېدى، گۇرۇپپا بويىچە يالغۇز مەنلا بۇ «نېسىۋە» گە ئېغىز تەگكۈزدۈم...

مانا، مېنىڭ كوررېكتور بولغىنىمغىمۇ ھەش - پەش دېگىچە يېرىم يىل بولۇپ قالدى. بىر كۈنى ھېلىقى «ئۇستام» تۇرسۇنئاي كېسەللىك سەۋەبى بىلەن كېلەلمەي قالدى. «مەن دېگەن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بولغاندىكىن، بۈگۈن گېزىتنىڭ كوررېكتورلۇق نۇسخىسىنى ئۆزۈم كۆرۈپ قول قويمايمەنمۇ؟»

دېگەن نىيەتكە كەلدىم ۋە قول قويدۇم...

كۆتۈلمىگەندە ئەتىسى گېزىتخانا مەسئۇلى مېنى تەنقىدلەپ كەتتى، ئەسلىدە تۈنۈگۈنكى مەن كۆرگەن گېزىتتە «كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسى» دېگەن جۈملە «كالىلارنى تەربىيىلەش كۇرسى» دەپ خاتا بېسىلىپ كەتكەن ئىكەن. بۇنىڭ بىلەن كەينىمدىن مېنى مەسخىرە قىلىدىغانلار كۆپەيگىلى تۇردى... بۇنىڭغا ئانچە بەك پەرۋا قىلىپ كەتمىدىم. چۈنكى بۇنداق ئۇششاق گەپ ـ سۆزلەرنى تولا ئاڭلاپ، كۆنۈكۈپ كەتكەن ئىدىم...

«زامان ئاخىرىدا خۇدا ئۆز خەزىنىسىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىمىش» دېگەن گەپ راست ئوخشايدۇ. يېقىندىن بېرى بىزدەك زىيالىيلار ئۈچۈن خۇدايىم ئۆز خەزىنىسىنى كەڭ ئېچىۋەتتى. دەرىجىمىزگە دەرىجە قوشۇلۇپ، مائاشىمىز ئۆسۈپ كەتتى. بەزىلەر مېنى كۆرەلمەي، ھەسەت قىلىشقا باشلىدى. ھەسەت قىلامدۇ، باشقا ئىش قىلامدۇ، بەرىبىر ئۇلار قۇرۇق ئاۋارە بولغىنى بولغان! ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى ھەسەت ئوتى مەڭگۈ ئۆرتەيدۇ.

مەن ئۈچۈن ھازىر ھەممە نەرسە، بارلىق يېڭى شەيئىي ئەرزىمەس، يېقىمسىز بىر نەرسە بولۇپ قالدى. ماڭا پەقەت شەرەپلىك نامىملا زور بەخت ئاتا قىلىدۇ، كۆكلىتىدۇ...

ئاخىرىدا خۇدايىمدىن تىلەيدىغىنىم: مېنىڭ ئاشۇ شەرەپلىك، كاتتا نامىم، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، چىرايلىق «قالپىقىم» ماڭا ئۆمۈرلۈك يار بولسۇن.

1985 ـ يىل 12 ـ ئاي، قەشقەر



# ئازاب ئارىلاشقان خوشاللىق

بۇگۈن بىراقلا ئۈچ پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدىم ۋە ئالدىراش ئوقۇشقا باشلىدىم. بىرىنچى خەت مەلۇم ئورۇنىنىڭ تەرجىمانى ئىلياس ئاكىنىڭ ئايالى خەيرىنسا ئاچىدىن كەلگەن بولۇپ، مۇنداق يېزىلغان ئىدى:

«دىلدار، ئامانمۇسىز؟!

بۇ خەتنى قانداق ھالەتتە يېزىۋاتقانلىقىمنى بىلمەيسىز ھەقىچان، مەن سىزگە بىر ئايدىن بۇيان يۈرىكىمنى ئازابلاپ كېلىۋاتقان، ئەمما سىزگە يۈز تۇرانە دېيىشتىن خىجىل بولۇپ ئېيتالمايۋاتقان بىر ئىشنى يازماقچى. بۇ خېتىم سىز ئۈچۈن زەربە بولۇشى مۇمكىن. مەيلى، توغرا يولىڭىزنى تېپىۋالسىڭىزلا مەن شۇنىڭغا خۇش.

دىلدار، تۇنجى قېتىم بىزنىڭ ئائىلىگە قەدەم باسقىنىڭىز ھازىرقىدەكلا ئېسىمدە. ئىلياس سىزنى ماڭا تونۇشتۇردى. سىز مېنىڭ يېنىمدا كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرۇپ ھال - ئەھۋال سورىدىڭىز. مەلۇم بولدىكى، ئىلياس بىلەن بىرلىشىپ، ئىنگلىز تىلى ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن كىتاب تۈزمەكچى بولۇپسىلەر، خۇشاللاندىم.

ئاشۇ چاغ ئاياللار ئىچىدە سىزدەك كەلگۈسىگە ئىنتىلىدىغان، جۈرئەتلىك، ئىقتىدارلىق كىشىلەرنىڭ بارلىقىدىن پەخىرلىنىپ، كىرپىكلىرىمنىڭ نەملەنگەنلىكىنى ئېسىڭىز دىدۇ...

شۇندىن باشلاپ ھەركۈنى دېگۈدەك بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ تۇردىڭىز. مەندىن بىر قۇر ئامان - ئېسەنلىك سورىغاندىن كېيىن، ئىلياسنىڭ يېنىغا كىرىپ كېتەتتىڭىز. مەن پەقەت سىلەرنىڭ قانداقتۇ ئادەمنىڭ تىلى كەلمەيدىغان بىر نېمىلەرنى دېيىشىۋاتقىنىڭلارنىلا ئاڭلايمەن.

ئىلياس جىمغۇر، ئەمما تولىمۇ ئاق كۆڭۈل ئادەم. ئۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش قۇرغان 25 يىلدىن بۇيان «سەن - پەن» دېيىشىپ باقمىدۇق. ئۇ ماڭا بەكمۇ كۆيۈنىدۇ، مېنى قەدىرلەيدۇ، ئۇ تىرىشچان، پۈتۈن كۈنى قەغەز - قەلەم ئارىسىدا ئۆتىدۇ. كېچىلىرى بىر ۋاقىتلارغىچە خىزمەت شىرەسى يېنىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان.

دىلدار، مەن سىزنى تۇنجى قېتىم كۆرگەندە، ئىككى ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈۋالغان ئۇزۇن چېچىڭىزغا، قويۇق كىرپىكىڭىزگە، ئېقىپ چۈشكەندەك قاڭشىرىڭىزغا، جىنەستىدەك لەۋلىرىڭىزگە تويماي قاراپ: «خۇدا ماڭىمۇ مۇشۇنداق قىزدىن بىرنى بەرگەن بولسىچۇ؟» دەپ ئويلىغان ئىدىم.

سىز مېنىڭ ھەرۋاقىت ئارقامغا تەكىيە - ياستۇقلارنى يۆلىگەن ھالدا ئولتۇرىدىغانلىقىمنى، ئىككى پۇتۇمنىڭ قوماندامغا بويسۇنمايدىغانلىقىنى، ھەتتا تەرەت ئۈچۈنمۇ ئورنۇمدىن تۇرالمايدىغانلىقىمنى بىلگەنسىز. بىر يىلدىن بۇيان مۇشۇ تەرىقىدە ھايات كەچۈرۈۋاتىمەن. ئىچىم بەكمۇ سىقىلىدۇ، بىئارام بولىمەن. ساق ۋاقتىمدىكى «تاق - تاق» دەسسەپ يول ماڭغانلىرىم يادىمغا يەتسە، كۆڭلۈم بۇزۇلىدۇ. شەھەرنىڭ ھەر بىر كوچا - رەستىلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىمەن. «خۇدا

جىمى ئاجىز بەندىلىرى قاتارىدا ماڭىمۇ شىپالىق بەرسە!» دەپ يىغلايمەن. دىلدار، نېمە ئۈچۈن مۇشۇ ھالەتتە يېتىپ قالغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بەرسەم ئاڭلامسىز؟

ئىش مۇنداق بولغان ئىدى: بىر كۈنى ئىلياس بىر ئايالنى ئۆيگە باشلاپ كەلدى. مەنمۇ ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدىم. چۈنكى بۇرۇندىنلا ئىلياسنىڭ مېھمىنىنى ئۆزۈمنىڭ مېھمىنىم، دەپ ھېسابلايتتىم. ئۇ ئايال قانچە قىلساممۇ مېھمانخانىغا كىرمەي، دەلىز ئۆيدىلا ئولتۇردى. قولىغا سۇ بېرىپ داستىخان سالدىم. ئاندىن تاماق قىلماقچى بولۇپ ئاشخانا ئۆيگە چىقىپ تۇرۇشۇمغا ئايالنىڭ كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. بەدىنىم سەل تىكەنلەشكەندەك بولدى. «مېنى زاڭلىق قىلىۋاتقانمىدۇ ياكى ئىلياس ...»، خىيالىمغا باشقىچە ئىشلار كەلدى ـ دە، دەرھال دەلىز ئۆيگە كىردىم. ئىلياس بىلەن ھېلىقى ئايال ماڭا تەڭلا قاراپ كۈلۈمسىرىدى، ئوڭايسىزلاندىم.

— تونۇشتۇرۇپ قويماپتىمەن ـ ھە؟— دېدى ئىلياس مېنى ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، — بۇ ياقىنىڭ ئىسمى خالىدە، بىزنىڭ ئىدارىگە يېقىندىلا يۆتكىلىپ كەلدى. بىر ئىشخانىدا ئىشلەيمىز.

— ياخشى بوپتۇ، مۇبارەك بولسۇن!— دېدىم مەن ئايالغا قاراپ زورىغا كۈلۈمسىرەپ.

سەي ئادالىغاندىمۇ، خېمىر يۇغۇرغاندىمۇ خىيالىم شۇ كۈلكىدە. شۇ كۈلكە توغرىلىق ھەرخىل خىياللارنى سۈرىمەن.

دىلدار، بىز ئاياللارنىڭ ئۆز ئەرلىرىمىزنى باشقىلاردىن بىھۇدە كۈنلەيدىغان ۋاقىتلىرىمىزمۇ بولۇپ قالىدىكەن. تېخى ئىككىسى بىر ئۆيدە خالى ئولتۇرسىچۇ؟ ئايھاي، بەزىلىرىمىز مېھمان ئۈزدىغاندىن كېيىن بىرنەچچە كۈنگىچە ئەرلىرىمىزگە پۈتنا يىمىز. بەزىلىرىمىزنىڭ مېھمان ئۈزدىماستىنلا قاپىقىمىز

ئېپادە بېلدۈرۈپ بولىدۇ. ئاياللاردا بولىدىغان بىر خىل كۆڭـدەشلىك ئىلياسقا بولغان ئىشەنچىم ئۈستىدىن غالىب كـەلدى. ئوتتۇن تاشلىغان كىشى بولۇپ ئەتەي ئۆگزىدىگە چىققىنىم ـ دە، ئۇلارنىڭ نېمىـدېيىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئۆگزىنىڭ هويلا تەرەپتىكى لېۋىگە كەلدىم. ئاستا ئېڭىشىپ، بويىنۇمىنى سوزدۇم، ئۆي ئىچىدىن گۇدۇڭلىغان ئاۋاز چىقاتتى. گەپ ـ سۆزـلەرنى ئېنىق ئاڭلاش نىيىتىدە بوينۇمنى يەنىمۇ سوزۇپ بىر تىـزدىمنى تامنىڭ لېۋىگە قويدۇم. شۇ چاغ تىزىم ئاستىدىـكى خىش قومۇرۇلۇپ كېتىپ ئۆگزىدىن يىقىلىپ چۈشتۈم.

دوختۇرغا كۆرۈندۈم، ئىلاج بولمىدى. قاتتىق زەخىملەنـگەنلىكىمدىن ئىككى پۇتۇم پالەچ بولـۇپ قـالـدى. شـۇندىن بېرى مۇشۇ هالەتتە ياتىمەن.

دىلدار، ئىلياس بۇلارنى سىزگە دېمىگەن بولۇشـى مۇمـكىن. بەلكى خېتىمنى ئوقۇپ هەيران بولغانسىز. ئىچىڭىزدە مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقانسىز. مەيلى، ئۆزىڭىزنىڭ ئىختىيارى، ئەمما مېنىڭچە، كۆندەشلىك ئۆز ئەرلىرىنى باشقىلارنىڭ قـارا چاڭگىلىدىن ساقلاپ، ئىناق، بەختلىك ئائىلە قۇرۇشتىكى بىـرـدىنبىر ئۇسۇل بولسا كېرەك!...

خېتىم ئۇزىراپ كېتىۋاتىدۇ. سىزگە ئېيتماقچى بولـغـان ئاساسلىق گېپىمگە كېلەي: سىز ئىلياس بىلەن بىر ئۆيگە كىرىپ كەتكىنىڭىزدە ئاشۇ كونا ئىش، مۇشۇ هالغا كېلىپ قېلىشىمدىـكى سەۋەب كۆز ئالدىمغا كېلىۋالىدۇ. هەرخىل گۇمانلاردا بولىـمەن. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ سىزگە بولغان ساپ هېسـسىياتىم ئورنىنى كۆندەشلىك ئىگىلىدى. سىزنى كۆرسەملا بەـدەنلىرىم تىكەنلىشىدىغان، پۇتۇن ئەزايىمنى تىترەك باسىدىـغان بولۇپ قالدىم. سىلەرنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىڭلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگۈم كېلىدۇ. ئەپسۇسكى، مـەنـدە هازىـر

بۇ ئۆيدىن ئۇ ئۆيگە كىرىش ئەمەس، ئۆزۈم ئولتۇرالىغۇدەكمۇ مادار يوق. ئازابلىنىپ ئىلياسقا چاندۇرماي يىغلايمەن. ئۇنىڭغا ئېيتىش مۇمكىنمۇ؟ ئۇ مېنى مەسخىرە قىلىدۇ، ئاچچىقلىنىدۇ. «ئۆتكەندىمۇ سېنىڭ ياخشى گېپىڭنى قىلىپ ئولتۇرساق خالىدەدىن كۆنلەپ مۇشۇ ئاقىۋەتكە مۇپتىلا بولدۇڭ، ئەمدى يەنە نېمىدېمەكچىسەن؟» دېيىشى چوقۇم.

دىلدار، ئاياللار ئۈچۈن كۆندەشلىكتىنمۇ ئارتۇق ئازاب بولمىسا كېرەك. تېخى ئادەمنى قاربىتىپ قويۇپ باشقا بىرسى بىلەن بىر ئۆيگە كىرىپ كەتسە ــ ھە!.. بۇ ئىش كۆڭلۈمنىڭ ئارامىنى بۇزۇۋەتتى. سىلەر ئۆيگە كىرىپ كېتىسىلەر، ئورنۇمدىن تۇرالمىغاچقا، بەش ياشلىق قىزىم پەردەنى سىلەر كىرىپ كەتكەن ئۆينىڭ ئىشىك يوچۇقىدىن نېمىدېيىشىۋاتقانلىقىڭلارنى، ئۆينىڭ ئارقىسىغا چىقىپ، پۇتىغا ئورۇنىدۇق قويۇپ دېرىزىدىن سىلەرنىڭ قانداق ھەرىكەتلەردە بولۇۋاتقانلىقىڭلارنى بىلىشكە بۇيرۇيمەن. بىراق، پەردە مەن ئويلىغاندەك جاۋاب بەرمەيدۇ. ئۇ، پەقەت ئىككىڭلارنىڭ خىزمەت شىرەسى ئالدىدا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئولتۇرۇپ بىر نەرسە يېزىۋاتقانلىقىڭلارنى، گاھىدا ئادەم چۈشىنىپ بولمايدىغان تىل بىلەن بىر نەرسە دېيىشىۋاتقانلىقىڭلارنى ئېيتىدۇ. بىراق...

دىلدار، سىزگە يۈزتۇرانە دېيىشتىن ئۇيالدىم. سىز ھازىر مېنىڭ رەقىبىمگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىسىز. ئۆز رەقىبى ئالدىدا داۋاملىق يېقىملىق كۈلۈمسىرەش مۇمكىنمۇ؟ بولۇپمۇ بىز ئاياللار ئۈچۈن؟... ئېسىمدە، بىر كۈنى سىزگە ھومايدىم. بەلكى سىزمۇ سەزگەنسىز. بۇنىڭ سەۋەبى، شۇنىڭدىن بىر كۈن بۇرۇن چۈشۈمگە كىرىپ قاپتىكەنسىز. چۈشۈمدە ئىلياس بىلەن سىز... ئاخىرىنى ئېيتالمايمەن. مېنىڭچە، چۈش كەلگۈسى ئىشلارنىڭ بېشارىتىغۇ!؟...

دىلدار، سىز بەلكى خېتىمنى كۆرۈپ، «مەن ئىلياس ئاكىنىڭ بالىسىدەك تۇرسام، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى قىز تۇرسام!...» دېيىشىڭىز مۇمكىن. توغرا، سىز قىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلياستىن خېلىلا كىچىك. بىراق، ئانام رەھمەتلىكنىڭ: «ئەر كىشىنى چىشى چىۋىندىنمۇ كۈنلەش كېرەك، ناۋادا چىشى چىۋىن ئەركىشىنىڭ بەدىنىگە قونغان بولسا، تاكى شۇ چىۋىننى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپ ياكى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن شۇ ئەركىشىنىڭ يۈزىگە قاراش كېرەك» دېگەن نەسىھىتى تېخى ھازىرقىدەكلا قۇلىقىمدا.

سىز ھەر قېتىم ئىلياسنىڭ يېنىغا كىرگىنىڭىزدە، خۇددى بىر قارا قول ئىچكى ئەزالىرىمنى مالتىلىۋەتكەندەك ياكى يۈرىكىمنى قانداقتۇر بىر رەھىمسىز مەخلۇق غاجىلاۋاتقاندەك بىئارام بولىمەن. بىزنىڭ ئۆيدىن تېزراق غايىب بولۇشىڭىزنى تۆت كۆز بىلەن كۈتىمەن. سىز قايتىپ كەتكەندىن كېيىنلا گويا يىلان - چايانلاردىن قۇتۇلغاندەك خۇشاللىنىمەن.

دىلدار، رەنجىسىڭىزمۇ مەيلى. مېنى ئەمدى ئازابلىماڭ. ئازاب كىشىلەرنى يامان ئاقىۋەتلەرگە ئېلىپ بارىدىغۇ؟!...سىز بىزنىڭ ئۆيگە كېلىشنى، بولۇپمۇ ئىلياس بىلەن ئايرىم ئولتۇرۇشنى توختىتىڭ! ئاشۇ چاغدىلا ئازابلانغان يۈرىكىم ئارامىغا چۈشىدۇ.

بۇندىن كېيىن بىزنىڭ ئائىلىگە قەدەم باسمايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىپ:

خەيرىنسا

1986 - يىل 10 - ئاي»

خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، گويا بىرسى چۆكىلىتىپ قويۇۋەتكەندەك كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى. ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ

تارتمىدىن تىنچلاندۇرۇش دورىسى ئالدىم ـ دە، ئىكككى تال ئىچىۋەتتىم.

كىشىگە ھەر ۋاقىت خۇشاللىق بىلەن ئازاب ھەمراھ بولىدۇ. شايدۇ. ئىلياس ئاكا بىلەن بىرلىشىپ كىتاب تۈزگەنلىكىمگە خۇشاللانغان ئىدىم، ياخشى نىيىتىمنىڭ يامان تەسىر بېرىدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي. خەيرىيەت، بەزى ئىشلار ئۇقۇشماسلىق ياكى توغرا چۈشەنمەسلىكتىنمۇ مەلۇم ۋاقىت كىشىنى بىئارام قىلىدىغۇ؟! بىراق، ھەربىر توغرا قەدەم، توغرا ھەرىكەت، توغرا نىيەت ئېنىقلانغاندا گۇمانىي قاراشتىكىلەر لەت بولىدۇ. خەيرىنسا ئاچىمۇ چۈشىنىپ قالار.

چايدىن بىر پىيالە ئىچىۋالغاندىن كېيىن، ئىككىنچى خەتنى ئوقۇشقا باشلىدىم.

«سۆيۈملۈك دىلدار، ياخشىمۇسىز؟ خىزمەتكە ئورۇنلىشىۋالغانلىقىڭىزنى تەبرىكلەيمەن!

مەنمۇ ئوبدان تۇرۇۋاتىمەن. ھازىر يۆتكىلىش ئالدىدا، مەكتەپتىنمۇ قوشۇلدى.

دىلدار، يازغان خېتىڭىزدىن مەلۇم بولدىكى، سىز ھازىر ئىنگلىز تىلىنى ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن كىتاب تۈزۈۋېتىپسىز، تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىش بوپتۇ، لېكىن بۇ ئاسان ئىش ئەمەس. نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىشىڭىز مۇمكىن. مەسىلەن، بەزى مۇرەككەپ جۈملىلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، تەرجىمىسى، ئىشلىتىلىش ئورنى قاتارلىقلار ... سىز تىرىشچان، جۈرئەتلىك. ئىشىنىمەنكى، بۇنداق مەسىلىلەرنى ئىزدىنىش ئارقىلىق چوقۇم ھەل قىلىپ كېتەلەيسىز.

دىلدار، مەن سىزگە دادامنىڭ ئىنگلىز تىلىنى ئوبدان بىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدىمغۇ؟ دادام تولىمۇ ئاق كۆڭۈل، مۇلايىم، سىزگە ئوخشاش تىرىشچان ئادەم. مۇبادا قىيىنچىلىق

قا يولۇقسىڭىز دادامدىن ياردەم سوراڭ. ئۇ بىلگەنلىرىنى ئايىمايدۇ. مەكتىپىڭىز بىلەن بىزنىڭ ئۆيىمىزنىڭ ئارىلىقىمۇ ئانچە يىراق ئەمەس. ئەگەر دادامنى ئىزدەمەكچى بولسىڭىز ۋىلايەتلىك تاشقى سودا ئىدارىسىگە بېرىڭ. ئىسمىنى بىلىسىزغۇ دەيمەن؟ شۇنداق قىلىڭ، دادامنى ئىزدەپ بېرىڭ ــ دە، يولۇققان مەسىلىلەرنى تارتىنماي سوراۋېرىڭ!

دىلدار، ئانامنىڭ كېسەللىكتىن ساقايغىنىنى بىلگەندىن كېيىن بولسا دادام بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن بىزنىڭ ئۆيگە بېرىڭ. ئىشىنىمەنكى، ئانام سىزنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ. ئۇ ماڭا سىزنىڭ پەرزەنتلىرىم پەردەسىنى ئاچىدۇ دەپ چاقىرىشى تۇرغان گەپ. كەلگۈسى سىڭلىمىزنىڭ يېقىملىق چاقىرىشىدىن خۇرسەن بولارسىزمۇ، مەن ئۇچۇن ئۇنى قۇچاقلىغىنىڭىزغا ئېلىپ، مەڭزىگە سۆيۈپ قويۇڭ.

دىلدار، سىز بەلكىم بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر بىلەن تونۇشقاندىن كېيىنمۇ ئۆزىڭىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭىزنى ئېيتمايسىزغۇ دەيمەن؟ شۇنداق، سىز تولىمۇ تارتىنچاق قىزلاردىن. مەيلى، ئۇلارغا ئۆزىڭىزنى ئاشكارىلىماي تۇرۇڭ، كېيىن ئۇلارنى ھاڭ ــ تاڭ قويارمىز.

دىلدار، قالغان گەپلەرنى پات ئارىدا، مەن يۈتكىلىپ بارغاندىن كېيىن، باغچىلاردا سەيلە قىلغاچ دېيىشەرمىز. بىزنىڭ ئائىلىگە قەدەم تەشرىپ قىلىشىڭىزغا ئىشىنىپ:

دولقۇن

«1986 ــ يىل 10 ــ ئاي»

خەتنى ئوقۇپ بولۇپ نېمە قىلارىمنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدىم. ئىلياس ئاكا، خەيرىنسا ئاچا، پەردەلەر كۆز ئالدىمغا كەلدى. جەزىملەشتۈردۈم. ئۇ ئائىلە دولقۇننىڭ ئائىلىسى. دولـ

قۇنغا ئاق سۈت بېرىپ باققان، ئەمدىلىكتە نىمجان بولۇپ ياتقان ئانا، ئىقتىدارلىق تەرجىمان ئىلياس ئاكا، ئۇماق قىز پەرىدە، مانا بۇلار دولقۇننىڭ جان كۆيەرلىرى، يۈرەك باغرى. شۇ تاپتا ئازاب ۋە خۇشاللىق ماڭا خۇددى سايىدەك ھەمراھ. خەيرىنسا ئاچا مېنىڭ كەلمەسلىكىمنى ئىلتىجا قىلدى. سۆيگىنىم دولقۇن ئۆيىگە بېرىشىمنى، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن تونۇشۇشۇمنى ئۈمىد قىلدى.

ئۈچىنچى خەتنى ئوقۇشقا باشلىدىم:

«يولداش دىلدار، سىزنىڭ يولداش ئىلياس ئەخمەت بىلەن بىرلىشىپ تۈزگەن «ئىنگلىز تىلى ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن قوللانما» ناملىق كىتابىڭىزنىڭ بىرىنچى قىسمىنى تاپشۇرۇۋالدۇق. تەپسىلىي تەكشۈرۈشتىن شۇ نەرسە مەلۇم بولدىكى، سىلەر كۆپ ئىزدىنىپسىلەر، ئەھمىيەت بېرىلمەي قالغان بىر بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن جاپا چېكىپسىلەر. بۇ روھىڭلارنى قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ! ...

دىلدار، بىز ئويلىنىپ كۆرۈپ، كىتابىڭلارنى نەشىر قىلىش قارارىغا كەلدۇق.

كىتابىڭىزنىڭ ئاخىرقى قىسمىنى تېزراق ئەۋەتىپ بېرىشىڭىزلارغا تەقەززامىز.

ھۆرمەت بىلەن:

× × نەشرىياتى

1986 - يىل 10 - ئاي».

خوشلۇقۇم ئىچىمگە پاتماي قالدى. ھەر نېمە بولسا ئەمگەك مېۋىمىز زايا كەتمەپتۇ...

مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم. خەتلەرنى سومكامغا سالدىم.

ئازاب ئارىلاشقان خۇشاللىق مېنى ئىشخانىدىن چىقىشقا مەجبۇر قىلدى.

كېتىۋاتىمەن. ئېگىز بىنالارنى، ئاۋات رەستىلەرنى ئار-قامدا قالدۇرۇپ كېتىۋاتىمەن. شۇ تاپتا ئىلىياس ئاكىنىڭ ئۆ-يىگە قاراپ كېتىۋاتىمەن...

1986 — يىل، قەشقەر.



# تەھرىرىدىن كەلگەن خەت

ئۆمەر بۆلۈم ئالدىدىكى گۈللۈكتە نېمىنىدۇر ئويلاپ تۇراتتى. خەت - چەك بۆلۈمىدىكى قىز بىر پارچە خەتنى ئەكىلىپ ئۇنىڭغا بەردى.

خەت مەلۇم بىر ژۇرنال تەھرىرىدىن كەلگەن ئىدى. ئۇ، خەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

«ھۆرمەتلىك ئۆمەر، ياخشىمۇ سىز؟ ئۆتكەندە ئەۋەتكەن ئوبزورىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئوبدان چىقىپتۇ. ئالدىمىزدىكى سانىغا ئورۇنلاشتۇرماقچىمىز.

ئۆمەر، سىز تولىمۇ ياخشى ئوبزورلارنى يېزىۋاتىسىز، ئۇيغۇر ئوبزورچىلىقىدا خېلى كۆزگە كۆرۈنۈپ قالدىڭىز. ھە راست، ئۆتكەن قېتىم بىر ئوبزورىڭىز چەت ئەل تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپتۇ. بەك خۇرسەن بولدۇم. مۇبارەك بولسۇن!

ئۆمەر، سىزگە دوستانىلىق بىلەن شۇنى ئېيتىمەنكى، ياخشى ئەسەر يېزىش بىلەن بىرگە ياخشى مۇئامىلە، ياخشى مۇناسىۋەت بولۇشى كېرەك. بىزنىڭ ژۇرنالدىكىلەرنىڭ بەزىسى سىزگە ھەسەت قىلىشىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ مەن يەنىلا بىر كىشىلىك كېپىمنى قىلىپ سىزنىڭ تەرىپىڭىزنى قىلىۋاتىمەن. ھەي، ئۇلار بەلكىم سىزنى كۆرەلمىسە كېرەك.

ئۆمەر، مەن راستىنلا سىزدەك يارامىلىق بىر ئوبزورچى-

نىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىمەن. ھەمدە سىزگە مۇۋەپپەقى-يەت تىلەيمەن.

ئۆمەر، ئاخىرىدا دەيدىغىنىم: دوست بار، دۈشمەن بار. مېنىڭ ھېلىقى «× ×» ژۇرنىلىنىڭ بۇ يىل 2 - سانىدىكى شېئىرىمغا ياراملىق قىلىپ بىر پارچە ئوبزور يېزىۋەتسىڭىز...»

ئۆمەر غەزەپ بىلەن خەتنى يىرتىپ تاشلىدى - دە، نېمە-لەرنىدۇر دەپ غودۇڭشىغىنىچە بۆلۈمگە كىرىپ كەتتى.

1987 - يىل 1 - ئاي، قەشقەر

## «مەنمۇ مەست»

تاك ... تاك ... تاك!...

ئىشىك يەنىلا ئېچىلمىدى. تېخىمۇ كۈچەپ ئۇردۇم. ئۆي ئىچىدىن ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمىغاچقا كەينىمگە بۇرۇلۇپ، كارىدور تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئەسقەرگە قارىدىم. ئۇنىڭ بېشى كەجگىسىدىن ساڭگىلاپ، ئىككى تىزىنىڭ ئارىلىقىغا چۈشكەن ئىدى. ئۇنىڭدىن تارقىلىۋاتقان بەدبۇي سېسىق پۇراق بىردەمدىلا كارىدور ئىچىنى قاپلاپ كەتتى. ئۇنىڭ پۇت - قول، كىيىم - كېچەكلىرى قۇسۇق ۋە نىجاسەت بىلەن بۇلغانغان ئىدى. كەينىمگە بۇرۇلۇپ ئىشىكنى يەنە ئۇردۇم. بىر ھازادىن كېيىن ئۆينىڭ چىرىغى يېقىلىپ:

— كىم سەن؟ — دېگەن خىرقىراق ئاۋاز ئاڭلاندى.

— مەن، — دېدىم سالماقلىق بىلەن.

— «مەن» دېگەن كىم؟

— ئەخمەت.

ئىشىك قىيا ئېچىلدى.

— سەنمىدىڭ، ئۆيگە كىر ...

قاسىم ئاكا شۇنداق دېدى - دە، قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈزلىرى خۇددى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ، ئىشىكنىڭ يان ياغىچىغا ئاران يۆلىنىۋالدى - دە، قۇسۇۋەتتى. قاڭسىق بۇس دىماغلىرىمنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى. ئۇ، قول ۋە يېڭى

بىلەن ئېغىز-بۇرۇنلىرىنى ئېرتىپ تۇرۇپ دېدى:

— ئۆيگە كىر، ئالىي ھارىقىم بار، تېخى بايىلا ئاغزىنى ئاچقان، بۇگۈن مېنىڭ پېنسىيىگە چىققىنىمغا ئىككى يىل توشقان كۈن ئەمەسمۇ؟ شۇڭا كۈندىكىدىن كۆپرەك ئىچتىم، — ئۇ، قۇسۇق يۇقى قولى بىلەن ياقامدىن تۇتتى.

مەن ئۇنى ئۆزۈمدىن نېرى ئىتتىرىپ تۇرۇپ:

— قاسىم ئاكا، ئوغلىڭىز ئەسقەر مەست بولۇپ ھاجەتخانىدا يېتىپ قاپتىكەن، ئۆيگە ئەكىرىپ قوياي، دېگەن ئىدىم. ئەنە، ئاۋۇ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ، — دېدىم 5 — 6 قەدەم نېرىدىكى ئەسقەرنى كۆرسىتىپ.

قاسىم ئاكا بېشىنى كۆتۈردى - دە، مېنى قويۇۋېتىپ بوسۇغىدىن پۇتىنى ئالدى ۋە يەنىلا ئاۋۋالقىدەك خىرقىراق ئاۋاز بىلەن:

— مەنمۇ مەست ... بالامۇ ... — دېدى.

قاسىم ئاكا ئەسقەر تەرەپكە كېتىۋېتىپ تۆت - بەش قەدەم مېڭىپلا يىقىلدى.

1987 — يىل 1 — ئاي، قەشقەر

# يېپىلغان ئىشىك

ھەي، مەن راستىنلا نەس باسقان ئادەم ئوخشايمەن. تەلىيىمگە ئۇنىڭ ئائىلىسىدە بىرەر ھەشىمەتلىك ئىشىنىڭ بولمىغىنىغۇ ئۇياقتا تۇرسۇن، ئىش قىلىپ ئۇنىڭ بوسۇغىسىدىن پۇتۇمنى تىققۇدەك بىرەر ئاددىي ئىشلارنىڭمۇ بولمىغىنى مەن ئۈچۈن گويا بىر ئاشىقنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرگەن ساھىبجامالغا ئېرىشەلمەي يۈرىكى ھەسرەت ئوتلىرىدا سەكپارە بولۇۋاتقىنىدەك ياكى سادىق بىر مەسچىت ئەھلىنىڭ ئۇلۇغ زاتلارنىڭ نامىزىغا داخىل بولالماي بىئارام بولۇۋاتقىنىدەك تۇيۇلماقتا. خۇدا ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇدرىتى بىلەن مىندەك بىر مۆمىن بەندىسىنى ئۆزى ئارزۇ قىلغان بۈيۈك ئىشلارغا ئېرىشىشكە مۇيەسسەر قىلىسچۇ؟!...

تووا، ئۇنىڭ ئىدارە باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگىنىگە بىر يىل بولاي دەپ قالدى. ئەپسۇسكى، بىرەر قېتىم بولسىمۇ مېھمان چاقىرمىدى. ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا ئىدى، مەنمۇ بىر كۈن بۇرۇن، ئۇنىڭ خىزمىتىگە ھازىر بولۇپ تېخى يېقىندىلا سېتىۋالغان «ئىران» نۇسخە گىلەمنىڭ مەردىن كەچكەن بولاتتىم. ئۇ، ئۆچكىنىڭ بەدىلىگە تۆگىگە ئېرىشىشنى خالىمامدىغاندۇ؟ ياكى ئۆز نەپسى ئۈستىدىن غالىب كەلگەنمىدۇ؟! ئىلگىرىكى باشلىقىمىز ھەقىقەتەن تويغۇن ئىدى. 2 — 3 ئايدا بىرەر

قېتىم مېھمان چاقىرىپ تۇراتتى. كۆڭلىدىكىدەك ئىش قىلىپ خىزمىتىدە بولغانلىقىم ئۈچۈن مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن ئىدىم. يېڭى باشلىقنىڭمۇ رازى بولغۇدەك خىزمىتىدە بولۇپ، بىرىنچى قول بۆلۈم باشلىقلىقىغا ... ئەجەب ئەمەس ...

ئېھ خۇدا، ئۆز ئارزۇيۇمغا يېتىش ئۈچۈن ئاشۇ باشلىقىمىزنىڭ ئائىلىسىدە توي ـ تۆكۈن، مېھمان چاقىرىش ئىشلىرىنىڭ بولۇشىنى قانچىلىك ئۈمىد قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلەمدىغانسەن؟! ھەتتا ئۆز ئارزۇيۇمغا يېتىش ئۈچۈن باشلىقىمىزنىڭ ئائىلىسىدە بىرەر مۇسىبەتنىڭ بولۇشىنىمۇ كۈتمەكتىمەن ...

ئىشخانىدىكى ئىككى ئايال، باشلىقنىڭ ئايالى كېسەل بولۇپ قېلىپ، خىزمەتكە چىقالمىغانلىقى توغرىسىدا قىلىشقان پاراڭ مېنى خىيالدىن تارتىپ گويا گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇشال قىلىۋەتتى. مەن چاندۇرماستىن كۆكتات ئەكىلىشنى باھانە قىلىپ داۋاملىق يېنىمدىن ئايرىمايدىغان چوڭ سومكىنى ئېلىپ ئىشخانىدىن چىقتىم.

مەن ماگىزىندىن سومكامغا قەنت ـ ناۋات ۋە ئۆزۈم ياخشى كۆرسەممۇ، ئېلىپ يېيىشكە كۆزۈم قىيمىغان ھەر خىل قىممەت باھالىق يېمەكلىكلەرنى ئالدىم. ئاندىن قاسساپ بازىرىدىن 5 — 6 كىلوگرام گۆش ئېلىپ سومكامنى توشقۇزدۇم. بۇ چاغدا چۈشلۈك تاماق ۋاقتىمۇ بولۇپ قالغان ئىدى. مەن قورسىقىمنىڭ بىر يېرىنىڭ تارتىشىۋاتقانلىقىنىمۇ قارىماي، يار ۋەسلىگە تەشنا بولغان ئاشىقتەك بىر خىل خۇشال كەيپىيات بىلەن سومكىنى كۆتۈرۈپ، باشلىقنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختىدىم ـ دە، ئىشىكنى ئەدەب بىلەن چەكتىم.

— كىلىڭ، — دېدى باشلىق مېنى ئىشىك ئالدىدا كۆرۈپ.

مەن باشلىق بىلەن ئىتائەتمەن قۇلدەك سالاملاشقاندىن
كېيىن:
— ئىشخانىدىن چىقماي ئولتۇرۇۋېرىپ خەۋەرسىز قاپتىـ
مەن. رابىيە خانىمنىڭ كېسىلى مېنى بەكمۇ بىئارام قىلدى.
شۇڭا ئۇنى يوقلاپ كېلىشىم، — دېدىم.
باشلىق مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى ۋە:
— كەچۈرۈڭ، ئايالىم سىز يوقلاپ كەلگۈدەك كېسەل
ئەمەس، پەقەت 10 — 15 كۈن ئارام ئالسىلا ساقىيىپ كېتىـ
دۇ، — دېدى.
— ئۇنداقتا مەن دوختۇرخانىدىن دورا ئەكىلىپ بېرەيـ
مۇ؟ ئۇ يەردە مېنىڭ سىڭلىم بار، — دېدىم مەن باشلىقنىڭ
ئالدىدا يېلىنىپ تۇرۇپ.
— ها ... ها ... ها ... — باشلىق قاتتىق كۈلۈپ كەتتى
ۋە كەينىدىنلا، — رەھمەت، ئايالىمنىڭ كېسىلى سىزنى ئەنـ
سىرىتىپ خىزمەتكە سالغۇدەك كېسەل ئەمەس، — دېدى.
— راستىنى ئېيتسىڭ، ئۇ قانداق كېسەل؟ مەن خىزمىتىـ
گە تەييار، — دېدىم مەن قىممەتلىك پۇرسەتنى قولدىن بېـ
رىپ قويماسلىق ئۈچۈن.
شۇ چاغ ئۆينىڭ ئىچىدىن باشلىقنىڭ بالىسى يۈگۈرۈپ
چىقتى - دە، ئانىسىنىڭ چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. باشلىق
ماڭا قاراپ تەمكىن هالدا:
— ئەخمەت، قايتىپ كېتىڭ، ئۇنىڭ بويىدىن ئاجراپ
كەتكەن، — دېدى - دە، مېنىڭ سوئالىمنى كۈتمەستىن، ئىشىكـ
نى ياپقىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

1987 - يىل 2 - ئاي، تەشقەر.



# «تالانتلىق ئەدىب»

1

ئۇشخانا ئىشىكى يەڭگىل ئېچىلىپ، بېشىغا كەپكە كىيىۋال-
غان، كاستۇمىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋەتكەن 40 ياشلار چامىسىدى-
كى ئۇزۇنتۇرا بىرەيلەن كىرىپ كەلدى.

— كېلىڭ، — دېدىم مەن ئەدەب يۈزىسىدىن ئورنۇمدىن
تۇرۇپ ۋە ئالدىمدىكى ئورۇننى كۆرسەتتىم.

ئۇ كىشى سۇرلۇك قىياپەتتە كۆرسەتكەن ئورۇنغا كېلىپ
ئولتۇردى ۋە:

— مەن هاشىموپنى ئىزدەپ كەلگەن ئىدىم، تېخى ئىشقا
كەلمىگەن ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى.

— هاشىموپ ئاكا بىرەر ھەپتىدەك بولدى، پېنسىيىگە
چىقتى، — دېدىم مەن ئۇ كىشىنىڭ سوئالىغا جاۋابەن.

— نېمە، ئۇ پېنسىيىگە چىقتى؟ — ئۇ كىشىنىڭ چىرايى
غەلىتە پۈرۈشۈپ كەتتى. كىرپىنىڭ تىكىنىدەك يىرىك ساقال-
لىرى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترىدى.

— شۇنداق.

— ھە ... ئۇنداقتا ھاشىموپنىڭ ئورنىغا سىز ... مۇنداق دەڭ! — ئۇ كىشىنىڭ چىرايىغا كۈلكە تەپچىدى ۋە دەرھال يانچۇقىدىن ئىككى تال تاماكا سۇغۇرۇپ ئالدى - دە، بىرىنى ماڭا تۇتتى، بىرىنى گۈشلۈك كالپۇكىنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ سەرەڭگە ياقتى، — ھە، شۇنداق قىلىپ، مەن ھاشىموپنىڭ ئورنىدا ئىشلەيمەن دەڭ! ھە، ياخشى بوپتۇ. ياشلاشتۇرۇش دېگەن مۇشۇ - دە! ھە، شۇنداق قىلىپ، سىز قايسى مەكتەپنى پۈتتۈرگەن؟ يۇرتىڭىز چۇ؟

مەن ئوقۇغان مەكتىپىمنى ۋە يۇرتۇمنى دەپ بېرىۋېدىم، ئۇ كىشىنىڭ چىرايى بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى.

— ھە، مۇنداق دەڭ! ھە، سىزنىڭ يۇرتىڭىز «قوشباغ»قا مەن بىر نەچچە قېتىم بارغان. ئۇ يۇرت شۇنداق ھاۋالىق، چىرايلىق يۇرت، كىشىلىرىمۇ تولا مېھماندوست. شۇنداق قىلىپ، ئىككىمىز ئازراق بىر يۇرتلۇق كېلىدىكەنمىز. قانداق دەمسىز؟ مېنىڭ ھاممامنىڭ بۇرۇنقى كۈيئوغلى شۇ يۇرتتىن بولىدۇ. ھە، شۇنداق قىلىپ تونۇشۇپ قالغىنىمىزمۇ ئوبدان بولدى، مەن يەرلىك ماللار شىركىتىدە ئىشلەيمەن. ئېھتىمال، مېنىڭ ئەسەرلىرىمنىمۇ ئوقۇغان بولغىيدىڭىز، ئىسمىم غىياس. ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىمدا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىمەن. ھە، شۇنداق قىلىپ، ھازىرغىچە ئىككى پارچە رومان، بەش - ئالتە پوۋېست، ئەللىك - ئاتمىش پارچە ھېكايە يازدىم دەڭا. تېخى شېئىرىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللىنىمەن. ئەمدى تەتقىقات ماقالىلىرىنىمۇ تۇتتۇش قىلىۋاتىمەن.

ئۇ «قانداق» دېگەندەك قىلىپ ماڭا قاراپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشى ئۆزىنىڭ شۇنچىۋالا كاتتا ئەدىب ئىكەنلىكىنى تەستىقلىتىش ئۈچۈن بولسا كېرەك. مەن قوشۇمامنى تۈرۈپ، پۈتۈن

دىققىتىم بىلەن ئەسلەشكە باشلىدىم. ئەپسۇسكى، «غىياس» ناملىق يازغۇچىنىڭ بىرەر پارچە ئەسىرىنى ئوقۇغىنىمنى ئېسىمگە ئالالمىدىم. نېمىدېيىشىم كېرەك؟ «سىزنىڭ ئەسىرىڭىزنى گېزىتتە ـ ژۇرناللاردا كۆرمەپتىكەنمەن» دەيمەنمۇ؟ ياق، ئۇنداق دېسەم چوپچوڭ ئادەمنىڭ ئالدىدا ھۆرمەتسىزلىك بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياردىشا «پۈستانى ئەسىرىڭىزنى ئوقۇغانمەن» دېيىشىم كېرەك. ھە، خۇداغا شۈكرى، ماۋۇ قاپاق كاللامنى، مەن تېخى يېقىندىلا قايسى بىر گېزىتتىن غىياس ئىمزاسىدىكى بىر پارچە خەۋەرنى ئوقۇغان ئەمەسمىدىم؟ ھە، شۇنى دېسەم ئىش پۈتمىدىمۇ؟ شۇ تاپتا ئۇنىڭ مەندىن كۈتۈۋاتقىنى بىرەر ئېغىز ماختاش سۆزى.

— ھە، سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزنى ئوقۇغانمەن. يېقىندىلا ئېلان قىلىنغان خەۋىرىڭىزنى ئوبدان يېزىپسىز.

— ھە، شۇنداق قىلىپ، شۇ خەۋەرنى ئوقۇغان دەڭ. ھەي ئۇكا، خەۋەر دېگەننى ئۈچ پۈشقىدا يازىدىغان نەرسە، بىلەمسىز، سىز ـ بىزدەك ئادەملەر دېگەن خەۋەر يېزىشقۇ ئۇياقتا تۇرسۇن، خەۋەر ئوقۇشقىمۇ ۋاقتىمىزنى زايا قىلماسلىقىمىز كېرەك. بىزنىڭ ئوقۇيدىغىنىمىز چەت ئەلنىڭ داڭلىق ئەسەرلىرى بولۇشى كېرەك. ھەممىدىن مۇھىمى، كۆپلەپ يېزىش. بەزى خەۋەرلەرنى ئوقۇپ بولغۇچە بىرەر پارچە شېئىر، ھېچبولمىسا، بىرەر پارچە رۇبائىي يېزىپ بولغىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ مۇنداق دېسەم باشقىچە چۈشىنىپ قالماڭ. مەن ھېلىقى خەۋەرنى پەقەت ئىدارە باشلىقىنىڭ بىر قانچە قېتىم يالۋۇرۇشى بىلەن قولۇمنىڭ ئۇچىدىلا يېزىپ قويغان. بىز ئەگەر ئۇنداق خەۋەر ـ پەۋەر دېگەن نەرسىلەرنى يېزىپ قالىدىغان بولساق «ئۆھۆ» دېسەك گېلىمىزدىن خەۋەر تۆكۈلۈپ چۈشىدۇ ئۇكا، ھە، شۇنداق قىلىپ، دېمەكچىمەنكى، كىچىك ئىشلار ئۈچۈن ۋاقتىمىزنى زايا قىلماسلىقىمىز كېرەك. ھە، مۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن سىلىنىڭ مۇشۇ گېزىتتە بىر پارچە

ھېكايەمنى باسقان. ھە، ئىككى پارچە شېئىرىمنى ژۇرنالنىڭ بىرىنچى بېتىگىلا باسقان. قالتىس شېئىرىدى - دە، ھازىرچە يازغان نەرسىلىرىمنىڭ بەزىلىرىنى ئۇ يەر - بۇ يەرگە ئەۋەتىپ تۇرۇۋاتىمەن. ھە، يازغان بىلەن مەتبەئە ئورۇنلىرىغا ئەۋەتىپ تۇرمىسىمۇ بولمايدىكەن. ھە، شۇنداق قىلىپ، سىلىنىڭ گېزىتىكىمۇ بىر پارچە ھېكايە ئەكەلگەن ئىدىم. ھېلىقى ھاشىموپ دېگەن قېرىمۇ كۆزىدىن يوقىلىپ تازىمۇ بەلەن بوپتۇ، سىز ئۇقمايسىز، ئۆتۈپ كەتكەن قىتىمغۇ نەرسە ئۇ. سىلەر ياشلار ئەدەبىياتنى چۈشىنىسىلەر، كاللاڭلار ئازاد، ئۆزىڭىز كۆرۈۋېتەرسىز، خېتىم سەترەك، ئاشۇ پەش - چېكىت دېگەنلەرنى قويۇپ بولغۇچىمۇ بىرەر قۇر بىر نەرسە يېزىپ بولغىلى بولىدىكەن دەڭا! ھە، شۇنداق قىلىپ بۇ ھېكايەم پىشقان ھېكايە. سەھەردە، مېنىڭ سەگەك ۋاقتىدا يېزىپ قويغانتىم، ھە، ئۆزۈم قايتا - قايتا ئىشلىدىم. ئۆزۈم ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن، ھېلىقى داڭلىق يازغۇچى قاسىم بىر قېتىم كۆرۈۋەتكەن. بىرەر يېرىدىمۇ قەلەم تەگكۈزمىدى، — غىياس سۆزىنى توختىتىپ قويۇن يانچۇقىدىن ئۆزىنىڭ ھېكايىسىنى ئالدى - دە، ماڭا ئىككى قوللاپ سۇندى، — ھە، شۇنداق قىلىپ، تېزراق بىر نەرسە قىلىۋېتەرسىز. مېنىڭ ئەسەرلىرىم ھەر قانداق مەتبەئە ئورۇنلىرىدا ئۇزاق تۇرۇپ قالمايدۇ، قاراڭ!...

— بولىدۇ، ئالدى بىلەن كۆرۈپ چىقاي، ئاندىن بىر نەرسە دېيىشەرمىز، — دېدىم مەن.

— بولىدۇ. ھە، شۇنداق قىلىپ، بىر يۇرتلۇق دېگەننىڭ مۇشۇنداق بەلەن يەرلىرى بار - دە! ماقۇل ئۇكا، مەن قايتاي.

غىياس ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. مەن ئۇنى كارىدورغىچە ئۇزىتىپ چىقتىم.

## 2

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە غىياس بىلەن تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدىلا ئۇچرىشىپ قالدىم. بىر قۇر ھال - ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن، غىياس مېنى سۆرەپ دېگۈدەك ئاشپۇزۇلىغا ئەكىردى.

— ئۇكا، سىز قىزلاردەك تارتىنچاق ئىكەنسىز جۇمۇ! بىر يۇرتلۇق ئادەم دېگەن بىر - بىرىمىزنىڭ ئىززەت - ئابرويىنى قىلىپ ئۆتۈشمىسەك قانداق بولغىنى! كېلىڭ، بىردەم مۇڭدىشىمىز، — دېدى ئۇ بوش ئورۇننى كۆرسىتىپ، — ھە، شۇنداق قىلىپ، سىز بىلەن بىزنىڭ بىرىنچى قېتىم بىر سورۇندا ئولتۇرۇشىمىز بولسىمۇ، لېكىن مەن ئۆزۈمنى كونا قەدىناس ئۆلپىتىم بىلەن ئولتۇرغاندەك سېزىۋاتىمەن. ئۇكا، تارتىنماي ئولتۇرۇڭ. ھە، شۇنداق قىلىپ، تاماقنىڭ قايسى تۈرىنى ياخشى كۆرىسىز؟ تارتىنماي دەۋېرىڭ. بۇ ئاشخانا بىلەن كونا چۆپقەتچىلىكىمىز بار دەڭا. قانداق تاماق دېسەك تەييار قىلىدۇ. ھە، تارتىنماي دەڭا.

— مەن تۆگمەن مىجەز ئادەم، تاماق تاللىمايمەن، — دېدىم غىياسقا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ھەي ئۇكا، بۇ نېمىدېگىنىڭىز؟ ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان تامىقى بولىدۇ، قاراڭ. ئادەم دېگەن بىر نەرسىگە قىزىقىشى كېرەك. بولۇپمۇ سىز - بىزدەك ھېسسىياتىمىز ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئەدىبلەر ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. ئادەم بىرەر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالسا ئاشۇ قىزنى مەڭگۈ ئېسىدىن چىقىرالمايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقۇسى، كوچىلارنى ئايلانغۇسى، خىلۋەت جايلاردا قوللىرىنى تۇتقۇسى، مەڭ-

گۇ بىللە ئۆتكۈسى كېلىدىغۇ؟! ھە، شۇنداق قىلىپ، تاماقمۇ شۇنداق نەرسە. بىرەر خىل تاماقنى ياخشى كۆرۈپ قالدىكىمۇ بولدى. ئىشتىھا يەنىڭ داۋاملىق شۇ تاماقنى تارتىدۇ. بۇ خۇددى ئاشۇ ياخشى كۆرگەن قىزنى كۆڭۈل تارتىپ تۇرىدىغاندەك بىر ئىش، ئۇكا. شۇڭا، كۆڭلىڭىزدىكىنى دەۋېرىڭ.

غىياسنىڭ كۆڭلىگە يارىشا بىرەر تەخسىدىن لەگمەن يېيىشنى ئېيتىۋېدىم، غىياس تېرىكىپلا كەتتى:

— ئۇكا، تۈزۈك گەپ قىلىڭا، ئاشخانىغا كىرىپ لەگمەن يەپ چىقىپ كېتەمدۇ، كىشى! بولۇپمۇ سىزدەك بىر يۇرتلۇق، ئىززەتلىك مېھمان بىلەن ئاران ئۇچراشقاندا! بولدى، ئۆزۈملا بىلىپ تاماق بۇيرۇتاي، — غىياس شۇنداق دېگىنىچە ئاشخانا خوجايىنىنىڭ ئالدىغا بېرىپ بىر نېمىلەرنى پىچىرلىدى-دە، سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇ قانداق تېزلىك بىلەن غايىب بولغان بولسا، شۇنداق تېزلىك بىلەن يېنىمدا پەيدا بولدى. مەن يانچۇقۇمدىن ئىككى تال تاماكا سۇغۇرۇپ ئالدىم-دە، بىرىنى ئۇنىڭغا تۇتۇپ:

— تاماكا چېكىڭ، — دېدىم.

— ھە، شۇنداق قىلىپ، بىرەر تالدىن چېكىشكەچ ئولتۇرايلى، — غىياس مەن ئۇزاتقان تاماكىنى ئېلىپ يوغان ئاغزىنىڭ بىر بۇرجىكىگە قىستۇرۇپ سەرەڭگە ياقتى.

ھايال ئۆتمەي ئاشخانا خادىمىدىن بىرسى چەينەك ۋە پىيالىلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئالدىمىزدىكى شىرەگە قويدى. ئارقىدىن تۆت-بەش خىل سەي ۋە بېلىق گۆشىدىن بىر تەخسە ئەكەلدى. مەن بۇنچىۋالا كۆپ نەرسىلەرنىڭ بىھاجەت ئىكەنلىكىنى ئېيتىۋېدىم، غىياس كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بۇ دېگەن ھېچقانچە نەرسە ئەمەس، ئۇكا. سىزدەك ئىززەتلىك مېھمىنىمىزنى تاپقاندا ھەر قانداق نېمىمىزنى

ئايسما يمسز، جۇمۇ! — غىياس سۆزلىگەچ شىرە ئۈستىدىكى
چوكىداندىن بىر جۈپ چوكىنى سۇغۇرۇپ ئالدى - دە، يانچۇ-
قىدىن چىرايلىق قاتلانغان، پاكىز غىنە ياغلىقىنى ئېلىپ سۈر-
تۈۋەتكەندىن كېيىن، ئالدىمغا قويدى، — ھە، شۇنداق قىلىپ،
قېنى، ئېلىڭە، يېگەچ تۇرايلى. ھە، تارتىنماي ئېلىڭ. بۇنداق
كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇۋاتقان يەردە ماۋۇ «ئىشتىھا دورىسى» بول-
مىسا بولمايدۇ، ئۇكا. بۇنىمۇ ئىستېمال قىلىپ قويايلى، —
غىياس شىمىنىڭ يانچۇقىغا قاچاندۇر سېلىۋالغان بىر بوتۇل-
كا ئاق ھاراقنى ئېلىپ شىرە ئۈستىگە قويدى، — ھە، ئۇكا،
شۇنداق قىلىپ، بىزمۇ ئوبدان تونۇشلاردىن بولۇپ قالدۇق.
بىر يۇرتلۇق دېگەن مىڭ قىلمىسا بىر يۇرتلۇق - تە! مانا
سىز بىلەن ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشۈپلا ئىناق ئاكا - ئۇكىلار-
دەك بولۇپ كەتتۇق، ھە، ئەمدى ئۆز پىكىرىمىزگە كەلسەك،
مەن ھېلىقى ھاشىموپ دېگەن قېرىنىڭ ئورنىغا سىزنىڭ ئىش-
لىگەنلىكىڭىزدىن تولىمۇ خۇشال بولدۇم دەڭا. ئىشخانىڭىزدا
كۆرۈشكەن كۈنى كېچىسى خۇشاللىقتىن خېلى ئۇزاققىچە كىر-
پىك قاقمىدىم. ھەي، ھاشىموپ دېگەن قېرىنىچاينا پ پۈركۈ-
ۋەتسەممۇ دەردىم چىقمايدۇ، ئۇكا. نېمە ئۈچۈن دەمسىز؟ ھە،
بۇنى سىزگە دەپ بېرەي: ئۇ قېرى ئىشلىگەن ئون يىلغا يېقىن
ۋاقىت ئىچىدە سىلىنىڭ گېزىتتە ئاران بىر پارچە ھېكايە
ئېلان قىلدۇرالىدىم دەڭا. ھەي، ھەممىسى ئاشۇ قېرىنىڭ كا-
ساپىتى! ئۇنىڭ دەيدىغانلا گېپى: «كۆرۈپ باقايلى!» شۇلا.
ئادەمنىڭ كۆڭلىنى سۆيۈندۈرگۈدەك بىرەر ئېغىز گېپىنىڭ
تايىنى يوق. ئارىدىن بىرەر - ئىككى ھەپتىنى ئۆتكۈزۈپ
ئەسىرىمنى سۈرۈشتۈرگۈدەك بولسام، بىر مۇنچە قۇرۇق گەپ
قىلىدۇ. قانداق قۇرۇق گەپ دەمسىز؟ «مۇنۇ ئابزاسنى ئۆز-
گەرتىڭ، تېمىسى مەزمۇني بىلەن ماسلاشماپتۇ. مۇنۇ جايلىرى

ئوشۇق يېزىلىپتۇ، بەزى جايلىرى كەم قاپتۇ. ھە، يەنە تېخى بۇ ھېكايىگىز ھېكايە تۈسىنى ئالماپتۇ، ھېكايە دېگەننى ئۇنداق يېزىش كېرەك، بۇنداق ئىخچاملاش كېرەك» دېگەنگە ئوخشاش قۇرۇق گەپ، ئۇكا. بىزلىدەك قەلىمى پىشقان ئاپتورلار ئۈچۈن ئۇنداق چويلىدا تۇرمايدىغان گەپنىڭ نېمە ھاجىتى؟ يا بىز بىر ھەۋەسكار بولمىساق، ئاغزىمىزغا ئېمىزگە سالغىلى. چوپ-چوڭلا ئادەم ئۈچۈن، بولۇپمۇ بىزدەك چوڭ - چوڭ نەرسىلەر-نى يېزىۋاتقان ئاپتورلار ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ تەلىم ئېلىش نومۇس - تە! نومۇس. ھە، گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ-تىمەن، قېنى، كۆتۈرەيلى. ھە، شۇنداق قىلىپ، ئۇ قېرىغا ئۆچ بولۇپ قالغانمەن. ئادەمنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەيدىغان قېرى - دە، ئۇ! — ھاراق ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان ئىدى. غىياسىنىڭ قارىداپ كەتكەن چىرايى، بويۇنلىرى شەل-پەردەك قىزاردى. ئۇ تاماكىسىنى ئۈزۈلدۈرمەي چېكەتتى، — ھە، شۇنداق قىلىپ، سىزنىڭ تەھرىرلىك قىلغىنىڭىزغا شۇن-داق خۇشال بولدۇم، ئۇكا. ھە، مىڭ قىلمىسا، سىز دېگەن دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەن. ئەسەرگە توغرا باھا بېرەلەي-سىز. ھېلىقى ھاشىموپ دېگەن تولۇق ئوتتۇرىنىمۇ چالا - پۇچۇق ئوقۇغان نېمىكەن. سىز ئۇنىڭدىن ئاسمان - زېمىن پەرقلىنىسىز ئەمەسمۇ؟! مانا ئەمدى سىز ئىشلىگەن ئەدەبىي بەتنىڭ سۈپىتىمۇ باشقىچە ئۆسىدىغان بولدى. ھە، شۇنداق قىلىپ، ئۇكا بىز خېلى يېقىندىن تونۇشلاردىن بولۇپ قالغان بولساقمۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىسمىنى سورىماپتىمەن. ھە، ئىسمىڭىز نېمىدى؟ ھوي، پەرھات دەمسىز؟ توۋا، ماۋۇ ئىشنى قاراڭ، سىزنىڭ ھېكايىلىرىڭىزنى ئوقۇغانمەن. ھە، ھېلىقى بىر ھېكا-يىڭىزغا ماختاپ ئوبزور يېزىلدىغۇ دەيمەن؟ نېمە؟ تەنقىد دەمسىز؟ ياق - ياق! شۇنچىۋالا ياخشى ھېكايىنى تەنقىدلى-

گەن ئادەمنى كېلىدىن تۇتۇپلا لايغا پاتۇرۇۋېتىمىز دەگىنا بىز
دېگەن! سىز ھېكايىنى تولىمۇ ياخشى يازىسىز. سىزمۇ خۇددى
ماڭا ئوخشاش يېڭى - يېڭى تېمىلارنى تاللايسىز. ئەسەرلىرىـ
ڭىزدىكى ۋەقەلىكمۇ شۇنداق تەبىئىي، تىلى شۇنداق ئويناق،
ئەۋرىشىم دەڭا. ھە، ئۇكا، مۇشۇ تەرىپىمىز خۇددى بىر قېلىپـ
تىن چىققان كېسەكتەك ئوپمۇ ئوخشاشكەن. ھە، ھامان يازغاندىـ
كىن شۇنداق يېزىش كېرەك، كىشىلەرنىڭ ئېسىدە قالغۇدەك،
ھۇزۇر ئالغۇدەك، مىڭ ئادەمنى يىغلىتىپ، مىڭ ئادەمنى كۈلـ
دۈرەلىگۈدەك، قىزلار ئېغىزلىرىنى تامشىتىپ: «ھەتتىنگەي،
مۇشۇ ھېكايىنى يازغان ئاپتورنى بىر كۆرسەم» دەپ ئارزۇ
قىلغۇدەك يېزىش كېرەك. بۇ تەرەپلەر سىزنىڭ ھېكايىلىرىـ
ڭىزدا تولۇق ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇكا! ئۇنچىلىك ئەمەس
دەمسىز؟ كەمتەرلىك قىلماڭ، ئۇكا. كەمتەرلىك دېگەنمۇ چېـ
غىدا بولغىنى ياخشى! ھە، شۇنداق قىلىپ، ھازىرچە ھېكايە
يېزىۋاتىمەن دەڭ. بۇ ئىشىڭىز بولماپتۇ، ئۇكا. پوۋېست ياكى
رومان يېزىش كېرەك. ھازىرچە قەلەم قۇۋۋىتىمنى ئاشۇرۇۋالاي
دەمسىز؟ ياق - ياق! بۇ قارىشىڭىز پۈتۈنلەي خاتا. قەلەم قۇۋۋىتـ
تى دېگەن يېزىش جەريانىدا ئاشىدىغان نەرسە. ئەگەر ۋەقەـ
لىك تاپالمىسىڭىز مەندە يېزىشقا چولام تەگمەي، قورسىقىمدا
سېسىپ كەتكەن نى - نى ۋەقەلىك بار، ئۇكا. شۇنىڭدىن
بىرەرنى تاللاپ يازسىڭىزمۇ بولىدۇ. ياشلىق دېگەندە قامـ
لاشمىسىدۇ - قاملاشمىسىدۇ يېزىۋېلىش كېرەك. مانا ئۆزۈمنى
ئالسام، سىزدەك ۋاقتىمدا نۇرغۇنلىغان نەرسىلەرنى يېزىۋەتـ
كەن، — غىياس سۆزلىگەچ يەنە بىر رومكا كۆتۈرۈۋەتتى. ئەمـ
دى ئۇ خېلىلا تەڭشىلىپ قالغان ئىدى. ئاستىدىكى ئورۇندۇقمۇ
ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىپ «غىچ - غىچ» قىلىپ ئويان - بۇيان
تەۋرىنەتتى، — ھە، شۇنداق قىلىپ، مەن ھازىرغىچە ئۆتكەنـ

دە سىزگە دېگەندەك ئىككى پارچە رومان، تۆت ـ بەش پارچە پوۋېست، ئەللىك ـ ئاتمىش پارچە ھېكايە پۈتكۈزدۈم، ئۇكا. شېئىر دېگەننىڭغۇ سانىغۇچىلىكى يوق بىر نەرسە ئۇنىڭ. ئەمما، ئۇنىمۇ ئانچە ـ مۇنچە يېزىپ قويىمەن. ھە، رومانلىرىڭىزنى بىرەر نەشرىياتقا بەردىڭىزمۇ دەمسىز؟ بۇنى بىر دېمەك، ئۇكا. بىر پارچە رومانىمنى بىر نەشرىياتقا بېرىۋېدىم، توپتوغرا ئىككى يىلدىن كېيىن قايتۇرۇۋەتتى. قارىسام، «بۇنىڭدا نېمە دېمەكچى بولغانلىقىڭىزنى چۈشەنگىلى بولمايدىكەن» دەپ پىكىر يېزىشىپتۇ. ئۇكا، ئۇلارنىڭ سەۋىيىسى شۇنچىلىك تۇرسا، نېمىنى چۈشەنمەكچى ئىدى، مېنىڭ رومانىمنى ھازىرقىلار چۈشەنمىسە، كەلگۈسىدىكىلەر چۈشىنىدۇ! دېگەندەك كېيىن رومانىمنى باشقا بىر نەشرىياتقا يوللىدىم. قاراڭ ئۇكا، «ھەممىلا يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت» دېگەندەك ئۇ نەشرىياتتىمۇ مېنىڭ رومانىمغا چىشى پاتقۇدەك بىرەر تەھرىر يوق ئوخشايدۇ. قانداق دەمسىز؟ ئۇلارمۇ ئىلگىرىكى نەشرىياتنىڭ پىكرىدەك بىر توقام بىر نەرسە يېزىپ رومانىمنى قايتۇرۇۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ رومانىم كەلگۈسىدىكى كىتابخانلىرىنى كۈتۈپ ياتىدۇ. ئۇكا، راستىنى ئېيتسام، مېنىڭ ئۇ رومانىمنى نەشىر قىلىدىغان بولسا ئۇيغۇر رومانچىلىقىدا بىر بۆسۈش، بىر نامايەندە بولاتتى. ھەي ... — غىياس سۆزىنى توختىتىپ، بوشىغان رومكىلارغا ھاراق قۇيدى. ئۇنىڭ قوللىرى ئۆز قوماندانلىقىغا بويسۇنمايۋاتاتتى، — ھە، شۇنداق قىلىپ، ماۋۇ رومكىلارنى كۆتۈرۈۋېتەيلى. قېنى ئەمسە، ئىچتۇق! سىزدەك ئىززەتلىك مېھماننى تاپقاندا قانغۇچە ئىچمىسىز ئۇكا. ھە، ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى. شۇنداق قىلىپ، پوۋېستىمدىن بىر ـ ئىككىسىنى ئۇ يەر ـ بۇ يەرگىمۇ ئەۋەتتىم، ئەمما ئۇنىڭدىمۇ پەشۋا يېدىم. قارا نىيەت تەھرىرلەرنىڭ تۈپەيلىدىن ئەسەرلىـ

رىم كىتابخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشەلمىدى. يېقىندا بىر پوۋېست
يازدىم. ئۇمۇ ئالدىنقىلىرىغا ئوخشاش ياخشى پوۋېست
بولدى. قانداق ۋەقەلىك دەمسىز؟ ھە، بىر خۇشامەتچىنىڭ
رەزىل مۇددىئاسىغا يېتىش ئۈچۈن ئۆز باشلىقىغا نۇرغۇن قې-
تىم خۇشامەت قىلىپ مېھمان قىلغانلىقى، ئاخىرىدا ئۆز مۇددى-
ئاسىغا يېتەلمەي قاتتىق ھەسرەت چېكىپ، پۇشايمان يېگەنلى-
كى يېزىلغان دەڭا. ھېلىقى ھاشىموپ دېگەن قېرىغا كۆرسىتى-
ۋېدىم، نېمىدە يەدۇ دېمەمسىز: «بۇ پوۋېست بولماپتۇ، بەلكى
قىسقا بىر ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكىكەن، ھېكايە قىلسىڭىز بولغۇدەك»
دەيدۇ ئۇ قېرى. پوۋېست دەپ يازغان نەرسىنى ھېكايە دەپ
ئۆزگەرتىشكە قاپاقباش ئەمەستە مەن! بۇ خۇددى بۆركۆتنى
چۆجە دەپ ئۇنىڭ باتۇرلۇقىنى يەرگە ئۇرغانلىق ئەمەسمۇ؟ بۇ
ئەسىرىم جەمئىيەتىمىزدىكى بىر قىسىم خۇشامەتچىلەرگە ئۇرۇل-
غان قامچا ئىدى، قامچا! ھە، شۇنداق قىلىپ، مېنىڭ خۇشا-
مەتچىلىكنى ياقتۇرمايدىغان بىر خۇيۇم بار، ئۇكا. خۇشامەت-
چىلىك دېگەن ئەڭ ئىپلاس، رەزىل ئادەملەرنىڭ قىلىدىغان
ئىشى قاراڭ. بىزلىدەك ئادەملەر ئۈچۈن ئۇنداق پەسكەشلىك-
لەرنى قىلىش ئەمەس، بىرەرسىنىڭ بىرسىگە خۇشامەتچىلىك
قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالغۇدەك بولساق نەپرەتلىنىپ، تۈكۈ-
رۈپ ئۆتۈپ كېتىمىز، ئۇكا. ھە، شۇنداق قىلىپ، قالغان پو-
ۋېستلىرىممۇ توپا بېسىپ ياتىدۇ. نېمە ئۈچۈن دەمسىز؟ ئۇ
يەر ـ بۇ يەرگە ئەۋەتسەم قاپاقباش تەھرىرلەر قايتۇرۇۋەتتى.
قاراڭ ئۇكا، بەزىدە ئاشۇنداق دۆت تەھرىرلەر بىلەن تىغمۇتىغ
ئېلىشىشقا توغرا كېلىدىكەن. قانداق دەمسىز؟ مېنىڭ بىر پار-
چە شېئىرىمنى يەرلىك ژۇرنالدىن قايتۇرۇۋېتىشتى. بۇنى
كۆرۈپ شۇنداق ئاچچىقىم كەلدى دەڭا. ئادەتتىكى مەزمۇندىكى
شېئىر بولسىمىغۇ مەيلىدى، لېكىن، ئالاھىدە ئەجىر سىڭدۈرۈپ

يازغان ئىدىم دەڭا. شۇنىڭ بىلەن تەھرىر بۆلۈمىگە بېرىپ
شېئىرىمنى قايتۇرغان تەھرىرنى تېپىپ تازا تىللىدىم. ئارقى-
دىن شېئىرىمنى كۆتۈرۈپ تەشۋىقات بۆلۈمىدىكى بىر دوستۇمنىڭ
يېنىغا ئاپاردىم ۋە شۇ تەھرىر ئۈستىدىن راسا شىكايەت قىل-
دىم. دوستۇم ئۇ شېئىرىمنى ئېلىپ قالدى. ئارىدىن ئۈچ - تۆت
ئاي ئۆتكەندە ژۇرنالدا كۆردۈم. شۇغىنىسى، نۇرغۇن يەرلىرىنى
ئۆزگەرتىۋېتىپتۇ. ھە، گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپتىمىز. قېنى،
ئىچىشەيلى، — غىياس بوشىغان رومكىلارغا ھاراق قۇيدى، —
ھوي، نېمە ئىش بۇ؟ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ بىر بوتۇلكا
ھاراقمۇ تۈگەي دەپ قاپتۇ. مۇشۇنداق كۆڭۈللۈك ئولتۇرغاندا
ئىچىپ كېتىمىز-دە، ھاراق دېگەننى! ھە، ماۋۇ كالۋالىقىمنى
قاراڭ، مۇھىم بىر ئىشنى سورىماپتىمەن، ھە، سىز ئۆيلۈك -
ئوچاقلىق بولدىڭىزمۇ - يا؟ ياق دەمسىز؟ ھە، بوپتۇ. لېكىن
تۇرمۇش مەسىلىسىنىمۇ ئويلىنىش كېرەك، ئۇكا. دۇنيادىكى
جانۇ - جانىۋارلارمۇ جۈپ بولۇپ ئۆتىدىغۇ! بىز ئادەم. يەنە
كېلىپ ھېسسىياتىمىز ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئادەملەر! ھە، سىزنىڭ
بىرەر يەردىن لايىقىڭىز بارمۇ؟ يوق دەمسىز؟ ھە، بوپتۇ.
لايىق دېگەن تولا گەپ، ئۇكا، — غىياس بىر پەس سۆزدىن
توختىدى. ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، نېمىنىدۇر بىر نەرسى-
نى ئويلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى، — ھە، شۇنداق قىلىپ، بىزمۇ
ئاكا - ئۇكىلاردەك بولۇپ قالدۇق. بىرسى - بىرسىمىزنىڭ
دەردىگە دەرمان، رەنجىگە شىپا بولمىساق بولمايدۇ. مەن
گەپ يوشۇرمايدىغان، كىشىگە يامانلىق قىلمايدىغان، ئاق
كۆڭۈل، كەڭ قورساق ئادەم. سىزنىڭ تۇرمۇش ئىشىڭىزنى
ئويلىشىم كېرەك. ھە، شۇنداق قىلىپ، كۆڭلۈمدىكى گەپنى
دەي: مېنىڭ ئاچامنىڭ بىر قىزى بار، ئۇمۇ تېخى ياتلىق بول-
مىدى. ئۇ قىز تولىمۇ كېلىشكەن، مۇلايىم، ئەخلاقلىق قىز

بولدى دەگا! بۇ يىل يېزا ئىگىلىك تېخنىكومنى پۈتتۈردى.
هازىر قايسى بىر باغۋەنچىلىك مەيدانىدا ئىشلەيدۇ. مانا،
سىزگە لايىق ئىزدەپ نەگە باراتتۇق؟ لايىق دېگەن شۇ ئەمەس-
مۇ؟! هە، شۇنداق قىلىپ ئۇ قىز بىلەن تويىڭىزنى قىلىپ قويى-
ساق، بەختلىك ئائىلە قۇرۇپ، خاتىرجەم، كۆڭۈللۈك تۇرمۇش
كەچۈرسىڭىز ياخشى ئەمەسمۇ؟! — غىياس خېلىلا ئېغىرلىشىپ
قالغان ئىدى. بوينى كېسەل تەگكەن توخۇنىڭ بوينىدەك پەسكە
ساڭگىلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ شەپكىسى تېخى بايىلا
ئۆزى تۆكۈۋەتكەن سەينىڭ ئۇستىگە چۈشتى. مەن ئۇنىڭ
شەپكىسىنى ئېلىپ، بىر قۇر قېقىشتۇرغاندىن كېيىن، بېشىغا
كىيدۈرۈپ قويدۇم. غىياس قوللىرىنى تەستە سوزۇپ پىيالىنى
ئالدى - دە، سوۋۇپ قالغان چايدىن ئىككى - ئۈچ يۇتۇم ئىچىـ
ۋەتتى، — هە، شۇنداق قىلىپ، كېيىنمىز نەگە كەلگەنتى؟
هە، سىزنىڭ تۇرمۇش ئىشىڭىزغا كەلگەن. دېمەك، ئۇ قىز شۇنـ
داق چىرايلىق، كاساپەتكە كىچە-كۈندۈز قاراپ ئولتۇرسىڭىزمۇ
قانمايسىز - دە! هى ... هى ... هى! ... شۇنداق قىلايلى، سىز
ئۇ قىز بىلەن توي قىلىڭ! هەممە ئىشىڭىزنى ئۆزۈم توغرىلاي-
مەن. هە، شۇنداق قىلىپ، ماۋۇ ئەقلىمنى قاراڭ، تاس قاپتىـ
مەن سىزدىن بىر ئىشنى سورىمىغىلى. قايسى ئىشنى
دەمسىز؟ هە، هېلىقى هېكايەمنى، تېخى كۆرمىدىم دەمسىز؟
هەي ئۇكا، ماۋۇ ئىشىڭىز قاملاشماپتۇ. هەر قانچە زۆرۈر ئىشـ
ڭىز بولسىمۇ قويۇپ تۇرۇپ، بىزنىڭ ئىشىمىزنى قىلسىڭىز
ياخشى بولاتتى - دە! هېلىقى كۈنى سىزگە دېگەندەك ئۇ هېكا-
يىغا كۆچ كەتمەيدۇ، ئۇ هېكايىنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن
يازغان دەگا. مېنىڭ بىر ئادىتىم بار، يازغان نەرسىلىرىمنى
شەھىرىمىزدىكى هېلىقى قاسىم دېگەن يازغۇچىغا كۆرسىتىمەن.
ئۇمۇ دەسلەپتە ئۇ يەر - بۇ يېرىنى تۈزىتىپ بېرەتتى، هازىر:

«ياخشى بوپتۇ» دەيدىغان بولدى. قاسىم كىچىك ئادەم ئەمەس جۇمۇ! ھېكايە دېگەننى كارامەت ياخشى يازىدىغان نەرسە ئۇ. شۇڭا، ئاشۇنداق ئاتاغلىق يازغۇچىلار تەستىقلىغان، باش لىڭشىتقان نەرسىلەر ئەلۋەتتە ياخشى بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، تېزراق قولدىن چىقىرىۋېتىڭ، ئۇكا، كىتابخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشسۇن. ھە، يىغىپ ئېيتقاندا، بۈگۈنكى بۇ ئولتۇرۇشىمىزمۇ ئاشۇ ھېكايە ھەققىدە پاراڭلىشىش ئۈچۈن ئىدى. بوپتۇ، ئاساسىي مەقسەتكە يېتەلمەپتۇق، لېكىن شۇنداقتىمۇ يەنە بىر مۇھىم ئىشنى توغرىلىۋالدۇق. قايسى ئىشنى دەمسىز؟ سىزنىڭ توي ئىشىڭىزنىچۇ؟ ھە، شۇنداق قىلىپ، پات - يېقىندا ئۇ قىز بىلەن توي قىلىۋالىسىز. شېرىن كېچىلەرنى بىللە ئۆتكۈزىسىز ... ھى...ھى ... ھى... ئۇكا، تېزراق بىر تەرەپ قىلىڭ جۇمۇ! ياق - ياق، توي ئىشىنى دېمىدىم. ھە، ھە، ئۇمۇ مۇھىم ئىش. ئالدى بىلەن ھېلىقى ھېكايەمنى گېزىت يۈزىدە كۆرەي، ئاندىن توي ئىشى دېگەن بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا توغرىلىنىدىغان ئىش. شۇنداق قىلىپ، ھاراقمۇ تۈگىدى. ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. سورۇنىمىزنى يىغىشتۇرساق قانداق؟ ھە، چۆپچۆللا بولۇپ قالغان بولسىمۇ رەنجىمەڭ ئۇكا. سىزنى چوقۇم رازى قىلىمەن. ھېكايەمنى چىقارسىڭىزلا ...ھى... ھى...ھى...

ئاشخانىدىن چىققاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭ قاتتىق يېپىشىۋالغانلىقىغا قارىماي تېزلا خوشلاشتىم.

## 3

كەچ كۈزنىڭ سوغۇقى گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخلەرنى ياپراقلىرىدىن ئايرىغان ۋاقىتتا ئىككى ئايلىق بالنىتسىدا يې-

تىش ۋاقتىم ئاخىرلاشتى. ئەمدى دوختۇرلارنىڭ پىكرى بويىچە خىزمەتكە چۈشسەم بولاتتى.

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن قىشلىق كىيىم سېتىۋېلىش ئۈچۈن ماگىزىنلارنى ئارىلىدىم. كىيىملەرنى ئېلىپ بولغاندا قورساقنىڭ ئاچقانلىقىنى سەزدىم - دە، دوقمۇشتىكى ئاشخانىغا كىردىم. ئاشخانا ئىچى خېرىدارلار بىلەن تولغان ئىدى. مەن بىرەر كىشىلىك ئورۇن تېپىش ئۈچۈن ئۇيان - بۇيان قارىدىم. قېرىشقاندەك بىرەربوش ئورۇنمۇ كۆرۈنمەيتتى. خۇداغا شۈكرى، كىمدۇر بىرى تاماقنى يەپ بولۇپ تۇرۇۋېدى، دەرھال بېرىپ ئۇنىڭ ئورنىدا ئولتۇردۇم. توساتتىن ئارقا تەرىپىمدىكى ئىككى ئادەمنىڭ قىلىشىۋاتقان پارىڭى دىققىتىمنى تارتتى.

— ھە، شۇنداق قىلىپ، پەرھات دېگەن بىر نېمىنىڭ ئورنىدا مەن ئىشلەۋاتىمەن دەڭ.

بۇ غىياسنىڭ ئاۋازى ئىدى. مەن ئارقامغا قىيا بۇرۇلۇپ، يەنە بىر ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم. ئۇ، مېنىڭ خىزمەتدىشىم سەمەت ئىدى. ئۇلار بىلەن مېنىڭ ئارىلىقىمدا پەقەت مۈشتۈم پاتقۇدەكلا ئارىلىق بار ئىدى. سەل دىققەت قىلمىساق، بىر - بىرىمىزنىڭ دۈمبىمىز تېگىشىپ كېتەتتى.

— ھەئە، پەرھات كېسەل بولۇپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىدا مەن ئىشلەۋاتىمەن، — دېدى سەمەت.

— ھە، شۇنداق قىلىپ، ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، ئۇكا. سىز دېگەن پەرھاتتىن بىر قانچە ئىشتاننى ئوشۇق كىيگەن. تەھرىرلىك تەجرىبىڭىزمۇ مول. ئۇنىڭ ئۈستىگە، پەرھاتتىن مىڭ ھەسسە قابىلىيەتلىك سىز! توۋا، جاھاننىڭ ئىشلىرى قىزىق بولىدىكەن، ئۇكا. پۈتۈن بىر گېزىتنىڭ ئەدەبىي بەت

تەھرىرلىكىنى نەدىكى بىر سويمەك ئىشلىسە قانداق بولغىنى؟!
پەرھات دىگەن نان كوچۇكىنىڭ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان
بىر نىمىكەن قاراڭ. ئۆتكەن قىتىم بىر پارچە ھىكايە ئەكىر-
سەم «كۆرۈپ باقايلى» دەيدۇ. ھازىرغىچە گىزىتتە يۈزىدە كۆر-
مىدىم. ئۇ ھىكايەم گىزىتكە بىسىلىپ كەتسە سىلىنىڭ گىزىت-
ىنىڭ ئىناۋىتىمۇ ئۆسەتتى دەڭا. ئۇ دىگەن تولىمۇ ياخشى ھىـ
كايە ئىدى. مەن دىگەن ئۇنداق «سياھ پەلەك» بىر نىمىلەرنى
يىزىشنى ياقتۇرمايمەن، ئۇنداق نەرسىلەرنى يىزىشقا قولۇممۇ
بارمايدۇ. قاراڭ ئۇكا، بىزدەك ئادەملەرنىڭ تەلەپ - ئىلتىجا-
لىرىنى ئاللا بىجا كەلتۈرىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئەدەبىي
بەتىنىڭ تەھرىرلىكىدىن چىقىپ كىتىشىنى، سىزدەك بىرئادەمنىڭ
ئۇنىڭ ئورنىغا ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلغان ئىدىم. مانا ئەمدى، بۇ
ئارزۇ - تەلەپلىرىم ئورۇندالدى. پەرھات دوختۇرخانىدا ياتتى.
تىخى بىزنىڭ ئازايىمىز تۈتۈپ جەھەننەمگە ...ھى ...ھى ...
ھى... ھە، ئۇكا، بىز خىيالى يىقىن تونۇشلاردىن بولۇپ قالغانـ
لىقىمىز ئۈچۈن يۈرىكىمدىكى ھەر قانداق گەپنى دەۋىرىدىمەن
جۇمۇ سىزگە. ھە، قىنى، كۆتۈرەيلى. تارتىنماي ئىچىسىڭا. ھە،
ئۇكا. مۇنداق بىر گەپ: يىقىندا بىر پارچە ھىكايە يازغان
ئىدىم. سىزنىڭ پەرھاتنىڭ ئورنىغا كىرگەنلىكىڭىزنى ئويلاپ ئۆز
قولۇم بىلەن سىزگە بىرەي دىگەن ئىدىم. مانا، بۇ ھىكايە تو-
لىمۇ ياخشى يىزىلغان. نەچچە ۋاقىتتىن بىرى يازغان ھىكايىـ
لىرىمنىڭ ئالدى دەڭا. بۇنداق ياخشى نەرسىلەرنى كۆپ ياز-
غانمەن. لىكىن ماۋۇسى ھەممىدىن ياخشى. بىر كۆرۈپ بىـ
قىپ گىزىتتە ئىلان قىلدۇەتسىڭىز. ھە، سىزمۇ پەرھاتتەك: «بۇ
ھىكايىدە ھىكايە تۈسى يوق، قالسا» دەپ تەستىق سىلىۋەتمەڭ
جۇمۇ يەنە! ھى... ھى... ھى...
مەن غىياسىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، ئالدىمغا

كەلگەن تاماقنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن.

— ھە، شۇنداق قىلىپ، مۇشۇ ھېكايەمنى ئېلان قىلىۋېتىڭ ئۇكا. بۇ ھېكايەمنىڭ تىلىمۇ تاۋلانغان. پىشقان ھېكايە. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ھېكايەمنى ھېلىقى ئاتاقلىق يازغۇچى ماخمۇت بىر قېتىم كۆرگەن. ھە، بۇ ھېكايەمنىڭ مەزمۇنىمۇ ناھايىتى چوڭقۇر. بۇنداق مەزمۇندىكى ھېكايىنى ھېچقانداق يازغۇچى يازمىغان. بۇنىڭدا بىر ئۆزگىرىشچان ئادەمنىڭ تىپى يارىتىلغان، دەڭا!

غىياسنىڭ سۆزىدىن كۈلۈۋېتىشكە تاسلا قالدىم. چىڭقاپ كەلگەن كۈلكەمنى زورىغا بېسىپ، ئۇنىڭ يەنە قانداق گەپ - سۆزلەرنى قىلىدىغانلىقىنى كۈتتۈم.

— ھە، شۇنداق قىلىپ، ئايالىم يامانلاپ كەتكەن دەڭ! ھە، ئادەم دېگەن بىر ئايال بىلەن ئۆي تۇتۇۋەرسىمۇ زېرىكىپ قالىدۇ، ئۇكا. ھەر بىر ئايالنىڭ خۇلقى - مىجەزى ئوخشاش بولمايدۇ ئەمەسمۇ! بەزىلىرى ئوتتەك يۈرەكنى مۇزلاتسا، بەزىلىرى مۇزدەك يۈرەكنى ئېرىتىدۇ. ھە، شۇنداق قىلىپ، ئايالىڭىزنى قويۇۋېتىڭ، ئۇكا. بېشىڭىز ساقىيىدۇ. يەنە كېلىپ، سىزدەك، بىزدەك ئادەملەر ئۇچۇن ناز - جىلۋىلىك، كېلىشكەن ئايال بولمىسا بولمايدۇ. كۆرۈمسىز ئاياللار ئىناۋىتىڭىزگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. بۇنىمۇ ئويلاش كېرەك. نىھايەت بىر بالىڭىز بارئىكەن. ئۇنىڭ كارى چاغلىق. ھە، شۇنداق قىلىپ، خوتۇن ئېلىشتىن غەم قىلماڭ. شەھەر دېگەندە نى - نى چىرايلىق قىزلار بار. شۇنىڭدىن بىرەرنى ئالىسىز. ھە راست، ئىككىمىز يېقىن تونۇشلاردىن بولۇپ قالدۇق. سىزنىڭ خۇشاللىقىڭىز مېنىڭ خۇشاللىقىم ئەمەسمۇ؟ ھە، مېنىڭ ئاچامنىڭ بىر قىزى بار. ئۇ تولىمۇ چىرايلىق قىز. بولمىسا شۇنىڭ بىلەن توي قىلارسىز — ھە! قانداق دېدىم؟ ھى... ھى... ھى...

ئەمدى مەن ھەرقانچە قىلىپمۇ چىڭقاپ كەلگەن كۆلكەمنى توسۇۋالالمىدىم. كۆلكەمدىن ھەيران قىلىشقان خېرىدارلار ماڭا قاراشتى. سەمەتنىڭ ئارقىسىغا قارىشى بىلەن مېنىڭ ئارقامغا قارىشىم تەڭ كېلىپ قالدى.

— ھوي پەرھات، سىز مىدىدىڭىز، قانداق ئەھۋالىڭىز، ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ - دېدى سەمەت ماڭا قولىنى ئۇزىتىپ.

— يامان ئەمەس، — دېدىم مەن سەمەتكە قولۇمنى ئۇزاتقاچ كۆلكەمنى توختىتىپ.

— ھە،سىز ...— غىياس ماڭا قارىغىنىچە تۇرۇپلا قالدى، كېيىن چىرايىنى غەلىتە پۈرۈشتۈرۈپ، كۆزلىرىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ دومسايدى.

— ھە، غىياس ئاكا، سالامەتمۇسىز؟ — دېدىم مەن غىياسقا .

— ھە، ھە... سالامەت.

— پەرھات، ھەر نېمە بولسا ساقىيىپ قاپسىز. قاچان خىزمەتكە چۈشىسىز؟ — سورىدى سەمەت.

— خۇدا بۇيرىسا، ئەتىدىن باشلاپ.

— ھە، ئوبدان بوپتۇ. دادام ئېغىر كېسەل ئىكەن، يوقلىغىلى يېزىغا باراي دەپ تۇراتتىم، ئوبدان بوپتۇ، كېلىڭ. بىردەم بىللە ئولتۇرايلى.

— خوش، مەن قايتاي، ئازراق ئىشىم بار ئىدى. ماقۇل ئەمىسە، غىياس ئاكا.

— ھە... بۇ ... بۇ...— غىياس قانداقتۇ بىر نەرسىلەرنى گۇدۇڭلىغىنىچە تۇرۇپ قالدى.

1987 — يىل 11 — ئاي، تەشقەر.



# قوشنامنىڭ «كارامىتى»

توخۇ كاتىكىدەك كىچىك، سەرەڭگە قېپىدەك زىچ ئۆيلەر سىغىدىشىپ تۇرغىنىغا قارىماي، بۇ ھويلىغا ئۈچ ئائىلە كىشىلىرى ئورۇنلاشقان ئىدۇق. مەن ھەممىدىن كېيىن كۆچۈپ كەلگەنلىكىم ئۈچۈن دەرۋازا يېنىدىكى پاكارغىنە يېپىلغان، ئىچىدىن زەيىنىڭ قاڭسىق ھىدى پۇراپ تۇرىدىغان ئىككى ئېغىزلىق ئۆيگە ئورۇنلاشتىم. بۇنداق زەي ئۆيلەردە كۆپ ئولتۇرۇپ كۆنۈپ كەتكەنلىكىم ياكى ئاشۇ سەھرايى قىيامەتتىن بىراقلا شەھەرگە يۆتكىلىپ كېلىۋالغىنىمغا خۇشاللانغانلىقىم ئۈچۈنمىكىن-تاڭ، ئۆينىڭ كۆرۈمسىز، زەيلىكىدىن قىلچە ئاغرىنمىدىم.

ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان قارا سۆگەت ھويلىغا تەكشى سايە تاشلاپ تۇراتتى. سۆگەتنىڭ چوقاتمىقىغا ئېسىلغان قەپەزدىكى تومۇچۇق كۈن بويى چاڭىلداپ سايرايتتى. تاقىر باش، قاڭشارلىق، داۋاملىق گىرادۇسلۇق كۆزەينەكنى كۆزىدىن ئايرىماي يۈرۈيدىغان جالالىدىن بىكار بولسىلا ئۆزىنىڭ ئاشۇ

بىر جۈپ تۇمۇچۇقنىڭ سايرىشىدىن ھوزۇرلىنىپ، سۆگەتكە يۆلەنگىنىچە ئولتۇراتتى. ئۇ بەزىدە جانىۋار تىلىنى بىلىدىغاندەك، «پىسىڭگىدە» كۈلۈپ قوياتتى. بۇ كىشى ئىدارىمىزنىڭ كەسپىي بۆلۈم مەسئۇلى ئىدى. ئۇ ھويلىنىڭ بىر چېتىدىكى ئىشىكى كۈن چىقىش تەرەپكە قاراپ تۇرىدىغان ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيگە، مەن بۇ ھويلىغا كۆچۈپ كىرىشتىن بىرەر ھەپتە ئىلگىرى كۆچۈپ كىرگەن غاپپار ھويلىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيگە ئورۇنلاشقان ئىدى. ئۇ جالالىدىن بىلەن بىر بۆلۈمدە ئىشلەيتتى. ئۇ، ئىشتىن چۈشۈپلا ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان كىچىككىنە كاتەكتىكى توخۇلىرىغا قاراش بىلەن بەنت بولاتتى. ئۇلارغا ئۆزى قاراپ ئولتۇرۇپ دان يېگۈزەتتى، سۇ بېرەتتى. غاپپار مۇشۇنداق قىلمىسا، سۆگەتكە قونۇپ ئولتۇرغان ئاق قۇشقاچلارنىڭ توخۇلىرىنىڭ يېمىگە شېرىك بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. بارا-بارا غاپپارنىڭ بۇ ئىشىدىن ئىچىم سىقىلىدىغان بولۇپ قالدى. بىر كۈنى ئۇنىڭغا:

— ئۇكا، بۇنداق ئاۋارە بولغۇچە، ئاشۇ قۇشقاچلارنى مەڭگۈ كەلمەس قىلىۋەتسىڭىز بولمامدۇ؟ — دېدىم.

— قىزىق ئادەم ئىكەنسىز جۇمۇ ھاشىمكا، — دېدى غاپپار كۈلۈپ كېتىپ، — ئۇ قاناتلىق ھېيلىگەرلەرنى قانداقمۇ كەلمەس قىلىۋەتكىلى بولسۇن؟

— ھوي ئۇكا، باسماق قۇرۇپ قويسىڭىز، ئۇ ھارامزادىلەرنىڭ جاجىسىنى بېرىسىز!

— باسماقمۇ قۇرغان، ئۇنىڭغا چۈشىدىغىنى تايىنلىق ئىكەن.

— ئەمىسە مەڭگۈ مۇشۇنداق قۇشقاچ قورۇپ ئولتۇرامسىز؟

— ھاشىمكا، بۇ ھېيلىگەرلەرنى قورۇپ ئولتۇرۇپ ئادەم

چىداملىدۇ؟ يېقىندا قورۇپ ئۆلتۈرۈشتىن خالاس بولىمەن.
— قانداق قىلىپ؟
— كاتەكنىڭ ئەتراپىنى سىم بىلەن توقۇپ، قۇشقاچ كىرەلمەيدىغان قىلىۋېتىمەن.
— يارايسىز، يارايسىز. ئەقلىڭىزگە بارىكاللا.
كونىلاردا: «يەر تاللىماي، قوشنا تاللا» دېگەن گەپ بار. ھەر نېمە بولسا يامان ئەمەس ئادەملەر بىلەن قوشنا بولدۇم. غاپپارمۇ ئۇچۇق - يورۇق يىگىت ئىكەن. ئەتىگەن، ئاخشامدىكى سالام - سائەتتىدىن ئۇنىڭ خېلى ئادەمگەرچىلىكى بارلىقىنى بىلىۋالدىم. جالالىدىن ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئادەمدەك كۆرۈندى. ئۇ مېنى ئىككى - ئۈچ كۈندە بىر قېتىم ئۆيگە چاقىرىپ تۇردى. ئىدارە ۋە جەمئىيەتتىكى گەپ-سۆزلەردىن مېنى خەۋەردار قىلدى. ئىدارىدىكى بەزى ناتوغرا ئىشلار ئۈستىدىن قايناپ كېتىدۇ، بولۇپمۇ قول ئاستىدىكى ياشلارنىڭ ئىش قاملاشتۇرالمايدىغانلىقى، ئۆزى بولمىسا بۆلۈمنىڭ ئىشى ئاقساپ قالىدىغانلىقىدىن زارلىنىدۇ. مەن بارا - بارا ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى خۇمار داپ، كۈندە بىرەر قېتىم ئۆيىگە كىرىدىغان بولۇپ قالدىم.
مەن بۇ ھويلىغا كۆچۈپ كىرىپ ئىككى ئاي ئۆتكەندە جالالىدىننىڭ بىر تۇمۇچۇقى سايراشتىن توختىۋېدى، ئۇنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا كەتتى:
— ھۇ كۆردىن توڭگۇز قوپىدىغانلار، مېنىڭ تۇمۇچۇقۇم ئانائىڭنىڭ بۇغدىيىنى خام ئورغانمىدى؟
جالالىدىننىڭ ئايالى كۆيۈۋاتقان ئوتقا ياغ چاچقاندەك جاۋىلداپ كەتتى.
— ھۇ بېشىڭنى يەيدىغان جۇۋاينىمەكلەر. يىلان - چايانلارغا يەم بولارسەن ئىلاھىم!
بىر ئادەم يۆتەلسىمۇ ھەممە ئادەمگە تەگ ئاڭلىنىدىغان

بۇ ھويلىدا جالالىدىننىڭ ئاۋازى ھېچ پەسىيىدىغاندەك ئە-
مەس ئىدى. ئۆزۈمچە خۇدۇكسىنىدىم - دە، ھويلىغا چىقتىم
ۋە جالالىدىنغا قاراپ:

— جالالىدىن، تۇمۇچۇقىڭىز ... — دېدىم.

— كۆرمەمسىز ھاشىم، بۇ تۇمۇچۇق ئۇنىڭ ئايالىغا
چاقچاق قىلغاندەك زەھەرخەندىلىك قىپتۇ!

كۆڭلۈم تىنىغاندەك بولدى. ھەر نېمە بولسا ئۇنىڭ
تىللاۋاتقىنى مەن ئەمەس، غاپپار ئىكەن.

— خاپا بولماڭ، — دېدىم مەن جالالىدىننىڭ ئالدىغا
بېرىپ، — بولغۇلۇق بوپتۇ. يۈرۈڭ، ئۆيگە كىرەيلى.

ئۇ، ئۆيگە كىرىپلا كۈلۈۋەتتى. تېخى ھېلىلا ئۇنىڭ كۆزلىرى-
دىن چاقنىغان غەزەپ ئۇچقۇنلىرى ئاللىقاياقلارغا غايىپ بول-
غان ئىدى. مەن ھەيران بولدۇم.

— ئولتۇرۇڭ ھاشىم، ئولتۇرۇڭ، — دېدى جالالىدىن
مېنى كرېسلوغا تەكلىپ قىلىپ، — ھەيران قېلىۋاتامسىز؟ بۇ
ئىشلارنىڭ سىرىنى ھازىرلا ئۇقىسىز!...

— ھاشىم، سىز تولىمۇ جىمغۇر ئادەمكەنسىز. ئىدارىدى-
كى گەپ - سۆزلەردىن بىخەۋەر يۈرۈيدىكەنسىز. ئاشپەزلىك
قىلىشتىن باشقا ئىشقا دىققەت قىلمايدىكەنسىز، — دېدى
جالالىدىن تاماكىسىنى تۇتاشتۇرغاچ، — بىزمۇ يامان ئادەم-
لەردىن ئەمەس. سىز بىزنىڭ ئۆيدە تۆت - تائام يەپ تۇرۇ-
ۋاتىسىز. بىزنىڭمۇ قانداقلىقىمىزنى بىلگەنسىز. مۇنۇ ئەب-
لەخنى كۆرمەمسىز؟ تېخى تۈنۈگۈنكى سويمەك پۇتۇمغا پالتا
چاپماقچى بوپتۇ. بۈگۈن ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قويدۇم بۇ
سويمەككە!

دەماللىققا غاپپارنىڭ جالالىدىنغا قانداق يامانلىق
قىلغانلىقىنى بىلەلمىدىم. مېنىڭ ئاشخانامغا تاماق يېگىلى

كىرگەنلەر قانداقلىكى گەپ بولسا قىلىشاتتى. ئەگەر غاپپار جالالىدىنغا بىرەر يامانلىق قىلغان بولسا بۇنداق سۆزلەر ئاشخانامغا كىرگەن سۆزمەنلەرنىڭ بىرەر ھەپتىلىك دەسمايىسى بولاتتى-دە، قۇلىقىمغا كىرىپ قالاتتى.

— جالالىدىن، كېپىڭىزگە چۈشىنەلمىدىمغۇ؟ — دېدىم مەن.

— ھازىرلا چۈشىنىسىز، — دېدى جالالىدىن، — سىز بىلەن بىر تۇغقاندەك بولۇپ كەتتۇق. شۇڭا سىزدىن گەپ يوشۇرمايمەن. مۇنداق گەپ، نۆۋەتتىكى ئىسلاھاتتا مېنىڭ بۆلۈم باشلىقلىق ھوقۇقۇم غاپپارنىڭ قولىغا ئۆتكۈدەك.

جالالىدىنىنىڭ نېمە ئۈچۈن غاپپارنى تىللايدىغانلىقىنىڭ تېگىگە يەتتىم. ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا قەلبىمدە جالالىدىنغا ھېسداشلىق تۇيغۇسى ئويغاندى.

— تۆۋە دەڭ، جالالىدىن، سىزدەك ئۇزاق يىللىق كادىر تۇرۇپ، ياپياش ئادەمگە ھوقۇق نەدە تۇرۇپتۇ؟! — دېدىم مەن داستىخاندىكى نانغا قول ئۇزاتقاچ. ئاندىن جالالىدىنغا تەسەللىي بەرگەندىن كېيىن ھېلىقى كۈلكىنىڭ سەۋەبىنى سورىدىم.

— بوپتۇ، سىزگە ئېيتىمەن. شۇڭا، بۇ كۈلكىنىڭ سەۋەبىنى دەپ بېرەي. قاراڭ، تۈنۈگۈن ئىدارىنىڭ ئاساسلىق رەھبىرىدىن غاپپارنىڭ ئۆستۈرۈش نىشانى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئىچكى ئەزالىرىمنى بىرسى مالتىلىۋەتكەندەك بىئارام بولۇپ كەتتىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دوزىخنى چاينىۋەتكۈم كەلدى. قورسىقىمنى بىر بوشىتىۋېلىشنى ئويلاپ تۇرغىنىمدا، ھويلىدىكى تۇمۇچۇق غەيرىي ئاۋاز چىقىرىپ، ئۆزىنى قەپەزگە ئۇرغىلى تۇردى. سىزمۇ ئاڭلىغانسىز بەلكىم. شۇ ھامان يۈگۈرۈپ چىقسام تازا يوغان بىر مۈشۈك قەپەز ئېسىلغان چوقات-

ماقتىلا تۇرمامدۇ، يۈرىكىم قىپىدىن چىقىپ كەتكىلى تاس قالدى. ئارقامغا قانداق يانغانلىقىمنى بىلمەيمەن. بىر ۋاقىتتا ئايالىم لاخشىگىرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى.ئەسلىدە لاخشىگىرنى مۇشۇكىكە ئاتقان ئىكەن، ئەپسۇسكى، قەپەزنىڭ بىر بۇرجىكىدىن لاخشىگىر تۇمۇچۇقنىڭ بىرسىگە تېگىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جانىۋار ئۆلۈپ قاپتۇ دەگىنا. كېچىدىن بىرى ئايالىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ مۇشۇ باھانىدا غاپپارنى بىر تىللىۋېلىشنى مەسلىھەتلەشكەن ئىدۇق. كۆردىڭىز، بايا راسا سالپايتىمۇەتتۇق، ئۇ سويمەكنى،— دېدى جالالىدىن ھېجىيىپ.

ئۇ بىر ھازاغىچە غاپپارنىڭ غەيۋىتىنى قىلدى. ئاندىن ئىشكابىدىن ئالىي دەرىجىلىك ھاردىقىنى ئالدى ـ دە، ئىككى رومكىغا بېلىق كۆزى قىلىپ قۇيدى.

— ھەي ھاشىم، ئاشۇ غاپپار راستىنلا بۆلۈم باشلىقى بولۇپ كېتەرمۇ؟ — دېدى جالالىدىن بوشىغان رومكىلارغا ھاراق قۇيۇۋېتىپ.

دەماللىققا بىر نەرسە دېيەلمىدىم. رومكا تۇتقان قولۇم تىترەشكە باشلىدى.

— بوپتۇ، يول كۆرسەتمىسىڭىزمۇ پىلانىمغا مەسلىھەت بېرىڭ، — دېدى جالالىدىن بىر ھازادىن كېيىن، — ھازىر ياشلاشتۇرۇش سىياسىتى ئىجرا قىلىنىۋاتىدۇ. ئۇنداقتا غاپپارنىڭ بۆلۈم باشلىقى بولۇشىدا گەپ يوق. ھۆكۈمەت بىلەن قىرىشقىلى بولمايدۇ ـ دەگىنا. شۇڭا، غاپپارنى بىرەر پالاكەتكە يولۇقتۇرا يىمىكىن دەيمەن. قانداق قىلىسىز دەمسىز؟ مۇنداق پىلانىم بار،كادىر ئۆستۈرۈشتە بىلىم سەۋىيىسىگە قاراش بىلەن ئەخلاقىي ـ پەزىلىتىگىمۇ قارايدۇ ـ دەگىنا. ئۇ ئەبلەخنىڭ كەسپىي سەۋىيىسى مېنىڭدىن ئۈستۈن. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەخلاقىي ـ

پەزىلىتىگە داغ تەگكۈزۈپ قويىاي دەيمەن. قانداق قىلىپ دەمسىز، مۇنداق قىلاي دەيمەن «مەن، ئۆيدە يوق ۋاقتىمدا ئايالىمغا چېقىلماقچى بوپتىكەن، ئۆيگە كىرىپ قالدىم» دەپ راسا دۇمبالاپ، ئىدارىدا شەرمەندە قىلاي دەيمەن. ئاشۇ چاغدا ئۇنىڭ بۆلۈم باشلىقى بولغىنىنى كۆرەي. قانداق، پىلانىم جايىدىمۇ؟

— دادا ئەقىل ! بارىكاللا سىزنىڭ ئەقلىڭىزگە! ... بىراق...

— بىراق، نېمە بولىدى؟ قويۇڭ ئۇنداق ۋىجدانىنى! ۋىجدان بىلەن بۇ ئىككى ئىش، ھاشىم! سىز بۇنى ئوبدان ئايرىۋېلىڭ!

شۇ كۈنى راسا ئىچىشتۇق. غاپپارنى ئورنىغا ئىتتىرىش پىلانىنى تۈزۈشتۇق

ئارىدىن ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتتى. پىلان بويىچە بۈگۈن كەچ سائەت ئون ئەتراپىدا جالالىدىن بىزنىڭ ئۆيگە كىردى. ئايالى ئۆزى يالغۇز ئۆيدە قالدى. جالالىدىن بىلەن ئىككىمىز بىزنىڭ ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن ھويلا ئىچىگە قاراپ تۇردۇق. بىر ھازادىن كېيىن قۇلىقىمىزغا سىرتتىن كىرگەن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى.

— ئۇكام غاپپار، جالالىدىن ئۆيدە يوق ئىدى، لامپۇچكا كۆيۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ. خاپا بولماي لامپۇچكا يەڭگۈشلەپ بەرسىڭىز، تولىمۇ مۇھىم ئىشىم بارئىدى،— دېدى جالالىدىننىڭ ئايالى سىرتتىن كىرگەن كىشىگە. جالالىدىننىڭ ئايالى ئۆي تەرەپكە ماڭدى. ھېلىقى كىشىمۇ ئارقىسىدىن ماڭدى.

ھويلا ئىچى قاپقاراڭغۇ ئىدى. بىز تۇرغان ئۆينىڭ چىرىغىنىمۇ پىلان بويىچە بۇرۇنلا ئۆچۈرۈۋەتكەن ئىدۇق. ھايال ئۆتمەي ئۆينىڭ ئىشىكي تاقالغان ئاۋاز ئاڭلاندي ۋە ئۆي ئىچى

دىن ئايال كىشىنىڭ: «ئادەم بارمۇ؟ باسقۇنچى ... مېنى قۇتۇلدۇرۇڭلار!» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. پىلانىمىزنىڭ غەلىبىلىك ئورۇندىلىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن خۇشاللاندۇق - دە، ئۆيدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتۇق. جالالىدىن ئۆز ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى كۈچەپ تېپىۋېدى، ئىشىك ئېچىلدى. ئۆي ئىچى گۆرىستاندەك قاراڭغۇ ئىدى.

— كىم سەن؟ — دېدى جالالىدىن.

— كۆرمەمسىز جالالىدىن، بۇ ھايۋان، ئىپلاس ماڭا زورلۇق ... ئىشىكنى ئېتىپ... ھۆ - ھۆ - ھۆ ... — بۇ جالالىدىننىڭ ئايالىنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— ھۇ تۇزكور ھايۋان! كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسەتمەيدىغان بولسام! — جالالىدىن ھېلىقى كىشىنىڭ قېشىغا ئوقتەك ئېتىلىپ باردى.

— ئاكا، مەن... مەن... غاپپار...

— ھۇ توڭگۇز! سەن زادى غاپپار! — جالالىدىن شۇنداق دېگىنىچە ئالدىن تەييارلانغان كالتەك بىلەن غاپپارنىڭ باش - كۆزىگە ئۇرغىلى تۇردى. ئۆي ئىچىنى «ۋايجان! مەن غاپپار!» دېگەن ئاۋاز بىر ئالدى. جالالىدىننىڭ قولىدىكى كالتەك بىردە ھېلىقى كىشىگە تەگسە، بىردە ئۆي ئىچىدىكى چىنە - قاچىلارنى جاراڭ - جۇرۇڭ قىلىپ سۇندۇرۇپ تۇراتتى.

— جالالىدىن، چىنە - قاچىلارنى سۇندۇرماڭ! — دېدى ئۇنىڭ ئايالى ۋە ئىتتىك بېرىپ كونۇپكىنى باستى. ئۆي ئىچى كۈندۈزدەك يورۇپ كەتتى.

— ۋايجان! بۇ نېمە ئىش؟ بۇ غاپپارجانغۇ؟ — جالالىدىننىڭ ئايالى تۇرۇپلا قالدى، — ئۇكام غاپپارجان.

— ئاپلا، ماۋۇ ئوقۇشماسلىقنى كۆرۈڭ! ئۇكام غاپپارجان! —

جالالىدىن قولىدىكى كالتەكنى تاشلىدى - دە، غاپپارجاننى يۆلىدى.

— ۋاي ئىبىست، بۇ سىزنىڭ ئىنىڭىز غاپپارجانغۇ؟ ئالدىراشچىلىقتا ئاۋازىدىنمۇ پەرق قىلالماپسىز-دە! — دېدىم مەنمۇ جالالىدىننىڭ ئايالىغا قاراپ.

ئۆي ئىچىدە بەدىنىدىن قاقشىق ھاراق پۇرىقى پۇراپ تۇرغان بىر ھوشسىز گەۋدە سوزۇلۇپ ياتاتتى. جالالىدىن ۋە ئايالى تەڭلا غاپپارجاننى يۆلەشكە باشلىدى.

بۇ چاغدا نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن غاپپارمۇ ئۆيگە كىرگەن ئىدى.

1987 - يىل 11 - ئاي، قەشقەر

# تىنىمسىز خىياللار



يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان كۆپرەك ۋاقتىم ھەر خىل خىياللارنى سۈرۈش بىلەن ئۆتىدىغان بولۇپ قالدى. ئازراق پۇرسەت تاپسىلا ھەر خىل چېگىش خىياللار قايىنىمىغا چۆكىمەن. خىيال مەن ئۈچۈن نازىنىن قىزغا قاراپ ئولتۇرۇپ ھۇزۇرلانغاندەك تۇيۇلىدۇ. ئەپسۇسكى، نازىنىن قىزلار ھېلىگەر، ئالدامچى بولغىنىدەك، خىيالمۇ مېنى ئالدايدۇ. ئۇ، پەقەت بىر مەزگىللىك ئىچ پۇشقۇمنى چىقىرىدۇ - يۇ، خۇددى ئاشۇ نازىنىن قىز ئۆز جامالىنى پەرەنجە ئىچىگە ئېلىپ، يۈرىكىمدە بىر خىل ھەسرەت دېغى قالدۇرغاندەك غايىب بولىدۇ. خىيالدىن باش كۆتۈرگىنىمدە ئاشۇ نازىنىن قىزنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتالماي لېۋىمنى تامشىتىپ قالغاندەك، خىيالىمدىكى ماڭا نېسىپ بولمىغان ھەر خىل ئىشلار ئۈچۈن لېۋىمنى تامشىتىپ قويىمەن. ناۋادا خىيال ئاسمانلىرىمدا بولۇتتەك لەيلەپ يۈرگەن، بىراق، ئۆزۈم ئېرىشەلمىگەن ۋە ئېرىشىشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان ئىشلاردىن بىرەرسى ماڭا چۆچەكلەردىكىدەك نېسىپ بولغان بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا تاسادىپىي كەل-

گەن بەختتىن خۇرسەن بولۇپ، ئۆزۈمنى خۇددى شاھ مەلىكى-سىنىڭ ۋىسالىغا ئېرىشكەندەك خۇشال سېزەتتىم.

خىيال سۈرۈش مەن ئۈچۈن ئادەت. ئەگەر بىرەر كۈن خىيال سۈرۈشتىن مەھرۇم بولۇپ قالسام، ئۆزۈم ياخشى كۆر-گەن ساھىبجامالنى قانداقتۇر بىر قارا قول چاڭگىلىغا ئېلىۋال-غاندەك بىئارام بولىمەن. شۇنداقتىمۇ، ئۇيقۇ لەشكەرلىرى كۆزلىرىمنى ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئېلىپ، قالايمىقان چۈش قوينىغا سۆرىمىگەن ھەر قانداق ۋاقىتتا خىيال سۈرىمەن. يول يۈرگەندىمۇ، تۆشەك ئۈستىدە ياتقاندىمۇ... ھەتتا تە-رەتخانىلاردىمۇ خىيال ماڭا سايىدەك ھەمراھ.

× × ×

— بالام، ئېشىڭنى ئىچىۋالغىن، — دېدى ئانام خىيالىمنى بۆلۈپ، — تۈگىمەس قەرزگە بوغۇلغان ئادەمدەك ئولتۇرۇپ كېتىپسەنغۇ يەنە؟

— ھە، ئۆزۈمچە...

ئانام قويۇق ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بىر چىنە ئاشنى ماڭا ئۇزاتتى ۋە:

— بالام، مەن «دىككىدە» ئاچاڭنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كې-رەي. گېلىم سىقىلىۋاتىدۇ. ئۇمۇ بۇ سۇيۇقئاشتىن بىر چىنە ئىچىۋالسۇن، — دېگىنىچە سىرتقا ماڭدى.

ئاشنى قوشۇق بىلەن مالتىلاشقا باشلىدىم. چىنە ئىچىدە بىرەر توغرامچە گۆش دىدارى كۆرۈنمەيتى.

ھەي، تۇرمۇش!... «مۇشۇنداق ئىشلارنى ئويلىسام بى-رەر ئورۇنغا كانارى توختىتىپ قاساپ بولغۇم كېلىدۇ، — ئاشنى قويۇپ يەنە خىيالغا پاتتىم، — ئۇ چاغدا ئۆيدىن

گۆش ئۈزۈلۈپ قالامدىغان ـ ھە! نىھايەت بىرەر كىلوگۆش ئالغانلاردىن بىرەر يۈزگرام قايرىۋالاتتىم ـ دە، ئۆيدىكى قازانغا تاشلايتتىم. ئەرزان ئۆچكىدىن ئېلىپ، قوي گۆشىگە ئارىلاشتۇرۇپ، ھەممىنى قوي گۆشى نەرقىدە ساتاتتىم. كىشىلەر گۆشنى كەم بەرگىنىڭنى بىلىپ قالىسچۇ دەمسەن؟ ئەخمەق! ئاشۇگال چويلىسى بازار باشقۇرغۇچىلارنىڭ نەپسىگە گۆش بىلەن ئۇرمامدىمەن؟ ئۇ چاغدا ئۇلار «ئېغىز يېسە يۈز ئۇۋۇتۇپتۇ» دېگەندەك «ھۆتۆت ـ پۆتۆت» دېيەلىسۇنمۇ؟ ئەگەر بىرەر خېرىدار گۆشنى كەم بېرىپسىز دېسە، شۇھامان ئۇنىڭغا ھۆرپىيىپ، بازار باشقۇرغۇ-چىنى كۆرسىتىپ قوياتتىم. خېرىدار بازار باشقۇرغۇچىنىڭ ئالدىغا بارغىنى بىلەن نەتىجىسىز قايتىپ كېلىدىغانلىقى ئې-نىق. بىراق، دادام رەھمەتلىكنىڭ: «كىشىنىڭ ھەققىنى يېگەن ئادەم ئۇ دۇنيادا سوراققا تارتىلىدۇ. شۇڭا، كىشىنىڭ ھەققى-نى يېمەسلىك كېرەك» دېگەن نەسىھەتى ھېلىغىچە قۇلىقىمدا تۇرغاچقا، ئۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا قولۇم بارمايدۇ. جىڭنى توغرا تۇتۇپ، قاسساپلىقنى ھالال قىلساڭ بولمامدۇ دەمسەن؟ «ھالال ئىش قىلىمەن» دېيىش مۇمكىنمۇ؟ بۇ ـ غۇ مۇمكىن، لېكىن، سەن بىرەر كەسىپتە شۇنداق ئادىللىق بىلەن ئىشلىگەن ھامان كەسىپداشلىرىڭنىڭ تىل ـ ھاقارەتلىرىگە، تەھدىتىگە ئۇچرايسەن، تېخى ئۇلار ساڭا قاۋانىدەك تاشلىنىدۇ. پېيىڭگە چۈشۈپ، ماڭىدىغان يولۇڭغا ئورا كولىشىدۇ. ھەتتا جېنىڭدىن جۇدا بولىدىغان ئىشلار يۈز بېرىشىمۇ مۇمكىن. قىسقىسى، توغرا يول تۇتقان ئادەم ھامان بەزىلەرنىڭ قار-شىلىقىغا ئۇچرىماي قالمايدۇ. بۇ — جەمئىيەتتىكى رەزىللىك، پەسكەشلىك بويۇنتۇرۇقىنىڭ بوينۇڭغا سېلىنىپ سېنى نابۇت

قىلىدىغانلىقىنىڭ بىشارىتى ئەمەسمۇ؟!

ياق، ياق... مەن ھەرگىزمۇ قاسساپلىق قىلمايمەن. قاسساپ بولمايمۇ گۆش يېگىلى بولىدىغۇ؟ ئەڭ ياخشىسى كىشىلەرگە نەپ يەتكۈزىدىغان بىرەر كەسىپنى تاللىشىم كېرەك.

ھە، راست. دادام رەھمىتى كېسەل بولۇپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغاندا دوختۇرلۇقنىڭ قانچىلىك ئۇلۇغ كەسىپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ئەمەسمىدىم؟! شۇنداق، دوختۇرلۇق ئۇلۇغ كەسىپ. دوختۇرلار پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئاغرىقلارنى ئاغرىق ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا بېغىشلىغان. ئۇلار ئاقكۆڭۈل، مېھرىبان، كۆيۈمچان كىشىلەر. دادام ئاغرىقتا چىدىماي ئىڭراپ ياتقاندا، ئاق خالاتلىق بىر پەرىشتىنىڭ پايپېتەك بولۇپ، تاھارەت قاچىسىنى سىرتقا ئېلىپ ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆزلىرىمگە ئىسسىق ياش ئالغانمەن. تېخى ئىككى يىل بۇرۇن مەنمۇ كېسەللىك تۈپەيلى دوختۇرخانىدا ياتمىدىممۇ؟ لەنتى كېسەللىك قىيناپ ھالىمنى قويمىغان بولسىمۇ، دوختۇرلارنىڭ قىتىرقىنىپ داۋالىشى بىلەن ئازغىنە كۈندە سەللىمازا ساقايغان ئەمەسمىدىم؟ شۇ چاغ كىندىكىمنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە بىر يېرىڭلىق ئىششىق پەيدا بولۇپ قالغان بولۇپ، گويا بىرسى ئامبۇر بىلەن قىسقاندەك چىڭقىلىپ ئاغرىيتتى. داۋالىنىۋاتقان كۈنلەردە، يېنىمدىن بىردەممۇ ئايرىلماي ھالىمدىن خەۋەر ئالغان ھېلىقى قارا قۇمچاق، زىلۋا بوي، كۈلۈمسىرەپلا تۇرىدىغان سېستىرا قىزنىڭ سىماسى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. ئۇ، ئۇنىمىغىنىمغا قارىماي شىمىمنى ئۆز قولى بىلەن يېشىپ ھېلىقى يېرىڭ ئېقىپ تۇرغان جايىنى بىر قانچە قېتىم يۇيۇپ، تازىلىغان. تېخى ئۇنىڭ روھىم كۆتۈرۈلىدىغان گەپلەرنى قىلغىنىچۇ؟

ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس! دوختۇرلار ئىچىدىمۇ ئاچا-

يىپ پەسكەشلىكنى يوقىتىۋالمىغانلار بار. ئۇلارنىڭ ئاشۇن-
داق ئالىيجاناب، ئاقكۆڭۈللۈكىنى كۆرۈش بىلەن بىر چاغدا
جان قايغۇسىدا ياتقان كېسەللەردىن پارا تاما قىلىغانلى-
قىنى كۆرگەنمەن. ئۇلارنىڭ يەر شارىنى «ھام» ئېتىۋەتسىمۇ
تويمىغۇر نەپسى قانمايدۇ. دادامنى ياتاقتا ئالدۇرماق قىيىن-
غا توختاپ، ئانام ئۆز بالىسىدەك بېقىپ كېلىۋاتقان بىر پاق-
لاننى دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ئۆيىگە مەن ئەكىرگەن ئە-
مەسمىدىم؟ يەنە ئانامنىڭ مىڭ بالالىقتا قۇرۇتقان گۆلە-
قاقلىرىنىڭ خالتا - خالتىلاپ توشۇلۇپ تۇرغىنىچۇ؟ دوختۇر-
خانا باشلىقىنىڭ ھېلىقى خام سېمىز ئايالىنىڭ خورمىغا بەر-
گۆسىز گۆلە - قاقلارنى ياراتماي ئۇيان - بۇيان مالتىلاش-
لىرى، ئاغزىنى ئۈمچەيتىپ، قاپاقلىرىنى سۈزۈشلىرىچۇ تېخى!
مەنمۇ دادامنىڭ بالدۇرراق ساقىيىشى ئۈچۈن تەتىل كۈنلى-
رى قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدا ئىشلەپ تاپقان پۇلۇمغا ئائىلىدى-
كىلەرگە ئوقتۇرماي ئىككى - ئۈچ تاغار قوغۇن - تاۋۇز سېتى-
ۋېلىپ، دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ئۆيىگە توشۇغىنىمچۇ؟ دادام
ياتقان بۆلۈم مەسئۇلىنىڭ بىر نەرسە تاما قىلىپ ئېيتقان
ئەگىتمە گەپلىرىنى دېمەمسىز؟! ئاشۇ چاغدا بەزى دوختۇرلار-
دىن گويا نىجاسەتتىن يىرگەنگەندەك يىرگىنىدىغان بولۇپ
كەتكەنمەن. ئۆزۈڭ پارا بېرىپ، ئۆزۈڭ يىرگەنگىنىڭ نېمىسى
دەمسەن؟ شۇنداق، ئۆزۈم پارا بەرگىنىم راست. لېكىن، ئاشۇ
پارىلىرىمنىڭ دادامنىڭ تېزراق ساقىيىشىغا تۈرتكە بولىدىغان-
لىقىنى ئۇنتۇما! ھازىر قۇرۇق قۇلاق قۇرۇق قۇلاققا ياقماپتۇ،
دېگەن تەمسىلنىڭ بازار تاپقانلىقى ئېسىڭدە بولسۇن.

دادام ھايات ۋاقتىدا: «كىشىلەرگە بىرەر ئىلىم ئۆگەت-
كەن ئادەم ئۆلگەندىن كېيىنمۇ كىشىلەر قەلبىدە يادلىنىپ تۇ-
رىدۇ» دېگەن ئىدى. راست ئەمەسمۇ؟ مەنمۇ بەزى ئوقۇتقۇچى-

لىرىمنى قەلبىم تۆرىدىكى ئەڭ ئىزىز، ئەڭ مۆھتەرەم كىشى-لەر ھىسابلايمەنغۇ؟ ئۇنداقتا، ئوقۇتقۇچى بولايمۇ - يا؟ بۇمۇ بولىدىغان كەسىپ، قايسى ئىش ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەجرىسىز را-ۋاج تاپقان؟ ئوقۇتقۇچىدىن سۆيۈنمەيدىغان، پەخىرلەن-مەيدىغان كىم بار؟ ئوقۇتقۇچى — ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى ئەمەسمۇ؟ مەنمۇ ئون يىل ئوقۇتقۇچىنىڭ قو-لىدا تەربىيىلەنگەن. ئاشۇ ئون يىللىق ئوقۇش ھاياتىمدا بىر قانچە ئوقۇتقۇچىنىڭ يۈرەك قېنى ھۆجەيرىلىرىمگىچە سىڭگەن. شۇڭا مەن ئوقۇتقۇچىلارنى قەدىرلەيمەن. ئۇلارنى ھەر ۋاقىت ئەسلەپ، ياد ئېتىپ تۇرىمەن. بولۇپمۇ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان چېغىمدىكى سىنىپ مۇدىرىم ئايتۇرسۇن خانىمنى زادىلا ئېسىمدىن چىقىرالمايمەن.

ئادەمنىڭ بالىلىق چاغلىرى يۇمران نوتىغا ئوخشايدى-كەن. ئەگەر تۈز ئۆسكەن نوتىنى ئەتراپىدىكى ئەگرى - بۈگرى ئۆسكەن نوتىلار چىرمىۋالسا، تۈز نوتىمۇ ئەگرى - بۈگرى ئۆسكەن نوتىدەك بولۇپ قالىدىكەن. مۇبادا بىرەر رەھىمدىل ئىنسان ئۇنى قۇتقۇزمىسا، يارىماس نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقى چوقۇم. مەن ئۆزۈمنى ئاشۇ نوتىغا ئوخشاتسام، ئوقۇتقۇچۇمنى ئاقكۆڭۈل ئىنسان سانايمەن.

مەھەللىمىزدە مەن بىلەن تەڭ قۇراملىق ئىككى بالا بار ئىدى. ئۇلار مەكتەپكىمۇ بارمايتتى، بىرەر ھۈنەر - ئوقەتكىمۇ قىزىقمايتتى. مېنىمۇ ئۆز توپىغا قوشۇلۇشقا دەۋەت قىلاتتى. بىر كۈنى ئۇلارغا قوشۇلۇپ، مەھەللىمىزدىكى بىر بوۋاينىڭ بېغىغا ئۆرۈك ئوغرىلىغىلى كىردىم. بىز پىشقان ئۆرۈكلەرنى يانچۇق، شەپكىلىرىمىزگە قاچىلاۋاتقاندا، ئىگىسى سېزىپ قېلىپ قوغلىدى. ھېلىقى ھەمراھلىرىم چاققان كېلىپ ئاللىبۇرۇن تىكىۋېتىپتۇ. مەن ئەمدىلا تامغا ئېسىلىپ

تۇرۇشۇمغا بوۋاي تۇتۇۋالدى. ئەمدى ئۆلگۈدەك تاياق يەيدىغان بولدۇم، دەپ ئويلىدىم. ئەپسۇسكى، بوۋاي ماڭا بىر ھازا تەربىيە بەرگەندىن كېيىن قويۇپ بەردى.

— ئەخمەق، تازىمۇ پالاكەت بىر نېمىكەنسەن. ئوغۇل بالا بولغاندىكىن مۇشت بىلەن كۆزدىگە بىرنى ئۇرۇپ قاچسا بولمامدۇ؟ — دېدى ھېلىقى بالىلاردىن بىرسى مېنى مازاق قىلىپ.

قىلغان ئىشىمغا پۇشايمان قىلغاندەك بولۇپ ئۇنىدىمىدىم. نېمە ئۈچۈندۇر كۆڭلۈم بىر قىسما ئىدى.

— ئوغۇل بالا دېگەنمۇ قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلامدىكەن؟ يۈرەكلىك بول! — دېدى يەنە بىرسى، — بۇندىن كېيىن چاققان بولساڭلا بولدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ خېلى روھىم كۆتۈرۈلدى. لېكىن يېرىم كۈن بىھۇدە ئۆتۈپ كەتتى. چۈشتىن كېيىن مەكتەپ بوسۇغىسىدىن پۇت ئېلىپلا، ھېلىقى بوۋاينىڭ ئايتۇرسۇن خانىم بىلەن بىللە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇلار سۆزلىشىۋاتاتتى. ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا ئارقامغا بۇرۇلدۇم ـ دە، ئۆيگە تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۈم.

ئەمدىلا كەچلىك تاماقنى يەپ تۇرۇشىمىزغا ئىشىك چېكىلدى. ئىشىكنى ئېچىپلا ئايتۇرسۇن خانىمنى كۆرۈپ گويا يېرىدىكىم ھەردىكەتتىن توختىغاندەك بولۇپ كەتتىم.

— ئۆيدە كىم بار؟ — سورىدى خانىم يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ.

— ھەممەيلەن بار، — دېيەلىدىم ئارانلا.

تەلىيىمگە ئانام ئۆيدىن چىقىپ، مېنى ئوڭايسىزلىقتىن قۇتقۇلدۇردى. ئۇ، ئايتۇرسۇن خانىمنى ئۆيگە باشلاپ كىردى. مەن ياندىكي ئۆيگە چىقىپ كەتتىم. ئەمما قۇلىقىم ئىككىيلەنـ

نىڭ نېمىدېيىشىۋاتقانلىقىدا ئىدى. خانىم، ئانام بىلەن ئامان-
لىق سوراشقاندىن كېيىن، گەپنى مېنىڭ ئەھۋالىمغا يۆتكىدى.
يۈرىكىم «پوك - پوك» ئىدى. ۋۇجۇدۇمنى «خانىم بۈگۈن يۈز
بەرگەن ئىشنى ئۆيدىكىلەرگە چوقۇم ئېيتىدۇ. قانداق قىلار-
مەن؟» دېگەن ئەندىشە قاپلىۋالدى. خۇداغا شۈكرى! خانىم
بۈگۈنكى ئىش توغرىلىق ئېغىز ئاچمىدى. پەقەت مېنىڭ ئۆگى-
نىشتە ئازراق ئارقىدا چېكىنگەنلىكىمنى، بۇندىن كېيىن دىققەت
قىلىشىمنىڭ لازىملىقىنى ئېيتتى. «ياشا! ياشاپكەت! ئوقۇتقۇ-
چى دېگەن مۇشۇنداق بولسا!» دەۋەتتىم ئىچىمدە. بىراق، ئۇ
ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ مېنى سۈرۈشتۈرۈۋېدى، يەنە تىترەش-
كە باشلىدىم. پۇتۇمغا تاش ئېسىپ قويغاندەك ئېغىر ئىدى.
مىڭ تەستە ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدىم.

— ئەتە مەكتەپكە سەھەر بارغىن، — دېدى ئۇ بېشىمنى
سىيلاپ تۇرۇپ. يۈزلىرىم ئوت ئالغاندەك بولۇپ كەتتى. «ماقۇل»
دېگەن سۆزنى ئاران دېيەلىدىم. ئۇنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئەتى-
سى كۈندىكىدىن بالدۇرراق مەكتەپكە باردىم.

خانىم مېنى مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان
ئىكەن. مېنى كۆرۈپلا كۈلۈمسىرىدى ۋە ئىشخانىسىغا باشلاپ
كىردى. ۋۇجۇدۇمنى خىجالەتچىلىك ئۆز ئىلكىگە ئالدى. شۇ
مىنۇتتا ئۇنىڭ تىللىشىنى كۈتۈشتىن باشقا ئوي كاللامغا كىر-
مىدى. ئەپسۇسكى، ئۇ ماڭا بىر ھازا تەربىيە بېرىپ، بۇندىن
كېيىن تۈنۈگۈنكىدەك يامان ئىشلارنى قىلماسلىقنى جېكىلى-
دى. مەنمۇ شۇندىن كېيىن ئۇنداق بولمىغۇر قىلىقلاردىن قول
ئۈزدۈم.

ئەگەر ئاشۇ چاغ ئايتۇرسۇن خانىمنىڭ تەربىيىسى بول-
مىغاندا ئىدى، مەنمۇ ھېلىقى ئىككى بالىدەك، جىنايەت ئۆتكۈ-

كۆزۈش يولىغا ماڭغان بولاتتىم. شۇڭا، ئوقۇتقۇچى — قەلبىم چىنارىنى كۆكلەتكۈچى، ۋۇجۇدۇمدا غايە تۈۋرۈكىنى تىكلىگۈچى، بۈيۈك ئىنسان دەپ قارايمەن.

بىراق، تولۇق ئوتتۇرىدىكى سىنىپ مۇدىرىم — ئەزىز مۇئەللىم يادىمغا يەتسە، ئوقۇتقۇچىغا بولغان غەزىپىم ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. ئۇ مېنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىستىقبالىمنى نابۇت قىلغان ئەمەسمۇ؟ ئۇ، تۈلكىگە ئوخشاش ھىيلىگەر، لالما ئىتتەك تاماگەر ئىدى. زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ. تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈشكە بىر يىل قالغاندا ئۇ ماڭا بەكمۇ يېقىنچىلىق قىلىدىغان بولۇپ كەتتى. مەن دەماللىققا ئۇنىمۇ ئايتۇرسۇن خانىمدەك كۆيۈمچان ئوقۇتقۇچى بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپتىمەن. كىم بىلسۇن، ئۇنىڭ ئاشۇ يېقىنچىلىقىنىڭ كەينىگە پارىخورلۇق، ئالدامچىلىقتىن ئىبارەت بىر قارانىيەت يوشۇرۇنغان ئىكەن...

بىر كۈنى ئۇ مېنى چاقىرىپ:

— ھە، ئالدىمىزدا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىسەن، تەييارلىقنى ئوبدان قىلىۋاتقانسەن؟ — دېدى.

— يامان ئەمەس، مۇئەللىم.

— ھە، ئۆگىنىشكە ئۆزۈڭنى بەكمۇ ئۇرۇپ كەتمىگىن. سالامەتلىكىڭمۇ ئاسرىغىن جۇمۇ! ئىمتىھاندا بىزمۇ قاراپ تۇرماسمىز، — دەپ بىردەملىك جىمغىنە تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سوراپ قالدى، — ھە راست، سېنىڭ داداڭنى ئۇستا شەپكىچى دەيدۇ، راستمۇ؟

— ھەئە، دادام خېلى ئوبدان شەپكە تىكىدۇ. شەپكە لازىممىدى؟

— ھە، ئۆزۈمگە بىر شەپكە ئالاي دېۋېدىم.

— بولىدۇ. ئەتىلا مەن سىلىنى دادامنىڭ دۇكىنىغا

باشلاپ باراي.

ئەتىسى ئىككىمىز دۇكان ئالدىغا كەلدۇق. دادام ئۇنى خۇشخۇي قارشى ئالدى.

— كەلسىلە مۇئەللىم، كەلسىلە. دۇكانىنىڭ ئىچىگە كىرسىلە، — مۇئەللىم دۇكان ئىچىگە كىرىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغاندىن كېيىن، سورىدى دادام، — مۇئەللىم، ئۆزلىرىگە شەپكە لازىممىدى؟

— ھەئە، ئۆزۈمگە ئوبدانراق شەپكىدىن بىرنى ئالاي دېگەن.

— ھە قاندىقىدىن كېرەك؟ باشلىرىدىكىدەك قارا سارجىدىنمۇ ياكى زېغىررەڭدىنمۇ؟

— ھە، قارىسىدىن كىيەيمىكىن.

— ئوبدان، ئوبدان، — دادام پەيىالىدىكى ئاتىنىڭ قېنىدەك دەملەنگەن چاينى مۇئەللىمگە سۇنغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىلغىدىن بىر شەپكىنى ئالدى ۋە قوتاز قۇيرۇقى بىلەن تۇجۇپىلەپ قېقىشتۇردى، ئاندىن،—كىيىپ كۆرسىلە، ياراشمىسا باشقىسىدىن كىيەرلا، — دېدى.

مۇئەللىم شەپكىنى كىيىپ ئەينەككە قاردۇەتكەندىن كېيىن، بىر كىم تارتىۋالىدىغاندەك ئالدىراپ ئېيتتى:

— رەھمەت، مۇشۇنى كىيەي، چوڭ - كىچىكلىكىمۇ چايىدىكەن. رەڭگىمۇ بولىدىكەن.

— ئۆزلىرىگە يارىغان بولسا كەيسىلە، كەيسىلە!

— ئۇستام، بۇنىڭ پۇلى...

— مۇئەللىم، نېمە دەۋاتىلا؟ ھېلىقۇ بىر شەپكە ئىكەن، ئۇنىڭدىن چوڭراق بىر نېمە بولغان تەقدىردىمۇ ئۆزلىرىدىن پۇل ئالامدىغان!

ئىككىسىلەن بىر ھازا تالاش - تارتىش قىلغاندىن كېيىن

مۇئەللىمنىڭ يانچۇقىغا ئۇزىتىلغان قولى قايتىپ چۈشتى.

— ئۇستام، بالىنى بۇ يىل ئىمتىھانغا قاتناشتۇرۇش خىياللىرى باردۇ؟

— شۇنداق، مۇئەللىم. پېشانىسى ئوڭ كېلىپ قالسا...

— ئانچە غەم قىلىپ كەتمىسىلە. سىنىپ مۇدىرى تۇرۇپ «ھە - ھۇ» دېيىشمىسەك سەت تۇرا ئۇستام، — مۇئەللىم تاماكا ئورىغاچ پوزىتسىيە بىلدۈردى.

— ياخشى كۆڭۈللىرىگە رەھمەت، مۇئەللىم. خۇدايىم چىققان دۆۋىلىرى ئېگىز، مەرتىۋىلىرى زىيادە بولغاي. مۇشۇ بالىنىڭ ئىستىقبالىغا كۆڭۈل بۆلۈپ قويسىلىرى بىزدىن يانمىسا خۇدايىمدىن يانار.

دادام بىلەن مۇئەللىم مېنىڭ ئىستىقبالىم ھەققىدە بىر ئۇزۇن باش قاتۇرۇشتى. مۇئەللىم خېلى ئومىدلىك گەپلەرنى قىلدى. دادام خوشلۇقىدىن قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالدى. مەن بولسام دادامنىڭ بۇيرۇتمىسى بويىچە ئەكەلگەن شورپىنىڭ قاچىلىرىنى يۇيۇش، سۆڭەكلىرىنى يىغىشتۇرۇش بىلەن ئاۋارە ئىدىم.

شۇندىن كېيىن ئەزىز مۇئەللىمنى بىر قانچە قېتىم ئۆيگە چاقىردۇق. ھەر قېتىملىق مېھماندارچىلىقتا شورپا، كاۋاپ دېگەنلەر ئالدىدىن ئېشىپ تۇردى. ئىككى ئوغلىنىڭ سېرىق دېچۆلياڭ كونا شەپكىسىمۇ سارجا شەپكىگە ئالماشتى. تېخى بىر قېتىم ئائىلىسى بويىچە چاقىرىۋېلىپ ئايالىغا، ئىككى بالىسىغا، ئۆزىگە ئوخشاش سارجىدىن شىم - كاستۇملۇق رەخت قويدۇق (ئەمدى شۇ ئىشلارنى ئويلىسام دادامنىڭ ھاماقەتلىكىگە ئىچىم قايناي‌دۇ). مەن ئىشەنچلىك بىر يۆلەنچۈكنىڭ تېپىلغانلىقىدىن خۇشال ئىدىم. شۇڭا ئۆگىنىشتە بۇرۇنقىدەك تىرىشمايدىغان بولۇۋالدىم. نەتىجىدە نېمە بولدى دېمەمسىز؟

مۇئەلاسگە شۇنچە كۆپ سوۋغا - سالاملارنى قىلغان بولساقمۇ، ئۇ نەرسىلەر ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈشۈمدە ھېچقانداق رول ئوينىيالمىدى.

بىر كۈنى دادامنىڭ دۇكىنىدا ئولتۇرۇپ، قوشنا دۇكان دىكى كىشىلەرنىڭ ئۆز ئارا قىلىشىۋاتقان پاراڭلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى.

— ھەي، ئوقۇتقۇچى دېگەنىمۇ - زە، بىر ماڭدام يولنى بىكارغا ماڭمايدىغان، ئولتۇرسا يەردىن بىر سىقىم توپىنى ئې لىپ قوپىدىغان خەق، — دەيتتى بىرسى.

— شۇنداق قىلىپ، ئۇستامنىڭ بالىسىمۇ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەپتۇ. ئوقۇتقۇچىسى بىلەن ھېلىقى يوغان قورساق مەك تەپ مەسئۇلىغا قىلمىغىنى قالمىغانتى بىچارىنىڭ، — دېدى يەنە بىرسى.

— شۇنداقمۇ دەيسىلەر، قىيامەت كۈنى ئاشۇ يېگەن نەر سىلىرى كېلىدىن تېشىپ چىقىدۇ ئۇ تويمىغۇرلارنىڭ، — دې دى ئۈچىنچىسى.

دۇكاندارلارنىڭ بۇ پاراڭلىرى كۆيۈك يارامغا تۇز سەپ كەندەك بولدى.

دادام رەھمىتى دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك ئادەم ئىدى. كىنچىك ۋاقتلىرىمدا ئۇ پات - پات: «سەنمۇ ئابلىكىم دامول لامغا ئوخشاش يارامل بىر زات بولۇپ يېتىشىپ چىقساڭ - ھە!» دەيتتى.

دادامنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇنداق دەيدىغانلىقىنىڭ مەنىسىنى كېيىنكى كۈنلەردە چۈشەندىم. راست، ئابلىكىم داموللام دادام دېگەندەك تولىمۇ قەدىرلىك كىشى ئىكەن. مەن ھەر قېتىم نا ماز ئوقۇغىلى مەسچىتكە كىرگىنىمدە، ئۇ پەرىشتە سۈپەت كى شىگە چوڭقۇر ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن سالام قىلىمەن. ئۇ،

نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئىختىيار قىلغان جامائەتكە بىرەر - يېرىم سائەت ئەتراپىدا پەندى - نەسىھەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ: «ئىلىم - پەنگە ھۆرمەت قىلىش، بىلىم ئەھلىلىرىنى قەدىرلەش، نى - نى مۆجىزىلەرنىڭ پەننىڭ كۈچىدىن بولۇۋاتقانلىقى، ئىلىم - پەن ئۆگەنمىگەن كىشىنىڭ بىر تىرىك مۇردىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى، ئۇنداق ئادەملەرنى خۇدامۇ راۋا كۆرمەيدىغانلىقى، دۈشمەننىڭ ھەر خىل تاجاۋۇزلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئىلىم- پەن ئۆگىنىش لازىملىقى، ئىلىم- پەن ئۆگىنىشنىڭ مىللەتنىڭ، خەلقنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىشلىق ئىكەنلىكى» ھەققىدىكى سۆزلىگەن سۆزلىرى قەلبىم قەسىردىگە ئويما نەقىشتەك ئويۇلغان. «مەنمۇ ئابلىكىم داموللامغا ئوخشاش ئۇلۇغ زات بولۇپ يېتىشىپ چىقسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە! — دەپ ئويلايتتىم ئىچىمدە، — مەنمۇ كىشىلەرنى ئىلىم - پەن ئۆگىنىشكە چاقىرسام!...» ئەپسۇسكى، مېنىڭ ئۇ شېرىن خىياللىرىم ئۇزاققا بارمىدى.

ئابلىكىم داموللام ۋاپات بولغاندىن كېيىن مەھەللىمىزدىكى مەسچىتكە پىستە كۆز، ساقاللىرى شالاڭ، تومۇزنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدىمۇ قازاندەك سەللىسىنى بېشىدىن ئايرىمايدىغان بىرسى ئىمام بولدى. ئۇ، نامازدىن كېيىن جامائەتكە بىر تالاي ۋەز - نەسىھەت قىلاتتى.

— ئى جامائەت، — دەيتتى ئۇ، — ھازىر مۇسۇلمانلار شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، ئىمانى سۇسلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئەلمىساقتىن تارتىپ ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئايروپىلان، ماشىنا، «شەيتانچاق» دېگەنلەرنى كۆرمىگەن. ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە بىز مۇسۇلمانلار ئۇ نەرسىلەردىن پايدىلىنىۋاتىمىز. بۇ — شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، دىنسىزلار ئىجاد قىلغان

ئەرسلەرنى ئىشلەتكىنىمىز ئەمەسمۇ؟! جامائەت، ھازىر بەزى مۇسۇلمانلار پەرزەنتلىرىنى پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇۋاتىدۇ. پەرزەنتلەرنى مەدرىسلەردە ئوقۇتساق، ئۇلار ھەر خىل ئايەتلەرنى ئۆگىنىپ، مۇسۇلمانلار-نى خۇدانىڭ بەرگىنىگە شۈكرى - قانائەت قىلىشقا ئۈندىسە بولمامدۇ؟ تېخى بەزىلەر پەرزەنتلىرىنى ئىككى - ئۈچ يىل دىنىي مەكتەپتە ئوقۇتۇپ، پەننىي مەكتەپكە ئالماشتۇرۇۋاتىدۇ. مانا بۇ ھەممىدىن يامان ئىش بولۇپ، خۇدانىڭ بىرلىكىگە شەك كەلتۈرگەنلىك. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، پەرزەنتلەرنى دىنى-دىنمۇ، پەندىنمۇ خەۋىرى بار قىلىپ يېتىشتۈرۈشكە ئۈدەكمىش. جامائەت، سىلەر ئوت بىلەن سۇنىڭ بىرلا يەردە مەۋجۇت بو-لۇپ تۇرغىنىنى كۆرگەنمۇ؟ بۇ خۇددى شەيتىنىڭدەك ئىش! ھاپىز داموللام ئۆز يېنىدىن خېلى كۆپ پۇل چىقىرىپ، قالغىنىنى جامائەتتىن يىغىپ، پەننىي مەكتەپ ئېچىپتۇ، دەمە-سىلەر؟ بۇنداق ئادەملەرنى ھەقىقىي موللا دېگىلى بولامدۇ؟

بىزنىڭ بۇ مەسچىتىمىز شەھەردە خېلى چوڭ مەسچىت-لەردىن بىرى ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، بۇ ئورۇندا ناماز ئوقۇيدىغان جامائەتمۇ كۆپ ئىدى. جامائەت دەسلەپكى كۈنلەردە گەپ - سۆزسىز ئولتۇرۇشتى. كېيىنچە ئىككى-ئۈچ ئادەم بېشىنى بىر يەرگە قىلىپ ئالدىنىمىلەر-نىدۇر دېيىشىدىغان بولۇشتى. جامائەت سەلكىن شامالدىكى كۆل سۈيىدەك داۋالغۇش ئىچىدە قالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆ-پىنچىلىرى ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ «پەندى - نەسىھەت» لىرىدىن قۇسۇر تېپىشىپ، خۇپىيانە ھالدا ئىمام ئاخۇنۇمغا قارشى مەي-دانغا ئۆتتى. مەنمۇ شۇلار قاتارىدىكىلەردىن ئىدىم.

قۇربان ھېيتنىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى ئىدى. ئەمدىلا پېشىن

نامىزىدىن يېنىپ تۇرۇشۇمغا ئىمام ئاخۇنۇم چاقىرىپ:
— ھە، بالام، ئۆيۈمدە كىچىككىنە ئىش بار ئىدى. ساۋابلىق ئۈچۈن قىلىۋەتسەڭ، — دېدى.
— بولىدۇ، ھازىرلا بارايمۇ؟
— ھەئە، مەن بىلەن بىللە بارغىن.
كېتىۋاتىمەن. شەھەرنىڭ ئۈچە يىدەك تار كوچىلىرىدا كىشىلەرگە سوقۇلۇپ كېتىۋاتىمەن. «ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىدە قانداق ئىش بولغىيدى؟ بىرەر مەرىكە بارمىدۇ - يا؟ ياق - ياق. ئۇنداق بولسا ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ ئىتائەتمەنلىرى ئاللىبۇرۇن بۇ ئىشنى جامائەتكە جاكارلىغان بولاتتى. ئەمىسچۇ؟ مېھمىنى بولسا ئىش - كۆشلىرىگە ياردەملىشەمدىغاندىمەن يا؟!» خىيال بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۆيىگە بىردەمدىلا كېلىپ قاپتىمىز.
— قانداق ئىش بار ئىدى ئىمام ئاخۇنۇم؟ — دەپ سورىدىم مەن.
— ھە، مۇنداق بىر ئىش بار ئىدى بالام، بېرى كەل، — دېگىنىچە مېنى ئىچكىرىدىكى ئۆيىگە باشلاپ كىردى ئىمام ئاخۇنۇم، — بالام، مۇنداق ئىش، مۇنۇ كاللىلارنى ماۋۇ تاغارغا قاچىلاپ كۆزۈمدىن يوقاتساڭ، بۇنىڭ سېسىق پۇرىقى ئۆي ئىچىنى بىر ئالدى. نېرى بىر جايغا ئاپىرىپ بىر تەرەپ قىلىۋەتكىن!
راست دېگەندەك ئۆي ئىچى سېسىق پۇراق دەستىدىن تۇرغۇسىز بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئىمام ئاخۇنۇم ئۈستىگە پالاس يېپىلغان بىر دۆمبەچەكنى ئېچىۋېدى، پالاس ئاستىدىن قوينىڭ كاللا - پاقالچاقلىرى چىقتى. ئىمام ئاخۇنۇم تاغارنىڭ ئاغزىنى ئاچتى. مەن كاللا-پاقالچاقلارنى بىر - بىرلەپ تاغارغا سالدىم. نىجاسەتنىڭ بەدبۇي پۇرىقى نەپەس ئېلىشىمغا

يول قويمايتتى، دىماغلىرىم ئىچىشاتتى. كاللىلارنىڭ ئارىسىدا مىدىرلىشىپ يۈرگەن قۇرت - قوڭغۇزلار ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇراتتى. تاغارلىق تولغاندا كاللا - پاقالچاقلارمۇ تۆكىدى.

— بالام، — دېدى ئىمام ئاخۇنۇم، — ھارۋىدىن بىرسىگە كىرا قىلىپ شەھەرنىڭ سىرتىدىكى خالىيراق جايغا ئاپىرىۋەتكىن جۇمۇ! ھە، بالام، پەخەس بول! بۇنى كىشىلەر ئۇقۇپ قالمىسۇن.

كېتىۋاتىمەن. بوز ئېشەك قېتىلغان ھارۋىغا يانداشىپ مېڭىپ، شەھەرنىڭ سىرتىغا قاراپ كېتىۋاتىمەن. قېرى - چۆرى، يېتىم - يېسىرلەرنىڭ تەلمۈرۈپ قاراشلىرىغا پىسەنت قىلماي، قۇربانلىق قىلىنغان قويلارنىڭ كاللا، پاقالچاقلىرىنى يىغىپ، ئۆزى يەپ بولالماي ياكى باشقىلارغا بېرىشكە چىدىماي نىجاسەتكە ئايلاندۇرغان ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ بۇيرۇقى بويىچە كېتىۋاتىمەن.

— ئۇكام، شەھەر سىرتىغا كېلىپ قالدۇق، — دېدى ھارۋىكەش خېلىدىن كېيىن، — تاغاردىكى نەرسىنى ئاۋۇ ئازگالغا تۆكۈۋەتسەك قانداق؟

— بولىدۇ!

ھارۋىكەش بىلەن تاغارنى ھارۋىدىن ئالدۇق - تە، سۆرىگەن پېتى چوڭقۇر ئازگالنىڭ لېۋىگە ئەكىلىپ ئاغزىنى ئاچتۇق.

— ئۇكام، بۇ نېمە ؟ — ھارۋىكەش ھەيران بولۇپ سورىدى. دەماللىققا بىر نەرسە دېيەلمەي، بىر ھازادىن كېيىن ئېيتتىم:

— بۇ، سېسىغان كاللا!

— ئۇكام، بۇنى تۆكۈۋەتكۈچە ماڭا بەرسەڭچۇ؟

— بولىدۇ. بىراق، يېڭىلى بولمايدۇ - دە! — دېدىم هارۋىكەشىنىڭ ئۇجۇر- بۇجۇرىنى سورىمىغىنىغا خۇشال بولۇپ.

— يېڭىلى بولمايدىغانلىقىنى مەنمۇ بىلىمەن. ئۇستاڭ تازىمۇ بىر ئاچكۆز ئادەم ئوخشايدۇ. مۇشۇنداق هېيت - ئايەمدىمۇ كاللىنى كۆپ ئېلىۋالغان بارمۇ؟ ئاخىرى ساتالماي سېسىتىپ قويۇپتۇ - دە! بۇنى مېۋىلىكدەرەخنىڭ تۈۋىگە كۆمسە مېۋىسى راسا ئوخشايدۇ دېگىنە.

تاغارنىڭ ئىزمىسىنى ئەتتۇق - دە، قايتىدىن هارۋىغا باستۇق.

شۇ چاغدىكى ئىش زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

قارىغاندا، باجگىرلار خېلى ئادىل ئىش قىلىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. بىرەر ئورۇندا باج خادىمى بولۇپ ئىشلىسەم قانداق بولار؟ شۇنداق قىلسام، هەر خىل باج ئوغرىلىرىغا، ئالدامچىلارغا زەربە بېرىپ، كىشىلەرنىڭ هەر خىل هىيلىگەرلەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن هەسسە قوشالايمەن.

باجگىرلىك تولىمۇ ئوبدان كەسىپ. باجگىرلار خەلقنىڭ جانىجان مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ. كىشىلەرنىڭ ئالدىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. تېخى هازىرقىدەكلا ئېسىمدە: هېيتنىڭ تازا «چاپ - چاپ» بازىرىدا بىر ئاياغ سېتىۋالدىم. ئاياغنى شاپ بۇرۇتلۇق، كۆزلىرى ئويان - بويان غىلدىرلاپ تۇرىدىغان، چىرايىدىن كۈلكە ئۆكسىمەيدىغان بىرسى ماختاپ ئۇچۇرۇپ ساتقان ئىدى. ئاياغنى ئېلىپ ئارقامغا بۇرۇلۇشۇمغا قېشىمغا بىر باجگىر كەلدى - دە، ئاياغنى نەچچە پۇلغا ئالغانلىقىمنى سورىدى.

— 35 يۈەنگە، — دېدىم مەن ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋابەن.

— ئۇكا، بىردەم تۇرۇپ تۇرغىن، — دېدى باجگىر ماڭا

ۋە ئۇدۇل ماڭا ئاياغ ساتقان ئادەمنىڭ ئالدىغا باردى.
— ئۇستام، ئاياغنى قانچە پۇلدىن ساتلا؟
— 15 يۈەندىن ساتتىم، — دېدى ئۇ ئادەم سىرلىق ھېجىيىپ.
— ھەممىسىنى 15 يۈەندىنمۇ؟
— ھەئە.
— ئۇنداقتا ئاۋۇ ئاياغنىچۇ؟ — باجگىر يانغا بۇرۇلۇپ قولۇمدىكى ئاياغنى كۆرسەتتى.
— ھە، ئۇ... ئۇ... ئاياغنى...
—35 يۈەنگە ساتتىم دەۋەرسىلە،—دېدى باجگىر تەمكىن ھالدا.
ئۇستام زۇۋان سۈرەلمىدى. تېنىۋالاي دېسە، مەن ئۇنىڭ كۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇراتتىم. ئۇ، ئۇيان - بۇيان قاردى-دە، يەشىك ئىچىدىن بىر جۈپ ئاياغنى ئېلىپ، باجگىرغا تەڭلىدى.
— ئۇكام، بۇ ئاياغنى ئېپقالسىلا، ئۆزلىرىگە تازا خوپ كېلىدۇ. بولمىسا، ئۆزلىرى بىلىپ...
— ھىم! — باجگىر يانچۇقىدىن جەرىمانە قەغىزىنى ئېلىپ داۋام قىلدى، — باھاسىدىن بىر دەرىجە ئۆستۈرۈپ ساتقانلىقلىرى ئۈچۈن بىر ھەسسە ئاشۇرۇپ باج تۆلەيلا. ھە، يەنە تېخى بۇ ئاياغلارنى سېتىشنى توختىتىمىز. يۈرسىلە، ئىش خانىغا كىرەيلى.
شۇ قېتىم باجگىرلىكنىڭ تولىمۇ ئوبدان كەسىپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئەگەر شۇ چاغدا ئاشۇ باجگىر كېلىپ قالمىغان بولسا، مېنىڭ بىر مۇنچە پۇلۇم ئاشۇ ئۇستامىنىڭ يانچۇقىغا كىرىپ كەتكەن، يەنە تېخى ماڭا ئوخشاش خېرىدارلار ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، مىڭ جاپادا تاپقان پۇللىرىنى ئېپى - سېپىدا خەجلىيەلمىگەن بولاتتى.

بىراق، باجگىرلار بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا يۈز بەرگەن يەنە بىر قېتىملىق ئىش يادىمغا يەتسىلا، قەلبىمدە باجگىرلارغا نەپرەت تۇيغۇسى قوزغىلىدۇ. ئۇ چاغدا مۇنداق بولغان ئىدى: يازلىق تەتىل ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئىككى ـ ئۈچ تاغار تاۋۇز ئېلىپ ـ سېتىپ ئوقەت قىلىش نىيىتىگە كەلدىم ـ دە، دادامغا مەسلىھەت سالدىم. دادامۇ قوشۇلدى. ئىككى تاغار تاۋۇز سېتىۋېلىپ، كوچىنىڭ دوقمۇشىغا چۈشۈردۈم. تېخى بىرەر تاۋۇز سېتىشقىمۇ ئۈلگۈرمەيلا ئىككى باجگىر پەيدا بولدى ـ دە، باج تۆلىشىمنى ئۇقتۇردى.

— ئاكا، تېخى بىرەر تاۋۇزمۇ ساتمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېنىمدا پۇل يوق ئىدى. شۇڭا... — دېدىم مەن يالۋۇرۇپ.

— بولمايدۇ، ساتمىدىم دېگىنىڭنى. بۇنداق دېيىش سەن خەقنىڭ ئادىتى! يېنىڭدا ئات كالىلىسىدەك پۇل بولسىمۇ ئوخشاش... ھازىر بېرىسەن، تېز بول! بولمىسا ھېلى!...

— ئاكا، ئاچچىقلىرىنى يامان قىلمىسىلا، ئۆيدىن پۇل ئەكېلىپ بېرەيمۇ؟

— ئۆيۈڭنىڭ ئارىلىقى قانچىلىك؟

— بىرەر كىلومېتىر كېلىدۇ.

— ياق بولمايدۇ. سەن كەلگۈچە بىز قاراپ تۇراتتۇقمۇ؟

— ئەمىسە...

— ئۇنداقتا تاۋۇزلىرىڭنى توختىتىپ قويىمىز. قاچاندا باج تاپشۇرساڭ ئاندىن بېرىمىز. تېخى ۋاقتىدا باج تاپشۇرماي خىزمىتىمىزنى ئاقسىتىپ قويغانلىقىڭ ئۈچۈن جەرىمانە تۆلەيسەن.

باجگىرلار قانچە يالۋۇرۇشلىرىمغا پىسەنت قىلمىدى. تاۋۇزلارنى ئىككى تاغارغا قاچىلىدىم ـ دە، قول ھارۋىسىغا بېسىپ بىر باجگىرنىڭ يول باشلىشى بىلەن باجخانىغا ئەكىردىم.

— ماۋۇ ئىشخانىغا ئەكىرىپ قوي! — دېدى مېنى باشلاپ كەلگىنى بىر ئىشخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ.

ئۆيگە بېرىپ بولغان ئەھۋالنى دادامغا ئېيتتىم — دە، دەرھال پۇل ئېلىپ باجخانىغا يۈگۈردۈم. ئەپسۇسكى، ھېلىقى باجگىر يوق ئىدى. شۇ تەرىقىدە ئىككى كۈن ئاۋارە بولدۇم.

— تاۋۇزۇڭنى كىم مۇسادىرە قىلغان بولسا رەسمىيەتنى شۇ بېجىرىدۇ، — دېدى بىر باجگىر ماڭا.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتكەندە ھېلىقى باجگىرنى تاپتىم. ئۇنىڭغا پۇلنى تەگلىۋېدىم، بىر مۇنچە رەسمىيەتلەرنى سۆزلىدى:

— باج ھەققى، جەرىمانە، ساقلاش ھەققى بولۇپ، جەمئىي 20 يۈەن تۆلەيسەن!

— ئاكا، دادام 15 يۈەنلا بەرگەن ئىدى، ماڭا رەھىم قىلسىلا، — مەن شۇنداق دەپلا يىغلاپ تاشلىدىم.

— بوپتۇ، بەش يۈەننى كەچۈرۈم قىلىۋېتەي. بۇنىدىن كېيىن باجنى ۋاقتىدا تۆلىگىن جۇمۇ! ئەمدى تاۋۇزلىرىڭنى ئېلىپ چىقىپ ساتساڭ بولىدۇ.

تاۋۇزلىرىمنى ئىشخانىدىن ئېلىپ چىقىپ، ھېلىقى دوقمۇشقا ئەكىلىپ تاغاردىن چىقىرىۋېدىم، بىرسىمۇ ساق چىقمىدى. تاۋۇزلارغا قاراپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. «ھۇ نائەھلى، تاۋۇزلىرىمنى خۇددى ئۆزۈڭگە ئوخشاش سېسىتىپسەن — دە!» دېدىم ئىچىمدە.

شۇنداق قىلىپ، تاۋۇز ئالغان پۇل بىلەن باجگىرگە تۆلىگەن پۇلنى ھېسابلاپ كۆرۈۋېدىم 35 يۈەن چىقتى. دېمەك، 35 يۈەننى شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەن ئىدى.

ئۇندىن باشقا، قايسى بىر باجگىرنىڭ قاساپتىن گۆش ئېلىپ پۇل بەرمەي كەتكەنلىكىنى، قايسى بىرىنىڭ ئاشپەزگە ئېسىل سەيلەرنى قورۇتۇپ يەپ، پۇل تۆلىمىگەنلىكىنى، پەنە

قايسى بىرىنىڭ كۆشكىردە، سامىسىلارنى سومكىسىغا سانىماي
قاچىلاپ ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۇمغۇ؟ تېخى، ھېلىقى
خاپان باش، چېقىر كۆز باجگىرنىڭ دادامدىن باجنى ئازراق
ئېلىشقا ۋەدە قىلىپ بالا ـ چاقىلىرىغا ۋە ئۆزىگە پۇل تۆلىمەي
شەپكە ئېلىپ كەتكىنىنى دېمەمسىلەر!؟ بۇنى ئويلىسام، باجگىر
بولۇش خىيالىم ئاللىقايا قلارغا غايىب بولىدۇ. «باجگىرنى
چىشلىگەن ئىت جەننەتكە كىرەرمىش» دېگەن تەمسىلگە يول
ئېچىپ بېرىۋاتقان بىر قىسىم باجگىرلاردىن ھېساب ئېلىپ،
خەلقى ـ ئالەم ئالدىدا رەسۋاسىنى چىقىرىپ، شەرمەندە قىلـ
غۇم كېلىدۇ. ئەپسۇسكى، مەندە ھازىر ئۇنداق قۇدرەت، ھوقۇق
يوق. شۇڭا، بىرەر ئورۇنغا باشلىق بولۇش نىيىتىگە كەلدىم.
باشلىق بولدى دېمەك، ئەل-يۇرتقا باش بولدى دېمەك؛ باشـ
لىقلار ئەل ـ يۇرتنىڭ غېمىنى يەيدۇ، خەلقنىڭ جانىجان مەنـ
پەئىتىنى قوغدايدۇ. ئۇلار ئەل ـ يۇرتنى گۈللەندۇرۇپ، كىشىـ
لەرنى شاد ـ خۇراملىققا چۆمدۇرۇپ، ئاسايىشلىق تۇرمۇشقا
ئېرىشتۈرۈش كويىدا بولىدۇ.
«باشلىق دېگەن تۇردى ئىمىندەك ئەل ـ يۇرتنىڭ ھالىغا
يېتىپ، كىشىلەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولسا» دەپ ئويلايتتىم
دائىم، باشلىقلار ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ قالسام. راست،
تۇردى ئىمىن تولىمۇ ئاقكۆڭۈل، كۆيۈمچان، بىرەر مەسىلىگە
نىسبەتەن پىكرى ئېنىق، ئادىل كىشى. ئۇ، شەھەرلىك ھۆكۈـ
مەتكە مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ يۆتكىلىپ كەلگەندىن بۇيان،
ئامما بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت باغلاپ، دەردمەنلەرنىڭ ھالىغا
يېتىپ كېلىۋاتىدۇ. مەن بۇ ھەقتىكى پاكىتلاردىن خېلى كۆپ
مىسال كەلتۈرەلەيمەن. ئۇ، ھەقىقەتەن «خەلقنىڭ چاكىرى»
بولۇشقا مۇناسىپ ياخشى كادىر.
لېكىن، بىر يىلى تەتىل مەزگىلىدە، ناھىيىلىك ھۆكۈـ

مەتتە دەرۋازىۋەنلىك قىلىدىغان تاغامنى يوقلاپ بېرىپ، بەزى باشلىقلارنىڭ ئاچكۆزلۈكلىرى ۋە پارىخورلۇقلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەندىن كېيىن «ئەمەلدار»لارنى كۆرسەملا ياۋا توڭگۇزدىن يىرگەنگەندەك يىرگىنىدىغان بولۇپ كەتكەن. ئاخشاملىرى ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە توشۇلۇپ تۇرغان مېۋە-چېۋە، قوغۇن-تاۋۇز، گۆلە-جىگدىلەر، يوغان سومكىلارغا قاچىلانغان گۆش، بوچكا تۇڭلارغا قاچىلانغان ياغ، ۋېلىسىپىتلەرنىڭ ئارقىسىغا قىستۇرۇلغان يۇڭ ئەدىيال، گىلەملەر...

ئۇ — ئەمگەكچىلەرنىڭ قان-تەر بەدىلىگە كەلگەن ئەمگەك مېۋىلىرى ئەمەسمۇ؟! ئۇلار باشلىقلارغا مۇشۇنداق يول بىلەن هال-ئەهۋالىنى ئېيتىمىسا ئۆز ئىشىنىڭ هەل بولمايدىغانلىقىنى بىلىشىدۇ-دە!

هەي تەڭرى!

سېنىڭ ئاشۇنداق پارىخورلارنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتكۈدەك بىرەر تەدبىرىڭ يوقمۇ؟ ئاشۇنداق چۈپرەندىلەرنى يەر يۈزىدىن سۈپۈرۈپ تاشلىغۇدەك كۈچ-قۇدرىتىڭ يوقمۇ؟ شۇنداق، سەن ئۇلارنى كۆرسەتمۇ كۆرمەسلىككە سېلىپ، ئۇنداق ئىشلارنى كۆرگەندە ئارقاڭنى قىلىۋالىدىغان ئوخشايسەن. بىراۋنىڭ قان-تەر ئاققۇزۇش بەدىلىگە بىراۋنى سەمرىتىپ، ئاشۇ ئاجىز بەندىلەرنىڭ تويمىغۇر باشلىقلارغا يالۋۇرۇشلىرىغا، كۆز ياشلىرىغا، نالە-پەريادىغا قاراپ تاماشا كۆرمەمدىغانسەن-يا؟!...

ئى تەڭرى! مەن بايىدىن بېرى هەر خىل كەسپلەرنى تاللىدىم. ئەپسۇسكى، هەممە كەسپتىن يالتايدىم. ئەمدىلىكتە، باشلىق بولۇش نىيىتىگە كەلدىم. ماڭا ياردەم بەرگىن، مەن باشلىق بولاي. سەنمۇ ئۆزۈڭ كۆرگەن باشلىقلاردەك ئاچكۆز، پارىخور بولۇپ قالسامچۇ دەمسەن؟ ياق-ياق! مەن سېنىڭ

ئالدىڭدا ۋەدە بېرىمەنكى، مەن ھەرگىز ئۇ پارىخورلارنى دورى-مايمەن. بەلكى ئاشۇنداق پارىخورلارنىڭ جاجىسىنى بېرىمەن. يەر شارىدىن ئۇنداق ئادەملەرنى قوغلاشقا، يوقىتىشقا بارلىق كۈچۈم بىلەن ھەرىكەت قىلىمەن.

ئى تەڭرى... سەن مېنى چوڭ-راق ئورۇنغا باشلىق بولۇش شەرىپىگە ئىگە قىلغىن. شۇ چاغ-دىلا سەن-دىن ئۆمۈر بويى رازى بولىمەن. مەن باشلىق بولۇپ، ئاشۇنداق پارىخور-لارنىڭ، ئاچكۆزلەرنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ، ئۇلارنى تارىخ سوتى ئالدىدا لاغىلدىتىپ تىترىتىپ، قىلغان - ئەتكەنلىرىدىن بىر - بىرلەپ ھېساب ئالاي!...

ئى تەڭرى! سەن يۈزسىزلىك قىلىپ، بار - يوقنىڭ ئورنىدا كىچىككىنە ھوقۇق بېرىپ قويمىغىن يەنە، تەلىپىمنى رەت قىلمىغىن! چوڭ-راق ئورۇنغا باشلىق بولاي.... شۇن-داق قىلغىن. ماڭا ھوقۇق بەرگىن. مەن ئۆز تەۋەيىمدىكى پارىخور، ئالدامچىلارنى تارتىپ چىقىرىپ، خەلقىنى تېخىمۇ شاد - خورام، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشكە يېتەكلەي!...»

× × ×

— بالام، سەن زادى نېمە بولدۇڭ؟ ئىشىڭنى ئىچمەي ئولتۇرۇپسەنغۇ؟ — بۇ، ئانامنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— ھە، ھە... — دېدىم خىيالدىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ.

ئانام ماڭا قاراپ پەگاھدا تۇراتتى. مەن ئىشىمنى ئىچىش ئۈچۈن چىنىنى قولۇمغا ئالدىم. ئەپسۇسكى، چىنىدىكى ئاشتا بىر مۇنچە چىۋىنلەر قاناتلىرىنى مىدىرلىتىپ، تېخى ئۆلمى-گەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

1987 — يىل 12 — ئاي، قەشقەر.



# «دوست-دۈشمەن ئالدىدا»

كىچىكىمدىنلا ياسىنىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتىم. ئانام رەھمەتلىمۇ قانداقلىكى يېڭى رەخت چىقسا ئۇنىڭدىن مېنى مەھرۇم قويمايتتى. شۇڭا كوچا-كويلارغا چىقساملا ھەممىدىن بۇرۇن نەزەر سالىدىغىنىم — قىزلارنىڭ ياردىشىملىق كىيىملىرى بولاتتى. بىرەر قىزنىڭ ئۈستىدە يېڭىچە پاسوندا كىيىم كۆرسەملا ئىچىم ئوت ئالاتتى. بىرەر باھانە بىلەن كىيىم كىيگۈچىگە يېقىنلىشىپ، قەيەردىن رەخت ئېلىپ، قايسى ماشىنىچىغا تىكتۈرگەنلىكى قاتارلىقلارنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن بەزىدە خىزمەتكىمۇ كېچىكەتتىم.

ئانام رەھمەتى قازا قىلغان كۈنىمۇ بىر قىزنىڭ ئۈستىدىكى كۆڭلەكنىڭ پاسونىنى كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن كەينىدىن ئەگىشىپ يۈرۈپ، ئانامنىڭ ۋەسىيىتىنى ئاڭلىيالمىغانلىقىم ھازىرقىدەك ئېسىمدە.

دادامنىڭ ئورنىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشقاندىن بۇيان، يۈرىكىمدە بىر خىل يوشۇرۇن، نازۇك ھېسسىيات پەيدا بولۇشقا

باشلىدى. ئەنە شۇ ھېسسىيات مېنى تېخىمۇ چىرايلىق ياسى-
نىپ يۈرۈشكە، كوچا - كويىلارغا تولاراق چىقىشقا دەۋەت
قىلاتتى.

ياشلىق تۇيغۇلىرى كۆل سۈيىدەك تىنىچ كۆڭلۈمنى
توختاۋسىز داۋالغۇتاتتى. جۈپ - جۈپ قىز - يىگىتلەرنى
كۆرگىنىمدە يۈرىكىمنى قانداقتۇر بىر رەھىمسىز مەخلۇق
غاجاۋاتقاندەك بىئارام بولاتتىم.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە، ئارزۇ قىلغىنىمدەك بىر يىگىت ماڭا
تەلەپ قويدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا چەكسىز رازىمەنلىك بىلەن
كۆڭۈل بەردىم.

ئۇنىڭ ئىسمى مۇراد ئىدى. ئۇ، مېنىڭ زىلۋا بويۇم،
ئوتلۇق كۆزلىرىم، يارىشىملىق كىيىنىشلىرىم، كۆلۈمسىرەپ
قاراشلىرىمغا كۆيگەن بولسا، مەن ئۇنىڭ تولىمۇ مۇلايىم،
سېخى، كەڭ قوللۇقىغا كۆيگەن ئىدىم. ئۇ مېنى پەقەت نائۇمىد
قويمايتتى. خۇددى مېنىڭ مۇددىئايىمنى بىلگەندەك ئاۋات
رەستىلەرنى، زىبۇ - زىننەت ماگىزىنلىرىنى ئارىلىتاتتى. ھەر
خىل رەختلەرنى كۆرسىتەتتى. مېنىڭ يېقىملىق كۆلۈمسىرەش
بىلەن بەرگەن جاۋابىمنى ئالغاندىن كېيىن بېشىنى يەڭگىل
لىڭشىتىپ قوياتتى - دە، يانچۇقىغا قول سالاتتى.

كۆنلەر ئۆتكەنسىرى، يېقىملىق كۆلۈمسىرەش ئورنىغا
كۆڭلۈمگە كەلگىنىنى دەۋېرىدىغان بولدۇم.

— مۇراد، — دەيتتىم مەن ئۇنىڭغا كۆزلىرىمنى تىكىپ
تۇرۇپ، — نۇرسىمان يېڭى بىر ئاياغ كىيىپتىكەن، شۇنداق
يارىشىپتۇ.

— مۇراد، ھېلىقى رەيھان دىگەن بىر نىمە بۈگۈن ئوت-
قاشتەك ۋاللىداپ تۇرىدىغان يۇڭ پوپايكا كىيىپ چىقىپتۇ.
تېخى ماڭا كۆز - كۆز قىلغاندەك، ئەتەي ئالدىمدىن بىرقانچە

قېتىم ئۆتتى. ئۇنىڭ بىلەن «سەن - پەن» دېيىشىپ قالغانلىقىمنى سىزگىمۇ دېگەنتىمغۇ؟ ئۇنىڭ بۈگۈن ئەتەي ئالدىمدىن ئۇيان - بۇيان ئۆتۈشى ماڭا تولىمۇ ھار كەلدى.

— مۇراد، زۇلپىيە تەتىللادىن يوپكا كىيىپتىكەن، دوڭغاق جىگدىدەك سەت بەدىنىگە قۇيۇپ قويغاندەكلا كەپتۇ.

— مۇراد سىزمۇ بىلىسىز، قىز بالا دېگەنىنىڭ دۈشمىنى تولا، ئەمدى شۇ دوست - دۈشمەنلەر ئالدىدا ئوبدان - ئوبدان كىيەي دەيمىنا.

— مۇراد...

— ...

مېنىڭ «مۇراد» بىلەن باشلانغان بىر تالاي يېقىملىق سۆزلىرىم ئۇنى ئېرىتىۋېتەمدۇ ياكى مېنى رەنجىتىشنى، كۆڭلۈمنى يېرىم قىلىشنى خالامدۇ، ئەيتاۋۇر، تەلەپلىرىمنى يەردە قويمايتتى. ھەتتا بارا - بارا ئۇ، يېزىدىكى ئاتا - ئانىسىغا ئەۋەتىپ تۇرىدىغان پۇللىرىنىمۇ مەن ئۈچۈن خەجلەيدىغان بولدى.

— مۇراد، ھازىر توي قىلماق تەس بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. «قىز ئالماق — شەھەر ئالماق» دېگەن گەپ بار. بىزنىڭ سېختىكى بىرسى توي قىلماقچى بولۇپ، قىز تەرەپكە 2 مىڭ يۈەن نەق پۇل بېرىپتىمىش. شۇنداقمۇ ئىنساپسىزلىق قىلغان بارمۇ؟ — دېدىم مەن بىر كۈنى ئەتەي ئۇنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن، ئوتلۇق كۆزلىرىمنى ئۇنىڭغا تىكىپ.

— شۇنداق، ھازىر بەزى كىشىلەر ئۆز قىزلىرىنى مال ئورنىدا ساتماقتا، — دېدى مۇراد بېشىنى چايقاپ قويۇپ.

— ئىقتىساد تەرەققىي قىلغانسېرى شۇنداق بولۇۋاتقاندۇ بەلكىم، — دېدىم مەن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىشكە تىرىشىپ.

—ئادەم مال ئەمەستە! — دېدى ئۇ مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ.

مەن ئۇنىڭ يۈرىكىنى چۈشىنىۋالدىم... كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالدى. كۆڭلۈمدە: «مېنىڭ تويلۇقۇمنى قانداق قىلار؟ دوست - دۈشمەنلىرىم ئالدىدا چاندۇرارمۇ؟» دېگەن ئەندىشە ھۆكۈمران ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنى: «مۇرادنىڭ قولى ئۇچۇق، ھەر ھالدا مېنى دوست - دۈشمەنلىرىم ئالدىدا يەرگە قاراتماىدۇ» دەپ روھلاندۇراتتىم.

توي كۈنىمىز يېقىنلاشتى. مۇرادنىڭ ئاتا - ئانىسى يىراق سەھرادا بولغاچقا، تويلۇق ئىشىنى ئۆزىمىز مەسلىھەتلەشتۇق.

— مېنىڭغۇ سىزنى ئۇشۇقچە چىقىم قىلدۇرغۇم يوق. بىراق، ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق دوست - دۈشمىنى بولىدۇ ئەمەسمۇ؟! — دېدىم مەن ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى قاچۇرۇپ.

— رۇقىيە، سىزمۇ بىلىسىز، مېنىڭ خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن ئىقتىساد قىلغان پۇلۇم تايىنلىق. تويدا ئۆيدىن ئەۋەتكەن پۇلغىلا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ، — ئۇ ئۆچۈپ قالغان تاماكىسىغا سەرەڭگە ياقتى - دە، سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئىدارىدىن قەرز ئالغان بىلەن كېيىن بەردىبىر ئىككىمىز تۆلەيدىغان گەپتە.

— مەيلى، تۆلىسەك تۆلەرمىز، ئىدارىڭىزدىن قەرز ئېلىڭ .

— رۇقىيە، ئالماق ئاسان بولغان بىلەن تۆلىمەك تەس بولارمىكىن.

— سىز ئۇنداق دېگەن بىلەن باشقىلارنىڭ ئالدىدا سەت ئەمەسمۇ؟ ئۆتكەندە بىزنىڭ سىنىپتىكى بىر قىز تويلۇقىنىمۇ كۆپ ئالدۇرماي ئاددىيلا توي قىلغان ئىدى. بىراق توي قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا كەينىدىن غەيۋەت - شىكايەتلەر ئاۋۇشقا باشلىدى. بەزىلەر ئەتەي ئۇنىڭغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ «ئاران

تۇرۇپتىكەن - دە، بىچارە! ئالدىرىمىسىمۇ ئەر ئالاتتى. ئازغىنە
تويلۇققا ئۆزىنى بۇزۇپ» دېيىشتى. مۇراد، كىچىككىمىدىن بەكمۇ
زىل چوڭ بولۇپتىكەنمەن. ئاشۇنداق گەپ- سۆزلەر مېنىڭ
قۇلىقىمغا كىرىپ قالىدىغان بولسا - زە، كىيىلىمىدىن نەچچە
كۈن غىزا ئۆتمەيدۇ دەڭا! شۇڭا پۇلنىڭ كۆزىگە بەك قاراپ
كەتمەڭ. دوست - دۈشمەن ئالدىدا مېنىمۇ بىر تىيىنگە ئەرزى-
مەس قىلىپ قويماڭ يەنە!...
ئاخىرى مۇرادنى ئۆز سىزىقىمغا كىرگۈزدۈم. ئۇ ئىدارى-
سىدىن خېلى كۆپ پۇل قەرز ئالدى. بىز شەھەرنىڭ ئاۋات
رەستىلىرىدىگە قاراپ ماڭدۇق.
تويلۇق رەختلەرنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن يەنە زىبۇ -
زىننەت ماگىزىنىغا قاراپ يول ئالدۇق. شۇتاپتا ماڭا خۇددى
كىشىلەر خۇشاللىقىمغا ئورتاق قىلىشىپ، مېنى تەبرىكلەۋاتقاندەك،
دۈشمەنلىرىمنىڭ بولسا ھەسەتتىن يۈرىكى يېرىلىپ كېتىۋات-
قاندەك تۇيۇلماقتا. مەن تونۇش - بىلىشلىرىمنىڭ ئۇچراپ
قېلىشىنى، قولۇمدىكى سومكا ئىچىدىن چىقىپ تۇرغان ھەر
خىل رەختلەرنى كۆرۈشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلغان ھالدا كېتى-
ۋاتىمەن.
بۇ رەختلەرنى تازا ئۇستا سەيپۇڭغا بېرىپ ياردىشىملىق
قىلىپ تىكتۈرۈپ، توي كۈنى توزدەك ياسىنىپ، سۈت بىلەن
يۇغۇرغاندەك ئاقىرىپ، قۇشتەك يەڭگىل چامداپ، دوست -
دۈشمەنلىرىم ئالدىدا توي قىلىدىغىمۇ دېسە قىلىدىم، كىيىم
كىيدىغىمۇ دېسە كىيدىم دېگۈدەك ئىش قىلمىسام ...
مانا، زىبۇ-زىننەت ماگىزىنىغىمۇ يېتىپ كەلدۇق، ئالماق-
چى بولغانلىرىمنى ئالدۇق.
زەرگەر بازىرىغا كېتىۋاتىمىز. ئالتۇن بىلە يىزۈك بىلەن
ھەرەمنىڭ ھالقىسىدىن ئېلىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمىز.

«ھالقىنى قۇلىقىمغا سېلىپ بېشىمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ماڭسام، دوست - دۈشمەنلىرىمنىڭ كۆزلىرى قامىشىپ كەتسە، ئالتۇن بىلەيۈزۈكنى ئۇنىڭ قولىغا سالسام، دوست - دۈشمەنلىرىم قولۇمدىكى بىلەيۈزۈككە قاراشقىنىچە تۇرۇپ قېلىشسا».

زەرگەر بازىرىغا كەلدۇق. ھەرەمنىڭ ھالقىسى بىلەن ئالتۇن بىلەيۈزۈك ئالدۇق. بىلدىم، مۇراد ئالتۇن بىلەيۈزۈك ئالغاندا سەل نارازى بولغانىدەك بولدى. مەيلى، ئۇ نارازى بولغان بىلەن مەن خۇشال. چۈنكى مەن مۇشۇنداق قىممەت باھالىق زىبۇ - زىننەتلىرىم بىلەنلا دوست - دۈشمەنلىرىم ئۈستىدىن غالىب كېلىمەن.

بىز قايتتۇق. مۇراد مەن ئارزۇ قىلغان سېخىي يىگىتلەر- دىن بولسىمۇ ئەمما بۈگۈن مەندىن رەنجىگەندەك كۆرۈندى. ئۇ ئىچىدە مېنى ئېھتىمال: «تۈگەتتىڭ، ھەممىنى تۈگەتتىڭ. قورسىقىمغا بىر ۋاخلىق تاماق ئالغۇدەك پۇلمۇ قويمىدىڭ، ھۇ تويماس!...» دەپ تىللاۋاتقاندۇ. شۇنداق، ئۇ مەندىن رەنجىدى، ئاشۇ بىلەيۈزۈكنى ئالغىنىمغا رەنجىدى. مەندە نېمە ئامال؟ ئېشەك ئالغان ئادەممۇ توقۇمىنى ئالىدۇ - دە! مەن ئادەمغۇ؟! مەيلى، ئۇ رەنجىگەن بىلەن مەن خۇشال، دوست - دۈشمەنلىرىم ئالدىدا تېخىمۇ خۇشال!

بۈگۈن مۇراد بىلەن توي خېتى ئېلىش ئۈچۈن كېتىۋا- تىمەن. شۇ تاپتا بىر خىل شېرىن ئارزۇ ماڭا ھەمراھ: بۈگۈن ئۇنىڭغا قارا سارجىدىن يوپكا - پەلتىلىق ئالدۇرىمەن. يەنىچۇ؟ قىزىل شارپىدىن بىرنى يانداپ ئالدۇرۇشۇم كېرەك. مۇراد نېمە ئويلاۋاتىدىكىن؟ ئۇ، بەلكىم تويلۇق ئېلىش ئۈچۈن قەرزگە بوغۇلدۇم. ئەمدى قانداق قىلارمەن دېگەندەك ئويلار بىلەن ئاۋارىدۇ. لېكىن ئالدۇرمىسام بولمايدۇ. دوست - دۈشمەنلىرىم ئالدىدا «توي خېتى ئالغان كۈنى ئېلىپ بەرگەن»

دېمەمدىمەن؟ مۇراد بۇنداق قائىدە-يوسۇنلارنى بىلمەمدى-غاندۇ-يە؟ ئۇنىڭ قولىدا سومكىسىمۇ يوق، خۇددى جۇۋاز قالىسىدەك بېشىنى سىلىپ كېتىپ بارغىنىنى كۆرمەمدىغان! ياق، ياق! نېمىلەرنى ئويلاۋاتىمەن؟ ئۇ چوقۇم مېنى رازى قىلدۇ، دېگىنىمنى ئالدۇ. ئۇنى چوقۇم دېگىنىمنى ئىشلىتىشقا كۆندۈرىمەن.

توي خېتى ئېلىپ چىقتۇق. مۇراد ئۈن-تىنسىز كېتىپ باراتتى. ئۇ تويدىن كېيىنكى لەززەتلىك تۇرمۇشىنى ئويلاۋا-تامدۇ ياكى يانچۇقىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان پۇللارنى ئويلاۋاتامدۇ؟ بۇنى بىلمەيمەن. مەنچۇ؟ ئىچىم سىقىلىپ قانداقتۇر بىر قارا قول كېلىپ كېلىمنى سىقىۋالغاندەك بىئا-رام بولۇپ كېتىۋاتىمەن. مانا هازىر ئۇنىڭ يېقىملىق كۈلۈم-سىرەشلىرى، ئوتلۇق كۆزلىرى، شېرىن سۆزلىرى كېرەك ئىدى-غۇ؟ بوپتۇ، مەن ئېغىز ئاچاي، ئۇنى زۇۋانغا كەلتۈرەي.

— مۇراد، بىر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ؟ — سورىدىم مەن ئۇنىڭغا قاراپ.

ئۇمۇ ماڭا قاراپ باش لىڭشىتتى ۋە مېڭىشتىن توختاپ:

— ھەئە، — دېدى.

— قەيىرىڭىز ئاغرىۋاتىدۇ؟ — سورىدىم مەن جىددىيلە-شىپ.

— يېنىم.

— كېچىچە ئىچىشىپ قاپتىكەنسىز-دە! سوغۇق ئۆتۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

— شۇنداق، رەھىمسىز سوغۇق قىلچىمۇ ئاياپ قويمىدى. ھەممىلا يېرىمگە تەڭ ئۇرۇلدى دەگا! — ئۇ مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ قويدى-دە، مېڭىشنى داۋاملاشتۇردى.

يەنە جىملىق ھۆكۈمران. مۇراد قائىدە-يوسۇن

دېگەننى ئۇقمايدىغان ئوخشايدۇ. تۈرلۈك ماللار ماگىزىنىمۇ ئارقىمىزدا قالدى. رەنجىدىم، «دوست - دۈشمەنلىرىم ئالدىدا قانداقمۇ قىلارمەن؟» دەپ ئويلىدىم. ئاخىر قانداقتۇر بىر كۈچ مېنى يەنە سۆزلەشكە مەجبۇر قىلدى.

— مۇراد، توي خېتى ئالغاندا، قىزغا بىر نەرسە ئېلىپ بېرىدىغان قائىدە بار ئىدى. سىز...— ئۇنىڭغا تىكىلدىم.

ئۇمۇ توختىدى ۋە:

— قورسىقىڭىز ئاچتىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

قورسىقىم راستىنلا ئاچقان ئىدى. بىراق يوپكا - پەلاتى ۋە قىزىل شارپا كۆز ئالدىمغا كەلدى - دە، ئادىتىم بويىچە ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ:

— ياق، — دېدىم.

— ئەمىسە نېمە ئېلىپ بېرەمەن؟

— مېنىڭغۇ سىزگە باشقا نەرسە ئالدۇرغۇم يوقتى. دوست - دۈشمەن ئالدىدا يەرگە قاراپ قالماي دەيمىنا! — كۆزۈمنى ئۇنىڭدىن قاچۇرۇپ يەرگە قارىدىم.

ئۇنى ئىچىمدە تىللايتتىم. «باياتىندىن بېرى گەپ قىلمىسام «مۇ» دېمەي ماڭىدۇ. يەنە تېخى ئۆزىنى قاچۇرغىنىنى قارا! مەن يەردىكى خەس ئەمەس. مەنمۇ ئادەم! «ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس»، دېگەن گەپ بارغۇ؟ رەيھان دېگەن سەتكىمۇ توي خېتى ئالغان كۈنى ئەنگىلىشىندىن كۆڭلەكلىك، قىزىل يۇڭ پوپايكا ئاپتۇ. ياق، مەن ئۇنىڭغا دېگىنىمنى ئالدۇرىمەن.»

— رۇقىيە، سىز نېمە ئال دېمەكچى؟ گېپىڭىزنى ئوچۇق ئېيتسىڭىزچۇ؟

ئۇ ماڭا قاراپلا تۇراتتى. قاپىقىمۇ تۈرۈلمىگەن ئىدى.

— يوپكا - پەلاتىلىق ۋە بىر قىزىل شارپا ئېلىپ بەرسىڭىز.

ئۇنىڭغا بىر تالاي قائىدە - يوسۇنلارنى چۈشەندۈردۈم. بەزى ھەشمەتلىك توي قىلغان قىزلارنىڭ توي خېتى ئالغان كۈنى قانداق نەرسىلەرنى ئالدۇرغانلىقىنى ئېزىپ ئىچۈردۈم. دوست - دۈشمەنلىرىم ئالدىدا كۈلكىگە قالىدىغانلىقىمنى، يۈز - ئابرويۇم بولمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتتىم. ئاخىرىدا ئانام رەھمەتتى ھايات بولغان بولسا مۇرادنىمۇ تەڭلىكتە قويمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ كۆز يېشى قىلدىم.

ئۇ بىر ھازا قاققان قوزۇقتەك جىمجىت تۇرغاندىن كېيىن، سائىتىگە قاردى ۋە ئۇنى بىلىكىدىن چىقىرىپ:

— مۇشۇ جايىدا بىردەم تۇرۇپ تۇرۇڭ، — دېگىنىچە سائەت بازىرى تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى...

ئەتە تويىمىز بولىدىغان كۈن، بۈگۈن مۇرادنى ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن. ئۇنىڭغا يەنە بىر قۇر قائىدە - يوسۇن سۆز- لەشكە توغرا كېلىدۇ. مېنى يۆتكىگىلى «ۋولگا» ماركىلىق ماشىنا ئەكىلىشنى، ئۆيگە ئەكىرىدىغاندا ئىككى مېتىر ئاق شېپۇڭ تاۋاردا پايانداز سېلىشنى، ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا دوست - دۈشمەنلىرىم ئالدىدا ئابرويۇم بولمايدىغانلىقىنى سەمىگە سېلىپ قويۇشۇم كېرەك.

توي قىلدىم. يېڭى تۇرمۇشنىڭ تەبەسسۇم بىلەن بېغىشى ئارقىسىدا بىر ھەپتىنى ئۆتكۈزدۈم. قائىدە بويىچە 15 كۈنلۈ- كۈمنى قىلىپ، بىر قۇر ئېسىل كىيىم كىيگۈزۈپ دادامنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىدىشى كېرەك ئىدى. بۇ ھازىرقى ئېقىۋاتقان قائىدىغۇ؟ مۇراد بۇ توغرىدا ئېغىز ئاچچىقىنى يوق. نېمە تارتىنىش؟ ئۆزۈم دېسەممۇ بولىدىغۇ؟!

— مۇراد، — دېدىم مەن بىر كۈنى كەچقۇرۇن، — 15 كۈن- لۈك قىلىپ دادامنىڭ ئۆيىگە ئاپارغاندا يىلپىز تېرىسىدىن تىكىلگەن بىر پەلتۇ ئېلىڭ جۇمۇ؟ ئوتتۇزى تۈگەپ توققۇزى

قالغاندا چىدىماسلىق قىلماڭ يەنە! دۈست - دۈشمەنلىرىم ئالدىدا تىلىم ئۇزۇنراق بولسۇن! ئۆزىڭىزنىڭ ئالدىدا كىيـ مەن ئەمەسمۇ؟

دېگىنىمدەك بولدى. يىلپىز تېرىسىدىن تىكىلگەن پەلتۇ ئۇچامغا چىقتى. بىراق، مۇراد يەنە قەرزگە بوغۇلدى.

— مۇراد، — دېدىم مەن بىر كۈنى ئۇنىڭغا، — تازىنىڭ نېمىسى بار، تۆمۈر تاغىقى دېگەندەك، تويلۇق كىيىملىرىمنى كىيـ ۋېرەمدىمەن؟ چاقماق سوكنودىن بىر چاپان كىيگۈم بار ئىدى. يېڭىدىن توي قىلغان قىز بالا دېگەنچۇ، كۈندە بىر خىل ياسىنىشى كېرەك. بولمىسا دوست - دۈشمەن ئالدىدا كۈلكىگە قالىدۇ.

ئۇ، بۇ نۆۋەتمۇ ئىلتىماسىمنى يەردە قويمىدى. تويدا دوستلىرى سوۋغا قىلغان 7 — 8 دانە كۆڭلەكنى ساندۇقتىن ئالدى - دە، بازارغا ماڭدى.

مانا، توي قىلغىلى ئىككى ئايدىن ئاشتى. تىكلىمە ئەينەككە قارىغانسېرى قورققۇم كېلىدىغان بولۇپ قالدى. رەڭگىمنى قانداقتۇر بىر خىل سېرىقلىق قاپلىغاندەك، ئىككى سۆڭەكلىرىم خۇددى خادا تاشقا ئوخشاش چوقچىيىپ چىقىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

كۈندە ئىككى ۋاخ دوختۇرخانىغا چاپىمەن. ئاشقازىنىم ئارام بەرمەي ئاغرىيدۇ. بەزى ھەسەتخور ئاياللارنىڭ «ئەر پايدا قىلمايدىغان» دېگەن سۆزلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ تۇرىدۇ. ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدىم. مۇراد مېنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى، بالنىستا ياتتىم.

ياتىمەن، كېسەل ئازابىدىن ئىڭراپ ياتىمەن. مۇرادنىڭ ھەر بىر قارىشىدىن ماڭا غەزەپلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىمەن. گويا ئۇ مېنى «تويە، گېلىڭغا پەيدىغان تامىقىڭدىن ۋاز

كېچىسى، كىيىم كىيمەن دېگىنىڭگە توي!» دەپ مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلدۇ.

قورسىقىمغا يەيدىغان ئۇن، گۆش - ياغ، سەي - كۆكتات ئېلىش ئۈچۈن ئاتىغان پۇلنى ئېلىپ رەستىلەرنى، زىبۇ - زىننەت ماگىزىنلىرىنى ئارىلىغان ئىدىم. دوست - دۈشمەن دېگەن ئادەمنىڭ كىيىنىشىگە قارايدۇ، قورساق بىلەن نېمە كارى؟ دەپ ئويلىغان ئىدىم.

مانا، بالىنىستا ياتقىنىمغىمۇ بىر ھەپتىدىن ئاشتى. مېنى ئوپېراتسىيە قىلماقچى بولۇشتى. ئەمدى دوست - دۈشمەنلىرىم مېنى يوقلاپ كېلىشىدۇ. بەزىلەر ئىچىدە «يا ئاللا، كىيىپ ياتقان كىيىمىنى قاراڭ، ھېچ بولمىغاندا بېشىغا يېڭىراق ياغلىق ئارتىۋالسىچۇ؟!» دېيىشى مۇمكىن. ياق، مەن ئۇلارنىڭ ئۇنداق ئويلىرىنى بەربات قىلىمەن. مۇرادقا: «ماڭا بىردىۋاتقان دورىنىڭ مىقدارىنى ئازايتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ياغلىق ئېلىپ بېرىڭ!» دەيمەن. ئۇمۇ چوقۇم شۇنداق قىلىدۇ.

كۆزۈم قاراڭغۇلىشىپ كېتىپ بارىدۇ. مۇرادقا — دوست - دۈشمەنلىرىم ئالدىدا يەرگە قاراپ قېلىشتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغۇچى مۇرادقا ياغلىق، پوپايكا قاتارلىقلارنى بۇيرۇشۇم كېرەك.

توۋلىدىم، كۈچەپ توۋلىدىم. بىراق ئاۋازىم چىقمايۋاتىدۇ. ياق، مەن ئۇنى توۋلاي، پۈتۈن كۈچۈمنى يىغدىم، توۋلىدىم:

— مۇ... راد... د!

1987 - يىل 12 - ئاي، قەشقەر.

# مەن ئوغرىمۇ

يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى بىر نەرسە يېزىشقا قانچە زورۇقسىم بىلەنمۇ ئېپى - سېپىدىرەك بىر نەرسە يازالمايۋاتقانلىقىم ئۈچۈن تىت - تىت بولۇپ، كىچىككىنە ئىشلار ئۈچۈنمۇ چېچىلىپ، قايناپ كېتىمەن. بىرەر مەزگىل تۇرمۇش ئۆگىنىپ ئاندىن يازساممىغۇ بولاتتى. ئەپسۇسكى، باشقا ئاپتورلاردەك تۇرمۇش ئۆگىنىش ئۈچۈن پايپاسلاپ يۈرۈپ ئاۋارە بولۇشنى يانتۇرمايدىغان خۇيۇم بار ئىدى. بىر مەزگىل تەپەككۇر قىلىپ ئاندىن يازاي دېگەن ئويغىمۇ كەلدىم. بىراق، يېقىندىلا مېنىڭ بىر رەقىبىمنىڭ بىر پارچە شېئىرى ئېلان قىلىنىپ، جامائەتچىلىكنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. رەقىب دېگەن رەقىب - تە! كىممۇ ئۆز رەقىبىنىڭ ئارقىسىدا قېلىشنى خالايدۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ھەر جەھەتتىن ئۇنىڭ شېئىرىدىنى بېسىپ چۈشكۈدەك بىرمر پارچە شېئىر يېزىش ئىستىكى ماڭا ئارام بەرمەيتتى. كاشكى «ئىلھام» سۈرەتلىك قىز پەرەنجىسىنى ئېچىپ، ماڭا ئوتلۇق كۆزلىرى بىلەن قارىسىچۇ!؟

بۈگۈن قەتئىي قارارغا كەلدىم - دە، ئىشخانىغا كىرىپ بىر پارچە ياخشى شېئىر يېزىشقا تۇتۇندۇم. قانچە ۋاقىت ئولتۇردۇمكىن، ئىشخانا ئىشىكى ئېچىلىپ تىزىملاش بۆلۈمىنىڭ كادى-

رى بىر توپ ئەسەرلى شىرە ئۈستىگە قويۇپ چىقىپ كەتتى، قولۇمدىكى قەلەمنى تاشلاپ، تاماكامنى كۆچەپ شوراشقا باشلىدىم.

«ھەي، قاچان قارىسام قۇرۇق گەپلەر تىزمىلىرى ئالدىمدا دۈۋىلىنىپ تۇرغان. ئاپتورلارمۇ ئادەمنى زاڭلىق قىلغاندەك ساپلا يارىماس نەرسىلىرىنى ئەۋەتىدىغان بولۇۋېلىشتى. شۇنچىلا ئەسەرنىڭ ئىچىدىن ئادەمنى سۆيۈندۈرگۈدەك بىرەر پارچە ئەسەر تاپقىلى بولمىغان، مۇشۇنداق ئىشلارنى ئويلىسام پۈتۈن ئاپتورلارنى يىغىپ يېزىقچىلىق ھەققىدە لېكسىيە سۆزلىگۈم كېلىدۇ جۇمۇ! ئەسەر دېگەننى بىزلىدەك يازسا بولمامدۇ بۇ خەقلىمۇ!؟»

— يالقۇن، ئالدىمىزدىكى ئەدەبىي بەتكە ئەسەر كەملەيدىغاندەك تۇرىدۇ. ئالدىڭىزدىكى ئەسەرلەرنى كۆرۈپ قويارسىز، — دېدى ئىشخانامغا كىرىپ كەلگەن بۆلۈم باشلىقى خىيالىمنى بۆلۈپ.

— ھە، بولىدۇ. ھازىرلا كۆرىمەن، — دېدىم مەن گەۋدەمنى يېرىم ئېگىپ كۈلۈمسىرىگىنىمچە.

بۆلۈم باشلىقى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، شىرە ئۈستىدىكى ئەسەرلەرنى بىر باشتىن كۆرۈشكە باشلىدىم. ئېرەڭسىزلىك بىلەن ھەر بىر ئەسەرنىڭ ئاپتورىغا قاراپ چىقتىم. ھەممىسى يارىماس بىر نەرسە يازىدىغان ئاپتورلار! بۇنداق ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ بولغۇچە ئادەمنىڭ جۇلۇقى چىقىپ كېتىدۇ. كۆرمەي دېسەڭ تېخى بولمىغان، كۆرەي دېسەڭ تۈزۈكرەك بىر نەرسىنىڭ تايىنى يوق. ھەي، كۆرۈش كېرەك - تە! ئۇ پېشانىمىزگە پۈتۈلگەن خىزمەت بولغاندىكىن قىلماي نېمە ئىلاج؟ ئاخىرى ئەسەرلەرنى بىر باشتىن ئوقۇپ چىقىشقا باشلىدىم. بەش - ئالتە ئاپتورنىڭ ئەسىرىنى كۆرۈپ

بولغاندا كۆزۈم توساتتىن بۇ چاغقىچە ماڭا ناتونۇش بولغان بىر ئاپتورنىڭ ئىسمىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە ئىسكوپكا ئېچىلىپ «دېھقان» دېگەن سۆز يېزىلغان ئىدى. «مانا ئەمەسمۇ؟ ئادەتتە ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىلىك ھېسابلىنىدىغان دېھقانلارمۇ ئادەمنى زاڭلىق قىلغانـ دەك شېئىر يازىدىغان بولۇۋېلىشتى. ئادەمنى مۇنداقمۇ ئەخمەق قىلغان بارمۇ؟ يەنە تېخى ‹كۆردۈڭمۇ؟›، دېگەنىدەك ئىسمىنىڭ ئارقىسىغا ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى ئەسكەرتىپ قويغىنىنى تېخى!.. ۋايىيەي، ماڭا ھازىر خېلى ـ خېلى تونۇلغان ئاپتورلارنىڭ شېـ ئىرلىرى يارىمىغان يەردە مۇشۇ دېھقاننىڭ شېئىرى ياراپتىـ مۇ؟ بولدىلا، بۇ شېئىرنى كۆرۈپ ۋاقتىنى زايا قىلغۇچە ‹قالسا› دەپلا تەستىق سېلىۋەتسەم بولمىدىمۇ؟ دېھقان دېگەن شېئىر يازالايتتىمۇ؟» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە ۋە ئۇ شېئىرنىڭ بىر بۇرجىكىگە چاپلانغان كارتوچكىدىكى پىكىر يازىدىغان يەرگە قەلەم تەڭلىدىم. شۇ ھامان نېمە ئۈچۈندۇر بىر ئىش يادىمغا يېتىپ قەلىمىم توختاپ قالدى. «ئالدى بىلەن بىر كۆرۈپ باقـ مايمۇ؟ بەزىدە ئەخلەت ـ گەندىلەرنىڭ ئارىسىدا ئالتۇن پارقىـ راپ ياتىدىغان ئىشلارمۇ بولىدىغۇ؟ ھە، ماڭا ئۆتكەندە شۆھـ رەت ئېلىپ كەلگەن شېئىرمۇ دەل مۇشۇنداق بىر دېھقاننىڭ ئىدىغۇ؟ ئۇچاغدا كارامەت ئىش قىلغان جۇمۇ مەن! ئۇ شېئىرغا كۆزۈم چۈشكەن ھامان زوقۇم كېلىپ، ‹ھەتتىڭگەي، كاشكى بۇ شېئىر مېنىڭ بولۇپ قالسىمۇ›، دېگەن ئويغا كەلگەن ئىدىم. ئۇ شېئىر كارامەت شېئىرتى ـ دە! مەزمۇن جەھەتتىن ساغلام، بەدىئىيلىكى يۇقىرى، ۋەزىن، تۇراق، قاپىيە دېگەنلەردە چېكىت چاقىدىغان يېرى يوق ئىدى. ئۇ شېئىرنى قايتا ـ قايتا ئوقۇـ دۇم. ئاپتورنىڭ ئىسمى بىلەن ئادرېسىغا قارىدىم. ‹ھەي، بۇ مەن بۇ چاغقىچە بىرەر مەتبۇئاتتا ئىسمىنى كۆرمىگەن ئاپتور ئىكەن.

يۇرتىمۇ چەت ـ ياقا يۇرت ئىسكەن. ئەگەر بۇ شېئىرنى ئۆزۈمنىڭ قىلىۋالسام شۆھرەت، ئابروي دېگەن ...» شۇ ئوي بىلەن ئىدىيەمدە داۋالغۇش پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شېئىرنى ئۆزۈمنىڭ قىلىۋېلىشتىن ئىبارەت بىرخىل ئىستەك كۆڭلۈمگە ئارام بەرمىدى. «ئەگەر بۇ شېئىر مېنىڭ نامىمدا ئېلان قىلىنسا ئاپتور ئەرز قىلارمۇ؟ ياق ـ ياق! ئۇ سولتەك دېھقاننىڭ قولى نەگە يېتەتتى؟ يامىنىغا كەلسە سەندىن بۇرۇن مەن يازغان دېمەمدىمەن؟» دەپ ئويلىدىم ـ دە، ئۇ شېئىرنى باشقىلارغا تويدۇرماي تارتمامغا سالدىم.

شېئىرنى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ چىقتىم. ئوقۇغاندىمۇ ھاياجانلىنىش، سۆيۈنۈش ھېسسىياتى بىلەن ئوقۇپ چىقتىم. بۇ شېئىر ھەقىقەتەن ماھىرلىق بىلەن يېزىلغان ئىدى. «ئەگەر بۇ شېئىرمۇ مېنىڭ بولۇپ قالسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە!؟ مۇشۇنداق بىر نەرسە يازالماي ئولتۇرغان ۋاقتىمدا بولۇپمۇ ئۆز رەقىبىم ئالدىدا ئۆمۈرلۈك بەخت ماڭا نېسىپ بولاتتى ـ دە!؟» دېگەن ئوي بىلەن بۇ شېئىرنىمۇ ئۆزۈمنىڭ قىلىۋېلىش خىيالىغا كەلدىم. كۆرمەيلا يارىماس ئەسەر قاتارىغا چىقىرىۋېتىش خىيالىمدىن ئۆكۈندۈم. «بۇمۇ دېھقانكەنغۇ؟ باشقىلار كۆرمىگەندىكىن نېمىسىمۇ دېيەلەيتتى؟ ئامىتىم ئۈچۈن بۇ دېھقانمۇ ئىلگىرىكىسىگە ئوخشاش ئۇ دۇنياغا...»

ھەش ـ پەش دېگۈچە ئارىدىن بىر ھەپتىنى ئۆتكۈزدۈم. ئۇ شېئىرنى ئەينەن كۆچۈردۈم ـ دە، ئاپتورنىڭ ئىسمىنىڭ ئورنىغا ئۆزۈمنىڭ ئىسمىمنى يازدىم ۋە ئۇدۇل بۆلۈم مەسئۇلىنىڭ يېنىغا ئەكىردىم. بۆلۈم مەسئۇلى بىر قۇر ئوقۇپ چىقىپلا بۇ شېئىرنىڭ ياخشى يېزىلغانلىقىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتتى ۋە بىر ھەپتىدىن كېيىن گېزىتىمىزدە بېسىلدى. شۇنىڭ بىلەن كىتابخانلار ئىچىدە ئۇ شېئىرنى ماختاپ قىلىش-

قان گەپ - سۆزلەر قۇلىقىمغا كىرىشكە باشلىدى. ئۆزۈمگە ھەممە ئادەم مېنى تەبرىكلەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

شۇنداق قىلىپ ئامەت ماڭا ئوڭ كۆزى بىلەن قارىدى. لېكىن «ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك» دېگەندەك كېچىلىرى شېئىرنىڭ ئاپتورى ياقامدىن ئالاتتى. چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتەتتىم. ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتتى. بىر كۈنى بۆلۈم مەسئۇلى بىر كىشىنى ئىشخانامغا باشلاپ كىردى.

— بۇ كىشى سىز بىلەن كۆرۈشىدىكەن، — دېدى بۆلۈم مەسئۇلى ماڭا.

— ھە، كېلىڭ، — دېدىم مەن ئۇ كىشىگە بوش ئورۇننى كۆرسىتىپ.

— ئۇكام، سىز يالقۇن بولامسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ كىشى مەندىن.

— شۇنداق، — دەپ جاۋاب بەردىم مەنمۇ.

— ھە، مۇنداق دەڭ، سىزدىن بىر گەپنى سورىماقچى ئىدىم. بۇندىن بىر ئاي ئىلگىرى «× ×» سەرلەۋھىلىك بىر پارچە شېئىرىڭىز ئېلان قىلىنىدىغۇ دەيمەن؟

— شۇنداق، — دېدىم مەن ئۆزۈمنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىپ.

— ئۇ شېئىرنى ئۆزىڭىز يازغانمىدىڭىز؟

— ئۆزۈم يازماي خەق يېزىپ بېرەتتىمۇ؟ — دېدىم مەن، لېكىن ئىچىمدىن بىر چېلەك سوغۇق سۇنى قۇيۇۋەتكەندەك ئەندىكىپ كەتتىم.

ئىشخانا ئىچىدە بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى.

— سىزنىڭ شېئىرىڭىز بىلەن تېمىسى ئوخشاش بىر شېئىر كەلگەن ئىكەن. ئۇنى سىز قانداق بىر تەرەپ قىلغان ئىدىڭىز؟— دېدى بايىدىن بېرى زۇۋان سۈرمەي تاماكا چېكىپ ئولتۇر-

غان بۆلۇم باشلىقى.
— ئۇ ... ئۇ ... ئۇ شېئىرنى قالدۇرۇۋەتكەن.
— ئەمىسە قالدۇرۇۋەتكەن ئورىگىنالىنى ئېلىڭ، كۆرۈپ باقايلى.
بۆلۇم مەسئۇلىنىڭ تاقا مىقتەك قادىلىپ تۇرۇۋېلىشى بىلەن ئورنۇمدىن تۇردۇم - دە، قالدۇرۇۋەتكەن ئەسەرلەرنى بىر - بىرلەپ ئاختۇرۇشقا باشلىدىم.
— ھوي، بۇ نېمە ئىش؟ ماۋۇ يەردە مېنىڭ شېئىرىم تۇرغاندەك قىلامدۇ نېمە؟ — دېدى ھېلىقى كىشى. بىز تەڭلا ئۇ كىشىگە قاراشتۇق. ئۇ كىشى شىرەنىڭ قىسىنچىقىدىن چىقىپ تۇرغان يېيىرىمى سۇ تېگىپ رېڭى ئۆچۈپ كەتكەن بىر ۋاراق قەغەزنى كۆرسەتتى.
«خۇدا ئۇردى» دېگەن شۇ - دە! شېئىرنىڭ ئورىگىنالىنى كۆيدۇرۇۋېتىشنى ئۇنتۇپ قالغىنىمنى كۆرمەمدىغان!
— شۇ، دەل ئۆزى شۇ! — دېدى ئۇ كىشى ئورىگىنالىنى قولىغا ئېلىپ، — قارىمامسىز؟ مېنىڭ شېئىرىم دەل ئۆزى شۇ! پوچۇركامۇ شۇ!
بۆلۇم باشلىقى ئۇ كىشىنىڭ قولىدىكى ئورىگىنالىنى ئالدى - دە، بىر قۇر ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ماڭا قاراپ مەسخىرىلىك كۈلدى. مەن گېلىمغا بىر نەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك ھېچنەرسە دېيەلمەي بىردە بۆلۇم مەسئۇلىغا، بىردە ئۇ كىشىگە قاراپ تۇرۇپلا قالدىم. قانچىلىك تۇردۇمكىن، بىر چاغدا ئۇ كىشى كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ:
— ھۇ، نومۇسسىز ئوغرى! — دېدى.
«ئوغرى!!!»
بىردەمدىلا ئىشخانىغا كىشىلەر كىرىشتى. ئۇلارمۇ ماڭا نەپرەتلىك قاراشتى. ئۇلارنىڭ بۇ قارىشىدىن مېنى «ئوغرى»

دەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. مەن قانداقمۇ ئوغرى بولاي؟ ئوغرى دېگەن مال - دۇنيا، پۇل -پۇچەك، يېمەك - ئىچمەكلەرنى ئوغرىلايتتىغۇ؟

بىردىنلا سىرتتىكى شامال تەسىرىدىن ئىشىك - دېرىزىلەر غەيرىي ئاۋاز چىقىرىشقا باشلىدى. شۇ تاپتا بۇ ئاۋازلارمۇ مېنى «ئوغرى» دەۋاتقان بولسا كېرەك.

1988 - يىل 1 - ئاي، قەشقەر.



# كېچىكتە

— ۋاي، دېرىزىنى يېپىۋېتەيلى، ئەپلەشمىدى، — دېدى ئېگىز بويلۇق ئەلى ھوسەن مۇلايىم، يېقىملىق ئاۋازدا. ئۇنىڭ بۇ سىلىق تەلەپپۇزى شوپۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان، سېمىزلىك-تىن گەدىنى تورۇلۇپ، چاچلىرى پاخپىيىپ قالغان قىزىل يۈزلۈك، قارا قاش نىياز مۇخلىسقا تازا ياقتى. ئۇمۇ ئەلى ھوسەننىڭكە ئوخشىتىپ مۇلايىم تەبەسسۇم بىلەن سىلىق سۆزلىدى:

— ۋاي، ئورۇمچىنى سوغۇق دېگەن بىلەن جەنۇبنىڭ قۇرۇق سوغۇقلىرىدىمۇ بوش چاقمايدىكەن، جۇمۇ!

نىياز مۇخلىسنىڭ ماي قاپلاپ كەتكەن بويۇن ھەم ئېڭىكى ئاستىدىكى ساڭگىلىغان گۆشلەر ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئەلى ھوسەننىڭ ئاۋازىدەك سىلىق چىققىلى قويمىدى. ئەكسىچە، چىرايىدىكى زورۇقۇپ پەيدا قىلغان تەبەسسۇم بىلەن ئاۋازىدىكى توڭلۇق

خۇددى ئېگىز خوتۇن بىلەن پاكار ئەر ماسلاشمىغاندەك بولدى. بۇنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ، قاپىقىنى تۈرۈپ ئالدىدا ئۇزاققا سوزۇلغان ئېگىز - پەس تاغ يولىغا قاراپ رولنى چىڭ تۇتۇپ ئولتۇرغان شوپۇرمۇ سەزدى. شوپۇرنىڭ ئىچىدە كۈلكىسى كەلسىمۇ چىرايىغا چىقارمىدى. ئەلى ھۆسەن يۇقىرىدىن كەلگەن باشلىقنىڭ ئۆزىنى دورىغانلىقىنى ئۆزىدىن ئەقىل ئۆگىنىۋاتقانلىق دەپ پەخىرلىنىپ، ئىچىدە خوش بولدى. نىياز مۇخلىسنىڭ سىمىزلىكتە كىيىمگە سىغماي قالغان ئايالى ئىنچىكە قىياپ ياسىغان قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ، ئېرىگە ئالايدى. «گالۋاڭلىقنى، ئۆزى بۇنداق قوڭالتاق باشلىقلاردىن نەچچە يۈزنى باشقۇرۇپ تۇرۇپ، ئەمدى ئاشۇ سويمەكنى دوراپ كېتىشلىرىنى كۆرمەمدىغان، قېرىدىغانچە ئەقلى قالمىغىلى تۇردى!...» دەپ ئىچىدە كايىدى ئۇ. ئۇنىڭ ئۇزاق مۇددەت كۈن كۆرمەي ئاقارغان سۆزۈك مەڭزىدە سەل - پەل قىزىللىق پەيدا بولۇپ يەنە تېزلا غايىب بولدى.

— كەچكۈز بولۇپ كەتتى ئەمەسمۇ. بۈگۈن 11- ئايغا ئىككى، — دېدى ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، سالپىيىپ گەدىنىگە چاپلىشىپ قالغان شەپكىنى سىڭايان باسۇرۇپ كىيگەن كەسپىي بۆلۈم باشلىقى قاسىم داۋۇت ئانىسىغا ئەركىلىگەن بالىدەك.

— ئەمدى سوغۇق بولىدۇ، جۇمۇ، شەھەردىغۇ ئانچە ئەمەس، ئەمما ماۋۇ تاغلىق يەرلەردە بەك بولىدۇ. ھەر قايسىلىرى زۇكام بولۇپ قالمىسىلا يەنە، — دېدى ئەلى ھۆسەن.

ئۇنىڭ بۇ خىل كۆيۈمچانلىقى يۇقىرىدىن كەلگەن باشلىقنى ئوبدانلا تەسىرلەندۈردى. شوپۇر ئىچىدە نارازى بولۇپ دېمى سىقىلىپ تۇرسىمۇ، ئامالسىز ئەينەكنى چىقىرىپ دېرىزىنى ئېتىۋەتتى. كىرىۋاتقان سوغۇق شامال دەررۇ توختاپ

ماشىنىنىڭ ئىچىدىكى ماي ئارىلاشقان ئىسسىق ھاۋا دىماققا ئۇرۇلدى. «ۋاي، ھېلىگەر تۈلكە، ئەجەب يامان نېمىكەنسىنا؟ كۈلۈپ تۇرىدىغان ئېغىزىڭ، يۇمشاق گەپلىرىڭ ئىدارىدىكى بىر يۈز ئاتمىش ئادەمنىڭ ئۈستۈگىدىن بىر يېرىم كۈن داد-لاشلىرىنى بېسىپ چۈشىدىغان بولدى. يائاللا، خۇدايىم ئەجەب كېلىشتۈرۈپ خۇي - مىجەز، ئۇنىڭغا ماس سۆڭەكسىز بويۇن، يۇمشاق گەپ قىلىشنى ئاتا قىلىپتىكەن ساڭا. سېنىڭ ئىدارىگە بىرىنچى قول باشلىق بولۇشۇڭ ئۈچۈن چۈشكەن ئاۋازنىڭ تا-يىنى يوق تۇرۇپ بۇ ئامەت ساڭا كېلىپ قالمىغىيىدى. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، خەقنىڭ ئاۋازىنى مېنىڭ ماشىنامدا كېچىلەپ توشۇغان گۆش، ئانار، بادام، ياڭاق بېسىپ كېتىد-ىغان بولىدۇ - دە! قېنى، كۆرىمىز، قارىغاندا، باشلىقنىڭ ئۈس-تىدىن پىكىر ئېلىش دېگىنىمۇ بىر مايمۇن ئويۇنى ئوخشايدۇ. بۇ خەق كىم ئاۋاز بەردى، كىم شىكايەت قىلدى، ھەممىنى بىلىۋالىدىكەن. يۇقىرىدىن كەلگەنلەر دەپ قويامدىكىن - تاڭ، بوپتۇلا، كىم بىرىنچى باشلىق بولسا بولمامدۇ. مەن يەنىلا شوپۇر، مەندىن ئالسا ناھايىتى مۇشۇ ھارۋىكەشلىكنى ئالار. ئالمىسا مۇشۇ تۆت پاي چاقنى دۆگىلىتىپ يۈرىمەن شۇ». شوپۇر چوڭ تىنىۋېتىپ، ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلەتتى.

نىياز مۇخلىس خىيالىدا قول ئاستىدىكىلەرنى قاتارغا تىزىپ كۆردى. ئۆزىگە كېيىنچە ۋاپا قىلىدىغان ئادەملەر كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتتى. ئۈچىنچى رەتتە مانا مۇشۇ ئۆزىنىڭ ھەر بىر تىنىقىغا كۆيۈنىدىغان ئەلى ھۈسەن ئۆتتى. ئەلى ھۈسەننىڭ ئۆزىگە دائىم كۈلۈمسىرەپ قاراشلىرى، سىلىق ئاۋازى، مۇلايىم، ئېھتىياتچان ھەرىكەتلىرى، ئۆزى تاپشۇرغان ئىشلارنى سەممىي سادىقلىق بىلەن دېگىنىدىن ئاشۇرۇپ قىلىشلىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر مەھەللىلىك بولمىسىمۇ بىر

يۇرتلۇق ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا تولىمۇ ياقىقان ئىدى. شۇڭا بۇ قېتىم ئىدارىسىنىڭ بىرىنچى قول باشلىقىنى بېكىتىشكە باشقا بىرسىنى ئەۋەتىشتىن ئەنسىرەپ ئۆزى كەلگەن ئىدى. شۇ قاتاردا يۇرتىنى كۆرۈش، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى يوقلاپ ئۆتۈشمۇ يەنە بىر ئىش ئىدى. «ئەمما - زە، — دېدى نىياز مۇخلىس ئىچىدە، چوڭ بىرنى تىنىپ، — پۈتۈن ئىدارىدىكى خەق ئۇنىڭ ئۈستىدىن بىر ئېغىزمۇ ئوبدان گەپ قىلمايدۇ - يا؟ چۈشكەن ئاۋازنى ئادەم ئېغىزغا ئالغىلىمۇ بولمايدۇ... نەدە بىر نەزەردە يوق بىر كىملەرگە شۇنچە كۆپ ئاۋاز چۈشۈپتۇ. تازا باش قاتىدىغان ئىش بولدى - دە، بۇ. تېخى ئۇنىڭ ئۈستىدىن چۈشكەن پىكىرلەرچۇ: نوپۇسى يوق تۇغقىنىنى ئىدارىگە بېرىلگەن شتاتقا نورۇنلاشتۇرۇۋالدى... توي قىلمىغان كاتىپ قىز بىلەن ئاشنا ئوينىدى... ئەستاغپۇرۇللا، قانداق قىلىش كېرەك؟ ياق - ياق... ئويلاپ بېقىش كېرەك، بۇ بەك قابىل يىگىت. ئۇنچىلىك ئىشنى دەپ... بىراق خەقنىڭ پىكرى...» ئۇ بېشىدىكى قۇلاقچىسىنى ئېلىپ تاقىر بېشىنى سىيلىغىنىچە كەينىگە بۇرۇلدى. ئۇنىڭ كۆزى ئەلى ھۆسەننىڭ ئۆزىگە سەمىمىي چەكسىز ھۆرمەتتە تىكىلىپ تۇرغان كۆزى بىلەن ئۇچراشتى، ئەلى ھۆسەننىڭ ياشلىق كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان يېقىملىق تەبەسسۇمى ئۇنىڭغا ئىسسىق كۆرۈندى. نىياز مۇخلىس قېلىن كالپۇكىنى كېرىپ ئېچىپ ئايالىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. شۇئان ئايالى ئۇنىڭغا سوغۇق بىر تىكىلدى. نىياز مۇخلىسنىڭ يۈرىكى «جىغ!» قىلدى.

— ھەي، رۇسۇلكاملارنىڭكىگە كەلمىگىلى ئىككى يىلدىن ئاشتىغۇ دەيمەن - ھە، — دېدى نىياز مۇخلىس ئايالىغا خۇشامەت بىلەن. بۇ ئۇنىڭ ئايالىغا «نېمە گۇناھ قىلدىم؟ رەنجىتكەن بولسام ئەپۇ قىلىڭ» دېگەن مەنىدىكى گېپى ئىدى.

— ھېلىمۇ كەلمىدۇق. خاپا بولۇپ نېمە بولۇپ كەتتى-
كىن؟—دېدى ئايالى پەرۋاسىز، ئەمما يىقىندىن سەل يۇمشاپ.
— ھەنىپە ھەدە، — دېدى ئەلى ھۈسەن ئۈرۈمچى تەلەپ-
پۇزىنى دوراپ، — نىيازكام ئەتە قايتىمىز، دەيدۇ. ئاكىلىرى-
نىڭ ئۆيىگە كەلمىگىلى ئىككى يىل بوپتۇ. بۈگۈن كەچتە بېرىپ
ئەتە ئەتىگەن كېتىمىز دېيىشسىلە، ئۇ ئادەم رۇخسەت قىلارمۇ؟
— ئامال يوق-تە! ئاتا يىن يۇرتقا كېلىپ ئۆيىگە پەتە قىل-
ماي كەتسەك سەت. سالامەت دىدارلىشىۋالساقلا بولغىنى. ھېلى-
مۇ ئۆيىدىن چىققىلى ئون بەش كۈن بولدى. باللار نېمە بو-
لۇپ كەتكەندۇ؟ چوڭ قىزىمنىڭ ئاي - كۈنى يېقىنلاپ قالغان
ئىدى. بارماي دېسەك ئاكاملارنى خاپا بولىدۇ دەپلا كېتىۋاتمى-
مىز - دە، — دېدى ھەنىپە خانىم بوغۇم بولۇپ كەتكەن قول-
لىرىنى شىلتاپ. تاغ كەينىگە پېتىپ كېتىۋاتقان كەچكى قۇ-
ياشنىڭ ئاخىرقى نۇرىدا ئۇنىڭ بىلەك بېغىشلىرىدىكى ئالتۇن
جابدۇقلىرى كۆزنى چاقنىتىپ پارقىراپ كەتتى.
— ئەتە چوقۇم كېتىدىغان گەپ. ئۈرۈمچىدە مۇھىم يىغىن-
دىن ئۇچى مېنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، — دېدى نىياز مۇخلىس.
— ئۇستام، ساي يولى بىلەن ماڭساقمىكىن. قىرىق بەش
كىلومېتر يولنى پايدا ئالىمىز. نىيازكام بىلەن ھەنىپە ھەدەم
بەك چارچاپ كەتمىسۇن بۇ لاتا پىكاپتا ئولتۇرۇۋېرىپ،— دې-
دى ئەلى ھۈسەن شوپۇرغا قاراپ يۇمشاق ئاۋازدا.
— ئىلاجى بار بالدۇرراق بېرىۋالساق ياخشى بولاتتى،—
دېدى ھەنىپە خانىم.
— بولسا شۇنداق قىلىلى، شۇنداق ماڭىلى. ۋاي -
ۋۇي، بۇ يول بارغانچە ئۇزىراپ كەتكەندەك قىلىدۇ، — دېدى
نىياز مۇخلىس ئىنجىقلاپ ئولتۇرۇپ.
— دەريادىن ئۆتكىلى بولماسمىكىن؟ — دېدى شوپۇر

ئالدىغا ئىلگىرلىگەن ھالدا.

— خاتىرجەم بولسىلا، ئۇستام. كىچىكىدىن ئۆتىمىز، كىچىكتىن دېگەن دېھقانلار ئىشەك ھارۋىسى بىلەنمۇ ئۆتىدۇ ئەمەسمۇ، — دېدى قاسىم داۋۇت.

— ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۇستام. بولمىغان يەردە ئىتتىرەرمىز، — دېدى ئەلى ھۆسەن.

ماشىنا چوڭ يولدىن ھارۋا يولىغا قايرىلدى. كۆن ئولتۇردى. تاغلار قارا كۆلەڭگە بولۇپ، گاھى يېقىن، گاھى يىراقلاپ تۇراتتى.

كۆز باغلانغان چاغدا ماشىنا دەريا بويىغا يېتىپ كەلدى. دەريا كىچىككى كەڭ يېيىلغان غىلاڭ سايدا بولۇپ، كەچكۈزدە سۇ پەسلەپ قالغانلىقتىن سۇ ئىككى قىرغاققا يىغىلىپ، مادارىدىن كەتكەن يولۇچىدەك سۇس ئېقىۋاتاتتى. دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوتتۇز گەز كەڭلىكتە دۆمبەلچەك پەيدا بولۇپ قالغان ئىدى.

شوپۇر يەرگە چۈشتى. ئىشىك ئېچىلىشى بىلەنلا ئاچچىق شامال گۈرردىدە ماشىنا ئىچىگە ئۇرۇلۇپ ھەممەيلەننى ئەندىكتۈرۈۋەتتى.

ھەنىپە خانىمدىن باشقا ھەممەيلەن يەرگە چۈشتى. ھازىر تاغ يىراقتا قالغان بولۇپ، ئاسماننى دەسلەپكى يۇلتۇزلار قاپلىغان، بىر توپ ياۋا ئۆردەك قاتار سەپ تارتىپ غەربىي جەنۇب تەرەپكە ئۇچۇپ ئۆتتى.

— ماشىنىغا چىقامدۇق، ئۇستام؟— دېدى ئەلى ھۆسەن يۇمشاقلىنا، — سوغۇق بەكلا ياماندۇ؟

شوپۇر يىراقلارغا — دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئىلگىرلىپ قاراۋاتاتتى.

— ھەي، قانداق بولار؟ — دېدي شوپۇر ئەلى ھۆسەنگە.

— خۇدايىم ساقلا، ئۇستام، سېلىۋەرسىلە، چىقىپ كېتىدۇ، — دېدى ئەلى ھۆسەن.

ھەممەيلەن ماشىنىغا چىقىشتى. شوپۇر ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ يېرىم مېتر ماڭا - ماڭماي يەنە توختىدى.

— ھەيدەۋەرسىلە. تازا قورقۇنچاق ئۇستامۇ نېمە سىلە! — دېدى نىياز مۇخلىس.

— مەنمۇ قورقمايمەن، سىلىنى دەپ بولۇۋاتقان ئەندىشە، — دېدى شوپۇر.

— قېنى، ھەيدەپ باقمامىلا، — دېدى ئەلى ھۆسەن. شوپۇر ئاياغ كىيىمىنى سېلىپ، سۇغا كىردى.

— بەك ئېھتىياتچان ئادەم - دە، بۇ، ماشىنىنى يولدا كېتىۋاتقان توخۇدىنمۇ قورقۇپ ھەيدىمەيدۇ، — دېدى ئەلى ھۆسەن.

— ئۇنىڭ ئۇستىگە، تازا توك بىر ئادەمدەك قىلىدۇ، — دېدى ھەنىپە خانىم.

شوپۇر بەش مىنۇتلاردىن كېيىن قايتىپ كېلىپ، ماشىنىغا چىقتى.

— ھە قانداقكەن؟ — دەپ سورىدى نىياز مۇخلىس. ئۇنىڭ بوغۇق ئاۋازى تەقەززالىقتىن تېخىمۇ خىرقىراپ قالغان ئىدى.

— ماۋۇ ئالدىمىزدىكى كېچىكتىنغۇ ئۆتكۈدەك تۇرىدۇ، — دېدى شوپۇر ماشىنىنى ئوت ئالدۇرغاچ.

— مەن بايا بىر قاراپلا بىلگەن، ئۆتۈپ كېتىشىدە چاتاق يوق، — دېدى ئەلى ھۆسەن ماختانغاندەك ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ.

«ۋاي، ھەممىنى سىلى بىلىدىلا غوجام. ئوبدان ئىش بولسىلا ئۇ ئىشنى خەق قىلغان بولسىمۇ ئاغزىلىرىدىن سىلى قىلغان

بولۇپ چىقىۋېرىدۇ. شۇڭا سىلى بىزگە باشلىق بولغان ئەمەسمۇ!» دېدى شوپۇر ئىچىدە.

ماشىنا ھوشۇقتىن ئاشمىغان سۇدا چايقىلىپ مېڭىپ بىردەمدىلا دەريا ئوتتۇرىسىدىكى قۇرۇق قۇملۇق شېغىللىققا چىقىپ بولدى. قۇرۇق يەردە خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن، ئالدىنقى قىرغاققا يۆلىنىپ شارىلداپ ئېقىۋاتقان ئېقىنغا كەلدى. شوپۇر سۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ سەل ئەندىشىگە چۈشتى. ئۇ ماشىنىنى توختىتىپ يەرگە چۈشتى. نىياز مۇخلىستىن باشقا ئەرلەرنىڭ ھەممىسى يەرگە چۈشتى. ئالدىدا ئات، ئېشەك ھارۋا ئىزلىرى كۆرۈندى.

شوپۇر قاش ئۇستىدە ئىزغىرىن شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان قۇرۇغان چۆپ، يۇلغۇن، سۆكسۆك، يانتاقلارغا كۆڭۈلسىزلىك بىلەن قاراپ قويدى. قارىيىپ كۆرۈنگەن تاغ ئۇستىدە قارا بۇلۇتلار لەيلىشىپ يۈرەتتى.

— ماشىنىغا چىقىڭلار، تەۋەككۈل، — دېدى ئۇ كەسكىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ. چۈنكى ئۇنىڭ قورسىقى تازا ئاچقان بولۇپ، مەنزىلگە بالدۇرراق يېتىشىنى ئويلايتتى. ئۇ ماشىنىنى ئوت ئالدۇردى. شۇ ئەسنادا دەريادىن بېلىقنىڭ «چولدۇك» قىلىپ سەكرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز شوپۇرنى يەنە ئەندىشىگە سالدى. ئۇ دەررۇ پىكاپنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈپ پەسكە چۈشتى ـ دە، ئالدىراپ سۇغا كىردى. سوغۇق ئۇنىڭ مېڭىسىگە يىڭنىدەك سانجىلدى. بۇ يەرنىڭ تېگى قۇم ئىدى. ئۇ ئازراق مېڭىۋېدى، سۇ تىزدىن ئاشتى. يەنە بىر قەدەم سىلجىۋېدى، پۇتى قۇمغا بارغانچە پېتىپ كەتتى. ئۇ دەرھال كەينىگە قايتىپ ماشىنىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— مېنىڭ تۆت ياشلىق قىز نەۋرەمدىنمۇ قورقۇنچاق ئىكەنلا ئۇستام، — دېدى ھەنىپە خانىم تىت ـ تىت بولۇپ.

شوپۇرنىڭ غۇۋۋىدە ئاچچىقى كەلدى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئۈن چىقارمىدى.

— ھە، قانداقكەن ئۇستام، ماڭامدۇق؟ — دېدى نىياز مۇخلىسمۇ تەنە قىلىپ.

— ئارقىمىزغا يانىلى. چۆگىلىسەكمۇ چوڭ يول بىلەن ماڭايلى، سۇ چوڭقۇر ھەم ئېقىشى ئىتتىك ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تېگى بوش قۇم ئىكەن. ماشىنا ماڭالمايدۇ، — دېدى شوپۇر ماشىنىنى ئوت ئالدۇرغاچ.

— ۋاي ئاللا، نېمىدەيدىغاندۇ ماۋۇ ئادەم، يەنە ئارقىمىزغا يانساق يېرىم كېچىدە بارىمىزما؟ — دېدى ھەنىپە خانىم ئاۋازىنى بولۇشىچە قويۇۋېتىپ. ئۇ جىددىيلەشكىنىدىن يۆتىلىپ كەتتى.

— بۇ يەردىن ئۆتىمىز دېسەك تاڭ ئاتقۇچىمۇ ئۆتەلمەي قالارمىزمىكىن، — دېدى شوپۇر كەسكىن، ئەمما ئاۋازىنى مۇلايىمراق چىقىرىشقا تىرىشىپ.

— ھى... ھى... ھى... ئۇستام، ئۇنداق دېمەي... ئەمدى قاچان كەينىمىزگە يانىمىز؟ مېنىڭچە، چوڭ يولغا چىققىچىمۇ يېرىم كېچە بولۇپ كېتىدۇ. نىيازكام بىلەن ھەنىپە ھەدەمنى ئۇيقۇسىز قويۇپ ھەم توڭدۇرۇپ بۇ يەرگە كەلگەنگە تويغۇزۇۋەتمەيلى، — دېدى ئەلى ھۆسەن ناھايىتى سىيلىقلىق بىلەن.

— ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن رۇسۇلكامغا نىجۇجاڭ، ئەي جۇجاڭلارنى بۈگۈن كەچ پېشىنگە قالماي كېلىپ بولىدۇ، دەپ خەۋەر قىلىۋەتكەن دېسىلە. ئۇلار بۇ چاغقا پاقلان سويۇپ پىشۇرۇپ يولغا قاراپ كۆزلىرى تېشىلگۈدەك بولغاندۇ. ھەيدەۋەرسىلە ئۇستام. ماشىنا پېتىپ قالغۇدەك بولسا بىز مۇردەپ ئىتتىرىپ چىقىرىۋېتىمىز، — دېدى قاسىم داۋۇت ئاغزىنى كالچايتىپ.

— شۇنداق قىلىمىز، خاتىرجەم بولسىلا. تۆت قوۋۇرغا، بىر سانلىق ئەركەكلەردىن تۇرساق، بىر پىكاپنى ئىتتىرەلمەمدۇق؟ — دېدى ئەلى ھۆسەن.

— سىلى باشلىق، مەن شوپۇر، سىلى ھەيدە دېگەن يەرگە ھەيدىمەسلىك ھەددىم ئەمەس، — دېدى شوپۇر ئىچىنغاندەك بىر ئاھاڭدا. «ھەر قايسىڭ نېمە بولساڭ مەنمۇ شۇ ئاداشلار» دېدى ئىچىدە.

ماشىنا سۇغا كىرىپ ئاستا ئىلگىرىلىدى. ماتور بارغانچە كۆچەۋاتسىمۇ ئەمما سۈرئەت ئاستىلاشقا باشلىدى. شوپۇر چاققانلىق بىلەن رولنى ئۇيان - بۇيان ئۇرۇپ باراتتى. ماشىنا بارغانچە ئاستىلىسىمۇ ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەپ ماڭدى. سۇنىڭ شارقىرىشى، ماشىنىنىڭ كۆچەپ غوڭۇلدىشى دەريا ئىچىدە كۆچلۈك سادا ھاسىل قىلىپ، دەريا بويىنىڭ تىنچلىقىنى بۇزدى. بىراق ماشىنىنىڭ مېڭىشى بارغانسېرى ئاستىلاپ، ئۇنىڭ ئالدىغا مېڭىۋاتقان ياكى ماڭمايۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولماي قالدى. بارا- بارا چاق ئىزىدىلا ئايلىنىشقا باشلىدى.

— ئەپلەشمىدى، — دېدى شوپۇر كەينىدىكىلەرگە قاراپ.

— ئەمىسە، غاچچىدا چۈشۈپ ئىتتىرەيلى، — دېدى ئەلى ھۆسەن چاققانلىق بىلەن.

— ھەممىمىز چۈشمەسمىز؟ — دېدى ھەنىپە خانىم قورقۇنچتىن چەكچەيگەن ھالدا.

— سىلىدىن باشقا ھەممەيلەن چۈشمىسەك بولمايدۇ، — دېدى شوپۇر جىددىي ھالدا.

نىياز مۇخلىسنىڭ تېنى شۈركىنىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئىنجىقلاپ قىمىرلىغىلى تۇردى.

— ۋاي، سىلى چۈشمىسىلە، بىز ئىتتىرىپ چىقىرالمىغان ھالەتتىمۇ سىلىنى بۇ سوغۇقتا سۇغا كىرگۈزمەيدىغان. مىدىرلىـ

مىسىلا. بۇ سۇغا ھەرگىز چۈشكۈچى بولمىسىلا. ياش چوڭايغانـ
دا بۇنداق سۇغا كىرىش بەك خەتەرلىك،— دېدى ئەلى ھۆسەن.

— ئەلىجان راست دەيدۇ. ياشلار بولغاندىكىن سىلى بەك كايىپ كەتمىسىلىمۇ بولىدۇ، — دېدى ھەنىپە خانىم ئېرىنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنمەي كىنايە قىلىپ.

نىياز دۇخلىس شۇنىڭ بىلەن شۈك بولدى. ماشىنىنىڭ تېشىكى يېپىلدى. شوپۇر رولنى تۇتۇپ قىمىر قىلماي ئولتۇرغان ئىدى، ئەلى ھۆسەن ئەينەكتىن قاراپ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ھىجىيىپ:

— ئۇستام، ھە، دەمدۇق؟ — دېدى.

شوپۇر بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇنىڭ چوڭقۇر قاتلىنىشىپ تۇرىدىغان قاپىقى يېپىشىپ كەلگەن كۆزىدىن ھېچقانداق بىر ھېسسىياتنى پەرق ئېتەلمىگەن ئەلى ھۆسەن سۆڭەكلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان سوغۇقتا ئۆزىنى قىلچىمۇ توڭمىغاندەك كۆرسىتىشكە تىرىشىپ ماشىنىنىڭ كەينىگە ئۆتتى. قاسىم داۋۇت ماشىنىنىڭ كەينىدە مۈرىلىرىنى تىرىگەن ھالدا تەلمۈرۈپ تۇرغان ئىدى.

— ۋاي، ئانچىۋالا توڭۇپ كەتكۇدەك سوغۇق ئەمەسكەنغۇ، — دېدى ئەلى ھۆسەن.

— شۇنى دەيمەن،— دېدى قاسىم داۋۇتمۇ ئۇنىڭغا چەكسىز سادىقلىقىنى ئىپادىلەپ.

ئىككى ئادەم پىكاپنى مۈرىدەپ قاتتىق ئىتتەردى. ئەلى ھۆسەننىڭ قوللىرى قىنغىچىنىڭ ئارىسىدەك قېتىپ قولاشماي قالدى. ماشىنىنىڭ سوغۇق گەۋدىسى ئۇنىڭ مۈرىسىنى ھەرە چاققاندەك ئېچىشتۇراتتى. ئەمما ئۇ چىشىنى چىڭ چىشلەپ بار كۈچى بىلەن ئىتتەردى. ماشىنا قولاق پەردىسىنى تىترىتىپ، موزىيىنى يۈتتۈرۈپ قويغان ئىنەكتەك ھۆركىرىگەن بولسىمۇ، ئالدىغا بىر غېرىچمۇ ماڭمىدى. ماشىنىنىڭ ئارقا چاقىدىن

چاچرىغان لاي ئاردلاش سۇ ئەلى ھۆسەنلەرنىڭ ئۈستىبېشىنى چىلىق - چىلىق ھۆل قىلىۋەتتى. ئەلى ھۆسەننىڭ دائىم گەدىنىگە سالپايتىپ كىيىۋالىدىغان سارجا شەپكىسى ئىسكەتىدىن ئايرىلىپ، يۈزلىرى پۈتۈنلەي لاي - لاتقا بىلەن بۇلغاندى. ماشىنا بارغانچە ئىزدىغا چۆكۈپ كەتتى. شوپۇر ماشىنىنىڭ چىقالماي-دىغانلىقىنى ئاللىقاچان بىلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ جاھىللىق بىلەن تىركىشىۋاتقانلىقىغا قاراپ ماينى بولۇشىچە بېرىپ ماشىنىنى ھۆركىرىتىپ تەڭكەش قىلىپ ئولتۇردى.

ئەلى ھۆسەن بىر ئەقىل تاپتى. ئۇ چوڭ - چوڭ تاشلارنى ئېلىپ كېلىپ ماشىنىنىڭ چاقىغا قويدى، لېكىن ماشىنا تېخىمۇ پېتىپ كېتىۋاتاتتى.

— ۋايجان، ۋاي بۇ نېمە ئىش؟ سۇ كىرىپ كەتتىغۇ؟ — ھەنىپە خانىم ۋارقىرىۋەتتى.

ئەمدى ماشىنىنىڭ ئىچىگە سۇ كىرىۋاتاتتى. شوپۇر دەرھال پۈتىنى تارتىپ ئورۇندۇق ئۈستىدە چازا قۇرۇپ ئولتۇردى ۋە:

— چازا قۇرۇۋالسىلا، — دېدى كەينىگە قاراپ، نىياز مۇخلىسمۇ دەرھال چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇۋالدى. ماشىنىنىڭ ئىچىدىكى سۇ كۆپەيگەنسېرى ئورۇندۇقلار بارغانچە پەسلەپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

— ۋاي خۇدايىم، ئەمدى ماۋۇ كۆرگۈلۈكنى. تەييار تۇز يولنى تاشلاپ...— ھەنىپە خانىم قورقۇپ يىغلىغىلى تۇردى.

— ۋاي يىغلىماڭ، سەت تۇرىدۇ، قورقماڭ، — نىياز مۇخلىس ئۆزىمۇ قورقۇپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ ئايالىغا تەسەللى بەردى.

— نېمە بولدى؟ — ئەلى ھۆسەن ماشىنىنىڭ ئىشىكىدە پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىبېشى تونۇغۇسىز لاي، سۇ بولۇپ، چاقىلداپ تىترەۋاتقان بولسىمۇ، نىياز مۇخلىسقا قاراپ مۇلا-

يىم كۈلۈپ تۇرۇپ سۆزلىدى. نىياز مۇخلىس بىر نەچچە ئېغىز تاپا ـ تەنە قىلىپ، ئاچچىقىنى چىقىرىۋالاي دەپ ئۆزىنى بىلەپ تۇرغان ئىدى، ئەلى ھۆسەننىڭ ئۈستىبېشى بىلەن ئاپئاق چىشلىرىنى تولۇق كۆرسىتىپ تۇرۇپ كۈلگىنىنى كۆرۈپ، گېپىنى ئاغزىدىن چىقىرالمىدى.

— مانا، مۇشۇنداق بولدى! — دەپ ۋارقىراپ تەتۈر قارىۋالدى ھەنىپە خانىم.

— ئاپلا، بۇنداق بولماسمىكىن دېسەم، — دېدى ئەلى ھۆسەن چەكسىز خىجىل بولغان ھەم ئىچىگە بىر خىل قورقۇنچ چۈشكەن ھالدا گەدىنىنى تاتىلاپ. نىياز مۇخلىس سىنچىلاپ قاراپ ئۇنىڭ چىرايىنىڭ تۆمۈردەك كۆكىرىپ كەتكىنىنى، پۈتۈن كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ لاي ـ مۇز بولۇپ قېتىپ تاراقلاپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، بىردىنلا ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ كەتتى.

— ئۇكام، كىيىملىرىڭىزگە مۇز تۇتۇپ كەتتىمۇ نېمە؟

— ھە، ئانچە ئەمەس، — دېدى ئەلى ھۆسەن كۈلۈپ تۇرۇپ. ئەمما ئۇنىڭ يۈز مۇسكۇللىرى سوغۇقتا تارتىشىپ كەتكەنلىكتىن كۈلكىسى تازا ئەپلەشمىدى.

— بولۇك، بولۇڭلار، ماشىنىغا تېز چىقىڭلار! شۇنچىۋالا بولۇپ كەتكەن بارمۇ، — دېدى نىياز مۇخلىس، كۈچىگەنلىكتىن ئۇنىڭ ئاۋازى خىرقىراپ كەتتى.

ئەلى ھۆسەن كەينىگە قاراپ بولغۇچە جاقىلداپ تىترەپ كەتكەن قاسىم داۋۇت ماشىنىغا چىقىپ بولدى، ئەلى ھۆسەن ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قېلىۋېدى، نىياز مۇخلىس ئۇنىڭ قېتىشىپ كەتكەن قوللىرىنى تارتىپ ماشىنىغا چىقاردى. ئىشىك ئېچىلىش بىلەن گۈررىدە كىرگەن سوغۇقتىن ھەنىپە خانىم تېرىكىپ كوتۇلداپ كەتتى ھەم لاي يۇقۇپ كېتىشىدىن قورقۇپ ئۆزىنى

ھە دەپ ئەپقاچتى. شۇڭا ئۇ ئىككىيلەن كىرپىدەك تۈگـۈلۈپ بىر - بىرىگە چاپلىشىپ دېگۈدەك ھەنىپە خانىم بىلەن ئارىلىق قالدۇرۇپ ئولتۇرۇشتى.

— ئۇستام، قانداق قىلىمىز؟ — دېدى ئەلى ھۈسەن مۈلايىم كۈلۈپ تۇرۇپ. ئەمما جاقىلداپ تىترەپ تۇرغانلىقتىن ھەر قانچە قىلسىمۇ گېپىنى تازا قولاشتۇرالماي قالدى.

— ئامال يوق، — دېدى شوپۇر ئالدىغا — دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان چەكسىز ئاسمان بوشلۇقىدىن يۈلتۈزلارغا قاراپ، بۇرۇنقىدەك توگلۈق بىلەن.

ئەلى ھۈسەندىن باشقىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاچچىقتىن چىرايلىرى ھەر قىسما تۈرۈلۈپ، شوپۇرنى بوغۇۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى. لېكىن ئەلى ھۈسەن يەنىلا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئۇستام، ئامال بولمايدىغان ئىشمۇ بولامدۇ؟ ئامال قىلايلى ئەمدى، ياكى يەنە ئىتتىرەمدۇق؟

— يەنە ئىتتەرسەك ماشىنا تېخىمۇ پاتىدۇ.

— ئەمىسە، قانداق قىلىمىز؟! — نىياز مۇخلىس ئۆزىنى زادىلا بېسىۋالالمىغان ھالدا زەردە قىلدى. شوپۇر دەررۇ ئۇنىڭغا قارىدى.

— قانداق قىلاتتۇق. مۇشۇنداق ئولتۇرىمىز. بولمىسا مانا ماشىنا سىلىنىڭ، ئامالىنى بولسا قىلسىلا، — دېدى شوپۇر نىياز مۇخلىستىن بەكرەك ئاچچىقلاپ.

— ھاي - ھاي، بولمىدى ئۇستام، سىلى ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا. نى جۇجاڭ پىلى خاپا بولمىسىلا. بۇ ئۆزى ئاق كۆ-كۈل تۈز ئادەم. خاپا بولمىسىلا ئۇستام، نى جۇجاڭ دېگەن بىزنىڭ بېشىمىزنى سىيلايدىغان ئادەم. سىلى ئۆزلىرىنى تۇتسىلا...

ئەلى ھۈسەن ھەر ئىككىسىنى باستى: نىياز مۇخلىسقا

چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئۇزرە قويدى، شوپۇرنى سىلىق گەپلەر بىلەن بېسىپ ئەيىبلىدى. نىياز مۇخلىسمۇ، شوپۇرمۇ جىم بولدى. ماشىنىنىڭ ئىچىنى بىر هازا سۈكۈت باستى. «مېنىڭ بېشىمنى بىر ئاللا بىلەن ئىككى قولۇمدىن باشقا سىيلايدىغان ئادەم يوق، ھەم تاماييمۇ يوق. سىيلىسا سېنىڭ بېشىڭنى سىيلايدۇ، ئاداش» دېدى شوپۇر ئىچىدە. سىرتتا تاغ تەرەپتىن سوقۇۋاتقان سوغۇق شامال تېخىمۇ كۈچەيدى. شوپۇر ماشىنىنىڭ چىرىغىنى پۈتۈنلەي ئۆچۈرۈۋەتتى. ئەمدى ماشىنا ئىچىنى قاراڭغۇلۇق باستى. دەريا سۈيىنىڭ شارىلدىشى، سوغۇق تاغ شامىلىنىڭ ۋىژىلدىشى ۋە قەيەردىندۇر كېلىۋاتقان تۈلكىنىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازلىرى قوشۇلۇپ قاراڭغۇلۇق باسقان بۇ ساي ئىچىگە تېخىمۇ سۈرلۈك تۈس بېرەتتى.

— ئۇستام، — دەپ ئاستا نوقۇدى ئەلى ھوسەن مۇلايىملىق بىلەن. شوپۇر «ھە» دېگەندەك سەل مىدىرلاپ قويدى، — قاسىماخۇن رۇسۇلكاملارنىڭكىگە بېرىپ تراكتور تېپىپ كەلسە بولارمۇ؟

— ھامان شۇنداق قىلماي ئامال يوق، — دېدى شوپۇر پەرۋاسىز ھالدا.

— قاسىماخۇن، شۇنداق قىلسىكە، مەن باراي دېسەم بىلمەيدىكەنمەن، — دېدى ئەلى ھوسەن ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتقۇدەك بىچارە تەلەپپۇزدا.

— ۋاي، ئەي جۇجاڭ، ئادەمنى خىجىل قىلمىسىلا دەيمەن، — دەپلا ئىشىكنى ئېچىپ سۇغا سەكرىدى قاسىم داۋۇت.

— «زەنجىر تاپان» بولمىسا بولمايدۇ، جۇمۇ، — دېدى شوپۇر پالاقلاپ سۇ كېچىپ كېتىۋاتقان قاسىم داۋۇتنىڭ كەينىدىن توۋلاپ.

ماشىنا ئىچىنى يەنە جىمجىتلىق باستى. ھەممەيلەن

جىمجىت ھالدا قاسىم داۋۇتنىڭ دەريادىن ئۆتۈشىگە قاراپ ئولتۇردى. بىر دەمدىلا ئۇنىڭ قارىسى يوقالدى.

— يېزىغا قانچىلىك يول بار؟ — سورىدى ئەلى ھۆسەن شوپۇردىن.

— توققۇز - ئون كىلومېتىر كېلەرمىكىن.

— بىر سائەتتە بارالار - ھە؟

—ئۇھ...— دەپ ئىچىنى تارتتى ھەنىپە خانىم،—بۈگۈن كېچە دەريادا تۈنەيدىكەنمىز- دە! ۋاي ئېسىت!...ۋاي ئېسىت!

—تەلىيىمىز بولسا تراكتور ئۆتۈپ قالسا تارتىپ قويار،— دېدى ئەلى ھۆسەن ھەنىپە خانىمنىڭ كۆڭلىنى ياساش ئۈچۈن، ئەمەلىيەتتە، يېرىم كېچىدە بۇ يەردىن تراكتور ئۆتىدۇ دېيىش كۈلكىلىك بىر گەپ ئىدى.

بىر سائەت... ئىككى سائەت... ئۈچ سائەت... ئۆتۈپ كەتتى. كېچە سائەت ئۈچ بولدى. سوغۇق ۋە قورساقنىڭ ئاچلىقىدىن ھېچكىمنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى، ئۇلار كۆزلىرىنى يىراققا تىككىنىچە ئولتۇرۇشاتتى.

— كەلدى، — دېدى تۇيۇقسىزلا ئەلى ھۆسەن خۇشال ۋارقىراپ.

ھەممەيلەن جانلىنىپ كەتتى. يىراقتىن «پاللىدە» قىلىپ بىر ئوت يېنىپلا يەنە ئۆچتى. ئۇلار ئۈمىدسىزلىنىپ تۇرغاندا ئوت يەنە پەيدا بولدى.

— دەل ئۆزى شۇ! — دېدى ئەلى ھۆسەن.

بىراق ئۇلار تازا سىنچىلاپ قاراپ ئۇنىڭ بىر كىملەر ياققان گۈلخان ئىكەنلىكىنى بىلىپ جىم بولۇپ قېلىشتى.

— ۋىيەي، پەسكە چۈشسەم بولاتتى ئەمدى...— دېدى ھەنىپە خانىم ئىنجىقلاپ.

ئۇ قىمىرلىغىلى تۇرغىلى خېلى بولغان ئىدى. ئەلى ھۆ-

سەن دەرھال سۇغا چۈشتى.
— كەلسلە، ھاپاش بولسىلا. بۇ سۇغا ھەرگىز چۈشەلـ مەيلا، — دېدى ئەلى ھۆسەن چەكسىز ھۆرمەت بىلەن.
— ۋىيىسى ئۇكام، ئۇنداق قىلماڭ ئادەمنى ئىزا تارتقۇزۇپ، بولدى، ئۆزۈم ئايىغىمنى سېلىپ چۈشەي.
— ياق... ياق... ئۇنداق دېمىسىلە. بۇ سۇغا چۈشسىلە ھەرگىز بولمايدۇ. سىلى بۇ سۇغا چۈشسىلە چوقۇم ئاغرىپ قالسىلا. مەنلا ھۆل بولاي، كەلسىلە، تارتىنمىسىلا. مەن ئۆز ئىنىلىرى تۇرسام، مېنى يات كۆرۈۋاتامىلا؟ ئۇنداق قىلسىلا مەن خاپا بولىمەن. مانا ماۋۇ لاي چاپاننى سېلىۋېتەي.
— ۋاي - ۋاي...
ھەنىپە خانىم «ۋاي - ۋاي»دەپ بولغۇچە ئەلى ھۆسەن ئېپىز پوپايكا بىلەن قالدى.
— بولدى، ئەلىجاننى توڭدۇرماڭ، ئۆز ئىنىڭىزدەك ئەمەسمۇ، ھاپاش بولۇڭ، راست، سىز سۇ كېچەلمەيسىز، — دېدى نىياز مۇخلىس.
بىردەم تالاشقاندىن كېيىن ئاخىرى ھەنىپە خانىم ئەلى ھۆسەنگە ھاپاش بولدى. شوپۇر كۈلكىسىنى ئىچىگە پاتۇرالماي كالپۇكىنى چىشلەپ قانىتىۋالدى. ئەلى ھۆسەن ھەنىپە خانىمنى ئارقىغا — دەريانىڭ قۇرۇق يېرىگە ئاپىرىپ قويۇپ ماشىنىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى.
— ئۇكام، ماشىنىغا چىقىۋېلىڭ. چاققان بولۇڭ، توڭۇپ كېتىسىز دەيمەن، — دېدى نىياز مۇخلىس.
— ياق، ھېچقىسى يوق، — دېدى ئەلى ھۆسەن مۇلايىم كۈلۈپ.
شۇچاغدا ھەنىپە خانىمنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەلى ھۆسەن دەرھال بېرىپ ھەنىپە خانىمنى يۆدۈپ ئەكىلىپ

ماشىنىغا چىقاردى. ھەنىپە خانىم ئۇنى ئۆزى بىلگەن بارلىق تىللار بىلەن مەدھىيىلىمەكتە ئىدى.

— تايىنلىق سىلىمۇ چۈشۈپ چىقامىلا؟ — دېدى ئەلى ھۈسەن نىياز مۇخلىسقا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

«ھەقىقەتەن ئېسىل يىگىت ئىكەن بۇ، بولدى، خەقنىڭ ھەر قانچە پىكرى بولسىمۇ كۆزۈمنى يۇمۇپلا مۇشۇ بالىنى بىرىنچى قول قىلىشىم كېرەك» دېدى نىياز مۇخلىس ئىچىدە ئۇنىڭغا ھاپاش بولۇۋېتىپ.

1988 — يىل 4 — ئاي، قەشقەر

# ماغزاپ

توي قىلىپ بىرەر كېچىمۇ ئايرىلمىغان ئۆيۈمدىن بۈگۈن ئايرىلىدىغان بولدۇم. كاشكى، ئانامنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ سەكراتقا چۈشۈپ قالمىغان بولسىمۇ - ھە؟! يولدىشىم ئۆيدە يالغۇز قالىدىغان بولدى. بۇ، ياۋۇز بۆرىنىڭ قاراۋۇل يوق ۋاقتىنى پايدىلىنىپ، يايلاقتىكى قويلارغا خىرىس قىلىپ ئۇنى مەززە قىلىش نىيىتىدە بولغىنى بىلەن ئوخشاش. ياق - ياق، يولدىشىمنى ياۋۇز بۆرىگە ئوخشىتالمايمەن. ئۇ خۇددى ياۋاش قويغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ يول ماڭغاندا گويا يەرنىڭ بىر يەرلىرىگە دەز كېتىدىغاندەك ئاۋايلاپ دەسسەشلىرى، بىرەر ئايال زاتىغا تىكىلىپ قاراشتىن ئۇيىلىدىغانلىقى، ھەتتا ئۆزۈم زورلاپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان بىرەر ئېغىز گەپ قىلمىغۇچە ئۇنىڭ «ۋىلىققىدە» كۈلمەيدىغانلىقى بۇنىڭ ئىسپاتى. بىراق، ئۇ بىر ئەر - دە! ئۇنىڭدىمۇ باشقا ئەرلەرگە ئوخشاش ئەرلىك ھېسسىيات ھۆكۈمران بولۇشى تۇرغان گەپ.

ئانامنىڭ يېنىغا ئەتە - تاڭ ئاتقاندا بارايمۇ؟ ياق - ياق! كىچىككىمدىن پەپىلەپ ئۆستۈرۈپ مۇشۇ ھالغا كەلتۈرگەن

ئانام كىسەل تۇرسا ئۇنىڭ يېنىغا بارماسقا ۋىجدانىم قانداقمۇ يول قويسۇن!؟ ئاتا - ئانا دېگەن ئەسىرلەر مابەينىدە يېرىلـ ماي كەلگەن ۋە بۇندىن كېيىنمۇ مەڭگۇ ئۆز پېتىچە تۇرىۋېرىـ دىغان قورام تاش ئەمەس. ئۇلار ئەلـمساقتىن بۇيـان داۋامـ لىشىپ كېلىۋاتقان قانۇنىيەت بويىچە بارلىققا كەلگەن، پەرزەنتلىرىگە تەقدىم قىلىپ يورۇق دۇنيا بىلەن خوشلىشىدۇ. مۇشۇنداق پەيتتە — ئانام سەكراتـقا چۈشۈپ، ئەزرائىل بىلەن ئېلىشىۋاتـ قان ۋاقىتتا ئۇنىڭ يېنىدا بولماسلىقىـم خۇددى تاش قورچاقـ نىڭ كىشىلەر پارچە - پۇرات نەرسىلەردىن ھاسىل قىلغان بىر ھېسسىز شەكلىدىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكى بىلەن ئوخشاش ئەمەسـ مۇ؟ مۇبادا، ئانامنىڭ يېنىغا بارمـسـام ئاشۇ تاش قورچـاق بىلەن نېمە پەرقىم بولىدۇ؟ ياق، مەن ماگىـزىن، كۆرگەزمىـ خانىلارغا تىزىپ قويۇلىدىغان، كىچىك باللار ئويۇنچـۇق قىلىپ ئوينايدىغان تاش قورچاق ئەمەس، بەلكى مەن ئادەم! خۇدا ماڭىمۇ ھەممە ئادەملەرگە ئوخشاش بەدەن ئەزالىرىـنى ۋە بىر خىل سېزىش ئىقتىدارىنى ئاتا قىلغـان. تومۇرۇمدىكى قانلارنىڭ ھەر بىر دانىـچىسى بىچارە ئانامنىڭ ئاپئاق سۈتى ئارقىلىق ئۇلغايغان ئەمەسمۇ؟ باراي، ھازىـرلا باراي. بىچارە ئانام ماڭا تولىمۇ ئامراق ئىدى. ئۇنىـڭ ئاپئاق ئاقارغان چاچـ لىرى، ئالدىغا سەل ئېگىلگەن بەللىرى، كۆز جىيەكلىرى ئەترا- پىدىكى قورۇقلار... قىسقىسى، ئۇنىـڭ ئاشۇ قېرىلىـق سىماسى ئالدىدا مېنىڭ ۋىجدانەن قەرزىم بار ئەمەسمۇ؟!

بىراق، ئەر كىشى دېگەن قوينىـڭ قوزىسىدەك يۇۋاش بولغىنى بىلەنمۇ كۆڭلى ئىتتىنمۇ پەس خەقـلەر! ئۇلار خۇددى ئالدىدىن دان ئېشىپ - تېشىپ تۇرغان توخۇنىـڭ سىرتقا چىـ قىپلا سېسىق، بەدبۇي گەندىلەرنى چوقىلىغىنىغا ئوخشاش ئۆيىدە بىر چىرايلىق ئاياللىرى تۇرۇپ، قانغۇچە ھۇزۇرلىنىپ

تۇرۇپمۇ، ئۆيدىن چىققىشى ھامان خۇددى بەزمارىخان مۇ-شۇكتەك ئەتراپتىكى ھەر بىر ئايال زاتىغا كۆز ئۇزمەي قارى-شىپ، لەۋلىرىنى تامشىتىدۇ. بەزىلىرىچۇ تېخى، ئۇلار ئەترا-پىدىكى ھەممىلا نەرسە ھەرىكەتتىن توختىغاندەك، ئادەملەر ئۆز سىزىمىنى يوقاتقاندەك، پەقەت ئۆزىلا ھايا تلىق ئالەمنىڭ تەنھا كارۋىنىدەك، كۆزلىرى پىلىرۇشكەن، ئېغىزلىرى كالچاي-غان ھالدا ئاياللار يېنىدا پەيدا بولىدۇ. بىرەزەك تىلەمچىلەر-دەك ئۇلارنىڭ ئالدىدا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرۇشىدۇ. خۇدا-نى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي قەسەم قىلىشىدۇ، يېلىنىدۇ. مۇبادا، ئاشۇ مىنۇتتا ئاياللار قىلغان تەلەپ - ئىلتىجالىرى ئورۇن-دالسا، ئۆزىنى تەڭداشسىز ھېس قىلىشىدۇ، پەخىرلىنىدۇ. بىر نەچچە كۈنگىچە تېرىقتەك - تېرىقتەك ھۆررەكلەر قاپلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى تىللىرىنى ئۇزۇن چىقىرىپ لەززەتلىنىپ يالىشىدۇ...

ئاياللارغۇ ئۇنچىۋالا پەس كۆڭۈل ئەمەس. ئۇلار ئۆز ھېسسىياتلىرىنى كونترول قىلالايدۇ، دەپ ئويلايمەن. بىراق، ھەممىنى قىلىدىغان ئەرخەقلەر! بىرەر ئايال زاتى كۆزۈڭلەرگە ئىسسىق كۆرۈنسە مولۇندەك مارىشىپ، سالجىدەك چاپلىشىس-لەر. ئۇلاردىن بىرەرسىنىڭ لېۋىنى مىدىرلىتىپ، چىرايىغا ئازراق بولسىمۇ كۈلكە يۈگۈرتۈپ گەپ قىلىشى سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ئالىي مۇكاپات!

يولدىشىممۇ بىر ئەر بولغاندىكىن ئاشۇنداق ئىشلاردىن مۇستەسنا بولمىسا كېرەك. ئۇنىڭغۇ بىرەر ئايال زاتىغا تى-كىلىپ قارىغىنىنى كۆرمىدىم. لېكىن، «شار - شار ئات كۆتۈ-رەر، مىس - مىس پۇت كۆتۈرەر» دېگەندەك ھەممە بۇزۇق ئىشلارنى يولدىشىم قىلامدۇ تېخى!

ياق - ياق، مەن ئۇنىڭ بۇنداق پەسكەش ئىشلارنى

قىلىشقا يول قويمايمەن. توي قىلغان ئىككى يىلدىن بېرى مەن ئۇنى تالاي قېتىم سىنىدىم، كۆزەتتىم. ئەپسۇسكى، ھەممە ئۇرۇنۇشلىرىم بىكار كەتتى. لېكىن، ئۇنىڭدىن بىر دەم ئاي-رىلسام مېڭەمنى ھەر خىل چېكىش تۇمانلار قاپلىۋالىدۇ. تېخى ھازىر ئۇنى بىر كېچە يالغۇز قالدۇرىمەن. مۇبادا ئۇ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاشۇنداق ئىپلاسلىقلارنى قىلسىچۇ؟! ياق - ياق، مەن ئۇنىڭغا ھەرگىز يول قويمايمەن. مۇشۇ مى-نۇتنىڭ ئۆزىدىلا بىرەر ئەپچىل چارە ئويلىشىم كېرەك.

ھە، تاپتىم، يولدىشىم بىرەر ئايالنى ئۆيگە ئەكىرگۈدەك بولسا ئەلۋەتتە ئۇ ئايالنىڭ ئىزى خۇددى توكچە ئىزىدەكلا ھويلىغا چىقىپ قالىدۇ ئەمەسمۇ؟ بىراق، يولدىشىمنىڭ سەھەر ئورنى-دىن تۇرۇپ، ھويلىدىكى گۈللەرگە سۇ قۇيىدىغان ۋە ھويلا - ئارامىلارغا سۇ سېپىدىغان ئادىتى بار. ئەگەر ئۇ ئەتىمۇ شۇ ئادى-تىنى داۋاملاشتۇرسىچۇ؟ ئۇنداق قىلسا بىرەر يىپ ئۇچىغا ئېرىشىش مۇمكىن بولمايدۇ. ياق - ياق، باشقىچە بىر پىلان ئويلاي. ھە، ئۇنىڭ ياتىدىغان يېرىدگە ئۆيدىكى بارلىق ئەسكى-تۈسكى نەرسىلەرنى قويۇپ قويسامچۇ؟ ياق - ياق، ماۋۇ ساددا خىيالىمنى! يولدىشىم بەكمۇ تەمبەتىلىك، ئەگەر ئۇ ئۆي ئى-چىدىكى ئۇنداق قالايمىقانچىلىقلارنى كۆرۈپ قالغۇدەك بولسا قورسىقىغا تاماق يېمىسە يېمەيدۇكى، ئۆي ئىچىنى تۈزەشتۈ-رىدۇ. ئەمىسە قانداق قىلاي؟ تازىمۇ بىر باش قاتىدىغان ئىش بولدى - دە، بۇ! ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلىپ ئېلىپ كېتەي دېسەم، ئىككى يىلدىن بېرى مىڭ جاپادا تۇتقان ئۆيىمىزنى يالغۇز قويۇشقا كۆزۈم قىيمايدۇ. كاشكى، ئۆيىنىڭ ئەتراپى باشقا ئائىلىلەر بىلەن ئورالغان بولسىمۇ مەيلى ئىدى. ئى-دارە ئىچىدىن بىرەر ئېغىز ئۆي ئېلىشىمۇ مۈشكۈل بىر ئىش بولۇپ كەتتى مۇشۇ كەمدە! بىزدەك «كالتە - ساياق» ئادەملەر-

گە ئىدارە باشلىقىنىڭ توخۇ كاتىكى قىلىۋالغان ئۆيىنى بىكارلاپ بەرسىمۇ بېشىمىز ئاسمانغا تاقىشاتتى. ئۇ چاغدا بۇنداق قۇرۇق خىيال بىھاجەت بولاتتى. پەقەت ئىدارىنىڭ قاراۋۇلىغا «كۇسۇڭگىدە» پىچىرلاپ قويسام ھەممىسىگە كۆز-قۇلاق بولاتتى. ئۇ چاغدا مەندىن نېمە كېتەتتى؟ نىھايەت ئىككى-ئۈچ كۈندە بىر ۋاخ تاماقنى چاقىرىپ قوياتتىم. ئائىلىمىزدە توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى بولۇپ قالسا تۈزۈك-رەك داستىخان قىلىپ بېرىپ قويسامىلا كۇپايە قىلاتتى. بىراق، ئىدارە ئىچىدىكى ئۆيلەر بىزگە ئاشمىغۇدەك. ھازىرچە دەرۋازىدىن چىقىسىلا ھوشۇقچە توپا كېچىدىغان، ئادەملەر شالاڭ، ئەتراپلىرى خۇمدان، پار قازانلاردىن چىققان قارا ئىس بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان مۇشۇ ئۆيدە ئولتۇرۇشتىن باشقا چارە يوق. يولدىشىم بۇ ئۆينى تېخى ئۆزىچە ماختاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭغا بۇ ئۆينىڭ غەلۋە - غەۋغا، ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن خالىيلىقى ياقىمىش...

ھەي... تازىمۇ بىر ئىش بولدى! ۋۇي، سائەتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ. ئەستا، ئانامنىڭ يېنىغا تېزراق بېرىشىم كېرەك ئىدى. ئالدىرىغانسېرى ئەپچىلرەك بىرەر چارە تاپالمايۋاتقان-لىقىمنى قارىمامدىغان! ھە، بارلىق سەزگۈمنى مەركەزلەشتۈ-رۈپ بىرەر چارە تېپىپ، تېزدىن ئانامنىڭ قېشىغا باراي.

ھە، يوتقان - كۆرپىلەرگە بەلگە سېلىپ قويايمۇ؟ ناۋادا ئۇ بىرەر ئايالنى ئۆيگە ئەكىرىپ قوندۇرىدىغان بولسا ئەلۋەت-تە يېڭى يوتقان - كۆرپىلەرنى تېگىگە سېلىپ يېتىشىدۇ. ۋاي - ۋاي، ۋاي يۈرىكىم! ئەجەبمۇ ئاغرىپ كەتتى - يا، خۇددى بىرسى پىچاق تىققاندەك، ھۇ! ھە، شۇنداق قىلىپ، ئاشۇ يوت-قان - كۆرپىلەرگە بەلگە قىلىپ قوياي. مەسىلەن، يوتقان - كۆرپىلەرنى قاتلاش، قايسى تەرىپىنى پەسكە، قايسى تەرىپىنى

تۆپىدگە قىلىپ قويۇشلاردا بەلگە قىلىپ قويسام بولمىدىمۇ؟ ھەي، بىر ئايالنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ بىر ئورۇندا ياتقان ئادەم يوتقان - كۆرپىلەرنى جايى - جايىدا، ئاخشىمى قانداق ھالەتتە ئالغان بولسا ئەتىگىنىمۇ يەنە شۇ ھالەتتە يىغىشتۇرۇپ قويۇشنى بىلمەسمۇ؟ ياكى ئاشۇ ئايالنىڭ قىزدىقچىلىقىدا يوتقان - كۆرپىلەرنىڭ قانداق تىزىلغانلىقىغا دىققەت قىلماسمۇ؟ ياق - ياق. ئۇ، ھېسسىياتى شاش ئاتتەك تېپچەكلەپ تۇرىدىغان ۋاقىتلىرىدىن ئۆتتى. توي قىلغىلى ئىككى يىل بولىدى ئەمەسمۇ؟ شۇڭا، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆيىنىڭ ئىچىدىكى ھەممە نەرسىلەرگە سىنچىلاپ قاردۋېلىپ، قىلغان ئەسكى ئىشلىرىدىن بىرەرسى ئېۋەن تاپالمىغۇدەك ئويلانغاندىن كېيىن ئاندىن ئىش ئېجىرىدۇ...

ۋىيەي!... ماۋۇ سائەتنى قاراڭ. خۇددى بىرسى قولى بىلەن ئايلاندۇرۇپ قويغاندەك بىردەمدە ماۋۇ يەرگە كېلىپ قاپتۇ - يا؟ ئەستا، ئانامنىڭ كېسىلى!... ھەي، تېخىچە بىرەر چارە تاپالمسام، كېتىشۋېرەيمۇ - يا؟ ياق - ياق. بۇ دېگەن ئۇنى سىنايدىغان پۇرسەت. بۇنداق پۇرسەت ھەر ۋاقىت نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ. ھەي، ماۋۇ قاپاق كاللام باشقا ۋاقىتلاردا خېلى ئىشلەيتتى. بۇگۈنچۇ، ئۆزىنى بىر كۆرسەتتى - دە! ماۋۇ ئۇنئالغۇ دېگەنمۇ ئۇنداق ئىشلارغا يارىمايدىغان بىر نەرسە. نېھايەت بىرەر يېرىم سائەتلىك ئىشنىلا قوبۇل قىلالايدۇ. ھەي، مۇشۇ «كەشپىياتچى» دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ھارام تاماق بىر نېمىلەرمىكىن دەيمەن. بولمىسا، مۇشۇنداق ۋاقىتتا پايدىلىنىدىغان بىرەر ئەسۋابىنى ئىجاد قىلماسمىدى؟! كاللىسى ئىشلىمەيدۇ - دە، ئۇلارنىڭ!...

ھەي، ئانامنىڭ يېنىغا تېزراق بارمىسام بولمايتتى - دە! ھە، تاپتىم، ئەمدى بولىدىغان چارە تاپتىم. بۇرۇنراق مۇشۇ

پىلان خىيالىمغا كەلسىچۇ؟ يولدىشىم ئەگەر ئۇنداق بۇزۇق ئىشلارنى قىلسا چوقۇم يۈيۈنىدۇ. يۈيۈنۇش ئۈچۈن ئەلۋەتتە داس لازىم بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ ھە، چارە دېگەن مۇشۇ - دە! ئاشۇ داسنىڭ دائىملىق تۇرىدىغان جايىدىن يۆتكەلگەن - يۆتكەلمىگەنلىكىگە قاراپ بۇ ئىشقا ھۆكۈم قىلالايمەن ئەمەسمۇ؟ بىراق، ئۆيىمىزنىڭ تارلىقىدىن ئۇ داسنىڭ تۇرىدىغان يېرى كارىۋات ئاستىدىكى ئۇتۇنىنىڭ ئۈستى! مۇبادا، چاي قاينىتىش ئۈچۈن ئۇتۇن لازىم بولغاندا داس يۆتكەلسىچۇ؟ ھەي، بۇمۇ نەس باسقان چارە بولدىمۇ نېمە؟ بەزى چاغدا مۇشۇ قاپاق كاللىمۇ خۇددى يېغى تۈگىگەن ماتوردەك ئىشلىمەس بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ جۇمۇ! خېلى - خېلى ئىشلارنى ئويلىيالايدىغان ماۋۇ كاللىنىڭ دۆتلۈكىنى كۆرمەمدىغان!...

ئانامنىڭ يېنىغا تېزراق بېرىشىم كېرەك ئىدى.

ۋاي خۇدايىم، ماۋۇ چارەم بولىدىغاندەك تۇرامدۇ نېمە؟ ھە، شۇنداق قىلاي. ئاشۇ داسنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا بىر تامچە ماغزاپ تەگكۈزۈپ قويسام بولمىدىمۇ؟ ماۋۇ بەلەنچارنى كۆرمەمدىغان؟ ئۇ ماغزاپ داسنى ئۇيان - بۇيان يۆتكىسىمۇ يوقالمايدۇ ئەمەسمۇ؟ ھەببەللى، بولىدىغان چارە!... ئەگەر يولدىشىم مەن ئويلىغاندەك ئىپلاسلىقلارنى قىلىپ قالسا چوقۇم يۈيۈنىدۇ. يۈيۈنگاندا مۇشۇ ماغزاپ يوقىلىپ كېتىدۇ. بولمىسا مەن ئەتە ئۆيگە پەيدا بولغۇچە ئۆز پېتىچە تۇرۇۋېرىدۇ ئەمەسمۇ؟ ھە، بولىدىغان چارە، بولىدىغان چارە، شۇنداق قىلاي، داسنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا ماغزاپ تېمىتىپ قوياي!

× × ×

دېمىدىممۇ؟ ئەر خەق دېگەن مۇشۇنداق ئالا نىيەت. ۋاي

ئۆلەي، ماۋۇ مىس - مىس سارائىنى كۆرۈڭ! ۋاي ئىست - ۋاي ئىست! مەن باشتىلا قىياس قىلغان زادى بۇنىڭ ئەكسىلىكىنى! مەنمۇ راسا ئەقىللىك ئىكەنمەن جۇمۇ! ئەمدى مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى بىر تونۇتۇپ قويمايدىغان بولسام ئىگەكىم! مانا ئەمەسمۇ؟ داس مەن قويۇپ قويغان يەردىن يۆتكەلگەنىڭ تاشايسنىدا، داس ئىچىدە ماغزاپ دىدارى كۆرۈنمەيدۇ ئەمەسمۇ؟ ۋاي ئىست، بۇرۇنراق قايتىپ كەلسەمچۇ؟ نەق مەيدانىغىلا چۈشىدىكەنمەن. ئانامنىڭ يېنىدا تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇپ مۇشۇ ۋاقىت بولۇپ كەتتى. بولمىسا يولدىشىمنىڭ بىرسىنى پوكىنىسغا بىسىپ ياتقان يېرىدىلا كەلسەم، يائاللا، ئۇنىڭ رەسۋاسىنى چىقىرىپ، ئۆمۈر بويى ئىككى ئادەم بار يەردە چىش يېرىپ گەپ قىلالماس قىلىۋەتمەمدىغان؟ بوپتۇ، ئۇنداقمۇ قىلماپتىمەن. بىراق، بۇ پاكىت ئالدىدا ئۇ ھامان باش ئىگىدۇ. مەن بۇرۇنلا شۇنداق ئويلىغان. ئەرلەرنىڭ ئاياللىدىن ئايرىلىپ بىرەر كېچە يالغۇز قېلىشىدىن خۇدا ساقلىسۇن. مانا ئەمەسمۇ؟ مەن تېخى ئۇنى ئۆزۈمچە ياۋاش دەپ يۈرۈپتىمەن. ھۇ قېلىن، داپ يۈز! سەن كىمنى كۆزگە ئىلمايسەن!؟ ھازىرلا ئۆزۈمنى بىر تونۇتۇپ قوياي. بىز ئاياللار بىرەر كۈن ئۆيدە يالغۇز قېلىپ سەنلەردەك ئىپلاسلىقلارنى قىلىپ باقايلى قېنى، يائاللا، شۇ ھامان بىر ئادەمنىڭ قاتىلى بولۇپ، بىر پاي ئوق بىلەن تۆگىشىسەن ياكى ئۆمۈر بويى پىت - بۈرگىلەرگە يەم بولۇشىسەن! بىزچۇ؟ قولىمىزدىن كېلىدىغىنى يىغلاش، ياقىلىرىڭلارغا ئېسىلىش. تېخى بەزىلىرىمىز جاينامازدا ئولتۇرۇپ ئىنسابىڭلارغا دۇئا قىلىمىز. ھەي، بىز شۇنداق ئاجىزمۇ؟ بىزمۇ ئادەمغۇ؟ قاراپ تۇرۇپ سىلەرنىڭ ئويۇنچۇقىڭلارغا ئايلىنىپ قالىمىزمۇ؟ ياق - ياق، بىزدىمۇ ئاللا ئاتا قىلغان قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچى بار. چۈنكى بىزمۇ ئادەم - دە!

ھە، پەرىزىم توغرا چىقتى. يولدىشىمنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ، بۆگۈنكى مۇشۇ ئىشى ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك پۇشايمان يېگۈزمەيدىغان بولسام. ھەي ھىيلىگەر تۈلكە، قارا سېنىڭ ھېچ تەمتىرىمەستىن كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرغىنىڭنى! ئەجەبمۇ ئۇستا نېمىسەن - دە، ئۆزۈڭ! قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ ھېچ ئىش قىلمىغاندەك ئولتۇرۇۋالغىنىڭنى قارا! ھازىر جاجاڭنى يەيسەن. كۆڭلەك، چاپانلىرىڭنىمۇ سىلىقلىۋېتىپسەن، ياقاڭغا ئېسىلسام بولمىغۇدەك، ھە، ياخشى، يېقىندىن بېرى سەت كەپكەڭنى تاشلىۋېتىپ، چاچلىرىڭنى مايلاپ يۇرۇيدىغان بولۇۋالغان ئىدىڭ، چاچلىرىڭمۇ خېلى ئۆسۈپتۇ. ئاشۇ چاچلىرىڭغىلا ئېسىلسام بولىدى ئەمەسمۇ؟

— ھوي قېلىن غوجام، كىچىچە چارچاپ كەتكەن ئوخشىمامىلا، سوزۇلۇپ يېتىپ كىتاب كۆرۈپ كېتىپىلا؟ — دېدىم ئۇنىڭغا.

— ھە، بىردەم كىتاب كۆردۈم، — دېدى ئۇ.

—ھۇ يۈزى ئېشەك تېرىسىدىنمۇ قېلىن غوجام، كىچىچە بۇ ئۆيدە قايسى چۇپرەندە بىلەن ياتلا؟

— ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ - نېمە؟

— نېمە؟ تېخى مېنى ساراڭ دېمەكچىمۇ؟ ھۇ بۇزۇق، سەن زادى كىم بىلەن ياتتىڭ؟ — ئىككى قولۇم بىلەن ئۇنىڭ چېچىغا ئېسىلدىم، — ھە، ئېيتە، ھۇ قېلىن، ۋىجدانسىز. سەن زادى كىم بىلەن ياتتىڭ؟

— چېچىمنى قويۇۋەت، ئالجىدىڭمۇ نېمە؟ ھەر قانداق گېپىڭ بولسا چىرايلىقچە قىلمامسەن؟

— بوپتۇ، چېچىڭنىمۇ قويۇپ بېرەي، لېكىن، ماڭا راست گەپ قىلىسەن. كېچىچە زادى كىم بىلەن ياتتىڭ؟

— كىم بىلەن ياتاتتىم؟ سەن بولمىغاندىكىن ئۆزۈم يالغۇز ياتتىم - دە!

— يالغان ئېيتما. ئاۋۇ داسنى نېمىگە ئىشلەتتىڭ؟

— ها - ها - ها!... تولىمۇ كۈلكىلىك گەپ قىلىسەن جۇمۇ سەن. ئاۋۇ تانىغا يېيىقلىق تۇرغان پايپاققا قاردىمامسەن. تېخى بايىلا يۇيۇپ قويغان ئىدىم، — دېدى ئۇ مېنى مەسخىرە قىلغاندەك.

راست دېگەندەك هويلىدىكى تانىدا بىر جۈپ پايپاق يېيىقلىق تۇراتتى.

1988 - يىل 9 - ئاي، قەشقەر.

# تالاش - تارتىش

ژۇرنالنىڭ نۆۋەتتىكى سانىنى باسمىغا يوللاش ئىشى يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. باش مۇھەررىر كاماندىروپكىغا چىقىپ كەتكەچكە بۇ ئىش ئىككى نەپەر مۇئاۋىن باش مۇھەررىرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنىدى. شۇڭا ئۇلار شىرەنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ، نۆۋەتتىكى سانغا بېرىلىدىغان ئەسەرلەر ئۈستىدە ئاخىرقى قېتىم بېكىتىش ئېلىپ بېرىۋاتاتتى.

— مۇنۇ شېئىرنى ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرساق، — دېدى ياداگىنۇ، ئېگىز بوي كەلگەن خۇدابەردى.

— ھە، ئاپتورى كىم ئىكەن؟ ئەكىلىڭا مەن بىر كۆرۈپ باقاي، — دېدى سېمىزلىكتىن پۇشۇلداپ تىنىپ ئولتۇرغان شاۋقۇن.

خۇدابەردى قولىدىكى شېئىر ئورىگىنالىنى بېرىۋېدى، شاۋقۇننىڭ چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى.

— ياق - ياق، بۇ شېئىرنى ژۇرنالغا يېقىن يولاتماسلىق كېرەك. ھە، نېمىشقا دەمسىز؟ بۇ شېئىرنىڭ ئاپتورى ھېيت ئۆتتۆپ كەتكەن تەمسىز بىر نېمە! — دېدى ئۇ.

— هوي، سىز نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز؟ ھېيت خېلى ئەدەب - ئەخلاقلىق يىگىتقۇ؟ يېقىنقى ئىككى - ئۈچ يىل مابەينىدە ياخشى شېئىرلىرى بىلەن تېزلا كۆزگە كۆرۈنگەن شائىر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ بۇ شېئىرلىرى بىر - بىرسىدىن ياخشىكەن، — دېدى شاۋقۇنىڭ سۆزىدىن ھەيران بولغان خۇدابەردى.

— قاراڭ خۇدابەردى، شائىر دېگەن بۇنداق چىرايلىق سۆزلەرنى بىر - بىرسىگە قاپىيە كەلتۈرۈپ تىزىپ قويسىلا ھېساب ئەمەس. مۇھىمى، ئۇنىڭدا ئۆزى يازغاندەك ئادىمي ئەخلاق بولۇشى كېرەك. ئۇنى ئۆز شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەندەك گۈزەل ئەخلاققا ئىگە دەمسىز؟ ياق - ياق، ئۇنىڭدا ئەخلاق، ئادەمگەرچىلىك دېگەن نەرسىنىڭ بىرەر ئېلېمېنتىمۇ يوق. ئادي بىر مىسال: بۇندىن بىر يىل بۇرۇن ئايالىم بىلەن بىر ۋېلىسىپىتكە مىنىپ كوچا ئايلىنىپ كېلىۋاتاتتۇق. ئۆيىمىزگە قايرىلىدىغان دوقمۇشقا كەلگەندە ئۇشتۇمتۇت بىرسى ۋېلىسىپىتنى بوراندەك تېزلىك بىلەن ھەيدىگىنىچە قارشى تەرىپىمىزدىن چىقىپ كەلدى. كۆزلىرىم ئالىچەكمەن بولۇپ كەتتى. شۇ ھامان رول تۇتقان قولۇم بوشاشتى. ئارىلىقىمىز بىرەر مېتر قالغاندا ئۇ كىشى ۋېلىسىپىتنى توختاتتى. ئەپسۇسكى، ئۇ بىر نېمە ۋېلىسىپىتنى ياندىراق توختاتمىغانلىقتىن ئۇدۇل بېرىپلا ئۇنىڭغا ئۇسۇدۇم. بىر چاغدا قارىسام يولنىڭ يان تەرىپىدىكى يۇندا ئازگىلىدا ياتىمەن. ئايالىم كىيىملىرى يۇندىغا بۇلغانغان ھالدا ھۆكرەپ يىغلاۋېتىپتۇ. ئورنۇمدىن تۇرۇپ بولغۇچە ئۇ بىر نېمە كېلىپ مېنى يۆلەشتۈردى. قارىسام ھېيت، شۇ ھامان ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدىم. ئۇ بولسا بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە گۆشىيىپ تۇردى. ئۇنىڭ ئېگىكىنى قەرلەپ تۇرۇپ بىر مۇشت ئاتتىم. قاردىما مسىز، تۆلكىدەك ھىيلىگەر بىرنېمىكەن ئۇ.

مېنىڭ مۇشت ئېتىشىم بىلەنلا شاپىدە ئۇلتۇرۇۋالدى. نەتىجىدە مۇشتۇم كېلىپ، مېنى ئاجرىتىش ئۈچۈن كەلگەن ئايالىمنىڭ يۈزىگە تەگدى. قاراڭ، ئاشۇنداق ئادەمنى قانداق-مۇ ئادەمگەرچىلىكى بار، ئەخلاقلىق ئادەم دېگىلى بولسۇن؟! بىراۋنىڭ ھارۋىسىنى سوقۇۋېتىڭ، يۇندا ئازگىلىغا چۈشۈرۈ-ۋېتىڭ، ھۇ ئاناڭنى! بولدى، بۇ شېئىرنى قالدۇرۇۋېتەيلى.

— شاۋقۇن، ئۇ ئىش تۆپەيلى ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى قال-دۇرۇۋەتسەك بولماس، — دېدى خۇدابەردى چىڭقاپ كەلگەن كۆلكىسىنى زورىغا بېسىپ.

— ياق - ياق، چوقۇم قالدۇرۇۋېتىش كېرەك. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن ژۇرنال چىقىرالمايتتۇقمۇ؟ كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىز، ئۇنداق شېئىرلاردىن كۆنىگە نەچچە ئونى كېلىپ تۇرۇۋاتىدىغۇ؟ بولدى، بۇ شېئىرنى كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ. ھە، ژۇرنال-نىڭ باش تەرىپىگە مۇنۇ شېئىرنى ئورۇنلاشتۇرساق، — شاۋقۇن شىرە ئۈستىدە دۈم قويۇپ قويۇلغان ئورىگىنالىنى ئېلىپ خۇ-دابەردىگە ئۇزاتتى، — ئۆزىمۇ ياخشى شېئىرلار ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە شائىر ئىبراھىمنىڭ ئىجادىيەتكە كىرىشكىنىگە خېلى ئۇزاق يىل بولاي دەپ قالدى.

خۇدابەردى ئىبراھىمنىڭ شېئىرلىرىنى كۆرۈپ چىقتى. ئۇ شېئىرلاردا قاپىيە، بوغۇم دېگەنلەرنى ئەپلەپ قۇراشتۇرغان-دىن باشقا نە مەزمۇن، نە بەدىئىيلىك دېگەنلەر يوق ئىدى.

— شاۋقۇن، بۇ شېئىر بولماپتۇ، خۇددى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەشىق شېئىرلىرىدەكلا ئىكەن، — دېدى خۇدابەردى

— ھە، نېمە دېدىڭىز؟ تۈزۈك گەپ قىلىڭ خۇدابەردى. چۈشىنەلمىگەن ئوخشىمامسىز؟ ئىبراھىم دېگەن ئوتتۇز يىللىق شائىر جۇمۇ! ئۇنىڭ بىلەن بىر مەھەللىدە چوڭ بولغانمەن.

كىچىك ۋاقتىدىمۇ قوشاقچى ئىدى! ياق - ياق! سىز چوقۇم چۈشىنەلمەيسىز. تۈزۈكرەك بىر ئۇقۇپ بېقىڭە، — دېدى شاۋقۇن خۇدابەردىنىڭ كۆزىگە مىختەك قادىلىپ.

— ئۇقۇسامۇ يەنە شۇ! زادى قاملاشماپتۇ. ئەگەر بۇنداق شېئىرلارنى باسساق كىتابخانلارغا قانداقمۇ يۈز كەلگىلى بولسۇن؟! بۇنى ئويلاش كېرەك. بىز ئۇنىڭ شائىرلىق ستاژىغىلا قارىساق بولماس. ئەڭ مۇھىمى ئەسەرگە قاراش كېرەك، — دېدى خۇدابەردى.

— سىز ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى باسمايمىز دېمەكچىمۇ؟ مۇمكىن ئەمەس، ئۇ دېگەن ئوتتۇز يىللىق شائىر، ھېچبولمىسا ساقىلىغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك! — دېدى شاۋقۇن چىڭقىلىپ تۇرۇپ.

— بۇ «بەشتەكا پالەتلىك ئائىلە» گە بېرىلىدىغان قۇتقۇزۇش ئەمەس. بۇ — ئىلىم ئىشى! — دېدى خۇدابەردى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ.

— نېمە، سىز ئىبراھىمنى قۇتقۇزۇش بېرىدىغان دېھقانغا ئوخشاتماقچىمۇ؟

— شۇنداق، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئاشۇنداق قۇتقۇزۇش بېرىلىدىغان شائىرلار تۈپەيلى بىزنىڭ شېئىرىيىتىمىز قانچىلىك تەرەققىياتلارغا ئېرىشەلىدى؟ ئەمدى ئۇنداق ئىشلارغا خاتىمە بېرىلىشى كېرەك. باش بەتكە ھېيتنىڭ شېئىرلىرىنى بەرگىنىمىز بەرگەن!

— نېمە؟ ھەددىڭىز ئەمەس! مەنمۇ سىزگە ئوخشاش مۇئاۋىن باش مۇھەررىر. مېنىڭمۇ گېپىم كەپ بولىدۇ. چوقۇم ئىبراھىمنىڭ شېئىرلىرىنى بېرىمىز. ئۇنىڭ شائىرلىق ستاژىغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك.

— مۇمكىن ئەمەس، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ سەۋىيىسى

تۆۋەن. بېسىشقا بولمايدۇ.

— ياق، چوقۇم باسىمىز.

— ياق، باسمايمىز.

— باسىمىز.

— باسمايمىز!

— ...

1988- يىل 11- ئاي، قەشقەر.

# ئېگىزگە ئاققان سۇ

ئۇ، ئىككى تەرىپىگە سىيرىلغىلى تۇردى. چېكىسىدىن قۇيۇ-
لۇپ چۈشۈۋاتقان تەر تامچىلىرى گۆشسىز يۈزىدىن ھېچ توسال-
غۇسىز سىرغىپ، بويۇنلىرى ئارقىلىق گەدىنىگە كىرىپ كېتى-
ۋاتاتتى. قۇمغا تۇخۇم كۆمسە پىشقۇدەك قىزىق ئاپتاپ ئۇنىڭ-
غا ئارام بەرمەيۋاتاتتى. ئۇ، ماشىنا كۆزنىكىدىن ئالدىغا قارى-
ۋېدى، ئىسسىقتىن ھاسىل بولغان لاۋا كۆرۈندى. شۇ تاپتا
ئۇنىڭ كۆزىگە بىرەر ماشىنا كۆرۈنۈشى كېرەك ئىدى، ئۇنداق
بولمىغىنىدىمۇ كالپۇكىنى نەمدىۋالغۇدەك ئۇسسۇزلۇق بولسا
بولاتتى، ئەپسۇسكى، بۇ قاقاس سايدا سۇ دىدارى يوق.
ئۇ، تىلىنى چىقىرىپ كالپۇكىنى يالىدى. شۇنداق قىلسا بىر
دەم بولسىمۇ ئارام بولاتتى.

شۇ چاغ پاكار، چىرايى قارىغا مايىل ياش شوپۇر ماشى-
نا يېنىدا پەيدا بولدى.

— ئۇكام، ئىسسىقتا كاۋاپ بولۇپ قالامدۇق نېمە؟ بىرەر
ماشىنا ئۇچراي دېمەيدۇ - يا؟ — دېدى ئۇ شوپۇرغا.

— شۇنى دېمەمسىز، تازا نەس باستى - دە!

— بىرەر ئامالىنى قىلىسىڭىز بولاتتى ئەمدى. ئىلاج

قىلالمىدىم دەمسىز؟ ئىلاج بولمايدىغان ئىشمۇ بولامدۇ جاھاندا، ئىسسىقتا پىشسىلا قالدىغۇ كىشى. بۇنداق قىسمەتنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن. ئۇسسۇزلۇققا چىدىيالمايدىغان مىجەزىم بار ئىدى، — دېدى ئۇ بىر خىل مەيۈس ھالەتتە.

— ئىلاج يوقتە، خۇدا بۇيرىسا بىرەر ئىنسابلىق شوپۇر ئۇچراپ قالار، — دېدى شوپۇر چەكسىز كەڭلىككە ئۈمىدلىك كۆزلىرىنى تىكىپ، — ئۇسسۇغان بولسىڭىز ئاۋۇ قوغۇندىن بىرنى پىچىلىمۇ؟ — ئۇ، «جىپ» نىڭ ئارقا ئورۇندۇقىغا بېسىلغان ئىككى تاغار قوغۇننى كۆرسەتتى.

— ھە، قوغۇن!؟ ئۇسسۇزلۇق ئۈچۈن - ھە! — دېۋەتتى ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، بىراق، شۇ زامانلا ئۇنىڭ ئۇسسۇزلۇقى بېسىلغانداك تۇرۇپ قالدى.

— ھە، تۇرۇپ قالدىڭىزغۇ؟ تاغارنىڭ ئاغزىنى يېشەيمۇ؟ مانا پىچاقمۇ تەييار، — دېگىنىچە ماشىنىغا چىقىشقا تەمشەلدى شوپۇر.

— ياق - ياق، بولمايدۇ. بۇ دېگەن خەقنىڭ رىسقى، خەقنىڭ رىسقىنى يېۋېلىشتىنمۇ نومۇسلۇق ئىش بولامدۇ؟ بولدى، چىداش كېرەك. ئادەمدە چىدام بولمىسا بىكار جۇمۇ! — دېدى ئۇ ئالدىغا بۇرۇلۇۋېتىپ.

شوپۇر ئۈندىمىدى، پەقەت بىر خىل سىرلىق كۈلۈپ قويۇپ ماشىنىسىدىن ئاجرىدى.

«ياﺋاللا، ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ قالساممۇ بۇ قوغۇنلارنى يېمەسمەن، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — مەن مۇشۇ قوغۇنلارنىڭ كۈچى بىلەنلا ھەبىبۇللا چۇجاڭنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنىمەن ئەمەسمۇ؟

... ئەستا، ۋەدە دېگەن ۋەدە بولسا بولاتتىغۇ؟ ھەبىبۇللا چۇجاڭغۇ مېنىڭ بۇ ئىككى تاغار قوغۇنۇمغا قاراشلىق ئەمەس.

مەندەك قوشالتاق بوّلوّم باشلىقىدىن نەچچىسى پايپىتەك بولۇشۇۋاتقاندۇ. ئەمما، ۋەدىلىشىپ قويغان ـ دە! سائەت ئالتە بىلەن ئاپىرىپ بېرىدىغانغا دېيىشكەن. مانا، سائەتمۇ توّتتىن چارەك ئوّتتى. يەنە تېخى بىرەر سائەت يول يۈرىدىغان گەپ. قىرىشقاندەك ماشىنىنىڭ مۇشۇ قاقاس ساىغا كېلىپ بۇزۇلۇپ قالغىنىنى كوّرمەمدىغان؟ ماۋۇ شوپۇرمۇ تازا تەجرىبىسىز بىر نېمىكەن. مېڭ قىلمىسا ئىككى ئايلىق شوپۇر ـ دە.

خوتۇنۇمنىڭ خېلى ئەقلى بار جۇمۇ، ئىككى تاغار قوغۇننى ئېلىپ ماڭسام ئالدىمنى توسۇپ تۇرۇپ ماۋۇ بىر كىيىملىكسارجىنى سومكامغا سېلىپ بەردى ئەمەسمۇ؟ مەنمۇ دوّتلوّك قىپتىمەن. ئەتە ھەيبىۇللا چۇجاڭ ئوغلىنىڭ سۈننەت تويىنى قىلىدىغان تۇرسا. ھەي، شاپاق ـ شالتاقنىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى؟ بۇنداق پۇرسەت داۋاملىق كېلىۋەرمەيدۇ جۇمۇ».

ئارقا تەرەپتىن كېلىپ توختىغان ماشىنىنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ خىيالىنى ئۈزۈۋېتىدى. ئۇ ئۇمىدلىنىپ پەسكە چۈشتى، ئەپسۇسكى، ئۇ ماشىنىنىڭ شوپۇرى ئەسقاتمىدى. ئىككى شوپۇر بىر نەرسىلەرنى دېيىشكەندىن كېيىن كېتىپ قالدى.

— تازىمۇ بەز قاپاق بىر نېمە ئوخشايدۇ ئۇ؟ — دېدى ئۇ بارا ـ بارا ئۇزاقلاپ كېتىۋاتقان ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ.

— بىزگە لازىملىق سايمان يوق ئىكەن، — دېدى شوپۇر ئۇنىڭ سوّزىگە جاۋابەن.

— ئۇكام، ئادەم ئەجەبمۇ زېرىكتىمغۇ بۇ سايدا، — دېدى ئۇ شوپۇرغا.

— شۇنداق، مەنمۇ كوّنۈپ كەتكەن، لېكىن سىز زېرىكىپ قالدىڭىز، ھە راست، مەن سىزگە زېرىكمەسلىكنىڭ ئامالىنى تېپىپ بېرەي. بۇ ياققا كېلىڭ، ماشىنىغا چىقىڭ. مۇشۇنداق

ئولتۇرۇپ ماۋۇ ژۇرنالىنى ئوقۇۇڭ، بىردەم بولسىمۇ زېرىكىش-
تىن خالى بولىسىز، — دېدى شوپۇر ئورۇنىدۇق ئاستىدىن
بىر ژۇرنالنى ئېلىپ.

ئۇ، شوپۇرنىڭ كۆزىگە غەلىتە بىر خىل نەزەر بىلەن
تىكىلدى - دە، ژۇرنالىنى قولىغا ئالدى. شوپۇر يەنە يول
بويىدا تۇرۇپ ماشىنا كۈتۈشكە باشلىدى.

ئۇ، ژۇرنالنىڭ مۇقاۋىسىغا بىرھازا تىكىلىپ تۇرغاندىن
كېيىن ۋاراقلاشقا باشلىدى. توساتتىن ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى
ئۆزى ئولتۇرغان مۇشۇ ماشىنىغا ئوخشاش بىر ماشىنىنىڭ
رەسىمى كۆرۈندى.

«بىزنىڭ ماشىنىغا ئەجەب ئوخشايدىكىنە؟ نېمە بول-
غان ماشىنىدۇبۇ؟ مېنىڭچۇ بۇنداق ھېكايە - پىكايىلەر بىلەن
ئېقىم كېلىشمەيدۇ. ھەممىسى يالغان گەپ. ئەمدى بولمىدى،
زېرىكىشتىن قۇتۇلۇپ قالامدىمەن نېمە؟! بوپتۇ، مۇشۇ ماشى-
نىنىڭ رەسىمى سىزىلغان ھېكايىنى بىر ئوقۇپ باقاي.»

ئۇ قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ
ھېكايە ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇ، پات - پات كۆزلىرىنى پۈرۈش-
تۈرۈپ ھىجىيىپ قوياتتى. بىردەمدىلا قاپىقى تۈرۈلۈپ
خۇددى بىرسىگە خىرىس قىلىۋاتقان ھايۋانغا ئوخشاش تۈسكە
كىرەتتى. ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر بۇ ھېكايىغا يېپىشىۋالدى.
يۇقىرىدىن كەلگەن ھۆججەت - ماتېرىياللارنىلا ئوقۇپ، بىرەر
پارچە ئەدەبىي ئەسەر ئوقۇپ باقمايدىغان ئادەمنىڭ بۇ ئىشى
تولىمۇ غەلىتە ئىدى. ئۇ بىردىنلا ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا
ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ كۈلۈۋەتتى.

— نېمە بولدىڭىز؟ — دېدى شوپۇر ماشىنا يېنىدا پەيدا بولۇپ.

— ھە، كۈلگۈم كەلدى. قىزىق ھېكايىكەن، بىر بۆلۈم
باشلىقى خۇشامەتچىلىك قىلىش ئۈچۈن ئۆز باشلىقىنىڭ خوتۇ-

نى تۇغقان كۈنىنىڭ ئەتىسى يوقلاپ بېرىپتۇ ئەمەسمۇ؟ تازىمۇ بىر تېتىقسىزلىقتە؟ شۇنداق قىلغانىمۇ بارمۇ؟ ھۇ ئىپلاس! — دېدى ئۇ.

شوپۇر ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ بىر تال تاماكىنى كالپۇكىغا قىستۇردى-دە، ئاۋۋالقى جايىغا — يولنىڭ ئوڭ تەرىپىگە بېرىپ تۇردى.

«بولىدىغان ھېكايىكەن، بىر خۇشامەتچىنى يېزىپتۇ. بۇ خۇشامەتچىنىڭ ئۇستىلىقىنى، باشلىقلارنى قولغا كەلتۈرۈۋاپتۇ ئەمەسمۇ؟ ئىشنىڭ يولىنى ئۇقىدىغان نېمىكەن. تېخى ئىدارە ئاتلاپ ناھىيە، ۋىلايەت دەرىجىلىك بىر قىسىم رەھبىرىي كادىرلارنىمۇ قولغا كەلتۈرۈپتۇ. ماۋۇ رەسىمدىكى ماشىنىدا ئۇ بار ئىكەن. ئەنە، 11-ئاينىڭ سوغۇقىغا پىسەنت قىلماستىن يالىڭاچ بولۇپ سۇغا كىرىپ «جىپ»نى مۈردەپ ئىتتىرىۋاتىدۇ ئەمەسمۇ؟ ۋاي سېنىڭ ئەقلىڭ، ۋاي سېنىڭ ئەقلىڭ! بىكارچىلا ئۇنداق قىلمايسەن-دە! بۇمۇ بىر خۇشامەت. يەنە كېلىپ بىر ياقتىن قارىسا ئادەمگەرچىلىكتەك تۇيۇلىدىغان خۇشامەت، ئەگەر مۇشۇ ماشىنىدا ۋىلايەتتىن كەلگەن باشلىق بولمىسا، يائاللا، قۇلىقىمنى ساپالدا كېسىپ بېرىمەنكى، ھەرگىز ئۇنداق قىلمايسەن. بىرەر دېھقاننىڭ ئېشەك ھارۋىسى پېتىپ قالغان بولسا ئىتتىرىشىپ بېرەمسەن؟ مۇمكىن ئەمەس، ئۇ دېگەن دېھقان. قارا، ئۇستىلىقىڭدىن ۋىلايەتتىن كەلگەن باشلىقنى يېزىدىكى ئۆيۈڭگە تەكلىپ قىپسەن. باشلىقمۇ دەسلەپتە تەكەللۇپ سۆزلىرىنى قىلىپ ئۇنىماپتۇ. لېكىن سەن تولىمۇ تەجرىبىلىك ئىكەنسەن. بىر نېمىلەرنى دەپ يۈرۈپ ماقۇل دېگۈزۈپسەن. مۇشۇنداق مۇھىم پەيتتە قىلغان ياخشىلىق كىشى قەلبىدىن مەڭگۈ كۆتۈرۈلمەيدۇ.

بۇنچىلىك ئىشنىمۇ قىلالاي دېسەم مەنمۇ قىلالايمەن.

مەنمۇ بۆلۈم باشلىقى. ئاستىمدىكى مۇشۇ ماشىنىنى ئىشلەتسەم بولۇۋېرىدۇ. بۇ نېمىنىغۇ ئىشلىتىۋاتىمەن. ئەمما، مېنىڭ باشلىقلارغا توشۇيدىغىنىم ساپلا ئەرزىمەس نەرسىلەر ئوخشاي-دۇ. مانا ماۋۇ ھېكايىدىكى بۆلۈم باشلىقى كارامەت ئىش قاملاشتۇرىدىغان نېمىكەن، چوقۇم ئۆسىدۇ. ئازغىنە كۈندە ئىدارە باشلىقى بولمىسا نېمە دەپ بېرەي! چاندۇرمايدىكەن ئەمەس-مۇ؟! بىر ئىشلارنى بانىداپ، ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئىشلارنى قىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپ باشلىقلار بىلەن ھەپىلىشىدىكەن. ئادەم قول قويىدىغان يېرى شۇكى، پەقەت بىرسىنى بىرسىگە ئۇچراشتۇرمايدىكەن. بەزى باشلىقلارنىڭ ئېرىنى كۈنلەيدىغان خوتۇن كىشىدەك مىجەزىنى بىلىدىكەن - دە! ھېلى بىرسىنىڭ ئۆيىگە سومكىغا گۆش قاچىلاپ كىرسە، ھېلى بىرسىنىڭكىگە ياغ ۋە قىممەت باھالىق رەختلەرنى كۆ-تۈرۈپ كىرىدىكەن. توۋا، ئادەم ئەقىللىق بولسا ئاجايىپ بولىدىكەن جۇمۇ! ئۇ، ئىككى - ئۈچ باشلىقنىڭ خوتۇنىنى قولغا چۈشۈرۈۋاپتۇ ئەمەسمۇ؟! ئۇلارغا خوتۇن كىشى ئەڭ ياخ-شى كۆرىدىغان زىننەت ۋە پەرداز بۇيۇملىرىنى ئەكىرىپ بې-رىپتۇ، باشلىقنىڭ خوتۇنىغا ياخشى كۆرۈندى دېمەك — باش-لىققا ياخشى كۆرۈندى دېمەك.

توۋا، مەن نېمانچە نادان تۆرىلىپ قالغان بولغىيدىم، نېمىشقا مۇشۇ ھېكايىدىكى بۆلۈم باشلىقىغا ئوخشاش ئىشلارنى قىلمايمەن، ئىككىمىزنىڭ ئارزۇسى ئوخشىشىپ كېتىدىكەنغۇ؟ باشلىق بولۇشتىن ئىبارەت بۈيۈك ئارزۇ قەلبىمدە خىرە - شىرە كېزىدۇ ئەمەسمۇ؟! ياق - ياق، بۇنداق كېتىۋەرسەم بولماس، ئويلاش كېرەك. ھېچ بولمىسا مۇشۇ ھېكايىدا يېزىلغاندەك ئىشلارنى قىلسامۇ بولىدىغۇ؟ ھازىر خۇشامەتنى، پارىنى ياق-تۇرىدىغان باشلىقلار ئاز ئەمەس. ئەڭ ياخشىسى، شۇنداقلارنى

تېپىشىم كېرەك. ئەلۋەتتە قولىدىن ئىش كېلىدىغان باشلىقلارغا بېرىشىم كېرەك - دە! ئالدى بىلەن ئۇلارنى مۇشۇ ھېكايىدىكى بۆلۈم باشلىقىغا ئوخشاش ۋاستىلەرنى قوللىنىپ بىر چېكىپ باقاي، مەندەك ھوقۇق تۇتۇش ئارزۇسى بار ئادەم دېگەن بۇنداق مۆردىمەس كالىغا ئوخشاش يۈرۈۋەرسەم بولماس؟

ۋاھ، مانا بۈگۈن تازا ئوبدان پۇرسەتقۇ؟ ھەببۇللا چۇجاڭغا ئۆزۈمنى كۆرسىتىپ قويىدىغان پەيت، ئۇنىڭغىمۇ ئىككى تاغار قوغۇن بىلەن بىر كىيىملىك سارجا ئېلىۋالدىم. بىراق بۇنىڭ بىلەنلا كۇپايىلىنىپ قالسام بولماس. يانچۇقۇمدا بىر قوي كەلگۈدەك پۇل يوق-تە؟ تازىمۇ قاملاشمىغان ئىش بولدى - دە! مانا مۇشۇنداق ۋاقىتتا بىرەر قوينى يېتىلەپ بارسام ئىش ناھايىتى ئېپىدە بولاتتى ئەمەسمۇ؟ ماۋۇ شوپۇر ئاداشقىمۇ توي قىلغىلى بىر ئاي بولدى. ئۇنىڭ يانچۇقىدا پۇل نېمىش قىلسۇن؟!...

ھە، توغرا - توغرا، شۇنداق قىلاي، شەھەردىكى ھېلىقى بوخوچى بىلەن ئىدارىمىزنىڭ قورۇلۇشىنى قىلغاندا تونۇشۇپ قويغان ئىدىمغۇ؟ مەنغۇ خېلى پايپاسلىغان. ئۇ چاغدا مەندىن چەكسىز سۆيۈنۈپ كەتكەن ئىدى. شۇنچە كەتمىنىنى چاپقىنىمنىڭ يۈز خاتىرىسى ئۈچۈن بولسىمۇ پۇل بېرىپ تۇرار؟ يامىنىغا كەلسە بۇ نۆۋەتسالدۇرىدىغان قورۇلۇشنىمۇ بېرىدىغانلىقىمىزنى ئېيتسام بولار؟ بولىدۇ، چوقۇم ئەسقاتىدۇ. شەھەرگە كىرىپلا ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرەي...»

قايىقتىندۇر بىر ماشىنا كېلىپ توختىۋېدى، ئۇنىڭ خىيالى ئۈزۈلۈپ قالدى. ئۇ، كۆزلىرىنى ماشىنىغا ئۈمىدلىك تىكتى...

1989 - يىل 9 - ئاي، قەشقەر




تومۇز ئىسسىقى تۇپىلىق يولدا لاۋا ھاسىل قىلاتتى، تىكلەشكەن قۇياشنىڭ كۆيدۈرگۈچ نۇرى گويا ئاسماندىن بىر پارچە ئوت چۈشكەندەك ھارارەتلىك ئىدى. دەل - دەرەخلەر سۈكۈتتە، ئۇچار قۇشلار بولسا دېمىققا چىدىماي ئاللىقاچان ئۇۋىلىرىغا كىرىۋېلىشقان ئىدى، پۈتكۈل يېزىدا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى.

بوۋاي قەدىمىنى تېزلەتتى، بويۇنلىرىدىن سىرغىپ چۈشۈۋاتقان تەر تامچىلىرىغىمۇ پەسەنت قىلماي، تېۋىتلىرى چۈشۈپ كەتكەن كونا تۇمىقىنى ئېگىزرەك كۆتۈرۈپ قويۇپ يولنى داۋاملاشتۇردى، دولىسىدىكى ئۇن قاچىلانغان خالتا يەلكىسىنى بېسىپ، قەددىنى تېخىمۇ مۈكچەيتىپ، بەئەينى بىر پارچە قورام تاش يۈدۈۋالغاندەك ھاردۇرۇۋەتكەن ئىدى. لېكىن ئۇ، ئوغلىنى خىيالىغا كەلتۈرسىلا دۈمبىسىدە ھېچنەرسە يوقتەك ئۆزىنى قۇش مىسالى يېنىك ھېس قىلاتتى.

«ھارمىدىم، نېمىگە ھاراتتىم؟ — دەيتتى بوۋاي ئۆز -

ئۆزىگە، — ھەر قانچە ھارسامۇ ئۆيىگە بارسىلا ھەممىسى تۆگەيدۇ. بىچارە بالامنى كۆرمىگىلى توپتوغرا 251 كۈن بولۇۋېدى، تۈنۈگۈن ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ قالدى. ھايانجانلىنىپ كەتكەن چېغىم، ئاغزىمغا گەپ كەلمەي، يۈزلىرىگە سۆيۈپ يىغلاپ كېتىپتىمەن. ھەي، شۇ بالىنىزە، كىشىنىڭ يۇرتىدا دۈم يېتىپ، دۈم قوپۇپ نېمىمۇ تاپار؟ بىر نەچچە قېتىم يىغلاپ يالۋۇرۇپ يېنىمىدا تۇرۇشىنى ئېيتسام، قايسىبىر شەھەردە قىلىۋاتقان ئوقۇشىنىڭ ئوبدانلىقىنى دەپ كېيىمگە كۆنمىدى. بۇ قېتىمغۇ قايتىپ كەتمەس، مېنىڭ مۇشۇ يالغۇزچىلىقتا غېرىبانە ياشاۋاتقانلىقىمنى كۆزى كۆرگەندىكىن».

مۇشۇ كۈنلەردە بوۋاي قېرىلىق، يالغۇزچىلىقنىڭ ئازابىنى يەتكۈچە تارتتى، پات - پات يېمەك - ئىچمىكى ئۆكسۈپ قېلىپ، بارا - بارا جۈدەپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ تىرىكچىلىك ئۈچۈن مىدىرلىمىسا بولمايتتى.

يالغۇزچىلىق ئورما مەزگىلىدە تېخىمۇ بەك ئۆزىنى كۆرسەتتى. ئورما باشلىنىپ ئىككى كۈن بولا - بولمايلا بوۋايغا ئاپتاپ ئۆتۈپ كېتىپ، بىر ھەپتە ئورنىدىن تۇرالمىدى. ئەنە شۇنداق پەيتتە ئوغلىنىڭ ئۆز يېنىدا پەيدا بولۇشى — ئۇنىڭ ئۈچۈن نەقەدەر خۇشاللىنارلىق ئىش - ھە؟ بوۋاي ئوغلىنى كۆرۈپلا پۈت - قولىغا جان كىرگەندەك بولدى، ئېتىزلىقتىن بىر قۇچاق ئەنجىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ ھويلىنىڭ داق يېرىگە تاشلىدى، ئاندىن سۇپىدا ئۆزىنى يەلپۈپ ئولتۇرغان ئوغلىغا كۆلۈمسىرەپقىنا قاراپ قويۇپ، بۇغداي باشاقلىرىنى سوقۇشقا باشلىدى.

— ھوي دادا، يېگۈدەك بىر نەرسە بولسا ئالساڭچۇ؟ — دېدى ئوغلى تۇساتتىن بوۋاينى ئەندىكتۈرۈپ.

بوۋاي ئوغلىنىڭ بۇ سۆزىدىن خۇشاللاندى، ئۇنىڭ «دادا» دەپ توۋلىغان ئاۋازى تولىمۇ يېقىملىق تۇيۇلدى. چۈنكى تۇنۇگۈندىن بېرى ئوغلىنىڭ بۇنداق دەپ چاقىرغىنىنى ئاڭلىمىغان ئىدى. ئۇ، قولىدىكى توقماقنى قويۇپ، بىر قولىدا يەرنى تىرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كۆلۈپقىنا دېدى:

— بار، يېگۈدەك نەرسە بار، بالام، ھازىرلا ئەپچىقىپ بېرەي، — بوۋاي ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، ھايالشىمايلا قوناق زاغرىسىدىن بىرنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

— مانا ئوغلۇم، ئاق كۆمىنىڭ زاغرىسى، تېخى ئىككى كۈن ئىلگىرى قوشنىمىز يېقىپ بەرگەن ئىدى.

— ھە، شۇنداقمۇ؟ — ئوغۇلنىڭ چىرايى ئۆزگەردى، يا پىما قاپقى ساڭگىلىدى، بىر نەرسە دېمەكچى بولغاندەك ئاغزىنى ئۆمەللىدى - يۇ، يەنە جىم بولدى.

— بالام، ئۆيدە بۇغداي ئۇنى تۈگەپ قاپتىكەن، يەپ تۇرغىن. مانا ماۋۇ باشاقلارنى سوقۇپلا تۈگمەنگە ئاپىرىپ ئۇن قىلىپ كېلىمەن. ھە، ئىسىم قۇرۇسۇن، تەكچىدىكى خۇمدىدا سوغۇق چاي بار ئىدى، ئۇنىمۇ ئەپچىقىپ بېرەي، ناننى تۈگۈرۈپ ئولتۇرۇپ بىر يېۋالغىنا، بۇ زاغرىنىڭمۇ تەمى ئوبدان، — بوۋاي خۇمدىدىكى سوغۇق چاينى ئېلىپ چىقىپ ئوغلىنىڭ ئالدىغا قويدى - دە، يەنە توقماقنى قولىغا ئېلىپ باشاقلارنى سوقۇشقا باشلىدى.

— مەن سىرتقا چىقىپ كىرەي، — دېدى ئوغلى بىردەمدىن كېيىن بوۋاينىڭ ئالدىغا كېلىپ.

— ماقۇل، بالام، بالدۇرراق كىرەرسەن، — دېدى بوۋاي دەرۋازا تەرەپكە قاراپ مېڭىۋاتقان ئوغلىنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ.

ئوغۇل سىرتقا چىقىپ كەتتى. بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇپ

دەرۋازىنى يېپىپ قويغاندىن كېيىن، بايا ئوغلى ئولتۇرغان
سۇپىنىڭ يېنىغا كەلدى ـ يۇ، كۆڭلى غەش بولۇپ
قالدى. بايا ئوغلىغا ئەپچىقىپ بەرگەن نان ئۆز پېتىچە كونا
پالاسنىڭ ئۈستىدە تۇراتتى. بوۋاي ناننى قولىغا ئېلىپ، يېڭى
بىلەن سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن قەدەملىرىنى ئاستا، ئەمما يەر-
نىڭ قوۋۇرغىسى سۇنۇپ كەتكۈدەك دەرىجىدە جەزبىلىك يۆت-
كەپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.
«ئۇنىڭ نېمە قىلغىنىدۇ بۇ؟ — دەيتتى بوۋاي نان بې-
لەن چاينى ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇپ، توقماقنى قولىغا ئالغاچ
ئۆز-ئۆزىگە، — ناننى يېمىگىنى نېمىسى؟ كۆڭلۈم ئۈچۈن ئازراق
بولسىمۇ يەپ قويسا بولماسمىدى؟ ھەي، بىز ئادەملەر بەكمۇ
ئۆزگىرىشچان كېلىمىز، كۆرگەن كۈنلىرىمىزنى ئاسانلا ئۇنتۇپ
قالىمىز، قارىمامدىغان ماۋۇ بالىنىڭ قىلغان ئىشىغا، بىر چى-
رايلىق سىڭىشىپ پىشقان ناندىن بىر چىشلەممۇ يېمىگىنىنى؟
يىگىرمە ئىككى ياشقا كىرگۈچە مۇشۇنداق زاغرا يەپ چوڭ
بولغان ئەمەسمىدى ئۇ؟ ئەمدى ـ زە، ئازراق پۇل تېپىپ
ئوقۇرى ئېگىزلەپ قاپتۇ ـ دە!
ھىم، سېنىڭ بۇلتۇر كەلگەندە قىلغان ئىشلىرىڭ ئېسىمدىن
كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنى يوق، شەيتانىنىڭ سۆيدۈكىنى ئىچىپ
مەس بولۇۋېلىپ، نان ساتقۇچى ئايالىنىڭ نانلىرىنى يېرىندىگە
تاشلىۋەتكىنىڭ، ئۇنى ئاز دېگەندەك، مەس ھالەتتە ئۆيگە
كېلىپ، سۇپىغا تۆكۈپ قويۇلغان بۇغداي ئۈستىگە شارقىرىتىپ
قۇسۇپ قويغىنىڭ!!! شۇ چاغدا ئەجرىمىنىڭ خارلىنىۋاتقى-
نىنى كۆرۈپ، غەزەپتىن كۆزۈمدىن ياش چىقىپ كەتكەن ئىدى. لېكىن
يەنىلا بالا ئىكەنسەن، لېۋىمنى چىشلىدىم، ھالا بۈگۈنگە كەل-
گەندە يەنە ناننى سۇپىغا تاشلىۋېتىپ چىقىپ كېتىپسىنا؟!»
بوۋاي ئىشىك ئالدىغا كەلدى، ئۆيگە كىرىپ خالتىدى-

كى ئۇنى سۇپىغا قويدى - دە، سوزۇپقىنە ئۇھ تارتتى. ئۇ، تونۇگۈن پېشىن بىلەن ھېلىقى ئەنجىنى سوقۇپ، دېنىنى دان، سامىنىنى سامان قىلىپ بولۇپ، تۆگمەنگە ئاپاردى. بىراق، ماتور بۇزۇلۇپ قالغاچقا، يىرىكىنى يۇمشىتىش بۆگۈنگە سوزۇلدى. مانا ئەمدى تۆگمەندىن كەلسە ئوغلى يوق.

بوۋاي كۆتۈۋېرىپ كۈننى كەچ قىلدى. خۇپتەندىن ئاشقان چاغدىلا دەرۋازا قاتتىق تېپىلدى. بوۋاي يۈگۈرۈپ بېرىپ دەرۋازىنى ئېچىپلا ئوغلىنىڭ ئېغىر مەست ئىكەنلىكىنى سەزدى، دىماغلىرىغا ھاراقنىڭ سېسىق ھىدى ئۇرۇلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ، ئوغلىنى يۆلەپ ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ ياتقۇزدى، ئۆزىمۇ ئوغلىنىڭ يېنىدا ياتتى، لېكىن ئۆي ئىچىنى ھاراقنىڭ بەدبۇي پۇرىقى قاپلاپ كەتكەنلىكتىن، بوۋاينىڭ نەپىسى سىقىلدى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىغا چىقتى...

كېچىنى تەستە ئۆتكۈزگەن بوۋاي سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئوغلى ئۈچۈن ناشتىلىق تەييارلاشقا كىرىشتى. ئۇ، ئىلگىرى ناۋايخانىدا ئىككى - ئۈچ ئاي تۇرۇپ ئۆگىنىۋالغان ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئوچاقنى قىزىتىپ، تونۇگۈنكى بۇغداي ئۇنىدا نان ياقتى، ئوغلىنى ئويغىتىپ ئالدىغا داستىخان سالدى.

— مەن قايتاي، — دېدى ئوغلى بىر بۇردا نان يېگەندىن كېيىن.

— نېمە؟... نەگە؟... ئاران كەلگەندە... — بوۋاينىڭ نەپىسى سىقىلىپ، گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالمىدى.

— شەھەرگە، ئەسلىدە سەن بىلەن كۆرۈشۈپلا قايتاي دېگەن ئىدىم، ھېلىمۇ ئىككى - ئۈچ كۈن تۇرۇپ قالدىم.

بوۋاي ئۈندىمىدى. پەقەت ئوغلى ئورنىدىن تۇرغاندىلا بوغۇق ئاۋازدا:

— بۇ ناننى ئېلىۋالغىن، يوللۇق بولۇپ قالسۇن، — دېدى.
— رەھمەت!
— ئالمىساڭ بولمايدۇ، يولدا لازىم بولۇپ قالار.
— ئەستا، بوپتۇ ئەمسە، بىرنى ئېلىۋالاي، — دېدى ئوغلى سىرتىملىق سومكىسىغا ناننى سېلىۋېتىپ.
— بالام، تۇرۇپ تۇرغىن، باغدىكى ئۆرۈكتىنمۇ ئېلىۋالغىن.
— ياق، بولدى.
— ياق، ئېلىۋال.
بوۋاي ئالدىراپ باغقا كىرىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ۋايىغا يېتىپ پىشقان ئۆرۈك بىلەن ئوغلىنىڭ سومكىسىنى توشقۇزدى.
— مەن ماڭاي ئەمدى.
بوۋاي ئوغلىنىڭ كېيىنگە جاۋاب قايتۇرمىدى. ئوغلىنىڭ كېيىدە چىڭ تۇرۇۋالىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا بىردەم جىم بولۇپ كەتتى، ئارقىدىن بىر نەرسىنى ئېسىگە ئالغاندەك بولدى - دە، ئوغلىغا دېدى:
— بالام، يەنە بىردەم تۇرۇپ تۇرغىن، مەن ھازىرلا چىقىمەن.
بوۋاي ئۆيگە كىرىپ كېتىپ بىردەمھا يال بولغاندىن كېيىن ئۆيدىن ئىككى يۈەن پۇلنى ئېلىپ چىقىپ ئوغلىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي يانچۇقىغا سېلىپ قويدى.
ئوغلىنى ئۇزىتىپ قويۇپ ھويلىغا يېنىپ كىرگەن بوۋاي كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ تۇرۇپ قالدى، يۈرىكى ئاغقاندەك بولۇپ بېشى قايدى، شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى روھلۇق تۇتۇشقا تىرىشتى.
ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئېغىلدىكى ئېشەكنىڭ «خارت - خۇرت» قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى، قەدىمىنى يۆتكەپ ئېغىلغا كىردى.

ئېشەك بوينىنى سوزۇپ، بىر نەرسىگە ئىنتىلگەندەك قىلاتتى. بوۋاي ئېشەكنىڭ تۇمشۇق سوزغان يېرىگە قارىدى. كۆزى بىردىنلا ئېشەكنىڭ ئايىغىدا تۇرغان نانغا چۈشتى، بۇ نان تېخى بايىلا ئۇ ئوغلىغا يوللۇق تۇتقان ئىسسىق نان ئىدى.

— يە، يېۋالغىن، ھەممە ئېغىرچىلىقىمنى يەڭگىللىتىدىغان، ماڭا پۇت - قول بولىدىغان ۋاپادار ئېشىكىم، ھەممىنى يېگىن.

بوۋاي شۇنداق دېگىنىچە ناننى قولىغا ئېلىپ ئېشەكنىڭ ئاغزىغا تەڭلىدى - يۇ، يۈرىكىگە بىر نەرسە سانجىلغاندەك بولۇپ مەيدىسىنى تۇتقىنىچە ئوقۇرغا يىقىلدى...

1990 - يىل 7 - ئاي، قەشقەر

ئابدۇررازاق ئەخمەدى

# مۇشكۇلانغان كۆڭۈل

# يۇرت ئۇچۇن

## 1

ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان پىكاپ رەت - رەت سۆۋادان تېرەكلەر سايە تاشلاپ تۇرغان ئازادە تاشيولدىن ئوڭ تەرەپكە قايرىلدى - دە، قارا يۇلغۇن كەنتىگە بارىدىغان چىغىر يولغا كىرىپ كەلدى. كەنت يولىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى سالا ئېتىز- لاردا پۇرچاقتەك توق دان تۇتۇپ پىششىقا باشلىغان مىكسىكا يازغىسى بىلەن «تاڭشەن» كۆزگى بۇغدىيىنىڭ ئالتۇن با- شاقلىرى دېڭىزدەك دولقۇنلىنىپ، يېقىملىق شىۋىرلايتتى. سانجاق - سانجاق باش ئېلىشتىن دېرەك بېرىپ، ئادەمنىڭ زوقىنى كەلتۈرگۈدەك ئۆسكەن قوناقزارلىقلار يىراقتىن بەئەي- نى ئورمان بەلبېغىدەك كۆرۈنەتتى. قارا يۇلغۇن كەنتىدىكىلەر ئۆز ئەقىل - پاراستىگە تايىنىپ يېتىشتۈرگەن بۇ ئەلا سورتلۇق زىرائەتلەر كىمنىڭمۇ ھەۋىسىنى قوزغىمىسۇن؟

يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى پىكاپ دېرىزىسىدىن بۇ مول ھوسۇل مەنزىرىسىگە نەزەر سالاتتى، ھايا جانلىناتتى. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە زوقىنى تارتىۋاتقان بۇ سورتلۇق زىرائەت

ئۇرۇقلىرىنى پۈتۈن يېزا، ھەتتا ناھىيە تەۋەسىگىچە كېڭەيتىپ، يۇقىرى ھوسۇللىنى قولغا كەلتۈرۈش تەدبىرلىرىنى تۈزەتتى.
پىكاپ ئۇدۇل ئەزالارنىڭ قېشىغا كېلىپ توختىدى. شۇجى كۆ- لۈمىسىرىگىنىچە پىكاپتىن چۈشۈپ، ئەزالار بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىپ كۆرۈشۈپ، ئامان - ئېسەنلىك سوراپ بولغاندىن كېيىن، ھاياجانلىق تەلەپپۇزدا ئېيتتى:
— يولداشلار! سىلەرگە بىر خوش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن كەنتىڭلاردىكى ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش ماھىرى يولداش ئابدۇللا ئاپتونوم رايوندا ئېچىلىدىغان ئىلىم - پەن يىغىنىغا ۋەكىل بولۇپ قاتناشماقچى. بۇ كەنتىڭلار ئۈچۈن ئىپتىخارلىنىشقا تېگىشلىك بىر ئىش...
ئەزالار خۇشاللىق ھېسسىياتى بىلەن ئابدۇللاغا قاراشتى ۋە قىزغىن چاۋاك چېلىشتى. كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئېلى ئاكا ئابدۇللانىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ تۇرۇپ:
— يول بولسۇن، بالام! — دېدى ئالقىش سادالىرى ئىچىدە، — پۈتۈن كەنتىمىز دىكى قېرىنداشلارغا ۋەكالىتەن سېنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن.
— قېنى، يولداش ئابدۇللا، ماشىنىغا چىقىڭ، — دېدى پارتكوم شۇجىسى پىكاپنىڭ ئىشىكىنى ئۆز قولى بىلەن ئېچىپ، — ئېلى شۇجى سىز مۇ كېلىڭ. بىز ئۇككىمىز ئابدۇللانى ناھىيىگىچە ئېلىپ بېرىپ، پۈتۈن يېزا خەلقىگە ۋەكالىتەن ئۇزىتىپ قويايلى.
قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە پىكاپ ئورنىدىن قوز- غىلىپ، ناھىيىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

## 2

ئابدۇللا ئۇچىسىغا ئاق دىچۆلىياڭ كۆڭلەك بىلەن كۆك دىكا شىم كىيىپ، بېلىنىشايى بەلباغدا مەھكەم باغلىۋالغان، بۇغداي ئۆڭ، قاڭشارلىق كەلگەن، 25 ياشلاردىكى ئۆسكىلەڭ يىگىت بولۇپ، بېشىغا قوندۇرۇۋالغان بادام دوپپا شۇنداق ياراشقان ئىدى. ئۇ 1974 - يىلى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ، ئانا يۇرتى — قارا يۇلغۇنغا قايتىپ كەلدى. دادىسى سىلىم ئاكا ئالدىن تەييارلاپ قويغان بەش جىڭلىق كەتمەننى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ:

— ئوغلۇم، دېھقان دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلىدىغانسەن؟ كەتمەن دېھقاننىڭ مۇھىم قورالى. سەن بۇنى مەھكەم تۇتقىن، — دېدى ۋە ئارقىسىغا سىلىپ ئېتىزلىققا باشلاپ باردى.

بۇ دەل ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرلىرى بولۇپ، دېھقانلار كۈزگى بۇغداي تېرىلغۇسىغا جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتقان چاغ ئىدى. بەزىلەر دۆش ئالسا، يەنە بەزىلەر يەر شۇدىگەرلەش، لاي ئېقىتىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتاتتى. ئابدۇللا شىمىنىڭ پۇشقاقلىرىنى تۈرۈپ، يەڭلىرىنى شىمايلاپ دادىسىغا ياردەملىشىپ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ، بىردەم دۆڭدىن ئېرىقتىكى سۇغا توپا تاشلىسا، بىردەم بېلىگىچە سۇغا كىرىپ، دوغاپنى ئاياغ تەرەپكە ھەيدەيتتى. ئۇنىڭ قولىدىكى كەتمەن قۇياش نۇرىدا ۋال - ۋۇل چاقنايتتى.

غەيرەت - شىجائەت ئەرنى تاۋلاپتۇ دېگەندەك، ئابدۇللا كۆپ ئۆتمەي پېشقان دېھقانغا ئايلاندى. ئۇنىڭ ئەمگەك سۆيەرلىك خىسلىتى تېزلا كەنتكە تارىلىپ، تەڭتۇشلىرىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىدى ۋە ئامما ئىچىدىكى ئىناۋىتىنى ئۆستۈردى.

كۆزگى بۇغداي تېرىلغۇسى باشلانغاندا، ئۇ تۆت ئات قوشۇلغان سېيالكىنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، ئۇرۇقلارنىڭ يەرگە چۈشۈش ئەھۋالىنى كۆزەتتى. بەزىدە ئۇ ئۇرۇقتىن بىر ئۇچۇم ئېلىپ قارىغىنىچە چوڭقۇر خىيالغا چۆمەتتى.

— ئوغلۇم! — دېدى بىر كۈنى ئېلى شۇجى ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئىشەنچ بىلەن، — بىز ھازىر ساڭا ئوخشاش بىلىملىك ياشلارغا موھتاج. سەن كەنتىمىزنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئۆگەنگەنلىرىڭنى ئايىما.

— ھىممىتىڭىزگە رەھمەت، شۇجى، — ئۇ تارتىنىپراق جاۋاب بەردى، — ئەلۋەتتە دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن. ئەمما مېنىڭ بىلىدىغانلىرىممۇ بەك ئاز، سىزدەك پېشقەدەملەرنى ئۇستاز تۇتۇپ، دېھقانچىلىق بىلىملىرىنى ئۆگىنىشىم كېرەك.

ئابدۇللا خىيالچان يىگىت ئىدى. ئۇ ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا يۇرتىنىڭ نامرات قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، يۇمران قەلبى گۈزەل ئىستەكلەر بىلەن ياناتتى.

ئىشنى بىرەر يېڭىلىق يارىتىشتىن باشلاشنى كۆڭلىگە پۈكتى ئابدۇللا، ئېلى شۇجىنىڭ بايىقى سۆزىدىن ئىلھاملىنىپ. ئۇ، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقىنىدا بىئولوگىيە دەرسىگە ھەممىدىن بەك قىزىقاتتى. شۇڭا، ئۇرۇقلۇق يېتىشتۈرۈش، يەرلىك ئۇرۇقلارنى شالغۇتلاشتۇرۇش ئارقىلىق تۆۋەن ھوسۇللۇق يەرلەرنى يۇقىرى ھوسۇللۇق ئېتىزلارغا ئايلاندۇرۇش نىيىتىگە كەلدى. شۇنداق قىلالىسا ئانا يۇرتى ئۈچۈن بەلگىلىك تۆھپە ياراتقان بولاتتى. بۇ خىل ئىستەك ئوتىدا يانغان يىگىت كۈندۈزى ئولتۇرسا - قوپسا شۇنىلا ئويلايتتى، كېچىسى ئۇخلىغاندىمۇ سورتلۇق ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش ئېتىزىدا يۈرۈپ چۈشەيتتى.

ئابدۇللا سەللا بىكار بولۇپ قالسا خۇددى باھار قارلىغىچىدەك ئېتىزلىقلارنى ئارىلايتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا گۈلىستانـ

لىققا، ئاشلىق، پاختا كانىغا ئايلانغان گۈزەل يۇرت نامايان بولاتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئانا يۇرتىنىڭ ھەر چىمدىم تۇپرىقى ۋە ھەر تۈپ گىياھىغا قارىتا چوڭقۇر مۇھەببەت قوزغالغان ئىدى.

ئابدۇللانىڭ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتـقىنىغا خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى. يېڭى ھايات مۇھىتىغا كۆنۈش ئۇنىڭغا نىسبەتەن بىر سىناق بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن يۇمران مۇسكۇللىرى ھە دېگەندە سىقىراپ ئاغرىشقا، قولىنىڭ ئالقانلىرى قاپىرىپ تېشىلىشكە باشلىدى. لېكىن بەل قويۇۋېتىش يىگىت ئۈچۈن ئۇيات ئىدى. ئۇ ئىش قىلغاندا لېۋىنى چىشلەپ چاندۇرمايتتى- يۇ، كەچلىكى ئوچاق ئالدىغا كېلىۋېلىپ سۆگەتنىڭ چىۋىقىنى قوقاسقا كۆمۈپ قىزدىتىپ قاپارغان جايلارنى داغلايتتى. ئەتىسى يەنە دادىسى بىلەن بىللە ئىشقا ماڭاتتى.

ئوغلىنىڭ غەيرەتلىك ئادەم بولغانلىقىدىن سۆيۈنگەن سېلىم ئاكا بىر كۈنى ئۇنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ:

— دېھقان ئوغلى دېگەن مانا مۇشۇنداق بولۇش كېرەك. ئىككى بىلەكنىڭ كۈچى ھەم غەيرەت بىلەن ئىرادە بولسىلا تاغنى يۆتكەشمۇ ھېچگەپ ئەمەس! — دەپ ماختاپ قويغاندىن كېيىن، داۋام قىلدى، — ئاڭلىسام، ياشلارغا باشلامچىلىق قىلىپ، ئەلا سورتلۇق ئۇرۇقلۇق يېتىشتۈرۈشكە بەل باغلاپسەن. بۇ ئىشىڭ يارايدۇ ئوغلۇم! بىرقانچە يىل ئوقۇدۇڭ. ئەگەر ئۆگەنگەنلىرىڭنى ئىشلەتمىسەڭ بىكار نان يېگەن بولىسەن.

ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلى قىزغىن قوللاۋاتقان، ئۆز ئاتىسى زور ئىشەنچ بىلەن ئىلھاملاندۇرۇۋاتقان تۇرسا، ئۇ نېمىدىن قورقىدۇ؟

— دادا! — دېدى ئۇ ھاياجان ئىلكىدە ئاتىسىنىڭ كۆزـلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، — مەن ئويلىغانلىرىمنى چوقۇم

ئەقەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئىسمى - جىسمىغا لايىق پەرزەنتىڭىز بولىمەن.

3

قارا يۇلغۇن كەنتى بىر تەرىپى تاغ باغرىدىكى سايغا تۇتىشىپ تۇرىدىغان چەت يۇرت ئىدى. ھەر يىلى باھار كېلىش بىلەنلا شۇنداق گۈزەللىشىپ كېتەتتىكى، تۇتاش كەتكەن باغلاردىكى تۈرلۈك - تۈمەن مېۋىلەرنىڭ چېچەكلىرى يۇرت قوينىنى ئاجايىپ كۆركەم تۈستە بېزەيتتى. ياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە بولسا بۇ جايدىن ھەرقانداق مېۋە تېپىلاتتى. شۇڭا «قارا يۇلغۇن» دېسە ناھىيە تەۋەسىدە بىلمەيدىغانلار بەك ئاز ئىدى. بىراق شۇنچە گۈزەل ئاينىڭ يۈزىدىمۇ داغ بولغاندەك، بۇ كەنتنىڭمۇ بىر نۇقسانى ئۇنىڭ ھۆسنىنى خىرەلەشتۈرەتتى. ئۇ بولسىمۇ «جەننەت»كە ئوخشايدىغان بۇ گۈزەل يۇرتنىڭ ئاشلىقتا ئۆز ئۆزىنى تەمىنلىيەلمەسلىكى ئىدى. دېمەك، قارا يۇلغۇنلۇقلار ياز ۋە كۈز كۈنلىرى باغدا يايرىسا، قىش ۋە ئەتىياز پەسىللىرىدە گۈلە - قاق شۈمۈپ سېرىقتال كۈن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولاتتى. پۇتىنىڭ مادارى ۋە ئېشەك - ئۇلاغلىرى يېتەرلىك بولغانلار گۈلە - قاق قاچىلانغان قاپ - تاغارلارنى ئېلىپ، ئاشلىققا ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپلەرگە يول ئالاتتى. قېرى - چۈرى، ئاجىز - ئورۇقلار بولسا بارغا شۈكرى، يوققا قانائەت قىلىشاتتى ... يۇرتىدىكىلەرنىڭ يىل بويى قورساق غېمىدىن قۇتۇلالماي ئاۋارىچىلىق ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتقانلىقى خېلىدىن بۇيان ئابدۇللانى ئويغا سېلىپ كېلىۋاتقان بىر مەسىلە بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ يۈرەك - باغرى ئۆرتىنەتتى. «يۇرتىمىزنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت،

سۈيى مول، خەلقى ئەمگەكچان، تېخى «باغۋەن» دەپ نامىمۇ بار، ھېچبىر جەھەتتە باشقا يۇرتلاردىن قېلىشمايدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا ئوزۇق - تۈلۈككە موھتاج بولۇپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ؟» دېگەن چېگىش خىيال كاللىسىغا كىرىۋالغان ئابدۇللا كۆپ باش قاتۇرۇپ، ئاخىرى مەسىلىنىڭ تۈگۈنى ئۇرۇق يېتىشتۈرۈشتە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى ۋە ئويلىغانلىرىنى ئېلى شۇجىغا ئېيتىش قارارىغا كەلدى.

— ئوغلۇم! — دېدى ئېلى شۇجى ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق پاراڭلاشقاندىن كېيىن، — مېنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان ئويلاۋاتقىنىممۇ شۇ ئىدى. بىراق سەندەك بىلىم ئەھلىلىرى بولمىغاچ، ئۇ خىياللىرىم خىيال پېتىچە قالغان. بىز ئۆز ئەقىل - پاراسىتىمىزگە تايىنىپ يۇرتىمىزنى ئاشلىق كانىغا ئايلاندۇرمىساق، كونا ھالەتتە ئۆتتۈۋېرىمىز. ئەمدى قوشنا كەنتلىكلەرنىڭ ئالدىدا سارغىيىپ يۈرۈۋېرىشكە يۈزىمىزمۇ چىدىمايدۇ.

— توغرا، شۇجى، مېنىڭ بۇ ئىشقا بەل باغلىغىنىم باغلىغان. ئىلىمگە تايانساق بۇنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس» دېگەن تەمسىلمۇ بىكارغا ئېيتىلمىغان. بىز قەتئىي ئىرادە بىلەن كىرىشسەك، ئىلمىي تېرىقچىلىقنىڭ ئۈنۈمىنى ئىككى - ئۈچ يىلدىلا كۆرەلەيمىز.

ئابدۇللا ئېلى شۇجى بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىدىن چىققاندا، بىرىنچى توخۇ چىللىغان ئىدى. ئاسماننىڭ غەربىي جەنۇبىدا ئېسىلىپ تۇرغان ئاي قاتتىق ئۇيقۇ ئىچىدىكى بۇ يۇرتنى يورۇتۇپ تۇراتتى.

## 4

باش باھارنىڭ ھاۋا ئوچۇق بىر ئەتىگىنى، قۇياش

ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان چاغ ئىدى. كەنت پارتىيە يا-
چېيكىسىنىڭ ئىشخانىسىدا جىددىي يىغىن ئېچىلىۋاتاتتى.
يىغىندا مۇزاكىرىگە قويۇلغىنى ئابدۇللانىڭ سورتلۇق ئۇرۇقلۇق
يېتىشتۈرۈش پىلانىغا ئاساسەن مەخسۇس ئىلمىي تېرىقچىلىق
گۇرۇپپىسى قۇرۇش ۋە بۇنىڭغا بەلگىلىك كۆلەمدە مۇنبەت
يەر ئاجرىتىش مەسىلىسى ئىدى. چۈنكى، تېخنىكا تەلىپى بو-
يىچە، ئۇرۇقلۇق يېتىشتۈرۈلىدىغان ئېكىن يەرنىڭ تۆت ئەتراپى
باشقا تېرىلغۇ ئېتىزلىرىدىن ئاز دېگەندىمۇ 15 — 20 مېتر
بوشلۇق ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرۇشى شەرت ئىدى. ئۇنداق بول-
مىغاندا ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن تېرىپ ئۆستۈرۈلگەن
مايسىلار چېچەك مەزگىلىدە ئەتراپىدىكى ئوخشاش زىرائەتلەر
بىلەن چاڭلىنىشىپ قېلىپ، بۇزۇلۇش كېلىپ چىقاتتى. ئېلى شۇجى
ئابدۇللانىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىگە ئاساسەن ئۇرۇقلۇق يېتىشتۈ-
رۈش تەلىپىگە ئۇيغۇن يەردىن 10 مونى مۆلچەرلەپ بولغان
بولسىمۇ، ئۇنى رەسمىي بېكىتىشتىن بۇرۇن ھەيئەتلەرنىڭ مۇزا-
كىرىسىدىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى.

ئەتىگەن باشلانغان يىغىن بارغانسېرى قىزىپ، چۈش-
تىن كېيىنمۇ يەنە داۋاملاشتى. ھەيئەتلەر قىزغىن پىكىر قىلىپ،
ئۆز قاراشلىرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

— كەنتىمىزدە ئىلمىي تېرىقچىلىق تەتقىقات گۇرۇپپىسى
قۇرساقمۇ بولىدۇ، — دېدى كەنت مۇدىرى، — بىراق
قۇرۇپ قويۇش بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ. ئۇ كۆپ ئەمگەك كۈچى
تەلەپ قىلىدىغان ئىش. بىر بۆلۈك ئادەم بىر پارچە يەر ئەترا-
پىدا چۆگىلىسە، ئېتىز - ئېرىقنىڭ ئىشلىرىغا قالغانلار قانداق
يېتىشىدۇ؟

— بىز چوقۇم يېڭىلىق تەرەپتارى بولۇشىمىز كېرەك، —
كەنت خەلق ئەسكەرلىرى ليەنجاڭى ئابدۇكېرىم كەسكىن تۈردە

ئېيتتى، — بايا ئېلى شۇجى بۇ ھەقتە ئېنىق چۈشەنچە بەردى. ئەمدى تولا تالىشىۋەرمەي بىرلىككە كېلەيلى. ئەلا سورتلۇق ئۇرۇقلارنى ئۆز يېرىمىزدە يېتىشتۈرسەك چوقۇم ئۈنۈمىنى كۆرىمىز. ھەر يىلى باشقا جايلاردىن ئۇرۇقلۇق يۆتكەپ كېلىپ تېرىيمىز. بىزمۇ ئوخشاش ئادەم تۇرۇپ، باشقىلار چايناپ بەرگەن ناننى يېيىشتىن ئۇيالمايمىزمۇ؟ ...

— توغرا! — ئارىدىن بىرەيلەن سۆز قىستۇردى، — ئىلمىي تېرىقچىلىق تەتقىقات گۇرۇپپىسى قۇرساق ھەقىقەتەن پايدىسىنى كۆرىمىز. «قۇشقاچتىن قورقۇپ تېرىق تېرىماسلىق» قاملاشمايدىغان ئىش. باشقىلار قىلالىغاننى قارا يۇلغۇنلۇقلار قىلالمامدۇق؟ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشقا سەل قارىغانلىقنىڭ دەردىنى ئاز تارتىۋاتامدۇق؟

— ئىلمىي تېرىقچىلىق تەتقىقات گۇرۇپپىسىنى قۇرماي بولمايدۇ. يەر، سۇ، ئادەم كۈچى ئىمكانىيىتى يېتەرلىك تۇرۇپ، قاچانغىچە «ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ قاراپ تۇرۇۋېرىمىز؟

— يولداشلارغا رەھمەت! — باياتىن جىم ئولتۇرغان ئابدۇللا ھاياجانلىنىپ سۆز ئالدى، — كۆپچىلىكنىڭ ئىلمىي تېرىقچىلىق ئۈستىدىكى قارىشى ئايدىڭ ئىكەن. بۇ، كەنتىمىزنىڭ ئاشلىقتا قەد كۆتۈرۈشىدە ئاچقۇچلۇق بىر ئىش. لېكىن ئۇرۇق يېتىشتۈرۈشنى ئاددىي چاغلىغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىلمگە تايىنىشقا، جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈشكە، كۆپ تەر ئاققۇزۇشقا توغرا كېلىدۇ. «جاپا چەكمەي ھالاۋەت يوق» دېگەن گەپ بار. بىز بۇ ئىشقا بەل باغلىغان ئىكەنمىز ۋۇجۇدقا چىقارماي قويمايمىز. بىز يولداشلارنىڭ ئەمەلىي قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە موھتاج. بىز بۇ ئارقىلىق ئاشلىق بىلەن ئۆزىمىزنى تەمىنلەپ قالماي، كەنتىمىزنى يۇقىرىغا ئاشلىق يۆتكەپ

بېرىدىغان سەۋىيىگە يەتكۈزىمىز.

ئابدۇللانىڭ بۇ سۆزلىرى يىغىن قاتناشچىلىرىنى تەسىرلەندۈردى. ئۇلار ئۈمىدلىك كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا ھۆرمەت نەزەرىدە تىكىشتى.

ئېلى شۇجى يىغىندىن خۇلاسە چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن ئېيتتى:

— مەن پارتىيە ياچېيكىسىغا ۋەكالىتەن يولداش ئابدۇللانىڭ ئىلمىي تېرىقچىلىق تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇشىنى تەكلىپ قىلىمەن.

يىغىن خۇشال كەيپىيات ئىچىدە ئاياغلاشتى. يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئىچىدە پەقەت «ھاشىم تېخنىك»لا خاپا كۆرۈنەتتى. ئۇ ئۆڭسۈلى ئۆچكەن ھالدا ھەممىدىن بۇرۇن ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

## 5

ئابدۇللا ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىنىڭ مەسئۇلى بىلەن خوشلىشىپ، كەنتكە قايتىپ كەلگەندە، ئىلمىي تېرىقچىلىق تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى ئۇرۇق تېرىلىدىغان يەرنى تۈزلەپ، تاختىلاپ بولغان ئىدى. ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇرۇقچىلىق پونكىتىدىن ئېلىپ كەلگەن ئاتىلىق «105» نومۇرلۇق «ۋۇدەنزاۋ» قونىقى بىلەن ئاتىلىق «229» نومۇرلۇق «ۋۇدەنزاۋ» قونىقىنىڭ يەككە تۈپىنى چاڭلاشتۇرۇش ئارقىلىق «ۋۇدەنزاۋ» شالغۇت سورتىنى يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى توغرىلىق مەسلىھەتلەشتى. بۇنىڭدا، ئۇرۇقنى تېخنىكا تەلىپى بويىچە تېرىش مەسىلىسىمۇ بار ئىدى.

باھار ئاپتىپىنىڭ يەرلەرنى ئىللىتىشىغا ئەگىشىپ، تىكىلـ
گەن ئۇرۇقلار تەكشى ئۈنۈپ چىقتى؛ ئىلمىي تېرىقچىلىق تەتـ
قىقات گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئۆز ئەجرىنىڭ مېۋىسىنى كۆرۈشكە
ھەممىدىن بەك ئالدىرىشاتتى. ئۇلار ھەر كۈنى سەھەر ئورنىـ
دىن تۇرۇپ، پۈتۈشۈپ قويغاندەكلا تەڭلا ئېتىز بېشىدا پەيدا
بولاتتى ـ دە، ھەر تۈپ مايسىنىڭ تۈۋىگە نەچچە قېتىم بېرىپ،
ئوتىنى ئوتايتتى، توپىسىنى يۇمشىتاتتى ۋە توپا يۆلەيتتى.
«ئەجىر قىلساڭ قىلىدىن تام قوپۇرارسەن» دېگەندەك، مايـ
سىلار كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرگىدەك تېمەن ئۆسمەكتە ئىدى.

كۈتۈلمىگەندە بىر كېچىسى ئۇشتۇمتۇت قاتتىق بوران
چىقىپ، مايسىلارنى يەرگە چاپلىۋەتتى. بىراق تاسادىپىي يۈز
بەرگەن بۇ تەبىئىي ئاپەت گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ ئىرادىسىنى
تەۋرىتەلمىدى. ئۇلار مايسىلارنى بىر ـ بىرلەپ يۆلەپ تۇرغۇ
زۇپ، تۈۋىگە باشقىدىن توپا يۆلىدى، چېلەك بىلەن سۇ توشۇپ
كېلىپ، ھەر تۈپ مايسىنى سۇغاردى ۋە ئۇچۇملاپ كەپتەر مايىـ
قى سېلىپ ئوغۇتلىدى. مايسىلار بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا قايتىـ
دىن جانلىنىپ، بۇرۇنقى ھالىتىگە كەلدى. ئاردىن ئانچە كۆپ
ئۆتمەي پۆپەك چىقىرىپ، ساقال تارتىشقا باشلىدى. گۇرۇپپا
ئەزالىرى تېخنىكا تەلىپى بويىچە پەيتىنى چىڭ ئىگىلەپ، ئاتىـ
لىق يەككە تۈپلەرنىڭ ئىككى تەرىپىگە تېرىلغان ئانىلىق يەڭگە
تۈپلەرنىڭ پۆپەكلىرىنى پۈتۈنلەي ئېلىۋەتتى. بۇ، يېڭى سورتنىڭ
يېتىشىپ چىقىشىدا مۇھىم بىر شەرت ئىدى.

6

ھاشىم قارا يۇلغۇن كەنتىنىڭ دېھقانچىلىق تېخنىكى
بولۇپ، ئۆزىگە تۇشلۇق ئەستايىدىللىقى بار ئىدى. مەسىلەن،

كۆزدە ئۇرۇقلۇق قوناقلارنى خاماندىنلا تاللاتقۇزۇپ، «خوتەن سېرىق قونىقى»، «ئات چىشلىق جاغدا قوناق» دېگەندەك تۈرلەرنى ئايرىم - ئايرىم قاپ - تاغارلارغا تۇجۇپىلەپ قاچىلىتاتتى، باشقا دانلارغا ئارىلىشىپ قالمىسۇن دەپ، ئۆزى مەسئۇل بولۇپ ئامبارنىڭ بىر بۇلۇڭىغا قويدۇراتتى، ھەتتا بۇنىڭدىنمۇ خاتىرجەم بولالماي: «دىققەت! بۇ جايغا باشقا ئاشلىقلارنى قويۇشقا قەتئىي بولمايدۇ!» دېگەن سۆز يوغان قىلىپ يېزىلغان تاختايلارنى قاداپ قوياتتى. ئۇنىڭدىن سىرت يەنە، زىرائەت تۈرلىرىنىڭ تېرىلىش ۋاقتىنى قاتتىق ئىگىلەيتتى. تېرىقچىلىق پەيتى يېتىپ كەلگەن ھامان موكسىدەك چېپىپ يۈرۈپ، دېھقانلارغا يوليورۇق كۆرسىتىپ ھارمايتتى. ئېگىز ئورنى تېرىلغۇسى ۋاقتىدىمۇ، خۇددى ئۆزىدىن باشقىلار ھېچنېمىنى ئۇقمايدىغاندەك «ھە، پەيتنى چىڭ تۇتۇش كېرەك، پەيتنى! كالىنىڭ دۈمبىسىگە تېگىپ چۈشكەن ئۇرۇق بىلەن يەرگە بىۋاستە چۈشكەن ئۇرۇق ئوتتۇرىسىدا ئاسمان - زېمىن پەرق بولىدۇ جۇمۇ!» دەپ كېتەتتى.

لېكىن، كەنت ئىلمىي تېرىقچىلىق تەتقىقات گۇرۇپپىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ تازا رولى بولمىدى. گۇرۇپپىغا قاتنىشىشتىن باش تارتقان بۇ پېشقەدەم تېخنىكنىڭ چىۋدىن يەۋالغاندەك كۆڭلى غەش يۈرەتتى.

بىر كۈنى چۈش مەزگىلىدە، ئۇنىڭ ئۆزىچە ئېتىزلىقلارنى ئايلىنىپ باققۇسى كېلىپ، «تەتقىقات گۇرۇپپىسى» باشقۇرغان ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش تەجرىبە ئېتىزىدىكى پۆپەكى ئېلىپ تاشلانغان قوناق مايسىلىرىنى كۆرگەندە ھەيران قالدى. ئۇ كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەن ھالدا پايپاسلاپ يېقىن كېلىپ زەڭ سالاتتى. «ۋاي توۋا، بۇ قانداق قىلىق؟ ئاتام زامانىدىن تارتىپ قوناق مايسىلىرىنىڭ پۆپەكىنى ئېلىۋەتكەن بۇنداق غەيرىي ئىشنى

زادى كىم كۆرگەن؟» ئۇ ئۆز ئۆزىگە غۇدۇرىغىنىچە، يەڭدەك-يەڭدەك قوناق باشاقلىرىنىڭ زادى قانچىلىك دان تۇتقانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولدى. بىراق ئۇ يېرىپ كۆرگەن باشاقلاردىكى دان پەقەت 4 — 5 تالدىن ئاشمايتتى. ئارىلاپ يۈرۈپ خېلى كۆپ باشاقنى «تەكشۈرۈپ» كۆرگەن ھاشىم گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ كەتتى. «بۇ نېمە ئىش؟ ئۇلار ئۇرۇق يېتىشتۈرىمىز دەپ مەدەك يېتىشتۈرۈپتۇ-دە! — دېدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە، — ھالىغا باقماي شىلتىڭ ئاتقان بۇ نوچىلار كۆلكىگە قالىدىغان بولدى-دە، ئەمدى!»

ھاشىم تېخىنىڭ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بىر پەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بىر نەچچە تال باشاقنى ئۈزۈۋالدى-دە، ئۇدۇل ئېلى شۇجىنىڭ ئۆيىنى كۆزلەپ ماڭدى.

چۈشتىن كېيىن، ئابدۇللانىڭ ئۇرۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، قوناق پالاكلىرىدىكى توپا-توزانلارنى تازىلاش ئۈچۈن يېتىپ كېلىشكەن گورۇپپا ئەزالىرى يېرىپ «چىشى بېقىلغان» ۋە ئۈزۈپ كېتىلگەن باشاقلارنى ساناپ كۆرۈپ قاتتىق ئەجەبسىندى. ئۇلار غەۋغا كۆتۈرۈپ، بۇ ئىش ئۈستىدە تالاش-تارتىش قىلىشىۋاتقاندا، ھاشىم تېخىنىڭ باشچىلىقىدىكى بىر توپ ئادەم بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. ئۇلاردىن بەزىلەر ئاچچىقلاپ، ئاغزىغا كەلگەننى دېيىشەتتى:

— تەتقىقات گورۇپپىسى يەرنىڭ ئۆمرىنى زايا قىلدى!

— بۇنداق گورۇپپىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك!

— ...

ئىككى قولىدا ئىككىدىن باشاقنى كۆتۈرۈۋالغان ھاشىم تېخىنىڭ كۆرەڭلىگىنىچە ئابدۇللانىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ، مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا ئېيتتى:

— قانداق، بىلەرمەن يىگىت؟ «ئۆزۈمنى چاغلىماي شىل-

تىنىڭ ئېتىپتىمەن، ئەسكى پالازغا يۆگىنىپ ھەپتە يېتىپتىمەن»
بولدىمۇ ئەمدى؟ پېشقەدەملەرنىڭ مەسلىھەتىگە قۇلاق سالماي،
بىرقانچە مو يەردە يەڭدەك مەدەك بىلەن كەتمەنگە ساپ بول-
غىدەك شاخ ئۆستۈرۈپسەن. ئەمدى بۇ زىيانغا كىم ئىگە؟ ...

ھاشىم تېخىنىڭ سۆزلىگەنلىرى قىزىپ، ئۆگۈتى تۆگەپ
قالغان تۆگمەندەك قۇرۇقداپ كېتىۋاتاتتى.

ئابدۇللانىڭ ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن چۈشەندۈرۈشى-
نە تېجىسىدە، ھاشىم تېخىنىكىگە ئەگىشىپ كەلگەنلەردىن بەزىلەر
ئىككىلىنىشكە باشلىدى.

— چۆجىنى كۈزدە ساناڭ دېگەن گەپ بار، — دېدى
ئۇلاردىن بىرەيلەن، — بىز ئالدىراپ ئۇلارغا زەربە بەرسەك
توغرا بولمايدۇ.

— گاچا قىزنىڭ تىلىنى ئانىسى بىلىدۇ، — يەنە بىرەي-
لەن ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ سۆز قىستۇردى، — تەتقىقات گۇرۇپپىسى-
دىكىلەر تېرىقچىلىقنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ئېلىپ بارغۇچىلار.
باشقىلارنىڭ ئالا مەدەك بولۇپ قېلىشىنى ئۇلار بىلىدىغاندۇ؟

— توغرا، ئۇلارنىڭ ئىشىدىن ئالدىراپ پۇتاق
چىقارمايلى.

كۆپچىلىكنىڭ غۇلغۇلىسى ھاشىم تېخىنىكىنىڭ ئۇغىسىنى
قايناتتى. شۇڭا ئۇ دەسلەپتە ئۆپكىسىدەك ئېسىلدى، ئارقىدىن
تاتاردى.

— كۆپچىلىك، مېنىڭ ئىسراپ بولغان يەر بىلەن، ئەمە-
گەك كۈچىگە ئىچىم ئاغرىيدۇ. ئىشەنمىسەڭلار ئېتىزدىكى باشق-
لارنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ يېرىپ كۆرۈپ بېقىڭلار.
ھازىر ئېلى شۇجى يوق بولۇپ قالدى، قالغان گېپىمنى ئۇنىڭ
ئالدىدا دەيمەن تېخى!

— قېرىنداشلار! — دېدى ئابدۇللا قىلىچە ھودۇقماي،

ۋەزمىن ئاھاڭدا، — بىزگە ئىشىنىڭلار، تەتقىقات گۇرۇپپىمىز يەرنى ۋە ئەمگەك كۈچىنى زايا قىلغىنى يوق، ئەكسىچە نادىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىنىڭ مەسلىھەتى ۋە قوللىشى ئاستىدا «ۋۇدەنىزاۋ» يۇقىرى مەھسۇلاتلىق قونىقىنىڭ ئۆز يېرىمىزگە باب كېلىدىغان شالغۇت سورتىنى يېتىشتۈرۈش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ. مانا سىلەر ئۆز يېرىمىزدە ئۆسكەن ۋە كۆڭۈلدىكىدەك باش ئالغان تېمەن مايسىلارنى كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر. ئەمدى، مايسا پۆپەكلىرىنىڭ قىرقىپ تاشلىنىپىشى ۋە ھەر بىر باشاقتا 4 — 5 كىچە دان تۇتۇش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ پۆتۈنلەي يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىدا كۆرسىتىلگەن ئىلمىي يەكۈنگە ئۇيغۇن بولۇپ، ئەجەبلىنەرلىك يېرى يوق، چۈنكى ئانىلىق ۋە ئاتىلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇرۇقتىن يېتىشتۈرۈلگەن يەككە تۆپلەرنى تۈنجى يىلى ئۆز ئارا چاڭلاشتۇرغاندا، ھەر باشاقتا مانا مۇشۇنىداق بىر قانچە تالدىن شالغۇت ئۇرۇق يېتىلىدۇ. بۇ ئۇرۇقلار ياندۇرقى يىلى تېرىلسا ئاندىن باشاقلار تولۇق دان ئالىدۇ. بۇ، ئىلمىي تېرىقچىلىقتىكى بىر قانۇنىيەت. بىز يۈزەكى ھادىسىنى كۆرۈپ، كېيىنكى نەتىجىنى كۆرمەسلىكتىن ساقلىنىشىمىز كېرەك. ئالايلۇق، بۇ يىل بۇ بىر نەچچە مو يەردىن بىر قانچە 10 جىڭ «ۋۇدەنىزاۋ» شالغۇت ئۇرۇقى ئېلىۋالساق، بۇنى كېلەر يىلى مەلۇم دائىرىدە كېڭەيتىشكە بولىدۇ. ئۈچىنچى يىلىغا بارغاندا پۈتۈن كەنت بويىچە ئومۇملاشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىمىز - دە، ئاشلىقتا قەد كۆتۈرۈش مەقسىتىگە يېتىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ھەر بىرىڭلارنىڭ قوللىشىغا مۇھتاج.

بۇ سۆزلەردىن غۇۋا بولسىمۇ بىر ھەقىقەتنى چۈشەنگەن ھاشىم تېخنىك بىردىنلا يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك بوشاپ،

ئۆڭگەن چىرايىغا زورمۇ زور كۈلكە ئولاشتۇرۇپ ھېجايدى:

— ئۇكا، بىز قارا قورساق بولغاندىكىن ئىلمىي ئىشلارنى بىلمەيدىكەنمىز. دەيمىنا ئەمدى، سىلەر تەجرىبە ئېتىزى قىلىپ ئىگىلىگەن ئون نەچچە مو يەرنىڭ بۇ يىللىق مەھسۇلاتىنغا كىم ئىگە؟

— بىز ئىگە!

تەڭلا ياڭرىغان بۇ سادا ئۇنى تەمتىرىتىپ قويىدى. ئۇ يېڭىلىگەنلىكىنى تەن ئېلىشقا مەجبۇر بولدى ــ دە، بىگىز دەك قادالغان غەزەپلىك كۆزلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، غىپپىدە تىكىۋەتتى.

7

كەچ كۈز. گاھ پەسىيىپ، گاھ كۈچىيىپ چىقىۋاتقان شامال دەرەخلەرنىڭ ئۇچلىرىدىكى قالدۇق يوپۇرماقلارنى ئۇچۇرۇپ، كۆڭۈلسىز مەنزىرە پەيدا قىلاتتى. قارا يۇلغۇنغا ناھىيىدىن ئەۋەتىلگەن «خىزمەت گۇرۇپپىسى» كەنتنى باشقىچە «جانلاندۇرۇۋەتكەن» بولۇپ، ئېلى شۇجى بىر چەتكە چىقىرىپ قويۇلغان ئىدى. ئابدۇللامۇ «ئون مو يەردىن 100 نەچچە جىڭ قوناق ئالغان»لىقى ئۈچۈن باش كۆتۈرگۈسىز قىلىۋېتىلگەن، ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى «گۇرۇپپا» مۇ تارقىتىۋېتىلگەن ئىدى. لېكىن ئېلى شۇجى تەن بەرمەيتتى، ئۇ چوڭقۇر خىياللارنى سۈرەتتى، ئاخىرىدا، بۇ تەتۈر شامالنىڭ ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىغا كۆڭلىدە ئىشەنچ تۇرغۇزاتتى. بىر ئاخشىمى ئۇ ئابدۇللانى ئىزدەپ كېلىپ ئۇزاققىچە سىرداشتى، ئۇنىڭغا روھىي مەدەت بەردى ۋە تونجى ئەۋلاد شالغۇت سورتنى ياخشى ساقلاپ قويۇشنى تاپىلىدى.

ئابدۇللا بۇ بوران ـ چاپقۇنغا باش ئەگمەسلىككە ھەرقانـچە تىرىشسىمۇ، ھامان تاپا ـ تەنە ئىچىدە ياشاشقا مەجبۇر بولۇۋاتاتتى. ھاشىم تېخنىكىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن بەزىلەر ئۇنىڭغا «سورتلۇق مەدەك يېتىشتۈرگەن»لىكى ئۈچۈن: «مەدەك» دېگەن لەقەمنى قويۇپمۇ ئۈلگۈردى. ئۇ كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ ھەقـقانىي ئىش قىلغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرسىمۇ، زەھەرلىك تاپا ـ تەنىلەر ئۇنىڭ جېنىغا تېگەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ كەلگۈسىگە ئىشەنچ باغلاپ، ئېلى شۇجىنىڭ ئۇرۇقلۇقنى مەخپىي ساقلاپ قويۇش ھەققىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئەتىسلا ئامبارچىغا يەتكۈزدى.

1976 ـ يىلىنىڭ ئەتىياز پەسلى يېتىپ كەلدى. تېرىلغۇ جىددىي ئاللىقاچان باشلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، «ئىلمىي تېرىقـچىلىق تەتقىقات گۇرۇپپىسى» نىڭ پائالىيىتى توغرىلىق ھېچـكىممۇ ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئېلى شۇجى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاچقا، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ئىشلىرىمۇ پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى.

تېرىلغۇ پەيتى ئۆتۈپ كەتسە بولمايتتى. «ۋۇدەنزاۋ» يۇقىرى ھوسۇللۇق قونىقىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد شالغۇت سورتىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن يەر كېرەك ئىدى، ئەمما بۇ مەسىلىنى كىم ھەل قىلىدۇ؟ ئابدۇللا بۇنى ئويلىغانسېرى بېشى ئاشتەك قاتتى. ئۇ ئاخىرى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىغا كېلىپ ئەھۋالنى ئىنىكاس قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ ياردەم بېرىشىنى ئۆتۈندى. ئۇنىڭ تەلىپى دەرھال قوللاشقا ئېرىشىپ، پونكىت بىر قانچە كادىرنى قارا يۇلغۇننىڭ ئۇرۇقلۇق يېتىشتۈرۈش ئىشىغا ياردەم بېرىشكە بەلگىلىدى. بۇ خەۋەر ئېلى شۇجىنىڭ قۇلىقىغا يېتىش بىلەن، بىردىنلا كېسىلى چېكىنىپ يېنىكلەشكەنـدەك بولدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، ھاسا تايانغان ھالدا

ئىشخانىغا كەلدى. ئۇ ياچېيكا ھەيئەتلىرىنىڭ جىددىي يىغىنىنى
چاقىرىپ، ئىلمىي تېرىقچىلىق تەتقىقات گۇرۇپپىسىنى دەرھال
ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى مۇزاكىرىگە قويدى. ھەيئەتلەر بىردەك
«ۋۇدەنزاۋ» نىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد سورتىنى يېتىشتۈرۈشكە
قوشۇلدى. بۇ، ئەلۋەتتە، «گۇرۇپپا» نى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىمۇ
ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

ئابدۇللا يېڭىباشتىن جانلىنىپ، يۈكسەك پىلانلىرىنى
ئىشقا ئاشۇرۇشقا بەل باغلىدى. «گۇرۇپپا» ئەزالىرىمۇ ھەسسە-
لەپ غەيرەت بىلەن ئىشقا كىرىشىپ كەتتى.

بىر كۈنى كەچتە، ئېلى شۇجى ئابدۇللانى ئۆيىگە چاقىر-
تىپ، ئۇنىڭغا خېلى كۆپ ئىلھامبەخش سۆزلەرنى قىلغاندىن
كېيىن، ئاتىلارچە مېھرىبانلىق بىلەن مۇنداق دېدى:

— ئوغلۇم، بەزىلەر ئۈستۈڭدىن ئىغۋا توقۇپ، زەھەرلىك
يىڭنە - پاساتلارنى تارقىتىپ يۈرگەندە مەن سەندىنمۇ بەكرەك
ئازابلاندىم. لېكىن كەنتىمىزدىكى دېھقان قېرىنداشلارنىڭ مۇت-
لەق كۆپچىلىكىنىڭ كۆڭلى ياخشى، ناھىيىدىن كەلگەن «خىز-
مەت گۇرۇپپىسى» ئىغۋاچىلار تەرەپتە تۇرۇۋاتسا نېمە ئامال
دەيسەن؟ ئۇلار «ۋەزىپە» سىنى ئورۇنداپ، كەلگەن يېرىگە
جۆنىۋېدى، يەنە بىز قالدۇق. ئەقلى - ھوشى جايىدا ئادەم
بۇنداق «غەۋغا» نى ياقتۇرمايدۇ. بىزگە ئۇنىڭدىن كۆرە،
ئەمەلىي نەپ كېرەك. مەن ساڭا «ئۇرۇق» توغرىسىدا بىر
ھېكايە سۆزلەپ بېرەي: يىگىتلىك قۇرامىغا يەتكەن چاغلىرىم
بولسا كېرەك، «خوتەن سېرىقى» دەپ ئاتالغان قوناق سورتى-
نىڭ داڭقى يۇرتىمىزغا تارالدى. دادام بىر كۈنى مېنى ئال-
دىغا چاقىرىپ: «ئوغلۇم، مۇشۇ تاغدىن ئۆتسەك ئوراز دېگەن
بىر يۇرت بار. ئۇ يۇرتتىكى رەھىم ئىسىملىك بىر ئادەم
«خوتەن سېرىقى» نى تېرىپ ئاشلىقنى ئۆيىگە سىغدۇرالماي

قالغانمىش. يۈر، ماڭا ھەمراھ بولۇپ بىللە بارغىن، بىز ئۈنىڭدىن ئاز - تولا ئۈرۈقلۇق تېگىشىپ كېلىپ تېرىپ كۆرەيلى» دېدى. دادام ئىككىمىز بىر ئېشەككە 100 جىڭ چامىدا قوناقنى ئارتىپ يولغا چىقتۇق. رەھىمباي بىزنى قىزغىن قارشى ئېلىپ: «ئەمىسە، بىر جىڭ ئۈرۈقلۇق ئۈچۈن ئادەتتىكى ئاشلىقتىن بەش جىڭ بېرىسىلەر. مانا شۇ نىسبەتتە تېگىشىپ بېرىمەن» دېدى. دادام كەسكىن ئادەم ئىدى. «ئالدىلىرىغا كەلگەن ئىكەنمىز، شەرتلىرىگە كۆنمەي ئىلاجىمىز يوق، — دېدى دادام ئۈنىڭغا ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، — دېگەنلىرى بويىچە بولسۇن». بىز 100 جىڭ ئادەتتىكى قوناققا 20 جىڭ «خوتەن سېرىقى» ئۈرۈقىنى تېگىشىپ ئۇراز داۋىنىغا كەلگەندە، كەينىمىزدىن ۋە قوشنا كەنتتىن ئۈرۈقلۇق تېگىشىپ كېلىشكە ئاتلانغان بىر مۇنچە ئادەم ئۇچرىدى. ئۇلار ئىچىدىن سايىم ئىسىملىك بىر بوۋاي داۋاندىن غۇلاپ ھاڭغا چۈشۈپ كېتىپتۇ... شۇندىن بېرى كەنتىمىزدىكىلەر «خوتەن سېرىقى» دېسە، ئىختىيارسىز ئاشۇ پاجىئەنى ئەسكە ئالماي قالمايدۇ. مانا ئەمدىلىكتە «خوتەن سېرىقى» ئادەتتىكى قوناققا ئايلاندى. جەمئىيەت ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. بىز يېڭىلىققا ئىنتىلىشىمىز، يالغۇز قوناق ئۈرۈقلۇقىنى يېتىشتۈرۈپ قالماي، باشقا زىرائەت ئۈرۈقلىرىنىڭ سورتىنىمۇ يېڭىلىشىمىز كېرەك...

ئېلى شۈجىنىڭ ھېكايىسى ۋە كېيىنكى سۆزلىرى ئابدۇللانى ئىلھاملاندۇردى ۋە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇلۇغ بىر ھەقىقەتنى نامايان قىلغاندەك بولدى.

— ئېيتقانلىرىڭىز توغرا، شۇجى، — دېدى ئۇ ئىشەنچ بىلەن، — سىزدەك پېشقەدەملەر قوللايدىغانلا بولسا مەن يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئۈرۈقلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش يولىدا ئاخىرغىچە كۆرەش قىلىمەن!

شۇ يىلى كۈزدە، ئىككىنچى ئەۋلاد «ۋۇدەن-زاۋ» شالغۇت سورتىنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 810 جىڭغا يەتتى. بۇ قارا يۇلغۇن كەنتى ئۈچۈن زور نەتىجە بولۇپ، تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان يۇقىرى سەۋىيە ئىدى. قارا يۇلغۇنلۇقلار ئىلمىي تېرىقچىلىق تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ بۇ شانلىق مۇۋەپپەقىيىتىگە قىزغىن تەنتەنە قىلىشتى.

8

1977 - يىلىنىڭ ئالتۇن كۈز پەسلى يېتىپ كەلدى. تەرەپ-تەرەپتىن «ئىلمىي تېرىقچىلىق تەتقىقات گۇرۇپپىسى» نىڭ قوناق خامىنىغا توپلاشقان كىشىلەر تاغدەك دۆۋىلەنگەن ئالتۇن باشاقلارنى كۆردى. ئىككىنچى ئەۋلاد «ۋۇدەنزاۋ» ئومۇملاشقان سورتى، «خۇاڭ - بەي دەنجاۋ» يېڭى سورتى ۋە ئانىلىق «ۋۇدەنزاۋ — 105» بىلەن ئاتىلىق ئىككىنچى ئەۋلادنى چاڭلاشتۇرۇش ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلگەن «ۋۇدەن — 19» شالغۇت سورتلىرى ئايرىم - ئايرىم دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. كىشىلەر مو بېشى مەھسۇلاتى 1200 جىڭدىن توغرا كەلگەن توم ھەم ئۇزۇن باشاقلارنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈشەتتى، بۇ سورتلارنى يېتىشتۈرۈش يولىدا ئەجىر سىڭدۈرگەن ئابدۇللا باشچىلىقىدىكى ئوغلانلارنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختىشاتتى. بۇ يەرگە توپلانغانلار ئارىسىدا ھاشىم تېخنىكمۇ بار ئىدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ پاراڭلىرىغا ئارىلىشىشنى ئويلايتى-يۇ، لېكىن ھېلىقى چاغدا «ئوساللىق» قىلغىنى يادىغا يېتىپ جۈرئەت قىلالمايتتى.

— ئوكام ئابدۇللا، — دېدى ئاخىر ئۇ قىزىرىپ - تاتىرىپ، — مېنى كەچۈرگىن. مەن ئۆتكەندە ئالدىراقسانلىق قىلىپ سېنى رەنجىتتىم...

— كېرەك يوق، سىزمۇ يامان نىيەتتە ئۇنداق" قىلغىنىڭىز يوق. ئەمدى مەسىلە ئايدىڭلاشتى. بىز ھەمكارلىشىپ بىرلىكتە ئالغا باسساقلا بولىدۇ.

1979 — يىل، قاغىلىق.

# قوينى قاسساپ سويسۇن

ئۆرۈمچىدىن قەشقەرگە قاراپ كېلىۋاتىمەن. ئاپتوبۇس دېرىزىسىنىڭ يوچۇقلىرىدىن كىرگەن سوغۇق شامال يۈز - كۆزلىرىمگە خۇددى يىڭنىدەك سانجىلىپ تېنىمنى شۈركەندۈرىدۇ. بەزىدە بېشىم قېيىپ، كۆڭلۈم ئېلىشىپ بولالماي قالىمەن. مانا مۇشۇنداق كۆڭۈلسىز سەپەر مەجبۇرىيىتى بىلەن يول يۈرۈۋاتقىنىمغا بۈگۈن توپتوغرا ئۈچ كۈن بولاي دېدى. بۇ ئۈچ كۈن ماڭا گويا ئۈچ يىلدەك ئۇزاق بىلىنىپ كەتتى. ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىدە پۈت قويغۇدەك بوش ئورۇن يوق. مۇشۇنداق قىستا - قىستاڭچىلىقتا بۇرۇختۇم بولۇپ ئولتۇرۇش، تاقىر باش تاغ - ئىدىرلار، گىياھسىز چۆل - جەزىرىلەرگە كۆز تىكىش، گاھىدا تېخى ئەسنەك تۇتۇپ ئورۇندۇقنىڭ قاتتىق يۆلەنچۈكىگە باش قويۇش، يەنە گاھىدا مۈگدەپ قېلىپ ئالدىدىكى ئورۇندۇقنىڭ كەينىگە ئۇسۇۋېلىش ... ۋاھ ... بۇ، نېمىدېگەن قاتتىق چارچاش، نېمىدېگەن تۈگىمەس يول - ھە؟!

غۇۋا ئويقۇ باسقان كۆزلىرىمنى ئۇۋۇلاپ ئولتۇرۇپ، ئۆز - ئۆزۈمگە بىر قانچە قېتىم دوقمۇ قىلدىم. چۈنكى مەن مۇخبىرلىق ئىشى بىلەن قەشقەرگە سەپەرگە ئاتلىنىش ئالدىدا

تۇرغىنىمدا، تەشكىل ماڭا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئايروپىلان بىلەن بېرىشىمنى ئۇقتۇرغان ئىدى. لېكىن مەن ئاپتوبۇستا مېڭىشنى ئىختىيار قىلىپ، مەسئۇل يولداشنى ئۆز مەيلىمگە كۆندۈرگەن ئىدىم. بۇنىڭ سەۋەبى، مەن خىزمەتكە قاتنىشىپ مۇشۇ كۈنگىچە بىرەر قېتىممۇ ئاپتوبۇس بىلەن يىراق يول يۈرۈپ باقمىغانلىقتىن، كۆرۈپ بېقىش ھەۋىسىدە تەۋەككۈل قىلغانلىقىمدىن ئىدى. كۆڭلۈمدىكى گەپنى ئېيتسام، ئاپتوبۇس بىلەن يۈرگەن ئۇزاق سەپەردىن پايدىلىنىپ خىلمۇ - خىل ئادەملەر بىلەن تونۇشۇش، ئۇلارنىڭ قىزىق پاراڭ، «سوقا - سۆھبەت» لىرىنى ئاڭلاش ئارقىلىق بىرەر پارچە ئەدەبىي ئەسەرگە خېمىرتۇرۇچ بولغۇدەك تۇرمۇش تەپسىلاتى توپلىۋېلىش ئىدى. «جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا» دېگەن شۇ - دە! ئەمما، ئۈرۈمچى بىلەن قەشقەرگىچە بولغان بۇ ئۇزاق مۇساپىنى ئاپتوبۇس ئارقىلىق بېسىشنىڭ مېنىڭ «شېرىن خىيال» ىمدىكىدەك ئاسان ئەمەسلىكىنى نەدىن بىلەي؟ سەپەرداشلىرىمنىڭ ھەممىسى ناتونۇش ئادەملەر، ئۇنىڭ ئۈستىگە تولىسى مۈگدەشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان قېرى - چۈرى، روھى چۈشكۈن ئادەملەر بولغىنى ئۈچۈنمىكىن، كۈن بويى كۆزلىرىنى يۇمۇپ كېسەل تەككەن توخۇدەك باشلىرىنى ئىككى دولىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا پاتۇرۇپ ئولتۇرۇشاتتى. يەنە بىر دەمدىن كېيىن ئاخىرقى قونالغۇغا يېتىپ بېرىپ، ئۇ يەردە بىر كېچىنى ئۆتكۈزىمىز - دە، ئەتە چۈشكە قالماي ئۆزىمىزنى قەدىمىي شەھەر قەشقەردە كۆرىمىز، بىر قانچە كۈندىن بېرى بىر ئاپتوبۇستا ئولتۇرغان سەپەرداشلار گەپ - سۆزسىزلا ھەر تەرەپكە تارقىشىپ كېتىدۇ، ئىش تامام ۋەسسالام!

بۇ كۆڭۈلسىز مەنزىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگەنسېرى تىت - تىت بولىمەن، لېكىن نېمە ئامال دەيسىز، ئۆپكەمنى

بېسىپ ئولتۇرىمەن. مەنمۇ سەپەرداشلىرىمغا ئوخشاش كۆزۈمنى يۇمسام ئازراق بولسىمۇ ئارام تېپىپ قالىمەن.

كۈن بىلەن تەڭ قونالغۇغا يېتىپ كەلدۇق. مەن ئاپتوبۇستىن چۈشكەن بويى ھېچياققىمۇ قارىماي ياتاق بېلىتى كېسىدىغان تۆشۈككە قاراپ ماڭدىم. بېلەتنى ئېلىپ، ياتىدىغان كارىۋىتىمغا ئۆزۈمنى تاشلىدىم. بىر پەس سوزۇلۇپ يېتىپ، بەل - پۇتلىرىمنى تۈزەشتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، ئورنۇمدىن تۇرۇپ، نېرىقى كارىۋاتتا پۇتلىرىنى مىنگەشتۈرگىنىچە پۈشۈلداپ ئولتۇرغان ياتاقدىشىم بىلەن ئەسسرالاشتىم. ئۇمۇ ئورۇمچىدىن يولغا چىققان بولۇپ، ئۇچىسىغا قارا چىپەرقۇتتىن پاختىلىق شىم - چاپان كىيگەن، قارا كۆرپە قۇلاقچىسىنى چېكىسىگىچە چۈكۈرۈۋالغان، سوقا يۈز، سېرىق چىراي، 50 ياشلاردىكى كوسا ئادەم ئىدى. مەن ئۇنىڭ غەمكىن چىرايىغا قاراپلا، ئەقلى - ھۇشى جايىدا ئادەملىكىنى بايقىدىم - دە، ئۇزۇن كېچىنى ئەپلەپ ئۆتكۈزۈش كويىدا ئۇنىڭدىن نېرى - بېرى گەپلەرنى سوراشقا باشلىدىم. ئۇ مېنىڭ نېمە ئىش بىلەن قەشقەرگە كېتىۋاتقانلىقىمنى ئۇققاندىن كېيىن:

— دېمەك، مۇخپىرلۇق قىلىمەن دەڭ! — دېدى قىزىقىپ.

ئۇنىڭ گەپىنى جايلاپ قىلالماي، «مۇخپىر» دېگەنلىكىدىن كۈلۈۋېتىشكە تاسلا قالدىم. ئەمما تەلەپپۇزىدىن سەھرالىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، دەرھال ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم - دە، چاندۇرماي ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدىم.

— مۇخپىر يولداش! — ئۇ قولىدىكى تاماكىسىنى ماڭا تەڭلەپ تۇرۇپ داۋام قىلدى، — سىزگە بىر ھېكايە سۆزلەپ بەرسەم تىڭشامسىز؟

مەن بىردىنلا جانلىنىپ، قىزغىن ئىپادە بىلدۈردۈم:

— بولىدۇ، بولىدۇ! قېنى، ھېكايىڭىزنى باشلاڭ، قۇلىقىم سىزدە.

× × ×

— يېقىندا بېشىمدىن ئۆتكەن مۇنۇ ئىشنى سۆزلىسەم، چوڭ بىر ھېكايە بولىدۇ، دەڭا! — ئۇ ئىچ ئاغرىتقۇدەك دەرىجىدە ئۇلۇغ - كىچىك تىندى، — ئەسلى مەن ئۇستا ماشىنىچى ئىدىم. كۇچادا «ئەمەت سەيپۇڭ» دېسە بىلمەيدىغىنى يوق. ھۈنەر دېگەنىنىڭ سۇيى ئۆكسىمەس بۇلاق ئىكەنلىكىنى سىزمۇ بىلىسىز، مانا شۇ كۈنگىچە ئۆز ھۈنىرىمنىڭ ھالال نېنىنى يەپ، بەش بالا بىلەن بىر خوتۇننى قامداپ، ئۆي - پۆي دېگەن نېمىنىمۇ كۆز چاقناتقۇدەك جابدۇۋەتكەن ئادەم ئىدىم. لېكىنزە ... — ئۇ سەل توختىۋېلىپ داۋام قىلدى، — ساقىلىم چىقىپ مۇشۇ كەمگىچە باشقىلارنىڭ كەينىگە كىرمىگەنمەن. توۋا، مۇخپۇر يولداش! ماۋۇ ئىشنى دېمەمسىز؟ يېقىندا مېنى بىر ئېزىتقۇ شامال ئېزىقتۇردى. شۇنچە ياشقا كىرگەن ئادەممۇ ئازىدىكەن. مۇخپۇر يولداش، گېپىمگە زەنىڭىزنى قويۇپ ئاڭلاڭ. بىر كۈنى دۇكىنىمدا بىرسىنىڭ تويلۇق پەلتۇسىنى تىكىۋاتاتتىم. تۇساتتىن، ئىلگىرى ئۈرۈمچىگە چىقىپ كەتكەن، ناۋايلىق ھۈنىرى بار بىر ئاغىنەم «ئەسسالام» دەپ كىرىپ كەلدى. قىلىۋاتقان ئىشىمنى قويۇپ، ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۈم؛ ناۋات سېلىپ چاي دەملىدىم. ئاندىن ئىككىمىز بەھۇزۇر ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشكەچ قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق. ئاغىنەم ئۈرۈمچىنىڭ بازار ئەھۋالى ھەققىدە ئۇچۇر يەتكۈزۈپ، كېرىلگەن ھالدا شۇنداق دېدى: «ئۈرۈمچى دېگەن شەھەردە بىر كىلو ھۆل ئۈزۈم پالان پۇل، بۇ كۇچادا بولسا تۆت مودىن ئاشمايدىكەن. ئەگەر ئىككى - ئۈچ مىڭ كوي پۇلۇڭ بولسا دەسمىي سېلىپ، بىر ماشىنا ھۆل ئۈزۈمنى ئۈرۈم-

چىگە ئاپىردۇۋالساڭ، ھەش - پەش دېگۈچە پۇلۇڭ ئىككى قاتلىنىدۇ... بۇ كۈن بويى مۆكچىيىپ ئولتۇرغاندىن كۆپ ياخشى ئەمەسمۇ!» ئاغىنەمنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ تۇرالماي قالدىم. دېمىسىمۇ راست - تە، مەن داڭقى چىققان ماشىنىچى بولغىنىم بىلەن تاپاۋىتىم چاغلىق. ئەتىدىن كەچكىچە بۇرنىمنى تارتىپ مۆكچىيىپ ئولتۇرغىچە، باققاللىق قىلغىنىم تۈزۈكتەك قىلىدۇ جۇمۇ! بىر ماشىنىنىڭ كوزۇپىغا بەش تونىنا ئۈزۈم سىغىدۇ. بۇ يەردىن ئەرزان ئېلىپ، ئۈرۈمچىدە قىممەت ساتسام، ئاسانلا بىر مۇنچە پايدىغا ئېرىشەمەمدىمەن؟! ... شۇلارنى ئويلاپ تېرەمگە سىغماي كېتىپتىمەن، ئاغىنەم چىرايىمدىكى خۇشاللىق ئالامىتىنى كۆرۈپ: «يول تېپىش — پۇل تېپىش دېمەكتۇر» دەپ دولامغا ئۇرۇپ قويۇپ دۇكاندىن چىقىپ كەتتى. شۇ سائەتتىن باشلاپ قولۇم ئىشقا بارمىدى. خىيالىمغا «بارىغا شۈكرى» قىلىپ سىبىرىقتال ئۆتكۈچە، بۇنداق ھۈنەرنى تاشلاپ، باققاللىق قىلىش ئويى كەلدى - دە، بىر ماشىنا ئۈزۈم سېتىۋالغۇدەك پۇل جۇغلاشقا كىرىشىپ كەتتىم. بۇمۇ ئاسانلا ھەل بولدى. تەقدىر مېنى ئۈرۈمچىگە قۇرۇق قايتىدىغان بىر شوپۇرغا يولۇقتۇردى. ئۇ، مۇددىئايىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھاللا ئىپادە بىلدۈرۈپ: «بولىدۇ، كىرا ھەققىنىمۇ ئانچە يۇقىرى تەلەپ قىلمايمەن» دېدى. مەن يېنىمدىن بىر كاللەك پۇلنى چىقىرىپ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقازدىم. ئۇ پۇلنى ساناپ چىقىپ: «پۇلىڭىز 350 كوي ئىكەن، بوپتۇ، كېمىنى ئاللا تولۇقلاپ بېرەر» دەپ يانچۇقىغا سالدى.

راستىنى ئېيتقاندا، بەش تونىنا يۈكنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەش ئۈچۈن ھېلىقى پۇل ئازلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ بىر يەردىلا باسىدىغان يۈك ئەمەس - تە، تېخى. قارىغاندا شوپۇر ئۇستام خېلى ئىنسابلىق كىشىدەك قىلاتتى. شۇنداق بولسىمۇ

ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلىگە يارىشا:
— ئۇستام، قاچانكى غۇملىرى بولسا دەۋەرسىلە، قالغىنىنى ئۈرۈمچىگە بارغاندا توغرىلايمىز، جۇمۇ! — دەپ ئۇلگۈردۇم.
— چاتاق يوق! — بۇ سۆزۈم ئۇنى تېخىمۇ مەردلەشتۈرگەن بولسا كېرەك، ئۇ مەيدىسىنى كېرىپ ئېيتتى، — ماشىنا دېگەن جانۋارنىڭ ئالتە پاي چاقى كوزۇپتا يۈك بولسىمۇ-بولمىسىمۇ ئۇخشاشلا پىرقىرايدۇ...
مەن شوپۇر ئۇستامنىڭ ئوبدانلىقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنى ئاشپۇزۇلغا باشلاپ، بولۇشىغا مېھمان قىلدىم. ئۇ مېنىڭ ئادىمىگەرچىلىكىمدىن تەسىرلەندى بولغاي:
— ئۈزۈمنى قايسى باغدىن ئالىمەن دېسىڭىز، ماشىنامنى شۇ تەرەپكە ھەيدەيمەن! — دەپ ئىپادە بىلدۈردى.
شۇنداق قىلىپ، شوپۇر ئۇستامنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ كوچانىڭ يېزىلىرىنى ئۈچ كۈن ئايلاندىم، باغمۇ باغ ئارىلاپ، ئەرزان - قىممىتىگە قارىماي تال - باراڭلاردىكى ئۈزۈملەرنى كوزۇپقا قاچىلىدىم - دە، ئىشنى پۈتتۈرۈپ ئۈرۈمچىگە قاراپ ئاتلاندىم.
شوپۇر ئۇستام ماشىنىنى ئەڭ يۇقىرى تېزلىك بىلەن قوغلايتتى. مەن ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ شېرىن خىيال سۈرەتتىم: «ئۈرۈمچىگە ئامان - ئېسەن يېتىپ بېرىۋالسام، پۇلنى خامان ئۇسسۇغاندەك ئۇسسۇيمەن. ئۇ چاغدا ...» ئۇشتۇمتۇت قاتتىق تورمۇزلانغان ماشىنىنىڭ سىلكىنىشى مېنى خىياللار قوچىقىدىن تارتىۋالدى. قارىسام، ئوڭ قولىغا بىر جۇپ كۆك-قىزىل بايراقچە ئېلىۋالغان ئىككى ئادەم ماشىنىنىڭ ئالدىدا تىك تۇرىدۇ. بۇلار شوپۇرنىڭ دېيىشىچە، خوگەنزەن دەمدۇ، گەنلىزەن دەمدۇ، ئىشقىلىپ بىر ئورۇننىڭ ئادەملىرى ئىكەن.

بۇ ئىككىسى ماشىنىنى بىر ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، شوپۇر ئۇستامغا بىگىزدەك قادىلىپ:

— تۆت يۈز كوي پاكەن تۆلەيسەن. بولمىسا كىنىشكاڭنى تاپشۇر! — دەپ چالۋاقاشتى.

«ئۆلگۈرلەر! ھەي ... — پىچىرلىدى شوپۇر ئۇستام مەن ئاران ئاڭلىغۇدەك ئاۋازدا، — يولغا قىلتاق قۇرۇشۇپسەن-دە!» ئۇ كېپىنكىدىن بېشىنى چىقىرىپ ئۇلار بىلەن بىردەم مۇنازىرىلەشتى، لېكىن گېپى ئاقمىدى. چۈنكى ھېلىقىلار بارغانسېرى چىڭىۋاتاتتىكى، ھېچبىر يۇمشايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇنى دەپ-بۇنى دەپ، ئۇلار شوپۇر ئۇستامدىن ئۈچيۈز سەكسەن يۈەننى سۇغۇرۇۋېلىپ، ئاندىن قويۇۋەتتى. بىچارە شوپۇر قولىدىكى پاكەن تالوننى مىجىقلىغان ھالدا ماشىنىنى ئوت ئالدۇردى-دە، ماڭا قاراپ خۇرسىنىپ:

— ھەي ... سىز بەرگەن پۇلدا بالا-چاقىلىرىمنىڭ رىسقى يوقكەن، بۇنىڭغا نېمە ئامال؟ سودىگىرنىڭ پايدىسى چىققاندا بىر گەپ بولار، — دېدى.

— خاتىرجەم بولسىلا، ئۇستام، پۇل دېگەن قولىنىڭ كىرى دېسىلە، ئۈزۈملەرنى نەرقىگە چىقىرىپ سۇ قىلىۋالسام... — دېدىم ئۇنىڭ روھىنى كۆتۈرۈش مەقسىتىدە.

شوپۇر ماشىنىسىنى يەنە بولۇشىغا قوغلىدى. تووۋا دەيمەن، پېشكەللىك بىزنىلا مارىلاپ تۇرغاندەك ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتە-ئۆتمەيلا يەنە بىر كاشىلىغا يولۇقتۇق. ئاسفالت يولىنىڭ چېتىگىرەك تىكىلگەن جاڭپاڭ چازىدىن قاسقان شەپكىلىك ئىككى باجگىر چىقىپ كەلدى-دە، قولىدىكى قوماندا بايرىقىنى پۇلاڭلىتىپ «شارتتىدە» يەرگە قاراتتى. شوپۇر ماشىنىنى بايامقىدەك قاتتىق تورمۇزلاپ توختاتقاندىن كېيىن، تىرىكىپ دېدى:

— ھە! يەنە نېمە گەپ؟
باجگىرلار شوپۇر ئۇستامىنىڭ نېمىدەۋاتقانلىقى بىلەن كارى بولمىغان ھالدا كوزۇپقا بويۇنىدى:
— بۇ ئۈزۈمنى قەيەردىن يۆتكەپ كەلدىڭلار؟
— كۇچادىن ئەپكەلدۇق، ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ ساتماقچى، — دېدىم مەن سىيلىق تەلەپپۇزدا.
— باج رەسمىيىتى قېنى؟ — سورىدى ئۇلاردىن بىرى.
بېشىمدىن بىر قاپاق سوغۇق سۇنى قۇيۇۋەتكەندەك ئەندىكىپ، بېشىم غوڭۇلداپ كەتتى. تېخى بىر تىيىنغا ئۈزۈم ساتماي تۇرۇپ، ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىۋاتقان بۇ دىشۋارچىلىق مېنى ئەسەبىيلەشتۈرۈپ قويدى. مەن ئۇلارغا يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ، بىر تاغار گەپ ساتقان بولسامۇ، ئۇلار بۇنى بىر تىيىنغا ئالمىدى. ئاخىرى ئەقلىمنى تېپىپ «قۇرۇق گەپ» نىڭ «قولاققا ياقمايدۇ» غانلىقىنى ھېس قىلىپ، شوپۇر ئۇستامنىڭ سۇ چېلەكنى ئالدىم ـ دە، كوزۇپقا سەكرەپ چىقىپ، ئۈزۈمىنىڭ سەرخىللىرىدىن لىقمۇ لىق قاچىلىدىم.
— ئۇكىلار! — دېدىم ئاندىن چېلەكنى ئۇلارغا تەڭلەپ، — ماڭا رەھىم قىلىڭلار! ئەسلىدە مەن بۇ كەسىپنىڭ ئەھلى ئەمەستىم. بىراق ئۈزۈمچىدىن كەلگەن بىر بۇرادەرنىڭ ئۇچۇرىغا ئىشىنىپ، مانا مۇشۇنداق ئەخمەق بولۇۋاتىمەن.
ئۇلار سۆزۈمنىڭ تەكتىگە چۈشەنگەن بولسا كېرەك، بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قاراشقانىدىن كېيىن، چېلەكتىكى ئۈزۈمنى تۆكۈۋېلىپ توساقنى ئېچىۋەتتى.
شوپۇر ئۇستامنىڭ چىرايى بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇق ئىدى. ئۇ قولىدىكى تاماكىسىنى قاتتىق بىر شورىۋالغاندىن كېيىن، سىتاتورغا «غاچچىدە» دەسسەپ ماشىنىسىنى ئوت ئالدۇرۇپ يولغا راۋان بولدى. ئۇ بىرئازدىن كېيىن غىڭشىپ ناخشا

ئېيتتى. ئاخشىمىڭ مەزمۇنى بەك قىزىق بولغاچقا، كۆلۈۋېتىشتىن ئۆزۈمنى تەستە بېسىپ ئولتۇردۇم. ئۇنىڭ ئاچچىقى كېلىۋاتقاندا مەن كۈلسەم پەقەت قاملاشمىغان ئىش بولىدۇ-دە!

كۈچادىن ماڭغان كۈنىڭ ئەتىسى گۈگۈم چۈشكەندە ئۆرۈمچىنىڭ قارىسىنى ئالدۇق. مەن لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرىنى كۆرگىنىمدە غەمگە پاتتىم. ئەگەر ماشىنىدىكى ئۆزۈم توڭلاپ قالىدىغان بولىسىزە... «نېمانداق بىتالە يەمەن؟— دېدىم ئۆز ئۆزۈمگە، — بۇ سوغۇقتا بۇنچىۋالا ئۆزۈمنى قانداقمۇ بىر تەرەپ قىلارمەن...» ئويلىغانسېرى جۇدۇنۇم ئۆرلىدى. مۇزلىغان بارماقلىرىمنى ھوردىغان بولۇپ خېلى قاتتىق-قاتتىق چىشلىدىم. ئاخىرى ئۆرۈمچىگىمۇ يېتىپ كەلدۇق. شوپۇر ماشىنىنى كالوندا قويۇپ، مېنى ئۆيگە باشلىدى. بىر كېچىنى ئۇنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزدۇم. ئەتىسى تاڭ يورۇش بىلەن تەڭلا ئۇ مېنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ ماشىنىنى ھەيدىگەنچە باققال بازىرىغا ئېلىپ باردى.

كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەن چاغ ئىدى. مەن خېرىدار كۈتۈپ ئەتراپقا سەپسېلىۋاتاتتىم. شۇ ئەسنادا بېلىكىگە قىزىل يەڭ بەلگىسى تاقىۋالغان كۆتمەك ساقال بىر ئادەم ئالدىمغا كېلىپ زەردىسى بىلەن:

— ئاۋۇ تاختايدىكى خەتنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ بۇ يەردە ماشىنا توختىتىشقا بولمايدۇ!— دېدى.

ئۇ ئەسلىدە باققال بازىرىنىڭ ئاقساقىلى ئىكەن. مەن نېمىدېيىشىنى بىلمەي گاڭگىراپ تۇرغىنىمدا، شوپۇر ئۇستام ئالدىمغا ئۆتۈپ، ئۇنىڭ قولىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى. ئۇستامنىڭ گېپى ئۇنى سەل يۇمشاتقان بولسا كېرەك، لېۋىنى يالاپ قويۇپ دېدى:

— ئۇنداق بولسا مېلىڭلارنى كېلىشىم باھادا سېتىپ، بۇ يەردىن تېز قوزغىلىڭلار، بولمىسا پاكەن تۆلەپ قالىسىلەر!

«پاكەن» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ يۈرىكىم «جىغغىدە» قىلىپ قالدى. ئەنسىزلىك ئىچىدە شوپۇر ئۇستامغا قارىدىم. ئۇ ئىككى قولىنى يانچۇقىغا سېلىپ، بەخىرامان ھالدا تۇراتتى. شۇ ئەسنادا سوكنو پەلتو كىيىۋالغان كادىر سۈپەت ئىككى كىشى ماشىنىنىڭ يېنىغا كېلىپ بويۇنداپ قاراپ:

— كوزۇپتىكى ئۆزۈم ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى.

— ھەئە، كۇچانىڭ داڭلىق ئۆزۈمى دېيىشىسىلە، — دېدىم جاۋابەن.

ئۇلار كوزۇپنى بىر ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، بېشىنى چايقاپ، بىر - بىرىگە دېيىشتى:

— ئاپلا، ئۆزۈمنى كوزۇپقا قوم قاچىلىغاندەكلا قاچىلاپ-تىكەندۇق، ئىبستەي، ئاستىدىكىسى بىر نېمە بولۇپ كەتكەندۇ بۇ چاغقا.

— سىز بۇرۇن باققاللىق قىلىپ باقمىغانمۇ؟

ئۇلاردىن بىرسى مەسخىرە تەلەپپۇزدا مەندىن شۇنداق دەپ سورىۋېدى، مەن جاۋاب بېرىپ دېدىم:

— شۇنداق، بۇ ئىشنى تۇنجى قېتىم قىلىپ بېقىشىم.

— بۇرادەر، ئۆزۈمنى دېگەنىنىۋاغۇ، كاڭكا سېۋەتكە قاچىلاپ ئاندىن ماشىنىغا باسىدىغان گەپ ئىدى، بۇ ئۆزۈملەر ساپلا ساپىقىدىن ئاجراپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ؟ بۇنداق ئۆزۈمنى ئەمدى كىم ئالىدۇ؟

«ئاغزىڭغا تاش-تۇپراق ئىگەكىم، — دېدىم كۆڭلۈمدە ئۇلارغا نارازى بولۇپ، — تۆشۈك مۇنچاقنىڭ يەردە قالغىنى نەدە بار.»

ئۇلار «قاچىلاپتىكەندۇق»، «بىلمەيدىكەندۇق»، «ئىبستەي-پېيستەي» دېگەندەك تېگى بار تېگى يوق گەپلەرنى قىلىشىپ،

ماشىنا قېشىدىن يىراقلاشتى. مېنىڭ ئىچىم پۇشۇپ، تامىقىم غىڭىلداشقا باشلىدى. شوپۇر ئۇستام كۆزۈمدىن ياش تامچىۋاتـقانلىقىنى كۆرۈپ ماڭا ئىچ ئاغرىتقان بولسا كېرەك، مۈرەمگە قولىنى قويۇپ ئېيتتى:

— بۇرادەر، بۇ دېمەتلىك ئادەمگە ياش تۆكۈش ياراشـمايدۇ. ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ. كونىلاردىن قالغان «ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي داۋاغا» دېگەن تەمسىل بار. بۇنى ئۆزىمىزدىن كۆرۈشىمىز كېرەك. سىز ئىككىمىز باققاللىق كوچىسىغا قەدەم ئېلىشىڭىز تۇنجى قېتىم ئىكەن، مېنىڭمۇ ئۆزۈم دېگەن نەرسىنى توشۇشۇم دەسلەپكى ئىشكەن. شۇڭا، ئۇنى كاككا سېۋەتـكە قاچىلاپ ئاندىن بېسىش ئېسىمىزگە كەلمەپتۇ...

شوپۇرنىڭ بۇ گېپى ئېچىشىۋاتقان يارىغا تۇز سەپكەندەك بولدى. كوچادا باغمۇ - باغ يۈرۈپ ئۆزۈم سودىسى قىلىۋاتـقاندا، ئۆزى يول كۆرسىتىپ «كوزۇپقا ئازراق شال پاخلى سېلىۋېتىپ قاچىلاۋەرسەك بولۇۋېرىدۇ» دېگەن تۇرۇقلۇق، ئەمدى دەۋاتقان گېپىنى كۆرمەمدىغان! ئۇنىڭ ئۈستىگە ماشىنىچىلىق ھۈنىرىنى تاشلاپ، باققاللىق كوچىسىغا ئەمدىلا قەدەم قويغان مەندەك «گول» بىر ئادەمدە شۇنچە كۆپ ئۆزۈمنى سىغدۇرغىدەك كاككا سېۋەت نېمىش قىلسۇن؟! شۇڭا، ئاچچىقىمدىن ئۆز گۆشۈمـنى ئۆزۈم يېگۈدەك بولغان بولسامۇ، دەردىمنى ئىچىمگە يۇتماقـتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

كۈن پېشىن بولاي دېگەندە، سومكا كۆتۈرۈشۈۋالغان خېرىدارلار بىردىن - ئىككىدىن ماشىنىنىڭ يېنىغا كېلىشكە، ئۆزۈمدىن بىرەر تال ئېلىپ تېتىپ كۆرۈشكە باشلىدى. ئاردىن يېرىم سائەتچە ئۆتە - ئۆتمەي خېرىدار يىغىپ كەتتى. كۆزۈم ئالا - چەكمەن بولغان ھالدا ئۆزۈم جىڭلاشقا باشلىدىم. بىر قولۇمنى ئون قىلسامۇ يېتىشەلمىگىدەك ھالەتتە تۇرغىنىمدا

ھېلىقى باققاللار ئاقساقىلى كېلىپ، خېرىدارلارنى ئۈچرەت بولۇشقا ئۈندىدى. ئادەملەر بىر دەمدىلا ئۇن يېتتە يەرگىچە غاز قانىتى شەكلىدە تىزىلىپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ خۇشاللىقىمدا ئەس - ھوشۇمنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالدىم. ئېسىمنى يىغىپ، سودامنىڭ ئاقىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنگەن ھالدا تىجارىتىمنى يۈرۈشتۈرۈۋاتاتتىم، كىم بىلسۇن، يېرىم سائەتكە بارماي ئامبىتىم قاچتى، خۇشاللىقىم سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك غايىپ بولدى. سودامنىڭ بېلىگە تەپكىنى ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان ئىككى ماشىنا تۇرپان ئۈزۈمى ئىدى. ئۈزۈم ئۈچرەت خۇددى قۇرغۇيدىن ئۈركىگەن قۇشقاچلاردەك «گۇررىدە» توزۇپ، تۇرپان ئۈزۈمى قاچىلانغان سېۋەتلەرنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. مەن بولسام يېتىم بالىدەك بويۇنۇمنى قىسىپ قالدىم. نېمە ئامال، ئۇلارنى تىللاشقا بولاتتىمۇ؟ مەندىن ئۈزۈم سېتىۋالىدىغان بىرمۇ خېرىدار قالمىغاندىن كېيىن، زوكىزىيىپ ئولتۇرۇپ باياتىن سودا قىلغان پۇللارنى رەتلەپ ساناشقا باشلىدىم. قارىسام، ئۈزۈم خېلىلا يېرىمداپتۇ، لېكىن چۈشكەن پۇل ئاران ئوتتۇز كويدىن سەللا ئېشىپتۇ. قولۇمدىكى بۇ بىر سىقىم پۇلنى سىقىمدىغىنىمچە «خۇدا ئۇرغان ئەرۋاھ» تەك قېتىپ تۇرۇپ قالدىم.

بىر ئازدىن كېيىن توگۇلاۋاتقىنىمنى سېزىپ كۆزۈمنى ئاچسام، ماشىنا كەپىنكىسىنىڭ ئەينىكى قىرۇداپ كېتىپتۇ، ئۈچەيلىرىدىمۇ تارتىشىپ، قورسىقىم داپ چېلىۋاتىدۇ. ئۈزۈمدىن ئازراق يەپ باقسام، ئەمما ئۇ ئاش - ناننىڭ ئورنىنى باسالمىدى، جېنىمدىن جاق تويۇپ تۇرغىنىمدا، بايا يوقاپ كەتكەن شوپۇر ئۇستام دەلدەڭشىگىنىچە يېتىپ كەلدى - دە، دولامغا قولىنى قويۇپ دېدى:

— ھە، قانداق بۇرادەر، سودىڭىزدا بەركەت بارغۇ دەيمەن؟

بۇ ئامەتتىن مەنمۇ قۇرۇق قالماسمەن ئەمدى!؟

شوپۇرنىڭ سۆزى مەسخىرىدەك بىلىندى. كۆزۈمگە ئەتراپىمدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئايلىنىۋاتقاندەك، ئادەملەر پۇتى بىلەن ئەمەس، بېشىچە مېڭىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. شۇ تاپتا ئۈن قويۇپ داتلىساممۇ ئاۋازىم تېشىمغا چىقمايتتى. چوپچوڭلا ئادەم بولغىنىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇرتۇمدا داڭقىم چىققان ھۈنەرۋەن ئىكەنلىكىم مېنى يېنىكلىك قىلىشتىن توستى، ئۆز ئۆزۈمگە تەسەللىي بەردىم، شوپۇرنىڭ سۆزىگە ئىنكاس قايتۇرمىدىم. قارىغاندا ئۇ خېلى كۆپ ئىچىپ تەڭشىلىۋالغان ئىدى. ئۇ، كوزۇپىنىڭ كىرۋىكىگە قوشقاچتەك قونۇپ ئولتۇرۇپ، مۇزدەك ئۈزۈمدىن يەپ ئىچىنى سوۋۇتقاندىن كېيىن، دىككىدە يېنىمغا سەكرەپ:

— كىرا ھەققى ئۈچۈن بەرگەن 350 كوي پۇلىڭىزغا يېنىمدىن 30 كوي قوشۇپ گەنلىزەنگە تۆلىۋەتكىنىم ئېسىڭىزدىدۇ بۇرادەر؟ — دېدى.

«بارنى ئوغرى ئالدى يوقنى رەمبال» دېگەن گەپ بىكار ئېيتىلمىغان ئىكەن - دە، دېدىم ئىچىمدە نارازى بولۇپ، ئەمما شوپۇر ئۇستامدىن ئاغرىنىشىم ئورۇنسىز ئىدى. چۈنكى يول ئۈستىدە گەنلىزەن ئالغان پاكەتنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، شوپۇر پۇلنى ئاسانلا تۇتقۇزۇپ قويغىنىمۇ يوق، شۇڭا، دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ، ئۈزۈم ساتقان ھېلىقى پۇلنى شوپۇرنىڭ قولىغا تۇتقازدىم.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتتى، سودام تازا يۈرۈشمىگەچكە، كۈنلۈك تاپاۋىتىم قورسىقىمغا ئاران ئۇلگۈرۈۋاتاتتى. شوپۇر ئۇستاممۇ ماشىنىسىنى مەن كۆرسەتكەن تەرەپكە ھەيدەپ، ماڭا ھېسسىداشلىق قىلاتتى. لېكىن كوزۇپىتىكى ئۈزۈمگە نەزەر-گۈزىرىنى سالىدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. ۋاقىت ئۆتۈۋاتاتتى،

ئۆزۈملەر كېچىسى توڭلاپ، كۈندۈزى ئېرىپ بۇزۇلۇشقا باشلى-
دى. شۇنداقتىمۇ، خەققە بىكارغا بېرىۋېتىشكە بولامدۇ دەيسىز!
ئاخىر ئاللا ئىگەمنىڭ ماڭا ئىچى ئاغرىدىمىكىن، ئۆزۈم قۇرۇتۇپ
ساتىدىغان بىر ئادەمگە يولۇقتۇردى. قالغان ئۆزۈمنى ئۇنىڭ-
غا پاخال نەرقىدە سېتىپ «ئۇھ» دېدىم. شۇنىڭ بىلەن، پايدا
تۈگۈل سالغان دەسمايەمدىنمۇ ئايرىلدىم. ئۆرۈمچىگە ئۆزۈم
يۆتكەپ پايدا تاپماقچى بولغان مەندەك كىشىنىڭ ئاغزىغا «تاش
تۇپراق» ئىلاھىم. سۆزلىگەنلىرىم چۈشىنىشلىك بولغاندۇ، مۇخپۇر
يولداش. مانا شۇنداق قىلىپ، ئۆرۈمچىدىن ئىككى قولۇمنى
بۇرنۇمغا تىقىپ، تۇمشۇقىمدا يەر تىرەپ قايتىپ كېلىۋاتىمەن.
ئەمدى قەشقەرگە بېرىپ، بىر نەۋرە ئىنىمدىن پۇل سوراپ كۇچا-
دىكى قەرزىمنى تۆگەتمەكچى. قانداق، مۇخپۇر يولداش، سۆزلى-
گەنلىرىم ھېكايىغا ئوخشىدىمۇ؟ بۇنىڭ بىرەر جۈملىسىنىمۇ
توقۇپ چىققىنىم يوق، ھەممىسى بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلار دەڭا!
قېنى، مۇخپۇر يولداش، دەپ بېقىڭچۇ، جاھاندا مەندەك ھاما-
قەتتىن يەنە بىرسى بارلىقىغا ئىشىنەمسىز؟

X X X

سەپەرداشىم ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئەنە شۇنداق
«ھېكايە» قىلىپ تۈگەتتى ـ دە، يېشىنىپ يوتقانغا كىرىپ، باش-
كۆزىدىن تارتىپ پۈركەپ ياتقان بويى جىمىپ كەتتى. مەن
ساددا ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشىدا بۇنداق ئىشلارنىڭ جەزمەن يۈز
بېرىدىغانلىقىغا ئىشەندىم ـ دە، ئويغا پاتتىم. سەپەرداشىم
بولسا بىر كۈنلۈك ئېغىر ھارغىنلىقتا كۈيۈشكەن بەدەنلىرىنىڭ
ئاغرىشىدىنمۇ ياكى يۈرىكىگە دەرد سالغان زىياننىڭ ئاچچىق
ئەلەمىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر، ئۇخلىيالماي پات ـ پات ئۇياندىن ـ

بۇيانغا ئۆرۈلەتتى ۋە ئانچە ـ مۇنچە «ئۇھ» تارتاتتى.

شۇئان كونىلارنىڭ «بورىچى ھالۋىچى بولسا، كۆزىنى چاپاق بېسىپتۇ» دېگەن تەمسىلى خىيالىمدىن كېچىپ، ئۇدۇلۇمدىكى كارىۋاتتا تولغىنىپ ئۇخلىيالماي ياتقان سەپەردىشىمنىڭ كەچۈرمىشىدىن بىر پارچە ھېكايە پۈتتۈرۈش نىيىتىگە كەلدىم. خىرە لامپۇچكا يورۇقىدا قەلىمىم ئاق ۋاراقلار ئۈستىدە يورغىلاشقا باشلىدى.

1988 ـ يىل 8 ـ ئاي، قاغىلىق.



# مۇشكۇلانغان كۆڭۈل



## 1

بۈگۈن مەن تۈركىيەدىن كەلگەن بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. خەلقئارا ھاۋا قاتنىشىنىڭ بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن سۈترەڭ كونۋېرت ئىستىدىكى تونۇش پۈچۈركىغا بىر قاراپلا ئۇنىڭ ئەنقەرە شەھرىنىڭ شىمالىدىكى «ئاق ئەتىر گۈل» كوچىسىدا ئولتۇرۇشلۇق دوستۇمدىن كەلگەنلىكىنى بىلدىم.

يۈرىكىم ھاياجان ئىلكىدە گۈپۈلدەشكە باشلىدى. ئاللەمنىڭ ئۇ چېتىدە تۇرۇۋاتقان دوستۇم نېمىلەرنى يازغانكىن؟ بۇنى بىلىشكە تەقەززا بولغان ھالدا كونۋېرتنىڭ ئاغزىنى ئاۋايلاپ ئاچتىم - دە، چىرايلىق پۈكلەنگەن ئاق قەغەزنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئۇنىڭ يۈزىگە مارجاندەك تىزىلغان قۇرلارغا كۆز يۈگۈرتتۈم:

«ئابدۇراخمان:

ياخشىمۇ سىز؟ چىن قەلبىمدىن ئۇرغۇپ چىققان «سالام» دېگەن ئىللىق سۆز ئارقىلىق سىزدىن ۋە ھەممىۋا ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلىرىڭىزدىن قىزغىن ھال سوراپ، يېقىنقى ئەھۋالىڭىزنى ئۇقۇشماقچىمەن.

سىز ھېلىمۇ ۋەتىنىڭىزنىڭ گۈزەل شەھەرلىرىنى كېزىپ يۈرەمدىغانسىز؟ مېھماندوست، ئاق كۆڭۈل خەلقىڭىزنىڭ قايناق تۇرمۇشىدىن ئۇنتۇلماس خاتىرىلەرنى ئىزدەۋاتامدىغانسىز؟ ھېلىمۇ ھارماس قەلىمىڭىزنى قەغەز بېتىدە چاپتۇرۇپ، ماڭا ئوخشاش ياشلىق ئىستىكى چاقناپ تۇرغان مۇھەببەت سەرگەردانلىرىنىڭ ھايات ساھىلىدىكى «ھىجران» لىق كەچۈرمىشلىرىنى ھېكايە قىلىپ تۇرۇۋاتامدىغانسىز؟!

ۋاي خۇدا يىمەي!... ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا مېنى كەچۈرگەيسىز، ھاياجان ئىچىدە تىنەپ كەتكىنىمنى قاردىمامدىغان؟ ئالدى بىلەن سىزگە ئەنقەرەدىكى دوستلىرىمنىڭ سالىمىنى يەتكۈزمەكچى ئىدىم. بىراق بۇنى ئۇنتۇپ نېمىلەرنى دەپ كېتىۋاتىمەن - ھە!

سىز بىلەن ئۇرۇمچى ئايرودرومىدا خوشلىشىپ، 3 - كۈنى چۈشتىن كېيىن ئانا يۇرتۇم تۈركىيىگە ئامان - ئېسەن يېتىپ كەلدىم. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان دوستلىرىم پاپىدالىرىنى ئۇچقاندەك قوغلىشىپ يېتىپ كېلىپ ئائىلىمىزنىڭ قورۇلۇش بىناسى ئالدىدىكى ئاسفالت مەيدانغا توپلاشتى - دە، مېنى باغرىغا بېسىشىپ قىزغىن تەبرىكلەپ كەتتى، مەن دوستلىرىم بىلەن قانغۇچە قۇچاقلاشقاندىن كېيىن ئۇلارنى بىنانىڭ تۆتىنچى قەۋىتىدىكى مەخسۇس خانامغا باشلىدىم. ئۇلار مىسىردىن كەلتۈرۈلگەن ئازادە كرېسلولارغا بەھۇزۇر جايلىشىپ بولۇشىغا، خىزمەتكارىم تەخسىلەردە ئاتۇش ئەنجۈرى مۇرابباسىدىن كەلتۈردى. دوستلىرىم ئاتا - بوۋامنىڭ قەدىمى يۇرتى بولغان ئاتۇشتىن ئالايىتەن ئېلىپ كېلىنگەن بۇ نېمەتكە ئېغىز تېگىپ بەكمۇ لەززەت ھېس قىلىشقانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. ئۇلار ئاتۇش دېگەن نامنى خېلى بۇرۇنلا ئاڭلىغان ئىكەن، ئەنجۈردىن ئىبارەت بۇ مېۋىلەر شاھىنىڭ ئىسمىمۇ خېلىدىن تونۇش

ئىكەن. بىراق بۇنداق ئوخشىغان ئەنجۈر مۇرابباسىغا ئېغىز تېگىشى ھاياتىمدىكى تۇنجى ئىش ئىكەن.

ئۇلار ئانچە تارتىنىپ ئولتۇرمايلا مۇراببا غا تېگىش قىلىپ بىر پەستىلا تەخسىلەرنى بىكارلاشتى. مەن خىزمەتكارىمغا يەنە بىر تەخسىدىن كەلتۈرۈشنى بۇيرىدىم.

ئۇلار مۇراببا ۋە باشقا نازۇ - نېمەتلەر بىلەن قورساقلىرىنى توقلىغاچ ماڭا چاقچاقلىرىنى ياغدۇرۇشقا باشلىدى. كۈلكە - چاقچاقلار ھاردۇقۇمنى چىقىرىپ، روھىممۇ بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ قالدى. بىر دەمدىن كېيىن ئۇلار چاقچاقلىرىنى توختىتىشىپ، مەندىن گەپ تاما قىلغاندەك كۆزۈمگە ئىلتىجالىق نەزەردە تىكىلىشتى. ئۇلارنىڭ ئۈرۈمچى، قەشقەرلەردە ئاڭلىغان - كۆرگەن- لىرىمنى سۆزلەپ بىرىشىمنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. مەن دوستلىرىمنىڭ تەلىپىنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈن سەپەر چامادانىمنى ئاچتىم - دە، ئىچىدىن كىلىونكا تاشلىق ئالبومنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ كۆرۈشىگە بەردىم. ئۇلار ئۈرۈمچىدىن ئېلىپ كەلگەن بۇ ئالبومنى قولدىن - قولغا ئۆتكۈزۈپ ئىچىدىكى خاتىرە سۈرەتلەرنى زور قىزىقىش ئىچىدە كۆرۈپ چىقىشتى. ئۇلارنى ھەممىدىن بەك جەلپ قىلغىنى ئىككىمىزنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ستىرىمولۇق كۆۋرۈك ئۈستىدە چۈشكەن ھېلىقى بىر نەچچە پارچە خاتىرە سۈرىتىمىز بولدى. ئۇلار ئىككىمىزنىڭ ئوبرازىدىنمۇ كۆرە، كۆۋرۈكنىڭ پىيادىلەر يولى ئارىلىقىدىكى ئالتۇن ئايۋان - سارايدەك پارقىراپ تۇرغان گۈمبەزلەرگە ۋە ئۇنىڭدىكى كۆركەم نەقىشلەرگە سىنچىلاپ قاراپ كېتىشتى. ئاخىرىدا بولسا: «قالتىس! قالتىس!»، دەپ ئاغزىغا تەگمەي ماختاشتى.

شۇنداق، دوستۇم، ئىككىمىز ئايرىلىش ئالدىدا خاتىرە قالدۇرغان بۇ بىر قانچە پارچە سۈرەتنىڭ ئۇلارنى بۇنچىۋالا جەلپ قىلىپ، قەلبىدە شۇ قەدەر زىلزىلە پەيدا قىلىشىنى خىيالىمغىمۇ

كەلتۈرمىگەن ئىكەنمەن. ئۇلار ئالبومنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئىككىمىزنىڭ قانداقلارچە ئۇچرىشىپ بۇنداق يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالغانلىقىمىزنى سوراشتى. مەن ئۇلارغا، ئىككىمىزنىڭ ئۈرۈمچى «يېڭى ھايات» مېھمانخانىسىدا تونۇشـقانلىقىمىزنى، بىرگە بولغان چاغلىرىمىز قىسقا بولسىمۇ كۆڭلىـمىزدىكى گەپلەرنى دېيىشكە ئۈلگۈرۈپ، سىرداش دوستلاردىن بولۇپ قالغانلىقىمىزنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردىم، بۇ جەرياندا ئۇلار سىزنىڭ ياشلار تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ يازغان ھېلىقى «ھىجران» ناملىق ھېكايىڭىزنىڭ مەزمۇنىدىنمۇ خەۋەرـدار بولدى. دوستلىرىمىزنىڭ بەزىلىرى ئورنىدىن تۇرۇپ سەكرەپ كەتتى ۋە مېنى: «يارايسەن! يارايسەن! ئۈرۈمچىدىن كۆڭۈلـدىكىدەك دوست تېپىپسەن.» دەپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماخـتىدى؛ سىزنىڭ ياشلار تۇرمۇشى ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان، ئۇلارنىڭ يۈرەك پىغانلىرىنى تىڭشايدىغان شىجائەتلىكىڭىزگە ئاپـرىن ئوقۇدى. ئەسلەپ كۆرۈڭ، شۇ مىنۇتلاردا سىزنىڭمۇ قۇلىقىـڭىز قىزىغاندۇ بەلكىم!

دوستلىرىمىزدىن بەزىلەر تېخى سىز تۈركىيىگە كەلگەندە ئۆزلىرى بىلەن دوستلاشتۇرۇپ قويۇشۇمنى تەلەپ قىلىشتى. مەن ئۇلارغا ۋەدە بەردىم.

سىز تۈركىيىگە كەلگەندە چوقۇم ئويلىغىنىڭىزدىنمۇ ئارتۇق كۈتۈۋالىمىز، مەيىن شامال ھۇزۇرلاندۇرىدىغان قارا دېڭىز بويلىرىنى، ئىستانبولنىڭ گۈزەل باغچىلىرىنى سەيلە قىلدۇرۇپ كۆڭلىڭىزنى ئاچىمىز. شۇ چاغدا مېنىڭ دوستلىرىمنىڭ قانداق يىگىتلەر ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتەرسىز. «ھىجران»نىڭ ئىككىنچىسىنى بۇ تەرەپلەردە يېزىپ، بىزگە خاتىرە قالدۇرارسىز...

دوستۇم، يولىڭىزغا قارايمەن، ماڭىدىغان چاغدا تېلگىرامـما بېرىۋېتىڭ، سىزنى ئەنقەرە ئايرودرومىدا كۈتىمەن.

دوستىڭىز جوۋەيدى
1987 - يىل، فېۋرال، ئەنقەرە.»

مەن چوڭقۇر دوستلۇق ھېسسىياتى بىلەن سۇغىرىلغان بۇ خەتنى يېنىشلاپ ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، بۇندىن ئىككى يىل ئىلگىرى ھايات خاتىرەمدىن ئورۇن ئالغان ئىشلارنى ئەسكە ئالدىم.

2

ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. يېڭىدىن نەشرگە تەييارلىنغان كىتابىمنىڭ ئورىگىنالىنى نەشرىياتقا تاپشۇرۇپ بولۇپ، كەچقۇرۇن ئۈرۈمچى مېھمانخانىسىنىڭ 2 - قەۋىتىدىكى ياتىقىمغا قايتىپ كەلدىم - دە، بوينومدىكى ھاۋارەڭ گالستۇكۇمنى ئاۋايلاپ چىقىرىپ بىر چەتكە قويغاندىن كېيىن، كاستيۇمنىڭ تۈگمىلىرىنى يەشكەچ، دېرىزە پەردىسىنى قايرىپ، ئۈرۈمچىنىڭ ياز پەسلىدىكى كەچلىك مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن يىراقلارغا كۆز تىكتىم.

قەۋەت - قەۋەت بىنالارنىڭ ئىچى - تېشىدا يېنىپ تۇرغان سان - ساناقسىز چىراغلار گويا يۇلتۇزلار دۇنياسىنى ئەسلىتەتتى. يوپيورۇق، ئازادە ئاسفالت كوچىلاردا بابكارنىڭ موكىسىدەك تىنماي ئۆتۈشۈپ تۇرغان چوڭ - كىچىك ماشىنىلار بۇ ئاۋات شەھەرنىڭ كەچكى مەنزىرىسىگە تېخىمۇ ھەيۋەتلىك تۈس بەرگەن ئىدى. مەن كۈندىن - كۈنگە كېڭىيىپ ھەم ئاۋاتلىشىپ كېتىۋاتقان بۇ سىياسەت، مەدەنىيەت، ئىقتىساد ۋە سانائەت مەركىزىنىڭ پارلاق ئىستىقبالىدىن پەخىرلەنگەن ھالدا ئويغا پاتتىم.

— تاك - تاك - تاك!

ياتاقنىڭ ئىشىكى يېنىك چېكىلدى. مەن خىيالدىن سەگىپ، كەينىمگە بۇرۇلدۇم - دە، ئىجازەت بەردىم:

— كىرىڭ!

ئىشىك ئاستاغىنە ئېچىلىپ، گەدىنىگىچە چاچ قويۇۋالغان بىر يىگىت سەپەر چامادىنىنى كۆتۈرگەن پېتى كىرىپ كەلدى. مەن ياتاقنى ئورۇنلىشىش ئالدىدا مېھمانخانا خوجايىنى بىلەن پۈتۈشۈۋالغاچقا، بۇ ھالدىن سەل ئەپسۇسلاندىم. خوجايىن مېنىڭ نەشىرىيات ئورۇنلىرىدىكى ئىشىم تۈگەپ يۇرتۇمغا قايتقانغا قەدەر بۇ بىر ئېغىز ئۆيگە باشقا ئادەم ئورۇنلاشتۇرمايدىغانلىقى ۋە مېنىڭ يېزىقچىلىق ئىشىمغا كاشىلا قىلمايدىغانلىقى ھەققىدە ماڭا ۋەدە بەرگەن ئىدى. ئەمدىلىكتە بۇ قانداق قىلغىنىدۇ؟

مەن مېھمانخانا خوجايىنى بىلەن قايتا سۆزلىشىپ، بۇ مېھماننى باشقا ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئېيتىش نىيىتىگە كەلدىم - يۇ، لېكىن خىيال كەچ بولۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ ئىككىلىنىشكە باشلىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭى «ھەمرا»ھېم قارىماققا ئەدەب - قائىدىنى بىلىدىغان، مەدەنىيەتلىك كىشىدەك كۆرۈنەتتى. شۇڭا دەرھال ھېلىقى نىيىتىمدىن يېنىپ، ئۇنىڭ تەققى - تۇرقىغا ئىنچىكىلەپ سەپسىلىپ چىقتىم. ئۇ بۇغداي ئۆڭ، يۈز كېپتى يۇملاق، چىرايىدىن تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان 28 — 30 ياشلار چامىسىدىكى ئۆسكىلەڭ يىگىت ئىدى. ئۇ ئۇچىسىغا كىرىشنىۋاي سارجىدىن كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ، بوينىغا تېگى قىزىل ئالا - چىپار گالستۇك تاقىۋالغان بولۇپ، خېلىلا سۆلكەتلىك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ گەدىنىگىچە يېيىلغان قاپقارا چېچى ۋە بۈركۈت قانىتىدەك ئەگىپ تۇرغان ئۇلىما قېشى بىر جۈپ نۇرلۇق كۆزى بىلەن ئوچۇق چىرايىغا

تولسمۇ ماسلاشقان ئىدى.

مېھمان ياتاق ئىچىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، قولىدىكى چامادانني كارىۋاتنىڭ بىر تەرىپىگە جايلاشتۇرۇپ، كارىۋات ئاستىدىكى داسنى ئېلىپ يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇشقا تەييارلاندى. قارىغاندا ئۇ سەپەردىن يېڭىلا قايتقان يولۇچىدەك كۆرۈنەتتى.

مەن ئەمدى ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ئىرەڭشىمەستىن، گەۋدەمنى ياستۇققا تاشلاپ خاتىرە دەپتىرىمنى ۋاراقلاشقا باشلىدىم. ئۇ يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، يېيىلىپ تۇرغان تال - تال چاچلىرىنى بارماقلىرى بىلەن تاراپ تۈزەشتۈردى، چامادانني ئېچىپ بىرەر قۇر كىيىم ئالماشتۇردى. ئاندىن ئېسىل خۇرۇم بەتىنكىسىنى سۈرتۈپ پارقىراتتى. ئاندىن ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى-دە، كۆڭلىدە ئىشەنچ ھاسىل قىلىپ چامادانى بىلەن كارى بولمايلا سىرتقا چىقىپ كەتتى.

مانا، ئىككىمىز بىر ياتاقتا يېتىۋاتقىنى ئۈچ كۈن بولدى. لېكىن بىرەر ئېغىزمۇ پاراڭلىشىپ باقمىدۇق. ياتاقدىشىم سىرتتا قورسىقىنى تويغۇزۇپ كىرىپلا كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلايتتى-دە، يېشىل تاۋار تاشلىق يوتقاننىڭ پۈكلەنگەن ئارىلىقىغا بېشىنى تىقىپ، يۈك ئەدىيالنى يېپىنغىنىچە ئۈن - تىنسىز ياتقىنى ياتقان ئىدى. پەقەت ئەتىگەن- ئاخشاملىرىلا ماڭا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈمسىرەپ قوياتتى. ئۆزۈم «ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى» بولسامۇ ئۇنىڭ زادى قانداق ئادەملىكىنى بىلەلمىدىم. نەزەرى ئۇستۇنمىكىن دەيي دېسەم، يۈرۈش- تۇرۇشى ئەدەب-قائىدىلىك بولۇپ، چىرايىدىن قىلچىلىك تەكەببۇرلۇقنى سەزگىلى بولمايتتى. مەن ئادەملەرنىڭ ئۇچراشمىقى ئاسان بولسىمۇ بىراق سىرداشمىقى ئۇنچىلىك ئاسان ئەمەسلىكىنى ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم ھېس قىلىپ، بەكمۇ تىت - تىت

بولاتتىم. ئاخىرى ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم زورلاپ سۆزلىشىشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم.

ھەپتىنىڭ ئاخىرقى كۈنى ئىدى. ياتاقدىشىم بالدۇرلا قايتىپ كەلدى ـ دە، ھېرىپ، چارچىغان يولۇچىدەك كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى. مەن گېپىمنى قىردۇرۇپ ئىبىز ئاچتىم:

— سىز قەيەردىن كەلگەن؟

ئۇ ئىرەڭشىمىگەندەك ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، كاستۇمىنىڭ يانچۇقىدىن بىر قاپ ئالىي سىگارىتىنى چىقىرىپ، ماڭا بىر تال تۇتتى، ئاندىن ئۆزى بىر تالنى كالپۇكلىرى ئارىسىغا قىستۇرۇپ تۇتاشتۇردى.

— مېنى قەيەردىن كەلگەن دەمسىز؟

— ھەئە، ئۆزىڭىز قايسى يۇرتتىن بولىسىز؟

— ئاتا ـ بوۋامنىڭ ئەسلى يۇرتى ئاتۇش. لېكىن ئۆزۈم تۈركىيىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان.

— ھە، بۇ تەرەپكە تۇغقان يوقلاپ كەپسىز ـ دە؟

— ياق، سودىگەرچىلىك بىلەن، بۇ مېنىڭ ئاتا كەسپىم، كەسىپ قوغلىشىپ جاھان كېزىش بىزنىڭ ئادىتىمىز. ھەر يىلى بىر قانچە مەملىكەتنى ئارىلاپ چىقىمىز. بۇ، ھەم ساياھەت، ھەم تاپاۋەت...

— ئىسمىڭىز؟ — سورىدىم سەل ئوڭايسىزلىنىپ.

— جونەيدى.

ئۇ ئەمدى خېلىلا جانلىنىپ قالغان ئىدى. شۇڭا، گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي تېڭىرقاپ قالغىنىمنى سېزىپ، ئىبىز ئاچتى:

— سىز قەيەردىن بولىسىز؟

— قەشقەردىن.

— نېمە كەسىپ قىلىسىز؟

— سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئىجادىيەتچىسى بولۇپ ئىشلەيمەن.

— دېمەك، يازغۇچىكەنسىز-دە!

— ياقەي، بۇنداق دېگىلى بولمايدۇ، ئاددىي قەلەمكەشمەن.

— كەمتەرلىك قىلىۋاتىسىز! — ياتاقدىشىم باش- ئايىغىغا بىر قۇر سەپسالغاندىن كېيىن داۋام قىلدى، — نەچچە كۈنىنگىزى سىزدىن تارتىنىپ يۈرۈپتىمەن ئەمەسمۇ، ئەسلىدە بۇرۇنراق تونۇشۇۋالسام بوپتىكەن. مەن سودىگەر بولغىنىم بىلەن، يازغۇچى- شائىرلاردىن دوستلىرىم بار. ئۇنداقلارنى دوست تۇتۇشقا بەكلا قىزىقىمەن ...

ئۇ بىر نەرسىنى خىيال قىلغاندەك سەل تۇرۇۋالدى. ئاندىن ئۆزىچە كۈلۈمسىرەپ قويغاندىن كېيىن دېدى:

— مەن ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا يازغۇچى بولۇشنى كۆڭلۈمگە پۈككەن، بەزى ئەسەرلىرىم گېزىت- ژۇرنال سەھىپىلىرىدىمۇ كۆرۈنگەن ئىدى. ئەپسۇس، دادام ياشىنىپ قالغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ مېنى ئوقۇشتىن توختاتتى. ئۇ مېنى كۆزىنىڭ ئوچۇق چېغىدا بىساتىغا ۋارىسلىق قىلدۇرۇپ، «ئاتا كەسپى» گە دەسسەتمەكچى ئىكەن. مېنىڭ بۇنىڭغا كۆنمەي ئىلاجىم يوق ئىدى. چۈنكى بىزدە «ئاتا رازى، ئانا رازى— مۇھەممەت مۇستاپا رازى» دېگەن ئۇلۇغ سۆز بار. بىلىسىز، بالا دېگەن ھېچقاچان ئاتا - ئانىدىن چوڭ ئەمەس. مەن شۇ ۋەجىدىن ئوقۇشنى توختىتىپ، ئاتامنىڭ كەسپىنى دەسسىتىمگە ئېلىشقا رازىلىق بەردىم. لېكىن دادامغا ئەگىشىپ جاھان كېزىپ يۈرگەن ۋاقىتلاردىمۇ ئەدەبىي كىتابلارنى يېنىمدىن ئايرىمىدىم. كۈندۈزى ئوقەت قىلسام، ئاخشاملىرى كىتاب ئوقۇش مېنىڭ ئادىتىم بولۇپ كېلىۋاتىدۇ...

ئۇنىڭ سۆزلىرى مېنى تەسىرلەندۈردى، قەلبىمدە ھاياجان كەلكۈنى تاشتى. شۇڭا، دەس ئورنۇمدىن تۇردۇم-دە،

ئۇنىڭغا قول ئۇزاتتىم.

— كۆڭلۈمدىكى يىگىت ئىكەنسىز، قولىڭىزنى دوستلارچە قىسىشىمغا ئىجازەت بەرگەيسىز!

— ياخشى، ياخشى! — ئۇنىڭ چىرايى ئاپتاپتەك ئېچىلدى، — ئەگەر خالىسىڭىز ئاكا - ئۇكا بولۇپ قېلىشقا چىن كۆڭلۈمدىن رازىمەن.

ئەمدى ئىككىمىز ئۈچۈن سىردىشىشنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلدى. ئۇ مېنىڭ نېمىلەرنى يازغانلىقىمدىن تارتىپ سۈرۈشتۈردى. ئۇنىڭ تۈركىيىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغىنىغا قارىماي، ئانا تىلى بىلەن يېزىقىنى پىششىق بىلىدىغانلىقى مېنى ھەيران قالدۇردى. مەن ياستۇقۇمنىڭ ئاستىدىن بىر پارچە ئەسىرىمنىڭ قوليازمىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم. ئۇ كارىۋات ئۈستىدە يانپاشلاپ ياتقىنىچە ۋاراقلاشقا باشلىدى.

راستىنى ئېيتقاندا، بۇ قوليازما ھەر جەھەتتىن تېخى تولۇق پىشمىغان ئەسەر ئورىگىنالى ئىدى. شۇڭا ئۇنى بېرىپ بولۇپلا ئارقىدىن ئۆز ئۆزۈمنى كايىدىم: «ھەي نادان! توڭ غورىنى خەققە بەرگىنىڭ نېمىسى؟!» مەن ئۇ بىر نېمىدەپ قالسا «ئەپۇ سوراش» ئۈچۈن گەپ تەييارلىغاچ، ئۇنىڭ ئىنكاس قايتۇرۇشىنى تەقەززالىق ئىچىدە كۈتتۈم. لېكىن ئۇ ۋاراق ئۆرۈپ بىر بەتكە كەلگەندە نېمىشقىدۇر توختاپ قالدى ۋە ئارقىدىن «ئاخۇنۇم قاپ بەلدىن...» دېگەندەك «ھىجران» ناملىق بۇ ھېكايەمنى ئوقۇشنى باشلىۋەتتى. ئاردىن ئالاھىزەل بىرەر سائەتچە ۋاقىت ئۆتكەندە ئوقۇپ تۈگەتتى - دە، گەپ - سۆزسىز چوڭقۇر «ئۇھ» تارتىۋېتىپ، بېشىنى ئارقىسىغا تاشلاپ تورۇسقا تىكىلدى. ئۇنىڭ نەپەسى جىددىيلەشكەن بولۇپ ئۇلۇغ-كىچىك تىناتتى. بۇ خىل روھىي ھالەت مېنى ھاڭ-تاڭ قالدۇردى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، سىگارىتتىن بىر تال

تۇتاشتۇردى ـ دە، قاتتىق ـ قاتتىق شوراپ تۇتۇننى پۇۋلىۋې-تىپ دېدى:

—بۇ ھېكايە جايىدا يېزىلىپتۇ. ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋەقە-لىك مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارغا ئەينەن ئوخشايدىكەن.

مەن ئوڭايسىزلىنىپ كەتتىم ۋە ئارانلا شۇنداق دېيەلىدىم:

—نەدىكىنى، زاڭلىق قىلماڭ، پىشمىغان نەرسىنى ئالدى-راپ سىزگە كۆرسەتكەنلىكىمگە پۇشايمان قىلغان ئىدىم.

— ياق، ياق! مېنى بىلمەي ماختاۋاتىدۇ دەمسىز؟ مەنمۇ ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتەلەيمەن، جۇمۇ. سىز ھەقىقەتەنمۇ ياشلارنىڭ ئاق كۆڭۈل دوستى ئىكەنسىز. ھېكايىڭىزدە ياشلار-نىڭ كۆڭلىدىكى گەپلەرنى قىپسىز، يۈرەك ھېسسىياتىنى ئىپا-دىلەپسىز ...

مەن ئوڭايسىزلىنىۋاتقانلىقىمنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئاغزىدىكى گەپنى تارتىۋېلىپ باشقا ياققا بۇرىۋەتتىم:

— بۇ ھېكايىنى مۇكەممەل ئەسەر دېگىلى بولمايدۇ، بىر مۇنچە كەم جايلىرى بار. ئەگەر خالىسىڭىز ئۆز كەچۈر-مىشلىرىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىز قانداق؟

ئۇ دەرھاللا ئىپادە بىلدۈردى:

—بولىدۇ، سىز ئاڭلىسىڭىزلا سۆزلەپ بېرەي.

يىگىت بىر پەس خىيالغا چۆمگەندىن كېيىن، گېپىنى قىسقىرتىپ سۆزلەشكە باشلىدى.

## 3

ئاشۇ چاغلار ئېسىمدىن زادىلا چىقمايدۇ. مەن ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 4 ـ يىللىق كۇرسىدا ئوقۇۋاتاتتىم. ياشلىق تىلەكلىرى ئۇرغۇۋاتقان ھايات گۈلزارىمغا بىر قىز كىرىپ

گەلدى. ئۇنىڭ ئىسمى رەيھان بولۇپ، تۆت يىلدىن بېرى بىر پارتىدا ئولتۇراتتىم. ئۇ مىسىر يازغۇچىسى مەخمۇت تەيمۇرنىڭ ھېكايىلىرىنى بەك سۆيۈپ ئوقۇيتتى، بەزىدە مەكتەپ ئىچىدىكى گۈلزارلىقتا خىيالغا پاتقان ھالەتتە ئۇچرىشىپ قالاتتىم. لېكىن بىز مۇھەببەت توغرىلىق ئېغىز ئېچىپ باقمىغان ئىدۇق.

بىر كۈنى ئۇ بىر پارچە گېزىتنى كۆتۈرگىنىچە قېشىمغا كەلدى. يەنە بىر قولىدا بىر دەستە ئەتىرگۈلمۇ بار ئىدى.

— شائىرچاق، سىزنى تەبرىكلەيمەن، — دېدى ئۇ گۈلدەستىنى ماڭا سۇنۇپ، — بۇ گېزىتكە بېسىلغان شېئىرىڭىز مېنى قاتتىق ھاياجانغا سالدى!

— نېمە دېدىڭىز؟ — مەن گاڭگىرىغىنىمدىن رەيھانغا قاراپلا قالدىم، — مېنىڭ شېئىرىم گېزىتكە چىقىپتىمۇ؟!

— راستىنلا ئۇقمامسىز؟ ئەمىسە ماۋۇ گېزىتنى كۆرۈپ بېقىڭ. بۇ شېئىر سىزنىڭ بولماي كىمنىڭ؟

مەن ھاياجانلىنىپ، قىزنىڭ قولىدىكى گېزىتنى ئېلىپ كۆز يۈگۈرتتۈم. دەرۋەقە يېقىندا يازغان «گۈزەل ئەنقەرە» دېگەن شېئىرىم گېزىتتە ئېلان قىلىنغان ئىكەن.

مەن شۇنچىلىك خۇشال بولدۇمكى، يېنىمدا رەيھان بولمىغان بولسا گېزىتنى باغرىمغا بېسىپ سۆيۈپ كېتىشىم تۇرغان گەپ ئىدى. چۈنكى كىممۇ ئۆز ئىجادىي ئەمگىكىنىڭ تۇنجى مېۋىسىنى مەتبۇئات يۈزىدە كۆرگەندە ھاياجانلانماي تۇرالىسۇن!؟ ئۆزۈمنى قاتتىق بېسىۋالمىغىنىمدا رەيھاننىڭ ئىككى مۈرىسىدىن تۇتۇپ «ياشاپ كەت رەيھان!» دەپ ۋاقىرىۋېتىشىممۇ مۇمكىن ئىدى. رەيھانمۇ ماڭا ئوخشاشلا ھاياجانلىنىۋاتسا كېرەك، كۆزلىرى نۇرلىنىپ، چىرايى گۈلدەك ئېچىلىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ گىلاستەك لەۋلىرىنى يېنىككىنە چىشلەپ قويۇپ:

— بۇندىن كېيىن سىزنى شائىرچاق دېسەم بولامدۇ؟ — دېدى.

مەن ئۇنىڭ ئوماق تەلەپپۇز بىلەن ئىپادىلىگەن بۇ ئۆتۈنۈشىدىن ئىنتايىن زوقلاندىم ۋە شاپتۇل چېچىكى ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈك سېلىنغان نازۇك قولىنى ئالقانلىرىمدا سىيلاپ تۇرۇپ دېدىم:

— بولىدۇ، رەيھان، نېمىدەپ ئاتاشنى ياقتۇرسىڭىز شۇنداق ئاتاۋېرىڭ، ئىختىيارىڭىز!

ئۇ، جاۋابىمدىن رازى بولدى بولغاي، يېقىملىقىنە كۈلۈمسىرەپ قويدى.

كۈتۈلمىگەندە يۈز بەرگەن بۇ ئۇچرىشىش ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سالدى. قەلبىمدە قىزنى ياقتۇرۇپ قېلىش ھېسسىياتى قوزغالغان بولسا كېرەك، ئۇنىڭ گۈزەل جامالىغا مەپتۇن بولغان ھالدا قاپقارا قاش-كۆزلىرىگە، ئايدەك رۇخسارىغا، يېيىلىپ تۇرغان سۇمبۇل چاچلىرىغا، زىلۋا بويىغا تويماي قاراپ كېتىپتىمەن. بۇنىڭدىن قىز ئوڭايسىزلىنىش ھېس قىلدىمىكىن:

— خەير خوش، شائىرچاق! — دېگىنىچە كېتىپ قالدى.

يۈرىكىم ئېچىشقاندەك بولۇپ، بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن، ئېسىمنى يىغىپ بۇ جايدىن كەتتىم.

مەن رەيھانغا مۇھەببەت توغرىلىق ئېغىز ئېچىپ باقمىغان بولساممۇ، لېكىن بۇ خىل ھېسسىيات خېلى بۇرۇنلا قوزغالغان ئىدى. مەن ئاتا - ئانامنىڭ تىككەندەك يالغۇز پەرزەنتى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ بىرەر قىزغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتىم. چۈنكى ئۇلار مېنى كۆزىنىڭ قارىقىغا دەسسىتىپ چوڭ قىلدى، ئۇلارنىڭ ئاغزىغا قارىمىسام، رەنجىتىپ قويىمەن-دە!

رەيھان بىلەن ئۇچراشقان ھېلىقى كۈندىن بۇيان كېچىلىرىمۇ كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئولتۇرسام-قوپسام رەيھاننى ئويلايتتىم. قەلبىم ئەركىن مۇھەببەتكە، گۈزەل

ھاياتقا تەلپۈنەتتى. ئاخىرى رەيھان بىلەن قايتا سۆزلىشىپ، ئۆمۈرلۈك ئىشىمىز توغرىسىدا پۈتۈشكەندىن كېيىن ئاتا - ئانامنى خەۋەرلەندۈرۈش نىيىتىگە كەلدىم.

ئەنقەرەنىڭ 7 - ئاي مەزگىلى ئاجايىپ گۈزەل بولىدۇ. يازنىڭ ئاشۇنداق ئارامبەخش كۈنلىرىدە قىز - يىگىتلەر كۆز چاقنىتىدىغان يېپيېڭى پاپىدالىرىنى قوغلىشىپ، شەھەر سىرتىدىكى كاككۇك گۈللىرى ئېچىلىپ تۇرغان سەھرالارغا، دەريا - دېڭىز بويلىرىغا بارىدۇ - دە، پۇخادىن چىققۇچە ئويناپ-كۈلۈپ ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرىدۇ. بۇ جەريانىدا كەڭ - كۇشادە سۆزلىشىپ، كۆڭۈل سىرلىرىنى ئاشكارىلايدۇ؛ ئۆز ئارا مۇھەببەت ئىزھار قىلىدۇ، چىن سۆيگۈ، ۋىجدان، ئەقىدە، ۋاپادارلىق ناخشىلىرىنى ياڭرىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشلىرىغا يېمىرىلمەس ئۇل سالىدۇ.

مەنمۇ مەلۇم يەكشەنبە كۈنى چىڭقى چۈش مەزگىلىدە ماشىنامنى ئوت ئالدۇرۇپ، رەڭگارەڭ گۈللەر بىلەن قاپلانغان «ئاتا تۈرك» كوچىسىنى بويلاپ ماڭدىم. رەيھانىنىڭ ئائىلىسى شۇ كوچىنىڭ ئوڭ قانىتىدىكى «ئاق ئەتىرگۈل» بىناسىدا ئولتۇراتتى. ماشىنامنى بىنا ئالدىدىكى چىملىقتا توختاتتىم - دە، يەرگە چۈشۈپ، 8 - قەۋەتتىكى تونۇش دېرىزىگە كۆز تىكتىم. شۇ ئەسنادا بىرسى زەر گۈللۈك ئىپەك پەردىنى قايرىپ پەسكە قارىدى. بۇ دەل رەيھان ئىدى! ئۇ مېنى كۆرۈپ ئىللىققىنە كۈلۈپ قويغاندىن كېيىن، «مانا ھازىر» دېگەن ئىشارىنى قىلىپ كۆزۈمدىن غايىب بولدى.

يۈرىكىم ئويناقشىپ كەتتى. رەيھانىنىڭ پاتراق چىقىشىنى تەقەززالىق ئىلكىدە كۈتتۈم. كۆپ ئۆتمەيلا رەيھان يارىشىملىق قول سومكىسىنى بىلىكىگە ئاسقىنىچە قېشىمغا چىقتى. بىز ماشىنىغا ئولتۇرۇپ يۈرۈپ كەتتۇق. مەنزىلىمىز ئەنقەرە شەھىرى

ئەتراپىدىكى داڭلىق باغچىلاردىن بىرى بولغان «پوئاد» باغ-
چىسى ئىدى. بىز بۇندىن بىر ھەپتە بۇرۇن بۆگۈنكى شېھىردىن يەكشەنبىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزۈشكە پۈتۈشكەن ئىدۇق.

مەن لەززەتلىك خىياللار ئىلكىدە ئۆز كارامىتىمنى كۆرسىتىپ، ماشىنىنى شۇنداق تېز ھەيدىدىمكى، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە ئاردىلىقتا ئاسفالت كوچىلار ئارقىمىزدا قالدى. ئەمدى ماشىنا بۆك - باراقسان باغلار بىلەن قاپلانغان سەھرا يولىدا ئالغا ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئېرىقلاردا زۇمرەتتەك سۇ شىلدىرلاپ ئاقاتتى، سۇغا چىلىشىپ تۇرغان چىمەنلەر يېنىك تەۋرىنەتتى. مەن ماشىنىنى سەل ئاستىلىتىپ، كۆزۈمنى ئالدىمدىكى گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىسىدىن يېنىمدىكى رەيھانغا يۆتكىدىم. ئۇ نېمىنىدۇر خىيال قىلىپ، جىمجىت ئولتۇراتتى.

— رەيھان! — ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتىم، — ناخشا ئېيتىپ بەرسىڭىز قانداق؟

رەيھان ماڭا ئېرىنچەكلىك بىلەن قاراپ، سەل ئويلانغاندىن كېيىن ئىنكاس قايتۇردى:

— قايسى ناخشىنى ئېيتىپ بېرەي؟

— ئۆزىڭىز خالىغاننى.

— ماقۇل ئەمىسە.

ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقاندىن بېرى ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىشىم تۇنجى قېتىم ئىدى، مەن ئۇنىڭ بىرەر يەردە ناخشا ئېيتقىنىنىمۇ كۆرمىگەن ئىدىم. شۇنداقتىمۇ ئۇ تۈزۈت قىلىپ ئولتۇرماي ئېيتىشقا باشلىدى:

... ...

ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ،
ئۇپۇقتا يايرىغان كاككۇك.

نىگارى ۋەسلىگە قانماي،
پىغاندا سايرىغان كاككۇك.

سېنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازىڭدىن،
تەبىئەت ئويغىنار كاككۇك.
ۋىسالىغا يەتمىگەن جانان،
تۆشەكتە تولغىنار، كاككۇك...
......

ناخشىنىڭ تېكىستى ئانچە قاملاشمىغان بولسىمۇ، ئاھاڭى شۇ قەدەر مۇڭلۇق ئىدىكى، ئەس - ھوشۇمنى يوقىتىپ، ماشىنامنى يول بويىدىكى ستولبىغا ئۇستۇرگىلى تاس قاپتىمەن.

— ياراپسىز، رەيھان! — دېدىم دەرھال ئۆزۈمنى ئوڭشاپ، — ناخشىغا ھەقىقەتەن ئۇستىكەنسىز. قەلبىڭىزنى سۆيۈپ ئۆتكىسمەس سوزۇك بۇلاققا ئوخشاتسا بولىدىكەن.

— ئاشۇرۇۋەتتىڭىز! — ئۇ بېشىنى چايقاپ سەل نارازى بولغاندەك قىلدى، — ناخشىنى مەندىنمۇ ياخشى ئېيتىدىغان قىزلارنى نېمە دەيسىز، ئەمدى!

رەيھاننىڭ بۇ سۆزى مېنى گاڭگىرىتىپ قويىدى، نېمە دېيىشىمنى بىلمەي، ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلەتتىم. قەلبىمدە خېلى بۇرۇندىن تارتىپ رەيھان ئۈچۈن ئورۇن ساقلاپ كېلىۋاتاتتىم، لېكىن ئۇنى ئاشكارىلىمىغان ئىدىم. رەيھاننىڭ سۆزىدىن مېنى خاتا چۈشىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. بۇنى قانداق بىلدۈرۈش مۇمكىنلىكىنى بىلمەيتتىم.

— ھە، شائىرچاق، ئۈنچىقمايسىزغۇ؟ — رەيھان ماڭا لەپپىدە قاراپ، ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزدى، — ئۆزىڭىز بۇ يەردە بولغىنى بىلەن خىيال قۇشىڭىز باشقا جايدا قانات قېقىپ يۈرەمدۇ - نېمە؟

رەيھاننىڭ بۇ گېپى ئۆيلىغىنىمنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتـ
لىدى. شۇڭا جىددىي تۈردە ئىنكاس قايتۇردۇم:

—نېمىدەيدىغانسىز، رەيھان، مەن ئۇنداق شاختىن
شاخقا قونۇپ يۈرۈيدىغان ئۆجمە كۆڭۈل يىگىتلەردىن ئەمەس!
قەلبىمدە پەقەت بىرلا كىشىگە ئورۇن بار، ئۇ بولسىمۇ سىز.

قىز ۋىللىدە قىزىرىپ، بىر جۈپ شەھلا كۆزىنى ماڭا
تىكتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقى بەئەينى گۈزەل سۈرەتكە
ئوخشايتتى. مەن بولسام مۇھەببەتنىڭ سېھرىي كۈچىنى تۇنجى
بولۇپ ھېس قىلىۋاتاتتىم، شۇنداقلا يەنە ئۆزۈمنى دۇنيادىكى
ئەڭ بەختلىك كىشىلەر قاتارىدا سانايتتىم، خۇشاللىقىم ئىچىمگە
پاتمايۋاتقاندەك ئىدى.

ماشىنامىنى بولۇشىغا قوغلاپ، ھەش - پەش دېگۈچە
«پوئاد» باغچىسىغا يېتىپ كەلدۇق.

ئوچۇق كۆكتە ئاق بولۇتلار خۇددى ئاققۇلاردەك ئۈزۈپ
يۈرەتتى. باغچىنىڭ جەنۇبىدىكى كۆلنىڭ سۈپسۈزۈك سۈيى
مەيىن شامالدا يېنىك چايقىلاتتى. قېيىقلاردا ئۈزۈپ ئوينىشىـ
ۋاتقان جۈپ - جۈپ قىز - يىگىتلەر كىشىنىڭ زوقىنى قوزـ
غايتتى. ئۇلارنىڭ خۇشال كۈلكىلىرى كاككۇك ئۈنىنى ئەسكە
سالاتتى. كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارالچاققا ياسالغان سۈنئىي
تاغ ۋە ئۇنىڭ باغرىدا ئېچىلىپ كەتكەن كاككۇك گۈللىرى،
توز قانىتىدەك يېيىلىپ ياتقان چىملىق كۆزنى قاماشتۇرۇپ،
كۆڭۈللەردە گۈزەل تۇيغۇلارنى ئويغىتاتتى.

رەيھان ئىككىمىز تەبىئەتنىڭ بۇ گۈزەل مەنزىرىسىگە زوقـ
مەنلىك بىلەن قاراپ، قولتۇقلىشىپ ماڭغىنىمىزچە كۆل بوـ
يىغا كەلدۇق - تە، بىر قېيىققا ئولتۇرۇپ، قوشماق ئۆردەكتەك
ئۈزۈپ قاشتىن ئايرىلدۇق. رەيھاننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن،
قېيىقنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردۇم. ئۇ قېيىق ھەيدەشكە

ھەقىقەتەنمۇ ماھىر ئىكەن. ئۇنىڭ پالاقنى چەبدەسلىك بىلەن ئۇرۇشى، ئىللىق كۆلۈمسىرەپ قويۇشلىرى ۋۇجۇدۇمدا لىرىك تۇيغۇ قوزغايتتى. مەن يۈرەك سۆزۈمنى ئۇنىڭغا قانداق ئىزھار قىلىش ئۈستىدە باش قاتۇراتتىم. رەيھان بۇنىڭدىن بىخەۋەر ھالدا يىراققا كۆز تىكىپ، قېيىقنى ئالغا سىلجىتاتتى.

ياشلىقتا يىگىت ئۆزى ياخشى كۆرگەن قىز بىلەن مانا مۇشۇنداق بەختلىك ئۇچرىشىشتىنمۇ ئۆزگىچە لەززەتنىڭ بولۇشىغا ئىشەنمەيمەن. دوستۇم! ئاشۇ مىنۇتلاردىكى خۇشاللىقىمنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشىم ھېلىھەم مۇمكىن ئەمەس. قىسقىسى، ھايات گۈلشىنى چىن مۇھەببەت ئىللىقلىقى بىلەنلا ياشنايدىكەن! ئاشۇ كۈن ئەبەدىي ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

قېيىق سۆيگۈ لەززىتىگە چۆمگەن ئاققۇدەك لەرزان ئۈزەتتى، ئۇنىڭغا «جان» بېغىشلاۋاتقان كۆڭلۈمدىكى ئادىمىم رەيھان بولسا، بىردەم ماڭا تەبەسسۇم ئىلكىدە باقسا، بىردەم رەڭگارەڭ گۈللەرگە زوقلىنىپ قارايتتى. مەن ئۇنىڭغا قىيا بېقىپ، تولۇن ئايدەك گۈزەل جامالىنى تاماشا قىلاتتىم. ئۇ ھەقىقەتەن گۈزەل، لاتاپەتلىك قىز ئىدى.

— جۇنەيدى! — دېدى ئۇ تۇساتتىن، — بۈگۈنكىدەك شېرىن چاغلار بىزنىڭ ھاياتىمىزدا يەنە تەكرارلىنارمۇ؟

— شۈبھىلەنمەڭ، جېنىم! بۇنداق خۇشال چاغلار ھاياتىمىزدا تالاي قېتىم تەكرارلىنىدۇ. مەن سىزنى سۆيىمەن، مېنى بەختلىك قىلىدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنچىم كامىل.

— بۇ گەپ چىن دىلىڭىزدىن چىقىۋاتامدۇ ياكى ...

— ئەلۋەتتە! — ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ ئېيتتىم.

سۆھبىتىمىز گەرچە قىسقا سوئال - جاۋابلىق بولسىمۇ، يۈرەك سىرلىرىمىز يېشىلىپ، ئارزۇ - ئارمانلىرىمىز ئاشكارىلانغان ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئالدىدا مەمەدانلىق قىلىشنى ياقتۇر-

ما يتتىم. چۈنكى يىگىتلەرنىڭ قىزلار ئالدىدا ئۆزىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن تىرىشىشى تەبىئىي، تەمكىن تۇتۇشىمۇ بىر خىل پەزىلەت ھېسابلىنىدۇ - دە!
سەيلىمىزنى غەلىبىلىك تامام لاپ، كەچكە يېقىن شەھەرگە قايتتۇق..

4

جونەيدى سۆزلەشتىن توختىدى ۋە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىقتىپچە كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ خېلىغىچە ياتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى بايىقى خۇشاللىق ئالامەتلىرى ئۆچۈپ، ئورنىنى غەم بۇلۇتلىرىغا بوشىتىپ بەرگەن ئىدى. كۈتۈلمىگەندە كۆز-لىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى. مەن بۇ ھالدىن ھەيران بولۇپ، ئالدىراپ سورىدىم:
— جونەيدى، نېمە بولدىڭىز؟ شۇ كۈنكى سەيلىدىن قايتىپ كەلگۈچە يولدا بىرەر ھادىسە يۈز بەردىمۇ - نېمە؟
جونەيدى مەن سۇنغان چاينى ئىچىپ بىر - ئىككى ئۇتلىغاندىن كېيىن، قولياغلىقىنى چىقىرىپ كۆز يېشىنى سۈرتۈۋې-تىپ دېدى:
— يولدا ھېچقانداق ۋەقە يۈز بەرگىنى يوق. مەن رەيھاننى ئائىلىسى تۇرۇشلۇق بىنانىڭ ئالدىغىچە ئاپىرىپ قويۇپ ئاندىن قايتتىم. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي تويىمۇ قىلدۇق. لېكىن بىزنىڭ بەختلىك كۈنلىرىمىز ئۇزاققا بارمىدى. توي قىلىپ پەقەت بەش يىلچە بىرگە ياشىدۇق. ئۇنىڭ مۇئامىلىسى توي قىلىشتىن بۇرۇنقى گۈزەل چاغلاردىكىدەك بولۇپ، بەش يىل خۇددى بىر كۈندەك ئۆتتى. ئۇ مېنى بەكمۇ ھۆرمەت قىلاتتى، دىل رىشتىمىز شۇنداق باغلانغان ئىدىكى، قاپاق تۇرۇشۇپ باققان چاغلىرىمىزنى ئەسلىيەلمەيمەن. قىسقىسى، مۇھەببىتىمىز

كۆندىن - كۆنگە چوڭقۇرلىشىپ، بەختىيارلىق ئىچىدە ياشىغان ئىدۇق. لېكىن بەش يىلدىن كېيىن، ئارزۇ - ئارمانلىرىمىز توزغاقتەك توزۇپ، ئايرىلىپ كەتتۇق. بۇنىڭغا رەيھاننىڭ تۇغمىغانلىقى سەۋەب بولدى، ئاللا بىزگە بەخت ئاتا قىلغان بولسىمۇ، پەرزەنت نېسىپ قىلمىدى! ماڭغۇ بەرىبىر ئىدى، ئاتا - ئانام شۇنى باھانە قىلىپ رەيھاننى قويدۇرۇۋەتتى.

— كېيىنچۇ؟ — مەن جىددىيلىشىپ سورىدىم.

— ئاتا - ئانام ئەنقەرەدىكى كاتتا بىر باينىڭ قىزىغا ئۆيلەپ قويدى. ھازىر ئىككى ئوغۇل، بىر قىزىم بار. بۇنىڭدىن ئاتا - ئانام بەكلا خۇشال. چۈنكى ئائىلىمىزنىڭ بايلىقىغا ئىگە بولىدىغان ئىز باسار بار بولدى ئەمەسمۇ. لېكىن مەنچۇ؟ رەيھاندىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى ھاياتىمنى ھايات ھېسابلىمايمەن، ئۇ بىر كۈنمۇ ئېسىمدىن چىققىنى يوق. مۇھەببەتنىڭ ئورنىنى ھەر قانداق نەرسە باسالمايدىكەن. رەيھان بىلەن قۇرغان مۇھەببەتلىك ئائىلىمىز ئالدىدا بالىلىرىممۇ كۆزۈمگە كۆرۈنمەيدۇ. ھاياتىم مۇڭ - زار ئىچىدە ئۆتىدۇ، ئائىلىدە تۇرغۇم كەلمەيدۇ. شۇڭا جاھان كېزىشنى ئەلا بىلىمەن. مېنىڭ سودىگەرلىك ھاياتىمدىن ئاتا - ئاناممۇ شۇ قەدەر رازى. كۆرۈپ تۇرۇپسىز، مەندە پۇل - پۇچەك دېسە يەتكۈچە بار. ئەمما پەرزەنت يولىدا پۈتۈنلەي كۆڭلۈم ھىجران ئوتىدا داغلانغان، خۇددى ئېغىز ئالمىغان يارىنىڭ ئازابىنى تارتقاندەك ئازاب ئىچىدە ياشايمەن. زۇرۇرىيەت تۇغۇلمىسا، كىشىلەرگە گەپ قىلغۇممۇ كەلمەيدۇ. قانداق ئادەملىكىمنى ئەمدى بىلگەنسىز، دوستۇم...

*

چەتئەللىك ياتاقدىشىم دەرد - ئەلەمگە تولغان يۈرەك -

باغرىنى ئەنە شۇنداق تۆكۈپ تاشلىدى. ئۇنىڭ مۇھەببەت يولىدىكى سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن مۇڭلانغان كۆڭلى مېنى ئويغا چۆمدۈردى. مەن ئىچىنغان ھالدا ئۆز - ئۆزۈمگە پىچىرلىدىم: «جونەيدى توغرا ئېيتىدۇ! — مۇھەببەت، ئەركىن مۇھەببەت — ئىنسانىنىڭ تېنىدە جۇش ئۇرۇپ تۇرغان جاندۇر. جان — ھاياتلىق، جان — بەخت، جان - چېچەكلەپ تۇرغۇچى ئارزۇ - ئارمانىنىڭ ئۆزى. جاندىن ئايرىلغان تەنىنىڭ ئىنسان ئۈچۈن نېمە قىممىتى بار؟!»

1989 - يىل 3 - ئاي، قاغىلىق.

ئابلەت جۇمە

# ئېتىبارسىز ئالتىجا

# ئاپتوموبىل ئەينىكىدىكى غەلىتە شولا

شەھەر سىرتىدىكى تۆت يول ئاچىلىدا ماشىنا كۈتۈپ تۇرا - تۇرا ھوشۇر قىزنىڭ سەۋرى قاچىسى چېقىلدى. يېرىم كۈندىن بۇيان، نەچچە ئون ماشىنا - ئاپتوموبىل ئۆتتى، لېكىن ھەممىسى كېلىشىۋالغاندەك توختىماي كەتتى. ئۇ، ھەر قېتىم كەلگەن ئاپتوموبىلنى يىراقتىنلا كۆرەتتى - دە، ئۈمىد ۋە زوقتا تولاتتى. ئەمما شوپۇرلار ئۇنىڭ جىددىي ھالىتى بىلەن كارى بولماي ئۆتۈپ كەتسە، لەسسىدە بوشىشاتتى ... ئۇ پۇشايمانغا كانىسىغىچە تويدى، قورسىقى ئېچىپ ئۈچەيلىرى چاپلاشتى. ھەر قېتىم ئۆتكەن ماشىنا - ئاپتوموبىللاردىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزان مەڭزىدە ئۆمۈچۈك تورى، چاچلىرىدا بەئەينى «قىراۋ» ھاسىل قىلىۋەتتى.

«ئېسىت! — دېدى ئۇ بارمىقىنىڭ ئۇچىنى چىشلەپ ئەلەم ئارىلاش ھارغىنلىق بىلەن، — خۇدانىڭ كۈنى تۈگىمىگەندىكىن بۈگۈن شەھەردە ئويناپ، ئەتە ئاپتوبۇستا كەتسەم نېمە بولاتتى ... قانداق قىلاي؟ بۇ كەمگىچە ساقلاپتىمەن، يەنە بىردەم تۇرايمۇ يا؟ ... ئادەم گول نەرسە بولمىسا مەن ئەتىگەندىن بېرى ئاۋارە - ئەخمەق بولامتىم ... تۈنۈگۈنكى يول ھار-

غىنىلىقىمدىن ئەتىگەن ئۇخلاپ قالمىغان ۋە بۈگۈنلا كېتىش قارارىغا كەلمىگەن بولسام مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالاتتىممۇ؟! ...»

ھوشۇر قىز شەھەرگە كىرىپ كېتەي دەپ تۇرغاندا، يەنە بىر يۈك ئاپتوموبىلى يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۈمىدسىز ھالدا قولىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆتۈردى. «ئاھ خۇدا، قۇدرەتلىكسەن، شاپائىتىڭ تەگداشسىز! ...» ئاپتوموبىل ئاستىلاپ يول چېتىدە توختىدى. شوپۇر كۇلۇچنى كۆتۈرگىنىچە كاپىنىكىدىن چۈشتى ۋە ئاپتوموبىلنىڭ ئالدى قاپقىقىنى ئېچىپ، نەرى بىلەندۇ ھەپىلەشكىلى تۇردى. ھوشۇر قىز ھايال ئۆتمەي ئۇنىڭ يېنىدا ھازىر بولدى. ئۇ ئاپتوموبىل ئىشىكىدىكى خەتنى كۆرۈپ، ئۆز يېزىسىنىڭ ئىگەنلىكىنى بىلدى، شوپۇرنىمۇ تونۇدى. لېكىن غەزىپى ئۆرلەپ توپتەك تۇرۇپ قالدى.

— ئۇستام، — دېدى ئۇ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، — مېنى ئالغاچ كەتسىڭىز. ئۇستىگە چىقىۋالسام مۇ مەيلى!

— نەگە باراتتىڭىز؟ — دەپ سورىدى شوپۇر خوش ياقمىغان ھالدا ئەزمىلىك بىلەن ئۇنىڭغا قارىۋالغاندىن كېيىن چىرايىنىمۇ ئاچماي.

— تېرىمغا — ئۆيۈمگە باراتتىم.

— تېرىمدا كىمنىڭ قىزى بولىسىز؟

— ئاۋۇت ئاخۇننىڭ.

— ھوي، ئاشۇجىنىڭ قىزىمۇ؟ ھە ... بىر يەردە كۆرگەندەك قىلدىم، ئېسىمگە ئالالماپتىمەن، — دېدى شوپۇر بىردىنلا ھاياجانلىنىپ،

— ھە... — دېدى ھوشۇر قىز كۇتۇلمىگەن كەيپىياتتىن گاڭگىراپ.

كاپىنىكىدە شوپۇر بىلەن ئۈچ ئادەم، ئۇستىدە لىقمۇلىق پىششىق خىش بولغاچقا، ھوشۇر قىز شوپۇرنىڭ ئۆزىنى

ئالماي كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن بولسىمۇ، لېكىن «ئۆز دادىسى — ئاشۇجى»گە شوپۇرنىڭ نەقەدەر ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى ئەجەبلەنمەستىنلا بىلىۋالدى - دە، ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشتى. يالغۇز بۇ شوپۇرلا ئەمەس، يېزىدىكى ھەممىلا كىشىنىڭ يېزا سېكرېتارلىرىنى ئەۋلىيادەك بىلىدىغانلىقى ھوشۇر قىزغا سىر ئەمەس، ئەلۋەتتە.

شوپۇر شاگىرتىغا ھوشۇرقىزنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى ئەكەلدۈردى ۋە ئۇنى خىش ئۈستىگە چىقىرىۋەتتى. ئۇستازىنىڭ بۇ خىل خۇسۇسىيىتىگە كۆنۈپ قالغان ياۋاش بىچارە شاگىرت قاپىقىنى تۈرگەن پېتى ئۆزىنى خىش ئۈستىگە تاشلىدى، ھوشۇر قىز بولسا كابىنكىدىن ئورۇن ئالدى، ئاپتوموبىل قوزغىلىپ، گۈركىرەپ مېڭىپ كەتكەندىلا، ھوشۇرقىز يەڭگىل تىن ئالدى. ئەمما بايا شوپۇرنى كۆرۈپلا كاللىسىغا كىرىۋالغان مۇنداق بىر ئىش ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيتتى:

مۇندىن بىر نەچچە يىل بۇرۇن، مۇشۇ شوپۇر ھوشۇرقىزنىڭ تاغىسىنىڭ 2000 دانە قوغۇن - تاۋۇزىنى ناھىيە بازىرىغا يۆتكەپ بېرىشكە ۋەدە بەرگەن. لېكىن بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئۆتۈپ، يەنە بىر قانچە كۈنگىچە ساقلىتىپمۇ ئېتىز بېشىغا بارمىغان. ھوشۇرقىزنىڭ تاغىسى جىلە بولغىنىدىن ۋېلىسىپىت بىلەن يول يۈرۈپ، شوپۇرنى ئۆيىدىنمۇ تاپالمىغان، سۈرۈشتۈرۈش نەتىجىسىدە بىر باشلىقنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ يېزا بازىرىدىكى قىغىنى ئېتىز بېشىغا ئاپىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇنى شۇ يەرگىچە ئىزدەپ بارغان. دەل شۇ چاغدا شوپۇر ئىشىنى تۈگىتىپ كېتەي دەپ تۇرغاچقا، ئۇنى كۆرگەن بولسىمۇ قاراپمۇ قويماي كېتىپ قالغان. ئەسلىدە شوپۇر يەنە بىر باشلىقنىڭ ئوغلىغا قىز يۆتكەشكە ماڭغان ئىكەن. شوپۇرنىڭ «ماۋۇ ئىش مۇنداقتى» دەپمۇ قويمىغىنىغا قورسىقى كۆپكەن بۇ ئادەم

غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، «ماشىنىسى بار ئادەم ھەم باش-
لىق دېگەن شۇنداق بولىدىغان بولسا ... قاچان تۈگەر مۇشۇن-
داق ئىش؟!...» دېگەن ئىدى. شۇ چاغدا ھوشۇرقىزمۇ بۇنى ئاڭلاپ
قاتتىق نەپرەتلەنگەن ئىدى. شۇ ئىشتىن تارتىپ ھوشۇرقىز بۇ
شوپۇرنى ئىچ-ئىچىدىن يامان كۆرۈپ كېلىۋاتاتتى. بىر
تۇغقىنى بىلەن توي قىلىپ خوتەنگە كەتكەن ئىككى يىل ما-
بەينىدە ھوشۇرقىز بۇ شوپۇرنى بىرەر قېتىممۇ ئۇچراتمىغان
ھەم بۈگۈن مۇنداقلا ئۇچرىشىپ قېلىشىنى زادىلا خىيال قىل-
مىغان ئىدى.

كۈن غەربكە باش قويغان، يېشىللىققا پۈركەنگەن يېزا
قوينى كەچكى شەپەق نۇرىدا ئۆزگىچە تۈسكە كىرگەن چاغ.
ھوشۇرقىز بۇ چەت-خىلۋەت جايدىكى ئانا يۇرتىنىڭ قوينىغا
كىرگەندە، ئۇنىڭغا ئەڭ تونۇشلۇق بولغان ئەينى يىللاردىكى غۇژ-
مەك-غۇژمەك توغراقلار، پاكار-پاكار جىگدىلەر بىردىنلا
چۆكىسىپ قالغاندەك ئالاھىدە يېگىلىق بولۇپ تۇيۇلدى، قەلبى
ھاياجانغا تولدى. ئۇ پەقەت ئاپتوموبىلدىن چۈشىدىغان يەرگە
كەلگەندىلا ئېسىنى يىغدى ۋە شوپۇرغا:

— مۇشۇ يەردە چۈشۈپ قالاي، ئۇستام، — دېدى ئۆتۈ-
نۈش تەلەپپۇزىدا.

بۇ كۈتۈلمىگەن گەپتىن ھەيرانلىق ھېس
قىلغان شوپۇر تورمۇزنى دەسسىدى. ئاپتوموبىل يېزا مەركىزى-
دىن 3 — 4 كىلومېتر يىراقلىقتىكى يول ئاچىلىدا توختىدى.

— نەگە بارماقچىسىز ئۆيگە بارماي؟ — دەپ سورىدى
شوپۇر.

— كۆتەكلىكتىكى چوڭ ئانامنىڭ ئۆيىگە بارىمەن.

شوپۇر ئا شۈجىنىڭ كۆتەكلىكتە ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بار-
لىقىنى بىلەتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ قەيەردىلىكىنى
بىلمەيتتى.

— بازاردىكى ئۆيگە بۆگۈن بارمامسىز؟
— چوڭ ئانام ئاغرىپ قاپتىكەن، ئەتىگەن دادامغا تېلېفون بەرگەندە بۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ شۇ ئۆيگە كەتكەنلىكىنى ئېيتقان، شۇڭا چوڭ ئانامنىڭ ئۆيىگە بارمىسام بولمايدۇ.
— شۇ تەرەپكە كېتىدىغان بىر نەرسە چىقىپ قالسا ئۇيدان بولاتتى، قانداقمۇ كېتىپ بولارسىز؟!
— بۇ يەرگىچە كېلىۋالدىم. ئەمدى مېڭىپمۇ بولسا كېتەرمەن.
شوپۇر سەل ئويلاندى ۋە:
— ئاپىرىپ قويۇپ كېلەي، — دېدى - دە، ھوشۇرقىزنىڭ «بولدى، رەھمەت ئۆزۈم كېتەي» دەپ تۇرۇۋاتقىنىغا قارىماي ئاپتوموبىلىنىڭ رولىنى بۇرىدى.
ئۇلار بىر ھازادىن كېيىن، كۆجۈمگىنە مەھەللە ئارىلىقىدىكى يولدا توختىدى، ھوشۇرقىز ئاپتوموبىلدىن نەرسە - كېرەكلىرىنى سۇنۇۋالدى ۋە كىرا ھەققى تۆلىمەكچى بولۇپ ئالدىراش يانچۇق كولاشقا كىرىشتى. بۇنى كۆرگەن شوپۇر:
— بولدى، بولدى! يانچۇق كوچىلاپ ئاۋارە بولغۇدەك ئىش بولمىدى، سىز ئۆزۈمنىڭ قىزىغا ئوخشاش، پۇل ئالسام قانداق بولىدۇ؟ دادىڭىزغا مەمەت شوپۇر ئەكىلىپ قويدى، دېسىڭىز، خوش بولسا، ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ھىممەت بولامدۇ بىزگە، مەنمۇ كۆرۈشۈپ قالسام، سىزنى ئەكىلىپ قويغانلىقىمنى دەيمەن، — دېدى رازىمەنلىك بىلەن.
— شۇنداق بولسىمۇ، ئۇستام، ئەمدى، ماشىنىنىڭ يېغى بىكارغا كەلمەيدۇ ھەقاچان ...
— سىزنى ماشىنىغا ئېلىۋالغانلىقىغا ماي كۆپ كۆيۈپ، بولمىسا ئاز كۆيىدىغان ئىش يوق، بەرىبىر ئوخشاش، سىزنى ئەكىلىپ قويغانغا پۇل ئالىدىغان بولسام ... نى - نى ئىشلارنى

خالىس قىلىشىۋېتىمەن، ماڭغان - تۇرغىنىمنىڭ ھەممىسىگە پۇل ئېلىپ كەلسەم، بايلىققا تىنىپ كەتمەمدىمەن!؟ كونىلار: «قولۇڭغا كەلگەندە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىپ قوي» دەپتىكەن. بۇ ماشىنىنى ھۆددىگە ئالغان 4 — 5 يىلدىن بۇيان، مەندىن باشقا ئادەم بولسا، پۇلنى تەكىيە قىلىپ ياتقان بولاتتى، مەنچۇ؟ «قولى ئوچۇقنىڭ غولى ئوچۇق» دەپ، ئۆزىنىڭكىنى ئۆزىگە ياماپ، ماشىنىنى ماڭغۇزۇۋاتىمەن، مۇشۇ بىر قانچە يىل ئىچىدە نەدىكى بىر ئادەملەرمۇ يوق ئىشلارنى قىلىپ بايلىققا تىنىپ كەتتى، مەن ئۇلاردەك پۇل - مالنى دوست تۇتقان ئەمەس. مەن يۈز - ئابروي، ئىناۋەتنى ئەلا بىلىمەن... چۈنكى، جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان، دەپتىكەن كونىلار. خەق ھەممىدىن پۇل ئەلا دەيدۇ. يۈز - ئابروي بولمىسۇن قېنى، پۇل نەدىن كېلىدىكەن، پۇل تۆكسەڭمۇ يۈز - ئابروي بولمىسا كىم يېقىن كېلىدىكەن! ... پۇل تۆكەيدۇ، يۈز - ئابروي تۆكمەيدۇ. چوڭ بايلىق شۇ...

ھوشۇر قىز پۇل تەگلەشكە ئامالسىز قالدى ۋە كۆپ رەھمەت ئېيتتى.

— نەرسە - كېرەكلىرىڭىزنى شاگىرتىم ئەكىرىپ بەرسۇنمۇ؟

— ياق، رەھمەت، ئۆزۈم ئەكىرەلەيمەن، — دېدى ھوشۇر قىز، — ھېلىمۇ كۆپ ئاۋارە قىلدىم، ئۆيگە كىرىپ كەتسىڭىز بولاتتى، ئۇستام.

— مېنىڭمۇ چوڭ ئانىڭىزنى يوقلاپ كەتكىم بارتى، — دېدى شوپۇر ئۆزرە ئېيتىپ، — لېكىن كەچ كىرىپ قالدى. خىشنى بۈگۈن چۈشۈرۈۋەتمىسەم بولمايتتى. شۇڭا ئالدىراپ قالدىم. كېيىن يوقلارمەن.

— ماقۇل ئەمسە، ئۇستام.

شوپۇر ئاپتوموبىلنى ياندۇرۇۋاتقاندا يول ياقىسىدىكى دەرەخلىك ئارىسىدىن پۇشقاقلىرى تۈرۈلگەن، بىسى پارقىراپ تۇرىدىغان كەتمەننى مۈرىسىگە سالغان، ئۇچىسىدىكى كونا چاپاندىن مۈرىلىرى چىقىپ قالغان، 50 ياشلاردىكى بىر كىشى ئاپتوموبىل يېنىغا كېلىپ توختىدى ۋە:

— هوي، هوشۇرقىز مۇسەن، جېنىم بالام، — دېگىنىچە يول چېتىدە تۇرغان هوشۇرقىزغا ئۆزىنى ئاتتى.

— دادا ...

ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياش مەڭزىدە ئۆركەش ياسىدى. شوپۇر ئاپتوموبىلنىڭ ئارقا تەرىپىنى كۆرسىتىدىغان يۇمىلاق ئەينەكتىن بۇ هالەتنى ئەينەن كۆردى ۋە هاڭ-تاڭ قالدى. ئۇنىڭغا گوياكى يۇمىلاق ئەينەكتىن غىل-پال كۆرۈنگەن هېلىقى شولا ئاشۇ يۇمىلاق ئەينەككە مەڭگۈلۈك هەمراھ بولۇپ قېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى-دە، ئۆزىگە شىۋىرلىدى: «مېنى ئاشۇ دېهقاننىڭ قىزى ئەخمەق قىلغانمىدۇ؟»

1986 – يىل، قەشقەر – يوپۇرغا.

# كەمبەغەل

قوشنىسى نامەتنىڭ نىيىتى بۇزۇلغانلىقىنى ئەخمەت يىبقىنىدىلا ئۇقتى. دەرۋەقە، نامەت ئەخمەتنىڭ «ئەخمەق» لىقىدىن ئوبدان پايدىلاندى- دە، يامان نىيىتىنى كۆڭۈل چونتىكىدە مەخپىي ساقلىدى. نامەتنىكى ھەسەتخورلۇقنىڭ كۆچلۈك ئوتى ھامان ئەخمەتنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتىشمۇ دەردى چىقمايدىغان قىلىۋەتكەن ئىدى. بۇ ئوت ھەمىشە ئۇنىڭ باغرىنى ئۆرتەيتتى. بەزىدە ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزەتتى. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ كىچىككىنە بىر ئىشتىن ئەخمەتكە شۇ قەدەر ئۆچ بولۇپ قېلىشىنى ئويلىغاندا بولسا، گاڭگىراپمۇ قالاتتى.

ئەخمەت بولسا، نامەتنىڭ نائىنساپلىقىنى سەزگەندىن كېيىن، ئۆزى قىلغان قايسى ئىشنىڭ نامەتنى خاپىلىققا سېلىپ قويغانلىقىنىڭ، قايسى زىيان ـ زەخمىتىنىڭ نامەتتە ھەسەت قوزغاپ قويغانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي، ئاجايىپ بىئارامچىلىق ئىچىدە قالغان ئىدى. ئەخمەت ئېتىزلىقتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ ئاشۇلارنى خىيال قىلىپ كۆڭلى يەنە غەش بولدى. ئۇ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە، ئۆيىنىڭ يان تەرەپتىكى تېمىغا بارغىچە چىقىرىلغان ئۆزۈملۈكىدە بىر قانچە توخۇنىڭ پالاق-

شىغىنىنى ئاڭلاپ قالدى. توخۇلارنىڭ نامەتنىڭ توخۇلىرى ئىكەنلىكىدە گۇمان يوق ئىدى. ئەخمەت هويلىغا كىرىپ، توخۇلارنى قوغلاپ چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، كۆڭلىگە بىر ئىشنى پۈكتى - دە، كەتمىنىنى هويلىدا قويۇپ، نامەتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا باردى. هويلىدىن نامەتنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— قېنى سەنۇي مەمەت، ماۋۇ توخۇلار يەنە پەيدا بولدى، ماڭ، يۈگۈرە قوغلاپ چىقىرىۋەت، ئۈزۈم تېرىدىپ يەپ پىتلانسۇن!

نامەتنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئەخمەت بۇتتەك قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىنى گويا تۈگمەن تېشى بېسىپ تۇرغاندەك هېس قىلدى ۋە ئەلەم بىلەن ئارقىسىغا يېنىشقا مەجبۇر بولدى. نامەتنىڭ بايىقى سۆزلىرىدە ئەخمەت بەرداشلىق بېرەلمىگۈدەك زەهەرخەندىلىك يوشۇرۇنغان ئىدى.

ئۈزۈم چېكىلگەندىن بېرى، نامەتنىڭ توخۇلىرى ئەخمەتنىڭ ئۈزۈملىرىنى يەپ، خېلى خوپ خاپا قىلدى. بۇ ئىش هەر يىلى يۈز بېرەتتى. ئەتىياز پەسلىدە بولسا، ئۆۋي ئۆپچۆرىسىدىكى زەل - زىرائەتلەرمۇ توخۇلارنىڭ دەستىدىن نابۇت بولاتتى. ئەخمەت بىر - ئىككى سىقىم دانىغا «د. د. ۋ» ئارىلاشتۇرۇپ تال باراڭ ئاستىغا چېچىپ، توخۇلارنىڭ ئەدىبىنى بەرىسىمۇ بولاتتى. ئەمما كۆڭلى ئۇنداق قىلىشقا ئۇنىمىغانلىقتىنمۇ ياكى جېدەل - ماجىرا تېرىلىپ قېلىشتىن قورققانلىقتىنمۇ ۋە ياكى نامەتنىڭ ئىچى كۆيەكلىكىنى ئۇقمىغانلىقتىنمۇ، ئەيتاۋۇر، ئۇنداق قىلمىغان ئىدى. ئەخمەت توخۇلارنى ۋاقتىنچە سولاپ قويۇپ تۇرۇشنى نەچچە قېتىم ئۆتۈندى. نامەت: «ماقۇل، شۇنداق قىلاي» دېگەن سەۋرچان پوزىتسىيىدىن زادىلا قاچمىدى. مانا مۇشۇنداق ئاغزاكى ئوبدان مۇئامىلە ئەخمەتنى ئامالسىز هالغا چۈشۈرۈپ قوياتتى. لېكىن ئەخمەت نامەتنىڭ مايمۇن

ئويۇنى ئويناپ، توخۇلىرىنى قەستەن چىقىرىۋېتىپ، «بىز يوق چىقىپ كېتىپ قاپتۇ» دېگەندەك يالغان - ياۋىداق سۆزلەر بىلەن ئىشنى ئوڭشاپ كېتىۋاتقىنىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدى. ئۇ بۈگۈن نامەتكە توخۇلارنىڭ كاتەكنى پۇختا قىلىپ سېلىپ بېرىش، ھەتتا سولاقتىكى ۋاقىتلىرىدىكى دانپانلىرىنى ئۆزى ھەل قىلىپ بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئۇنىڭ يېنىغا ماڭغان ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇ كۈتمىگەن نەتىجىگە ئېرىشىپ قالدى. ئەخمەت نامەتنىڭ ئاغزىدىكى «ھى - ھى» نىڭ، مۇئامىلىسىدىكى ئىللىقلىقنىڭ تېگىگە يوشۇرۇنغان غەرەزنى مانا ئەمدى چۈشەندى ۋە بۇنى خورلۇق ھېس قىلدى. يەنە ئۆز كۆڭلىگە ھاي بېرىپ: «سېنىڭ مۇشۇ بىر قانچە توخاڭ مېنىڭ شۇنچىۋالا كۆپ ئۈزۈملىرىمنى يەپ بولالارمۇ؟ يەپ باقسۇن، قېنى قانچىلىك يەيدىكىن، قانداق يەيدىكىن، مەن بىر كۆرۈپ باقاي!...» دەپ ئويلىدى ئۇ ئارقىسىغا يېنىۋېتىپ.

لېكىن، خام سۈت ئەمگەن بەندىنىڭ خىيالى، تۇتقان يولى ئوخشاش بولمايدۇ-دە! نامەت ئەخمەت ئويلىمىغان، كۈتمىگەن يەردىن چىقىپ، ئۇنى تېخىمۇ ھاڭ - تاڭ قالدۇردى: ئۈزۈملەر شىرنە باغلاپ پىشىشقا باشلىۋېدى، نامەتنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ يىغىلدى. سوراپ يېسىمۇ، ئاشكارا كىرىپ ئۈزۈپ يېسىمۇ ئەخمەت چىرايىنى تۈرمەس ئىدى. چۈنكى بۇنداق ئاشكارىلىقنى قوشنىدارچىلىقنىڭ، تەڭتۇش بۇرادەرچىلىكنىڭ ئىپادىسى دەپمۇ بىلگەن بولاتتى. لېكىن نامەت ئۇنداق قىلمىدى. ئۇ ھەدېسىلا ئەخمەتنىڭ ھويلىسىغا ئوغرىلىقچە كىرىپ ئۈزۈم ئەپچىقىپ يېدى. ھەتتا قانچە قېتىم بالىلىرىنى كىرگۈزۈپ، ئۈزۈملەرنى نابۇت قىلدى، بۇ ئىشلار ئەخمەتنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ مالال قىلدى.

ئەخمەت ئالدىراش بولۇپ كېتىپ ئۈزۈم بارىڭى ئاستىغا

كىرەلمىگىنىگە بىر قانچە كۈن بولغان ئىدى. ئۇ بۈگۈن كىرىپ قىبتىپلا قالدى: سانجاق - سانجاق ئوخشاپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە شادلىق تۇيغۇسىنى پەيدا قىلغان ئۈزۈملەر، ھالا بۇ كۈن ساپاقلىرى شالاڭلاپ، دانلىرى يەرگە چۈشۈپ سىبىسشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، يۈرەك - باغرى ئۆرتىنىش ئىچىدە قالدى. ئاچچىق ئەلەم، ئۆچ ئېلىش تۇيغۇسى ئۇنى چوماق يېگەن يىلاندەك تولغاندۇرۇۋەتتى. «ھەي نامەت! قاراپ تۇرۇپ مۇشۇنچىمۇ قىلىشۋېتەرسەنمۇ؟ بۇ ئۈزۈملەر سېنىڭ بولغىنىدا، شۇنچىلا نابۇت بولسا چىداپ تۇرالارمىدىڭ؟ مەن ساڭا نېمە يامانلىق قىلغان؟ نېمە يامانلىق؟ بولدى، ئەمدى مەنمۇ چىداپ تۇرالمايمەن!...» دەپ ھەسرەتلەندى ئۇ ئۆز كۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ ۋە چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە باراڭ ئاستىدىن ئاستا چىقىپ كەتتى.

× ×

نامەتنىڭ پۈتى خېلى ياخشىلىنىپ، دوختۇرخانىدىن چىقىپ كەتسە بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئەخمەت ئات ھارۋىسىنى ئېلىپ بېرىپ، نامەتنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ ماڭدى. نامەت ھارۋىدا كېتىۋېتىپ ئەخمەتتىن:

— قانچە پۇللۇق داۋالىنىپتىمەن؟— دەپ سوراپ قالدى.

— ناھايىتى 120 يۈەن 33 پۇڭلۇق!

— خىراجەتكىمۇ كەتتى بىرمۇنچە،— دېدى نامەت قايغۇلۇق تەلەپپۇزدا،— ئۆيدە يېتىپ ساقايسامۇ بوپتىكەن...

— جان تەندە ئامان بولسا، پۇل دېگەن تېپىلىدۇ، ئاداش،— دېدى ئەخمەت ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ.

نامەتنىڭ كۆزلىرىدىن ئەلەم ۋە چىدىماسلىق، داۋالانغىنىغا پۇشايمان قىلىۋاتقانلىق ئىپادىسى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە «يەلكەمگە بىر مۇنچە قەرز ئارتىۋالدىم، قانداقمۇ تۆلەرمەن...» دەپ ئەندىشە قىلىۋاتاتتى.

— تولا غەم قىلما، كەتكەن چىقىمنىڭ ھەممىسى ماڭا ھېساب!— دېدى ئەخمەت، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنگەندەك.

— ئۇنداق قىلساق بولماس؟— دېدى نامەت تىكىلىپ قىلغان كۆزلىرىنى ئەخمەتكە تىكىپ.

— بۇ جىق گەپ، نېمىشقا دېسەڭ، مەن بۇ يىل كۈزدە 1000 يۈەن ئايرىپ نامراتلارغا ياردەم قىلماقچىدىم، بۇنداق دېسەم، «سېنىڭ پۇلۇڭغا موھتاج بولۇپ قالدىممۇ مەن...» دەپ رەنجىپ يۈرمە. شۇنىڭ قىبتىغا سېنىڭ داۋالىنىش راسخوتىڭنى كىرگۈزۈۋېتىمەن.

نامەت لام - جىم دېمەي تەن بەردى، ئۇ ئاپىسىزلانغان ھالدا ئەخمەتتىن كۆزىنى يۆتكىدى، خىيالغا پاتتى، قانداقتۇر بىر خىل ھەسرەت تۇيغۇسى ئىچ - ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقاندەك بولدى.

بۇ ھەقىقەتەنمۇ كۈتۈلمىگەن بىر ئىش ئىدى: بۇنىدىن ئون نەچچە كۈن بۇرۇنقى بىر ئاخشىمى نامەت كەنجى قونىقىغا سۇ قويۇۋاتقاندا يار ئېلىپ كەتكەن سۇنى ئېتىۋالىمەن، دەپ ئالدىراپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن ئوڭ پۇتىنىڭ دۈمبىسىنى كېسىۋالغانلىقتىن، قان توختىماي دوختۇرخانىغا ئاپىرىشقا توغرا كەلدى. ئەخمەت ئات ھارۋىسىنى قوشتى - دە، نامەتنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى ۋە ئۇنىڭ پۇتىنى سەككىز يىپلىق قىلىپ ياماتتى، ياتاققا ئالدۇردى. ئاندىن ئۇبدان داۋالىنىشىنى تاپىلاپ، قولىغا 100 يۈەن پۇلنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ قايتىپ كەلدى، ھەر كۈنى ئۇبدان تائاملارنى ئەتكۈزۈپ،

ئۆزى بارالمىغاندا ئايالىدىن ئەۋەتىپ، نامەتنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالدى، كەنجى قونىقىنى سوغىرىپ قويدى. بۇنداق قىلىش ئەخمەتنىڭ نەزەرىدە قوشنىدارچىلىق ۋە ئاغىنىدارچىلىقنىڭ بەلگىسى ئىدى.

قىرىشقاندەك، شۇ كۈنلەردە ھاۋا ئىنتايىن ئىسسىپ كەتتى. نامەتنىڭ پۇتىمۇ تېخى پۈتۈنلەي ساقىيىپ كەتمىگەچكە، ئۆيدە چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ دىمىقتا يېتىشقا ۋە ياكى باشقا جايلارغا دىڭگوسلاپ بېرىپ سالقىنداپ كېلىشكە توغرا كەلگەن ئىدى. ئەخمەت بۇنى بىلگەندىن كېيىن يەنە قاراپ تۇرمىدى: ئۇ تال - بارىڭ ئاستىنى ئادالاپ، ئىككى دانە كارىۋاتنى توختاتتى ۋە بىرىدە نامەت ئارام ئالىدىغان، يەنە بىرىدە ئۆزى ئارام ئالىدىغان قىلىپ راسلاپ، نامەتنى سالقىن، خاتىرجەم ئارام ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بۇ ئىشى نامەتنى قاتتىق ھاياجانغا سالدى، ھەتتا چىدىغۇسىز ئوڭايسىزلاندۇردى.

— سەن بەش - ئالتە يىلدىن بېرى جاپانىمۇ بولۇشىغا تارتتىڭ، مانا ئەمدى راھىتىنى كۆرۈۋاتىسەن، — دېدى نامەت بىر كۈنى چۈشتە ئەخمەتكە، — ئۆي چۆرىسىدىن يەر ئېچىپ، نۇرغۇن داۋۇ - دەرەخ تۇتقازدىڭ، باغ قىلدىڭ، چارۋا بورداپ ساتتىڭ، قىشنى قالدۇرۇق، ھۆددە يەرلىرىڭگە تۆكۈپ، قوغۇن - تاۋۇر، كېۋەز تېرىپ ئوخشىتىپ سېتىپ باي بولۇپ كەتتىڭ. مەن ساڭا قارىغاندا راستىنلا بېچىمبوش ئىكەنمەن. نېمىشقا دېسەڭ، مېنى كەمبەغەللىك، سېنى بايلىق باستى. ئويلىسام، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تەڭ تۈگەتتۇق، تەڭ دېگۈدەك ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولدۇق. ئۆي ئايرىپ چىقىپ، ئۆينىمۇ بىر يەرگە سالدۇق. ئۆي ئورنىمىز، مەرايىمىزمۇ ئوخشاش، لېكىن مەن ساڭا ئوخشاش كەتمەن چاپماي، ھۇرۇنلۇق

قىلغاچقا، سىنىڭ ئۆيۈڭ كۈن چۈشمەيدىغان بوستان ئىچىدە، مېنىڭ ئۆيۈم بىر تاقىر دۆڭنىڭ ئۈزى. قايسى كۈندىكى ئىش ئۈستى نەقمەيدان يىغىنىدا خەقنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا سېكرېتار: «قاراڭلار، ئەزالار، مۇشۇ نامەتنىڭ ئەخمەتتىن نەرى كەم؟ بۇ قايسى كۈنى نومۇس قىلماي مېنىڭ يېنىمغا بېرىپ، نېمىدەيدۇ دېمەمسىلەر؟ «مېنى نامراتلارنى يۆلەش ئوبيېكتى قىلىپ قويىسىلەر.» بۇ گەپتىن ئىمانىم ھۆكتى. مۇشۇ نامەت ياپياش تۇرۇپ ھۆكۈمەتنى ئېمەمەن دېسە بولامدۇ؟ نامراتلىق تۈگمەن تېشى، كۆزىدىن قۇرىمايدۇ غەم يېشى، دېگەندەك ئىڭراۋەرسەك بولامدۇ؟ ھۇرۇنلۇق قىلساق، پەم ئىشلەتمىسەك، كەمبەغەللىكتىن قۇتۇلۇش مۇمكىنمۇ؟ كونا نامراتلارنى بىر باشقا ئەپچىقالماي ۋاتقاندا، يېڭىدىن يېتىشىپ چىقىۋاتقان نامراتلارغا ئورۇن بەرسەك بولمايدۇ، بۇ ئۇيات ئىش!» دېدى. ئىزا ـ ئەلەمگە ئۆلمىدىم، ئۇنىڭدىن بېرىسى بولدى، ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ يۈرىكىم ئېزىلدى، ئىچىمدە سېكرېتارنى بىر مۇنچە تىللىدىم. مانا ئەمدى ئويلىسام، سېكرېتارنىڭ دېگىنىمۇ خاتا ئەمەسكەن. مەن شۇ تاپتا: «كەمبەغەلنىڭ كۆڭلىمۇ كەمبەغەل بولىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ قېلىۋاتىمەن.

نامەت، سېكرېتارنىڭ شۇ تەنقىدىدىن كېيىن، ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا ئەخمەتنى يامان كۆرۈپ قالغان ئىدى. راست ئەمەسمۇ، تەڭتۇشى ئەخمەت ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتمىگەن بولسا، ئۇ شۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، ئاھانەتكە قالارمىدى؟ ھەسەتخورلۇق، ئىچى كۆيۈكلۈك ئۇنى ھېلىقىدەك ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى. ئەخمەتنىڭ كۆيۈنۈشلىرى، ھېسداشلىقلىرى ئۇنىڭغا ساختىلىقتەك تۇيۇلۇپ، ئۆچىنى ئەخمەتكە زىيان ئۇرۇش بىلەن ئالماقچى بولغان ئىدى...

باياتىن بىرىنچى گەپلەردىن ئەخمەت ھەممىنى چۈشەن-گەندەك بولدى ۋە:

— ئۇنداق دىمە، گەرچە سەن ئىقتىسادىي جەھەتتىن كەم-بەغەلدەك كۆرۈنسەڭمۇ، روھىي جەھەتتىن يەنىلا باي سەن! — دىدى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ.

بۇ گەپ نامەتنى ھاياجانغا سالدى. ئۇ ئۆزىنى مانا ئەم-دى يەڭگىل ھىس قىلدى. ئۇنىڭ ھەسەت ۋە ئۆچمەنلىك ئوتىدا پۇچىلانغان قەلبى شاپائەت تەگرىسى تەرىپىدىن داۋالىنىۋا-تاتتى. ئەخمەت ئىشنىڭ ئاخىرقى ھىساپتا مۇشۇنداق بولۇشى-نى كۈتكەن ئىدى. ئۇنىڭدا نامەتكە نىسبەتەن ئۆچمەنلىك چىب-كىگە يەتكەندە، ئۇنى رەسۋايى ئالەم قىلماقچى بولغان ئىدى، لىكىن سەھەرا ئاسمىنىدەك كەڭ ۋە ساپ كۆڭۈللۈك، كەڭ قورساقلىقنى ئەلا بىلدى. ئۇلار ئاشۇنداق غەم ۋە ئادا-ۋەتنى ساقلاپ قىلىشۋەرسە، بۇ غەم - ئاداۋەت باللىرىدىن نەۋ-رىلىرىگە داۋام ئەتكەن بولار ئىدى. مانا ئەمدى ئىش ئوڭىدىن كەلدى: ئەخمەتنىڭ باي بولۇۋىرىشى، نامەتنىڭ كەمبەغەل ئۆتۈۋىرىشى ئەخمەت ئۈچۈن ئوغۇل باللىچىلىقتا مۇخالىپ ئىش ئىدى. شۇ تاپتا، ھەر ئىككى يۈرەك ھاياجاندا تىپچەكلەيتتى. ئەخمەت نامەتنى رىغبەتلەندۈردى:

— مەن سىنى باي بولۇشقا يېتەكلەشنى ئويلىغان. مۇ-شۇ ئۈزۈملەرنى ساڭا ساتقۇزۇپ، پۇلىنى بىر سىنتا ئىلىپ قال-ماي، ساڭا مال بورداشقا دەسمىي قىلىپ بەرمەكچىتىم، ھىلى ھەم بۇ نىيىتىمدىن يانغىنىم يوق!

— شۇنداقمۇ؟!

بىردە ئىنتىلىش ۋە خىجىللىق، بىردە سەمىمىيەت جۇ-لالىنىپ تۇرغان ئىككى جۈپ كۆز بىر - بىرىگە ئۇزاققىچە تى-كىلىشتى.

1987- يىل 8- ئاي، قەشقەر.



# ئېتىبارسىز ئىلتىجا

قولۇمدىكى خەت ماڭا خۇددى مەينەت بىر نەرسىدەك بىلىندى-دە، سىيرىلغىنىچە شىرە ئۈستىگە چۈشتى. كۆتۈلمىگەن بىر خىل غەزەپ دولقۇنى كۆڭۈل قىرغاقلىرىمغا لەۋ يېقىپ، ۋۇجۇدۇمنى ئۆرتىدى.

«ھۇ لەنىتى! — دېدىم مەن ئىچىمدە، كونۋېرت ئۈستىدىكى تونۇش پوچۇركىغا كۆز يۈگۈرتۈپ، — سېنىڭ ماڭا قىلغانلىرىڭ بۇنىڭسىزمۇ يېتەرلىك ئىدىغۇ؟ سەن يۈرىكىمگە سالغان سېسىق ھىدىنىڭ پۇرىقى تېخى تۈگىمىگەن، سەن پەيدا قىلغان زەردابلىق جاراھەتلەر تېخى ساقايمىغانغۇ؟ بۇ خەتتىكى سۆزلەر يەنە شۇ رەزىل كۆڭلۈڭدىن چىققاندۇ!؟ پاسكىنا، مەينەت قوللىرىڭدا تۇتقان قەلەم بىلەن يېزىلغاندۇ، ئەڭ ئېنىق، ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىق بولغىنى شۇكى، سەن ئۆزۈڭنىڭ مېنىڭ نەزىرىمدىكى ئەڭ ئەرزىمەس نەرسە ئىكەنلىكىڭنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە ۋىجدانىڭ كۆتۈرۈپ، غورۇرۇڭ يول قويۇپ، يۈزۈڭ قىزارماي قانداقمۇ ۋالاقلاشقا پېتىنالىسەن؟ نەقەدەر پەسكەشلىك بۇ — ھە؟!»،

مەن جىددىيلەشتىم، ئۆزۈمنى بېسىۋېلىشقا ماداردىم يەت-
مەيلا قالدى. لېكىن، يەنە ئاخىرى تەسەللىي تاپتىم. راست، نې-
مىگە شۇنچە قىلىپ كېتىمەن، ئۆتكەن ئىشلارغا قايغۇرۇپ جان
تۇشامدۇ؟! مەن خەتنى ئوقۇمايلا كۆيدۈرۈۋەتمەكچى بولدۇم.
بىراق... ئۆزۈممۇ سەزمىگەن هالدا، شىرە ئۈستىدە ياستۇقتەك
پومپىيىپ تۇرغان خەتنى يەنە قولۇمغا ئېلىشقا مەجبۇر بول-
دۇم. ئەپسۇسكى، يەنە شۇ تونۇش پوچۇركىغا كۆزۈم چۈشۈپ
قالدى، قارىماسلىققا تىرىشتىم. لېكىن بۇ تونۇش پوچۇركا
ماڭا خۇددى مەسخىرە بىلەن قاراۋاتقاندەك، كەمسىتىش نە-
زەرى بىلەن ھەجىيىپ كۈلۈۋاتقان بىر قىزنىڭ ئۈزۈن گەۋدى-
سىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

كۆڭۈل تۇراقسىز نەرسە، ئۇ ئۆزگىرىپ تۇرۇشتىن خالى
ئەمەس، مانا ئەمدى مېنى بايىقىغا تۆپتىن ئوخشىمايدىغان
يەنە بىر خىل غەزەپ چۇلغىدى، بۇ تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ
چوڭقۇر ئىدى. بۇ غەزەپ مېنى خەتنى پەقەت ئەڭ ئاخىرقى بىر
قېتىملا ئوقۇپ بېقىشقا زورلىماقتا ئىدى. «ئۇ بۇ خەتتە مېنى
زادى نېمىدەپ مەسخىرە قىلدى؟ نېمىدەپ قاغىدى؟ يۈرى-
كىمنى يەنە قانداق يول بىلەن ئېزىدىكەن قېنى؟»

مەن بايىقى ئىرادەمگە خىلاپ هالدا بوشىشىپ كەتتىم،
شۇنداقلا كۆڭلۈممۇ ئۆزىدىنلا يۇمشاپ قالدى ۋە: «ئۇمۇ ئادەم-
غۇ؟ باشقىلار قىلغاننى سەن قىلما» دەپ، خىتاپ قىلدى. بوپ-
تۇ، ھەر قانچە بولسىمۇ ئوقۇپ باقاي، بەلكىم ئۇ بۇ خەتنى
قەلبى ھەر قانچە لەنىتى، رەزىل بولسىمۇ «ئوقۇيدىغۇ» دېگەن
زور ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن يازغاندۇ، سەۋرلىك، تەمكىن بو-
لاي دېگەنلەرنى ئويلىدىم - دە، سەپرا مېجەزلىكىمنى بىر-
دەملىككە بېسىپ، خەتنى ئاچتىم:

«... سىزنىڭ مېنى نەقەدەر يامان كۆرىدىغانلىقىڭىزنى

ئۇبدان چۈشىنىمەن. لېكىن ئۆتۈنۈپ قېلىشقا ھەقلىقمەنكى، بۇ خېتىمنى، ياق، نەزەرىڭىزدىكى ئەرزىمەس بىر پەسكەش مەخلۇقنىڭ نىداسىنى، مۇڭ - نالىسىنى بىر قېتىم، پەقەت مۇشۇ بىرلا قېتىم نەزەر كۆزلىرىڭىزدە قوبۇل كۆرۈپ قويۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

خېلى كۈنلەر بولدى، خىيالىمغا ھېلىقى كۈندىكى تاسادىپىيلىق كىرىۋالدى. بۇنى ھەر قېتىم ئويلىسام، ئىچىمنى قۇرت يېگەندەك بولىمەن. ئويلايمەن، خىيال سۈرىمەن، ئۆزۈمچە يەكۈن چىقىرىمەن. خېلىلا تەھلىلچى بولۇپمۇ قالدىم تېخى! تۇرمۇش دېگەن شۇنداق بولامدىغاندۇ؟ ئادەملەرچۇ؟ تۇرمۇشنى كىم ياراتقان؟ تۇرمۇشنىڭ ئۆزىچۇ؟ ياق، تۇرمۇشنى ئادەملەر ياراتقان، تۇرمۇشنى مۇرەككەپلەشتۈرگەنمۇ ئادەم، ئەگەر ئۇنداق دېيىلمەيدىكەن توغرا بولمايدۇ. چۈنكى مەن دەۋاتقان تاسادىپىيلىقنىمۇ ئۆزۈم كەلتۈرۈپ چىقاردىمغۇ؟

ئارىمىزدىكى تاسادىپىيلىقنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى سىز ئانچىۋالا بىلىپ كەتمەيسىز. گەرچە سىز ھازىر بۇنى ئېنىق بىلىشنى خالىمىسىڭىزمۇ دەپ بېرەي. چۈنكى سىزدەك ئاق كۆڭۈل، ساپ نىيەتلىك ئادەمدىن بۇنى يوشۇرۇپ ئۆزۈمنى ئازابلاپ يۈرۈۋەرمەي ئەمدى!

بىز تونۇشقان دەسلەپكى چاغلاردا، مەن سىزنى ئانچىۋالا چۈشەنمەيتتىم، پەقەت سەرۋىدەك چىرايلىق ھەم كېلىشكەن قامىتىڭىزگە خۇشتار ئىدىم. بەلكى بۇ ماڭا ئوخشاش قىزلارنىڭ ئورتاق تەلپۈنىدىغان خۇسۇسىيىتى ۋە ئەڭ چوڭ ئاجىزلىقى بولسا كېرەك. رەتلىك، پاكىز كىيىنىشىڭىز، خۇشخۇي يۈرۈشىڭىز مېنى سىزگە تەلپۈندۈرىدىغان ئەڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىك ئىدى، قەلبىمنى ئىختىيارسىز ئەسىر قىلاتتى. شۇڭا باشقا قىزلارنىڭ سىزنى مەندىن تارتىۋېلىشىدىن ئەن-

سىرەيتتىم، باشقا بىرەرسى بىلەن يۈرگەن بولۇپ چىقىشىڭىزدىن قاتتىق قورقاتتىم، باشقىلارنىڭ «ديامان» كۆزى چۈشۈپ قېلىشىدىن قىزغىناتتىم. شۇڭا سىز مېنى ئەمەس، مەن سىزنى قولغا كىرگۈزۈشكە ئىنتايىن ئالدىراپ كەتتىم، تىت - تىت بولدۇم. قانچە قېتىم ئۇرۇنۇش، تىركىشىش ئارقىلىق ئاخىرى مۇرادىمغا يېتىپ، سىزنى قولغا چۈشۈردۇم. ئېيتىڭا، بۇ شۇ چاغدا ماڭا ئاجايىپ چوڭ بەخت بولماي قالسۇنمۇ؟!

سىزنىڭ قەلبىڭىزنى ئۇتىۋالغاندىن كېيىن، يۈرۈۋاتقان يىگىتىمنى تاشلىۋەتتىم، چۈنكى ئۇنىڭ سىزگە قارىغاندا ئارتۇق يەرلىرى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆڭلۈمگە ياقمايدىغان ئىشلىرى، خۇشۇمنى كەتكۈزىدىغان، رايىمنى ياندۇرۇپ، ئوتتەك قىزغىن كۆڭلۈمنى سوۋۇتىدىغان مىجەزلىرى بار ئىدى.

توي قىلمىغان قىزلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك چىرايلىق يىگىتلەرگە ئامراق بولىدۇ، ھە دېسىلا ئۆزىنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالغان يىگىتلەرنىڭ چىرايىنى تىلغا ئالىدۇ، خۇي - پەيلىنىڭ قانداقلىقىنى سۈرۈشتۈرمەيدۇ، ئازراق نۇقسانىنى چىقىپ قالسا، يەنىلا چىرايىنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ ياپىدۇ. بىزنىڭ مەھەللىمىزدەك كوچىلاردا چوڭ بولغان قىزلارنىڭ يىگىت تاللاشتا، كۆز - كۆز قىلىشتا بىر - بىردىن ئۈستۈنلۈك تالىشىشى بەك ئېغىر ئىش! ئەگەر سىزنى شۇنداق سورۇنغا تاشلايدىغان بولساق، ئۇتۇپ چىقىشىڭىزدا گەپ يوق ئىدى. ئەمما چىراي ئۆتكىلىدىن ئۆتكەن بولسىڭىزمۇ، ئىقتىسادىي ئۆتكەلدىن ئۆتەلمەيدىغانلىقىڭىزنى كېيىن بىلدىم. راستىنى ئېيتقاندا، پىخسىق كۆرۈندىڭىز، باشقىلارنىڭ پۇلىنى خەجلەپ ئۆگىنىپ قالغان مەندەك قىزغا سىز ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئارتۇق پىخسىق كۆرۈنۈشىڭىز تۇرغانلا گەپ. ماڭا باشقا ئوغۇللارغا ئوخشاش ئۇنى - بۇنى سوۋغا قىلىش، ئۇنى - بۇنى ئېلىڭ

دەپ پۇل تەگلەش سىزنىڭ خىيالىڭىزدا يوق ئىشتەك قىلاتتى.
بەلكىم سىز ئۇنداق ئىشلارنى شەھۋانىيلىقتا بېرىلگەن كىشىلەر
قىلىدۇ دەپ قارىغانسىز ياكى بىلمەيدىغانسىز. ئەمما سىز-
گە ئوخشاش ساددا، سەممىي، تۈز، ئىلمىي ئوغۇللارنى ھېيلى-
گەر، خۇلقى يامان خوتۇن - قىزلار ئاسانلا ئالداپ قويىدۇ.
لېكىن، مەن... ئۇنداق قىلمىدىم، دەپ ئويلايمەن. سىز ماڭا
ساددىلىق كۆرسەتكەن، كۆيۈنگەن بولسىڭىزمۇ، دىپخسىق-
لىقىڭىز كۆڭلۈمنى سوۋۇتۇپ قويدى. شۇڭا چىرايى سىزدىن
قېلىشمايدىغان، قول ئىلكىدە بار بىر نەچچە يىگىتلەرنى سىز-
گە ئۇقتۇرماي ئۇ دوقمۇش، بۇ دوقمۇشتا ئايلاندۇرۇپ يۈردۈم.
ئۇلارنى سېزىپ قېلىشىڭىزنى پەملىسەم، ئۇمىدنىڭ تونۇشۇم، مەھەل-
لىلىكىم، تۇغقىنىم، ساۋاقدىشىم، توغرا چۈشىنىڭ، ئىلمىي مۇ-
ئامىلە قىلىڭ، دەپ قۇتۇلدۇم. سىزنىڭ ئىلمىي مۇئامىلە تونى-
ڭىز ماڭا ئوبدانلا يېپىنچا بولدى. مەن بۇ تون بىلەن بارلىق
ئەيىبلىرىمنى يوشۇردۇم.

مەن كىچىكىمدىن تارتىپ ئەدەبلىك چوڭ بولغان ئىدىم.
چۈنكى چوڭ ئانام دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك ئايال بولۇپ، ھەت-
تا ئاياللارنىڭ يۈزىنى تور رومال بىلەن ياپماي كوچىغا چى-
قىشىنىمۇ ئۆلگۈدەك يامان كۆرەتتى. مېنى ئوبدان تەربىيىلىگەن
ئىدى. تېخنىكۇم مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، چوڭ ئانام
ئۆلۈپ كەتتى. مېنى ئەنئەنىۋى ئادەتكە خىلاپ ئىشلاردىن تو-
سۇپ تۇرىدىغان كۈچ مانا شۇندىن تارتىپ تۈگىدى. شۇ ئار-
دا مەھەللىمىزدىكى تاپتىن چىققان بىر چوكان بىلەن دوست
بولۇپ قالدىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇش
جەريانىدا، بۇ يەردىكى بىر قىسىم ئاياللارنىڭ ئاجايىپ ئىش-
لىرىنى ئاڭلاپ ھەيران بولدۇم، ھەتتا بەزى ئىشلارنى ئۆز كۆ-
زۈم بىلەن كۆرۈپمۇ ئۈلگۈردۈم. بەزى ئاياللار يۈزىنى چۈمبەل

بىلەن ئوراپ يۆرسىمۇ، شەرىئەتكە ئەڭ سادىقتەك كۆرۈنسىمۇ
يوشۇرۇن ھالدا باشقىلار بىلەن ئاشنا ئوينايتتى. مەن دەس-
لەپتە بۇ ئىشلارغا نەپرەتلەنگەن بولسامۇ، كېيىن تەسىرىگە
ئۇچراپ قالدىم. ھېلىقى چوكاننىڭ مېنى ئۇنىڭ - بۇنىڭ بى-
لەن تونۇشتۇرۇشىنىڭ ئاقىۋىتى ئاخىر بېرىپ ئۆزۈمنى ساپدىل
كىشىلەرنىڭ نەپرەت ئازگىلىغا ئىتتىرىۋېتىشىنى خىيال قىلمى-
غان ئىكەنمەن. تونۇشقان يىگىتلەر بىلەن كىنو - تىياتىرلار-
غا، ئاشپۇزۇل، تانسىخانىلارغا باردۇق، ياندىشىپ ئولتۇرۇپ
مۇڭداشتۇق. بۇنداق ئىشلارنىڭ بويىغا يېتىپ قالغان قىزغا
نەقەدەر كۆڭۈللۈك تۇيۇلىدىغانلىقىنى سىز ئەسلا تەسەۋۋۇر قى-
لالمايسىز. بۇنداق ئىشلارغا بارا - بارا كۆنۈپ قالدىم.

مەن ئوغۇل بالىلار بىلەن بىرگە بولغاندا، مۇۋاپىق پۇر-
سەت چىقسىلا، قول تۇتىشىپ، ئويان - بۇيان قىچىقلىشىشتىن
خالى بولالمايتتىم. لېكىن بۇنىڭدىن ئارتۇق ئىشلارغا دۇچ
كەلگەندە، غايىۋى بىر كۈچ مېنى ھېسسىيات ئالۋۇنىدىن تو-
سۇپ قالاتتى.

بىر قېتىم سىز بىلەن كىنوغا كىرىشكە مۇيەسسەر بول-
دۇم. لېكىن ئىنتايىن سىقىلدىم. نەزەرىمدە سىز باشقا ئوغۇل
بالىلارغا ئوخشىماي قالدىڭىز، پۈتۈن دىققىتىڭىزنى كىنوغا
بەردىڭىز، كىنونىڭ بەزى جايلىرىنى ھاياجان بىلەن چۈشەن-
دۈرۈپ كېتىشلىرىڭىزچۇ تېخى؟ مەن، ئاناڭ سېنى نېمىدەپ
باققان، ئاشۇنداق ياشاش ئۈچۈنمۇ، ھەي ... دەپ ئىچ -
ئىچىمدىن سىزگە ئېچىندىم، ئۆرتەندىم!

— قولىڭىز ئەجەب ئېغىر ئىكەن،— دېدىم مەن ئاخىرى
تاقىتىم تاق بولۇپ.

— قانداق دەيسىز!؟

سىز تېخى ھەيران بولۇپ، قوللىرىڭىزنى ئېتەكلىرىڭىزگە

يىغىۋالدىڭىز ۋە قوللىرىڭىز ئۆزىڭىزمۇ سەزمىگەن ھالدا قو-
لۇمنىڭ ئۇستىگە چىقىپ قالغاندەك ئەندىكىپ كەتتىڭىز.

— چاقچاق قىلىپ شۇنداق دەپ قويدۇم.

— ھە، مەن تېخى...

سىز كۆلكىڭىز بىلەن تېزلا ئەسلىگە كېلىۋالدىڭىز، لې-
كىن نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىڭىز ماڭا نامەلۇم. ھەتتاكەي،
قانداق ئوغۇل بالا سۆيگەن قىزى (ئوبيېكتى) بىلەن يانمۇ-
يان ئولتۇرغاندا سىزگە ئوخشاش قولىنى جىم تۇتىدىكىن!؟

ماڭا سىڭىپ قالغان خۇي كۆڭلۈمنى ھەر تەرەپكە خالى-
غانچە ئۇچۇردى، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىدىم. لېكىن سىزنى ياخ-
شى كۆرەتتىم. شەھەر بويىچە ئېچىلغان ئىلغار ياشلارنى مۇكا-
پاتلاش يىغىنىدا بىر يەردە ئولتۇرۇپ، سىزنىڭ مۇكاپاتىڭىز-
نى كۆرگەن، سىز بىلەن تۇنجى قېتىم سىرداشقان، تونۇشقان،
قەلبىمگە بىر خىل تۇيغۇ سىڭدۈرۈپ قويغان ئاشۇ كۈندىكى
ھاياجان مېنى ھامان سىزگە باغلاپ تۇراتتى. لېكىن كۆڭلۈم-
نىڭ ھېلىقىدەك يەرلىرى ئېپى - سېپىدە بىرسىنى تارتاتتى.
ئۇ خۇددى مېنى بىر يەردە ساقلاپ تۇرۇۋاتقاندەك، ماڭا بەخت
ئېلىپ كېلىدىغاندەك بىلىنەتتى.

چىرايىمغا تەمەننا قويۇش ھەقلىق ئىش ھېسابلىناتتى.
شۇڭا مەن ھەر قانداق ئەركەكنىڭ ماڭا يوپۇشىدىغانلىقىنىڭ
ئۆز- ئۆزۈمگە مەلۇملۇق ئىكەنلىكى بىلەن پەخىرلىنەتتىم، تەڭ-
تۇش خىزمەتدىشىم پازىلىنىڭ مېنى:

— ھەي، ئايگۈل، چىرايىڭنى چاي بىلەن سۇمۇرۇۋەتكى-
لى بولسا كاشكى، قانداق بەچچىغەرنىڭ بالىسى چوقۇپ كې-
تەر سېنى؟! ھەقىقەتەن چىرايلىق جۇمۇسەن!— دەپ قويۇشى
خورىكىمنى ئاشۇراتتى.

ئۇ مېنىڭ چىرايىمغا ھەقىقىي مەيداندا تۇرۇپ باھا بې-

رەتتى. ئوغۇللارنىڭ مۇنداق باھاسى قىز قەلبىنى ئىمىشقىمۇ ھاياجانغا ۋە پەخىرلىك ھايات ئېقىمىغا مۇيەسسەر قىلمىسۇن. يەنە كېلىپ، پازىلدەك چىرايلىق يىگىتنىڭ باھاسى دەڭا!
بىركۈنى مەريەمخان ئاچام چاقىردى:
— مۇنداق گەپتى قىزىم،— دېدى ئۇ، مېنى يېنىغا تارتىپ، — زىيان تارتمايسەن، سەمەت دەيدىغان بىر يىۇرتدىشىم بارتى، ئۇ ئالىي مەكتەپنى تۈگىتىپ، شەھەردە خىزمەت قىلىۋاتقىنىغا ئىككى يىل بولدى. ئاتا - ئانىسى بەك بەلەن خەق، قول - ئىلكىدە بار، كەڭ قورساق، بالىنىڭ ئۆزىمۇ ئالتۇنغا بەرگۈسىز، ئېغىر - بېسىق ئوبدان يىگىت، چىرايىمۇ شۇنداق كېلىشكەن. ئۇ بىر يەردىن تويلاشماقچى بولۇپ تۇرغاندا، توي قىلماقچى بولغان قىز قاملاشمىغان ئىشتىن بىرنى قىلىپ قويۇپ، يېنىشىپ كەتتى. بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى شۇ قىزنىڭ ئاشۇنداق قىلغىنىغا كۆزىدىن ئوت چىقىرىپ، توينى باشقا بىرسى بىلەن قىلىۋەتسەك دەپتى، گۇپپىدە سەن يادىمغا يەتتىڭ. سېنى ئۇلارنىڭ سەمىگە سالسام، كۆرۈپ باقايلى دېدى، قانداق قىلىسەن؟
— مەيلى، كۆرۈپ باقايلى بىزمۇ قېنى.
— راست دەۋاتامسەن قىزىم؟
— راست دەۋاتىمەن، كۆرمەي تۇرۇپ بىر نەرسە دېگىنى بولمايدۇ، كۆرۈپ بېقىپ بىر نېمىدېمەمدۇق، كېلىشىپ قالساق قۇيرۇقى خورجۇندا دەپتىكەن!
— ھا... ھا... ھا... ھەببەللى، پوندىلەك دېگەن مانا مۇشۇنداق بولىدۇ، خۇدايىم ئوغۇل بالا يارىتاي دەپ قىز يارىتىپ قويۇپتىكەن سېنى، ھېلىمۇ ئوغۇل بالىدىن قېلىشمايسەن، قىزىم.
مەريەمخان ئاچامغا ئۇچرىشىدىغان ۋاقىتنى توختىتىپ

بەردىم.

بىر كۈنى كەچتە، مەن دوستۇم گۈلەمبەرنى ئەگەشتۈرۈپ، مەريەمخان ئاچامنىڭ ئۆيىگە باردىم. بىردەمدىن كېيىن، ئىككى بالا كېلىپ ياندىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— كەلدى،— دېدى مەريەمخان ئاچام بىزگە خەۋەر قىلىپ، ئاندىن داستىخان سالغىلى چىقىپ كەتتى. خېلى ۋاقىت ئۆتكەندە، ھويلا ئىشىكىنى بىرسى چېكىپ، مەريەمخان ئاچامنى چاقىرىپ چىقىپ كەتتى. شۇ چاغدا كۆزۈمگە ئىشەنمەي قالدىم. سىز يېنىمىزدا پەيدا بولدىڭىز. بايام تاشقىرىغا چىقىپ كىرگەندە، سىز مېنى دېرىزىدىن كۆرگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن، ھەيرانلىققا چۆمدۇق. ئۇقۇشماسلىق بولۇۋاتامدۇ - قانداق؟ كۆزلىرىمدىن ئوت يالقۇنى ھاسىل بولۇپ، يۈزلىرىمدىن تەر تەپچىدى. بۇنداق ھالەت ئىلگىرى سىز مەن بىلەن ئۇچراشقاندا، سىزدىلا كۆرۈلەتتى. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، مۇنداق ھالەتنىڭ ماڭا ئالمىشىپ قېلىشىنى ھېچقاچان ئويلىمىغان ئىكەنمەن. سىز تاسادىپىيلىق ھېس قىلغان بولسىڭىزمۇ، دوستىڭىزنى دوستۇم گۈلەمبەر بىلەن تونۇشسا كېرەك، ئۇنىڭ ئىسمىمۇ ئايگۈل ئوخشايدۇ دەپ قالغانلىقىڭىز چوقۇم ئىدى. ئېھتىمالىم تامامەن شۇنداق ئويلاپ قېلىشىڭىز مۇمكىن ئىدى.

— مەريەمخان ئاچام بىلەن تونۇشامتىڭىز؟— دەپ سورىدىڭىز مەندىن.

— ھەئە.

— بىزنىڭ كېلىدىغانلىقىمىزنى بىلەمتىڭىز؟

— ياق، سىزنىڭ كېلىشىڭىزنى ئويلىماپتىكەنمەن.

ھويلا ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشى سىزنى ئالمان - تالمان چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. مەن كۈتمىگەن ھەم

خالىمايدىغان، ئەمما ئاغزىڭىزدىن چىقماقچى بولغان گەپ-
لىرىڭىزمۇ سىز بىلەن چىقىپ كەتتى. راستىنى ئېيتسام،
مەن شۇ چاغدا سىزدىن بىر دەممۇ بولسا بالدۇرراق
قۇتۇلۇشقا تەقەززا ئىدىم. چۈنكى سىز بىلەن مۇنداق
ئۈچرىشىپ قېلىش ئۇخلاپ چۈشۈمگىمۇ كىرمىگەن ئىدى.

— ئايگۈلقىز بىلەن تونۇشىدىكەنسىلەر - دە!؟ —
بۇ سوئال سىلەر ئولتۇرغان ئۆيدىن ئاڭلاندى، بۇ مەريەم-
خان ئاچامنىڭ ئاۋازى ئىدى، — تونۇش چىققىنىڭلار ئوب-
دان بولدى. مېنىڭ تونۇشتۇرۇپ ئولتۇرۇشۇممۇ ئارتۇقچە
بولغۇدەك ئەمەدى. بىر - بىرىڭلارنى تونۇغاندىن كېيىن،
قالغىنىنى ئۆزۈڭلار دېيىشىۋالارسىلەر. بايامدىن بېرى، ئايگۈل-
قىزنى چىقىپ كۆرۈشۈك دېسەم، نومۇس قىلىمەن دەپ تۇرۇ-
ۋالغان ئىدى. ئۆزى بەك ئوبدان، بەك يۈزى تۆۋەن قىز...

شۇ ماختاشلاردىن كېيىن، مەريەمخان ئاچام دوستۇم گۈل-
لەمبەرنىمۇ سايە قىلماقچىدەك بىر قانچە ئېغىز ماختاپ قوي-
دى، ئىككىمىزنىڭ ئارىلىقىدىكى مۇناسىۋەتنى بىلمىگەچكە، مەر-
يەمخان ئاچام ئۆزىنىمۇ سەزمىگەن ھالدا ھەممىنى ئاشكارىلىۋەتتى،
بۇنى مەن، سىز ۋە دوستىڭىز سەمەت، دوستۇم گۈلەمبەرلا بىلى-
ۋېلىشقا قادىر ئىدۇق، ئۆتەپ - تېشىپ، مەن كۆرۈپ باقماق-
چى بولغان يىگىت — سەمەتنىڭ سىزنى ھەمراھ قىلىپ كىرىشى-
نى مەن نەدىن بىلەي!؟

يۈرىكىمنى بىرسى پىچاق بىلەن تىلغاندەك بولدى، لې-
ۋىمنى چىڭ چىشلەپ قانىتىۋالدىم. ۋۇجۇدۇمنى چىدىغۇسىز،
كۆتۈلمىگەن سارىسىمە لەرزىگە سالدى. مېڭەمدىن كىرگەن ئاچ-
چىق ئېقىم بۇرنۇمدىن ماش قورۇپ چىقىپ كەتتى. ئۆزۈمنى
ئاران تۇتۇۋالدىم. نېمىدېگەن سەتچىلىك، ئەمدى قانداق قىلا-
غۇلۇق؟! مېنى ئاچچىق يىغا چۇلغىۋالدى، ئۈنۈمنى چىقارماس-

لىقتا ھەرقانچە ئۇرۇنساممۇ، ئاۋازىم تېشىمغا چىقىپ كەتتى. ياشلىرىم ئىختىيارسىز تاراملاپ تۆكۈلدى. گۈلەمبەر مېنى بەزلەپ نېمىسمۇ قىلالايتتى دەيسىز!؟ مەريەمخان ئاچام يېنىمىز-غا كىرىپ ھاڭ-تاڭ بولدى.

ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتتى. ئىچىمنى تاتىلايدىغان بۇ ئىشتىن بارا-بارا قۇتۇلۇشقا باشلىدىم. ئوغۇل بالا ئازمىتى، نېمىسىگە شۇنچىۋالا قىلىپ كېتىمەن، دەپ ئويلىدىم. سىزنى ئۇنتۇشقا تىرىشتىم. خۇيۇم تۇتتى-دە، يەنە شۇ ئاۋۋالقى ئا-دىتىم باشلاندى.

پازىل بىلەن دائىم بىللە ئىشلىگەچكە، ئۇنىڭ چىرايى ماڭا شۇ قەدەر يېقىملىق ئۆزلىشىپ قالغان بولسا كېرەك. ئۇ-نىڭ بېشى بىر تۇغقىنىنىڭ قىزى بىلەن باغلاپ قويۇلغان ئىدى. مەن گەرچە ئۇنىڭ بىلەن پات-پات ئويىنىشىپ تۇرساممۇ، مۇھەببىتىگە باغلىنىپ قېلىشتىن ئۆزۈمنى قاچۇراتتىم، لېكىن ياخشى كۆرەتتىم. ئۇنىڭ دادىسى شەھەردىكى داڭلىق بوخچى-لاردىن ئىدى. توغرا، ئۇنى گۈزەللىكىم بىلەن ئۆزۈمگە مەھلى-يا قىلىۋالسام نېمە يامىنى؟ ئوغۇل بىلەن قىز دېگەن كىمنىڭ بىگىسى بولسا شۇنىڭ مۈلكى ئەمەسمۇ؟

— ھەي پازىل، بىز ئىككىمىزنى ئىدارىدىكى ھەممە ئا-دەم بىر-بىرىگە ئامراق دېيىشىدۇ، بۇ ئىككىسىنىڭ چاتىقى بار دەپ تېخى گۇمانمۇ قىلىشىدۇ. يۈرەمدۇقيا؟ — دېدىمەن بىر كۈنى ئۇنىڭغا چاقچاق قىلغاندەكلا كۆڭلۈمدىكىنى يوشۇر-ماي.

— ھە، راستما؟

ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ماڭا تىكىلدى ۋە شەھۋانىي-لىق بىلەن تولدى-دە، ۋۇجۇدۇمغا ھارارەت تەقدىم قىلدى.

ئەنە شۇندىن باشلاپ مېنى كىنو-تانسلارغا ئېلىپ بارى-

دىغان بولدى. بىر مەزگىل تازا كۆڭۈلۈك ئوينىدۇق، بىر - بىردىمىزگە قانماي ئۆتتۇق، ئۇنىڭ سىخىيلىقىنى دېمەي قوياي! مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلسام چوقۇم بەختلىك بولالىشىمغا ئىشەندىم، قەلبىمدە ئۇنىڭغا چوڭقۇر ساداقەت ئۆركەشلىدى.

بىر كۈنى كەچتە، پازىل سەل كەيىپ هالدا مېنى شەھەر سىرتىدىكى بىر ئورمانلىق يېنىغا ئېلىپ باردى.

— بىلەمسەن ئايگۈل، تاغامنىڭ مەن ئالماقچى بولغان قىزى دائىم مېنى سەندىن كۈنلەيدۇ، شۇنداق قىلغىنىغا مانا ئەمىسە دەپ سەن بىلەن يۈردۈم. بىلدىڭما؟ سەن بۇنى بەختىم دەپ بىلىشىڭ كېرەك. شۇڭا بىر مۇنچە پۇل خەجلىدىم، سەن ئۇنىڭدىن هۇزۇرلاندىڭ. مەنچۇ؟...

—نېمە بولدىڭىز، پازىل، ئەقلى - هوشىڭىز جايىدىمۇ؟ سىزنى بۇنداق دەر دەپ ئويلىمىغان ئىكەنمەن. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيانقى ياخشى گەپلىرىڭىز قېنى؟

—بۈگۈن هەر قانچە بولسىمۇ كۆڭلۈمنى ياندۇرما، ئايگۈل، بۇندىن كېيىن يەنە مەن بار.

—بىز توي قىلامدۇق - يوق؟

— ئۇنى سورىما بۈگۈن، ئايگۈل ...

ئۇ ئەسكىلىك قىلماقچى بولدى، قىستىدى. ئاخىرى بەر- داشلىق بېرەلمەي قالدىم - دە:

— ناۋادا قورسىقىمدا قالسا، مەن... — دېدىم.

—ئۇنىڭ جاجىسى پۇل!— ئۇ كېپىمنى بۆلدى. ياھەزرەت، بۇ قاراملىقنى! مېنى قارا تەر باستى، ئۇنىڭ يۈرىكى نېمانچە چوڭ؟! مەن قورقتىم، خۇددى بىر يالماۋۇزنىڭ ئالقىنىدا تۇر- غاندەك قورقتىم! قۇچىقىدىن پەم بىلەن بوشىنىپ، يول تەرەپكە قېچىۋېدىم، ئۇ قوغلاپ تۇتۇۋالدى.

—هە مۇنداقمۇ ئىش بار دەڭ تېخي، ياخشى، ناهايىتى

ياخشى! خەجلىگەن پۇللىرىم مۇشۇنچىلىك كۆچ - مادار بېرىپتۇ-
دە، ساڭا. ھېم، پۇللىرىمنىڭ يۈز خاتىرىسى سېنىڭ ئالدىڭدا
شۇنچىلىك بولغان بولسا، خىيال ئەيلىمە ھە، غىڭ - پىڭ
دېيدىكەنسەن، خەجلىگەن پۇللىرىمنىڭ ھەممىسىنى تۆلىتىمەن.
سەن قارا يۈزلۈك قىلساڭ مەن چىداپ تۇرالامتىم؟ ئىككى مىڭ
يۈەندەك پۇلنى ساڭا بىكارچىلا يېگۈزۈۋېتەمتىم؟ كېيىنكى
ئاقىۋەتنى، مەندىن كۆرمەي ئۆزۈڭدىن كۆر ئەمدى...— ئۇ
كاچىتىمغا بىرنى سالدى. مەن ئۇنىڭ قۇچىقىدا تۇرۇپ بارلىق
كۈچۈم بىلەن ۋارقىراپ، بىرسىنىڭ مېنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىنى مۇ-
راجەت قىلدىم. تەلىيىم بار ئىكەن، بەختىمگە يارىشا شۇ
ئەتراپتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر چارلاش ساقچىسى مېنى
پازىنىڭ چاڭگىلىدىن تارتىۋالدى. ئۇ، ساقچىغىمۇ زورلۇق قىل-
دى. لېكىن، ساقچىنىڭ شېرىكلىرى يېتىپ كېلىپ، دۆشكەلىگىنى-
چە ئالدىغا سېلىپ كەتتى. مەن ئۆيگە سالامەت بېرىۋالدىم.
ئەلەم بىلەن بوغۇلۇپ قاتتىق يىغلاپ كەتتىم، پۇشايمان ۋە
كۆڭلۈمدىكى ئاجايىپ - غارايىپ نەرسىلەرنى سۆز بىلەن ئىپا-
دىلىگىلى بولسا ئىدى، ھەر قانداق تاش يۈرەك ئادەم، ھەتتا
سىزگە ئوخشاش قاتتىق نەپرەت بىلەن قارايدىغان ئادەممۇ
خۇدانىڭ ماڭا بەرگەن بۇ جازاسىنىڭ چەكتىن ئېشىپ كەتكەن-
لىكىدىن ئازراقمۇ بولسا ھېسداشلىقى قوزغالغان بولاتتى،
ئەپسۇس، ئەپسۇس!!

ئادەم بىرىگە قىلغاننى بىرىدىن كۆرىدۇ، بىرىنى خارلىسا،
بىرىدىن خارلىنىدۇ. مەن بۇنىڭغا ئىشەندىم، سىزنى قانچە
قېتىملاپ ئەسكە ئالدىم. سىز بىلەن مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن
بىر يېرىم يىلدەك ۋاقىت جەريانىدا ھېس قىلمىغاننى مانا
شۇندىلا ھېس قىلدىم. سىز مېنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرەتتىڭىز،
مەن بىلەن توي قىلىشقا بەل باغلىغان ئىدىڭىز. ئويلانسام، توي

قىلماقچى بولغان قىزنى ئوغۇل بالا بىردەملىك ھېسسىياتىنىڭ كەينىگە كىرىپ يامان ئۆگىتىپ قويسا بولمايدىكەن. مېنى دەسلەپتە يامان ئۆگىتىپ قويغان ئوغۇللارغا، ئاياللارغا نەپرەتلىنىمەن. ھازىر مەندەك قىزلارغا لايىق بولۇپ «كۆرۈپ باققۇچى» لار كۆپ. لېكىن كۆرۈپلا «ۋاي بولدى»، «مەسلىھەتلىشىپ باقايلى» دەپ كېتىپ قېلىشلىرى تېخىمۇ سەتچىلىك، چۈنكى ئۇلار كىنو - تىياتىرلاردا، تانسا سورۇنلىرىدا، كوچىلاردا كۆپ قېتىم كۆرگەن «بولمايدىغان قىز» بولۇپ چىقىدىغان گەپ، شۇڭا مەن ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ياخشى قىز ئەمەس. ئەمدى نېمىدەي، دېمىگەن نېمە قالدى؟ يوشۇرغان يەنە قانداق سىر قالدى؟ ئېيتىڭا، مۇشۇ تاپتا دۇنيادا مەندەك بىچارىدىن يەنە بىرنى تېپىش مۇمكىنمۇ؟ سىزدىن يەنە بىر قېتىم ئۆتۈنۈپ قالسام قوبۇل قىلارسىزمۇ؟ سىزنىڭ ئىرغايدەك تۈز، سۈتتەك ئاق قەلبىڭىزنى ئىلگىرى چۈشەنمىگەن بولسام، مانا ئەمدى چۈشەندىم. كىشى قەلبىنى چوڭقۇر ھېسداشلىق بىلەن چۈشىنىدىغانلىقىڭىزنى، مۇڭ - ھالىغا يېتىدىغانلىقىڭىزنى بىلدىم. ياشقىلارنىڭ ئۇنداق ياكى مۇنداق سەۋەنلىكىنى ئېغىر بېسىقلىق بىلەن كەچۈرىدىغانلىقىڭىزغىمۇ ئىشەنچىم كامىل!

ئادەم دۇنيادىن سەۋەنلىكسىز ۋە ئېۋەنسىز ئۆتمەيدۇ. سىزنىڭ مەندىن زەربە يېگەن قەلبىڭىزنىڭ نەقەدەر سۇنۇق ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش شۇقەدەر مۈشكۈل ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. شۇڭا قىلمىشلىرىمنى كەچۈرمەسلىكىڭىزنى ۋە ھە دېگەندە پېشانەمگە قويۇپ، مىڭ، يۈزمىڭ قېتىم تۈۋا قىلدۇرۇشىڭىزنى، بۇنىڭ دەردىنى بولۇشىغا تارتقۇزۇشىڭىزنى ئېغىر ئالمايمەن. بۇنداق جازا ماڭا تېخى ئازلىقمۇ قىلار، بۇلاردىن بۇندىن كېيىنكى قەلبىمنى چۈشەنگەنسىز. مانا ئەمدى يەنە مېنىڭ بىچارە كۆڭلۈم سىزگە ئىنتىلىۋاتىدۇ، سىزدىن

پاناھ تىلەۋاتىدۇ. سىزگە ئۇرغىغان مۇھەببىتىم قەلبىڭىزدىن ئورۇن بىردىشىڭىزنى ئىلتىجا قىلىۋاتىدۇ. بۇنى يەنىلا پەسكەشلىك دەپ قارىسىڭىز، ئەمدى بۇندىن ئارتۇق چۈشەندۈرۈشكە قادىر ئەمەسمەن.

جاۋابىڭىزغا تەشنا بولۇپ: ئەقىلسىز ئايگۈل».

مەن خەتنى يىرتىپ پارچە - پارچە قىلىۋەتتىم ۋە ئەخلەت سىۋەتىگە تاشلىۋەتتىم. قەلبىمدە مۇنداق بىر ناخشا جاراڭلىدى:

مەن سىزنى ئۇرمىدىم، ئۇردى نەپرىتىم،
چۈنكى مەن سىز كەبى قارادىل ئەمەس.
مۇھەببەت ئۇ نىمە بىلمەيدىكەنسىز،
مۇھەببەت چىن ۋاپا، ئەمەس ئۇ ھەۋەس!

# سۆيگۈ ئىسپاتى

ئامىنگۈلدىن كەلگەن خەتنى تاپشۇرۇپ ئالدىم - دە، كونۋېرتنى يىرتىپ ئالدىراش ئوقۇشقا باشلىدىم:

«قەدىرلىك كامىل، سالامەت تۇرۇۋاتامسىز؟ سىزنى سالامەت تۇرۇۋاتىدىغاندۇ دەپ، ئويلايمەن. مەنمۇ ئوبدان تۇردۇم. يازغان خېتىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولۇپ قاتتىق ھاياجانلاندىم. ئەمدى ئاساسي مەقسەتكە كېلەي، سىزنىڭ ‹شىنجاڭ ياشلىرى› ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ‹ياشلىق ھەۋەس ۋە تىرىشچانلىق› ناملىق ماقالىڭىزنى چوڭقۇر قىزىقىش بىلەن ئوقۇپ، بەكمۇ تەسىرلەندىم. ماقالىدە سۆزلەنگەن ياشلارنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىنىڭ جەر- يانى ۋە ئىلمىي يەكۈنىنى ئۆز ھاياتىمىزدىن چوڭقۇر ھېس قىلدىم. شۇڭا ئىختىيارسىز ھالدا ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىدىم:

كامىل، مەن ئالىي مەكتەپكە ماڭغاندا، سىز ئاپتوبۇس بېكىتىگىچە چىقىپ شۇنداق قىزغىن ئۇزىتىپ قويغان ئىدىڭىز. شۇ چاغدا ئايرىلىشقا كۆزىمىز قىيماي بىر - بىرىمىزگە شۇنچە- لىك مېھرىبان ۋە قەدىرلىك بولۇپ كۆرۈنگەن ئىدۇق. ئەڭ يېقىن، ئەڭ ئېسىل نەرسىمىزدىن مەڭگۈ ئايرىلىپ قالغاندەك كۆزلىرى-

مىزدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكۈلگەن ئىدى. ئاشۇ مىنۇتلار ئېسىڭىزدە بارمۇ؟ شۇ چاغدىكى كۆڭۈل نەقەدەر ھېسسىياتلىق، نەقەدەر نازۇك ۋە نازاكەتلىك ئىدى — ھە؟! مانا شۇنىڭغا بەش يىل بولاي دەپ قالدى. لېكىن بىز شۇنىڭدىن كېيىن كۆرۈشەلمىدۇق. تېخى مۇشۇ بىر مەزگىلگىچە خەتمۇ يېزىشالمىدۇق.

مەن خېتىڭىزدىن سىزنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىپ چوڭقۇر سۆيۈندۈم. ۋۇجۇدۇم ئىختىيارسىز تىترەپ، خۇشاللىقىم ئىچ-ئىچىمدىن ئۇرغىدى. ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالمىغۇدەك تىپىرلاپ كەتتىم، ھەتتا چاۋاك چېلىۋېتىشكە مەجبۇر بولدۇم! ھەي كامىل، راستىنى ئېيتقاندا مەن تېخى سىزنىڭ ئالىي مەكتەپ دەرۋازىسىغا قەدەم قويغانلىقىڭىزدىن ھەيرانمۇ بولدۇم.

كامىل، ئېسىڭىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەندۇ، سىز ناھايىتى كەپسىز ۋە ئويۇن قېپى ئىدىڭىز. بۇنداق دېسەم رەنجىپ كەتمەڭ يەنە، بۇنىسى راست بولغانىدىكىن سىزنى توغرا چۈشىنىدىغۇ دېگەن ئۈمىد بىلەن بۇ گەپلەرنى دەۋاتىمەن. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلاردىكى ئىشلارنى ئويلىسام ھەقىقەتەن كۈلگۈم كېلىدۇ. دىلىمنى ھەيرانلىق ھېسسىياتى چۇلغايدۇ. ھېلىمۇ ئېسىمدە، ھەر بىر سائەتلىك دەرس ئاخىرلاشقۇچە سىز بىر نەچچە قېتىم تەنتەكلىك ۋە شوخلۇق قىلاتتىڭىز. بىزنى ئويۇنغا تۇتۇپ، دەرس ئىنتىزامىنى بۇزاتتىڭىز. شۇڭا دەرس ۋاقتىدا مۇئەللىمنىڭ: «كامىل، دىققەت قىل!» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشى پات-پات تەكرارلىنىپ تۇراتتى. دادىڭىزنىڭ يۈز خاتىرىسىنى قىلىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىزگە «جىم ئولتۇر» دېگەن مەنىدە ئىشكىلىپ قاراپ قويۇشلىرى، يېنىڭىزغا بېرىپ تۇرۇشلىرى ئادەتتىكە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. لېكىن سىز شۇنداق چاغلاردا سەللا جىمىپ قالسىڭىزمۇ، بىردەمدىن كېيىنلا پەر-

ۋايىڭىز پەلەك ھالدا بىز خىيالىمىزغا كەلتۈرمىگەن قىلىقلارنى قىلاتتىڭىز، ھېچ بولمىغاندا قىلىشقا ئۇرۇناتتىڭىز ... ھەر بىر سائەتلىك دەرس ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مۇئەللىم سىزدىن رەنجىپ چىقىپ كېتەتتى. ئەمما سىز دېمىقىڭىزنى قېقىپ قويۇپ ھەر بىر مۇئەللىمنى مەنسىتمەسلىك بىلەن: «نېمە دېسە مەيلى، پەرۋايىم پەلەك، كاردىم نېمە!» دەيتتىڭىز. سادىر مۇئەللىم سىنىپ مۇدىرى بولغاچقا، سىزنى ساۋاقداشلار ئارىسىدا تەنقىد قىلسام تەسىرى ياخشى بولمايدۇ دېگەن ئوي بىلەن ئايرىم چاقىرىپ سىلىق تەربىيە قىلاتتى، لېكىن سىز تۈزەلمەيتتىڭىز. كېيىن ئاتا - ئانىڭىزمۇ سىزنىڭ مەكتەپتە ھەممىلا ئادەمنى قاقشىتىپ يۈرگەنلىكىڭىزنى ئاڭلاپتۇ، تەربىيە - نەسىھەت قىلىپتۇ، كايىپتۇ.

بىر كۈنى سادىر مۇئەللىمنىڭ ئوت بولۇپ يانغان كۆز-لىرى سىزگە مىختەك قادالدى. سىز ئۆزىڭىزنى رۇسلاپ دوس-كىغا قاراپ پەرۋاسىز ئولتۇرۇۋالدىڭىز. مۇئەللىم بېرىلىپ سۆز-لەشكە كىرىشكەندىن كېيىن، قەغەزدە ئايروپىلان ياسىدىڭىز - دە، سىنىپ ئىچىدە بالىلارنىڭ باشلىرىدا قالايمىقان ئۇچۇرۇشقا باشلىدىڭىز. مۇئەللىم سىزنىڭ باشقىلارنىمۇ دەرس ئاڭلىغىلى قوي-مايۋاتقانلىقىڭىزغا چىداپ تۇرالمىدى بولغاي، دەرسنى توختاتتى ۋە تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدىغان ۋاقتىڭ كەپ قالغانلىقىنى، شۇڭا ۋاقىتنى غەنى-مەت بىلىپ ئۆگىنىش لازىملىقىنى، ئايرىم سانىدىكى بالىلارنىڭ ھوشىنى يىغىۋېلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. ئەمما سىز «مۇئەللىم، دەرسلىرىنى ئاڭلىمىسام ئاڭلىمىدىم، ۋاييەي، يامان گەپ قىلمىسىلا ئادەمگە. مەن يامان بولغاندىكىن باشقا بالىلار ئوينىسىمۇ مەن ئوينىغاندەك كۆرۈنۈپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ كۆزلىرىگە، يا مەن ئويناڭ دەپ ئۆگىنىپ قويمىسام بۇ بىر نېمىسلەرگە. ئالدىڭغا قاراشقىنا ۋاخەق! چىقىپ كەتسەمغۇ بولار؟»

دېدىڭىز - دە، ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ، بىزنىڭ توسقىنىمىزغا پىسەنت قىلماي ئىشىكنى جالاقىدە يېپىپ سىنىپتىن چىقىپ كەتتىڭىز.

ھەممىمىز ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىشكە ئالدىراش تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، سىزنى ئازدۇرۇپ «ئەسكى» قىلىپ قويغان ھېلىقى لايغەزەل دوستلىرىڭىز سىزنى كۈن بويى دېگۈدەك ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈپ ئويۇنغا تۇتتى. ھاراق ئىچىشنىمۇ ئۆگىنىۋالدىڭىز. گەرچە ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىش پۇرسىتىگە بىر ئامال بىلەن ئېرىشكەن بولسىڭىزمۇ، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدىڭىز. سىز بىلەن بىرگە ئىمتىھانغا قاتناشقان ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك داشۆ، ئوتتۇرا تېخنىكۇم مەكتەپلىرىگە ئوقۇشقا كەتتى.

سىز مېنى ئۇزاتقىلى چىققاندا چىرايىڭىزدا پۇشايمان، ئېچىنىش ئالامەتلىرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. شۇ چاغدا سىزنىڭ مۇڭغا پاتقان روھىي ھالىتىڭىزنى كۆرۈپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتكەن ئىدى، سىزگە ئىنتايىن ئىچىم ئاغرىغان ئىدى. مىسكىن تۇرقىڭىز يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىنى تىترەتكەن ئىدى. ئۇزاقتىن بۇيانقى سىزگە بولغان كۆيۈنۈش ھېسسىياتىم مانا شۇ چاغدا ئاجايىپ ئامراقلىق بىلەن ۋۇجۇدۇمدىن ئېتىلىپ چىققان ئىدى. ھەقىقەتەن سىز چوڭقۇر روھىي ئازاب چەكتىڭىز، قىلغان - ئەتكەنلىرىڭىزگە پۇشايمان قىلدىڭىز.

كامىل، راست گەپ قىلىڭچۇ، سىز قانداق قىلىپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلىدىڭىز؟ بۇ ھەقتە سۆزلەپ بېرىشنى خالامسىز؟ مەن بۇنى تەپسىلىي بىلىشكە ۋە بۇ ھەقتىكى جاۋابىڭىزغا تەشنا مەن. قالدى گەپ - سۆزلەرنى كېيىنكى خەتلىرىمىزدە دېيىشەرمىز. سىزگە ئۇتۇق ۋە سالامەتلىك تىلەيمەن ...»

مەن خەتنى ئوقۇپ خېلى ئۇزاققىچە ھاياجىنىمنى باسالماي قالدىم. گوياكى ئۆزۈمنى مېھرىبان، سەممىمىي ساۋاقدىشىم ئامىنىگۈل بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. كۆزۈمنى بىر نۇقتىغا تىكىپ چوڭقۇر خىيال سۈردۈم. ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسكە ئالدىم. يۈرىكىمدىكى سېغىنىش تەشنالىقى كۆڭۈل بۇلاقلىرىمدىن ئېتىلدى، كۈۋەجەپ ئاقتى. ئۇنىڭ ساپ دىل، ئاق كۆڭۈللۈكىدىن ئىنتايىن رازى بولدۇم - دە، قولۇمغا قەلەم ئالدىم:

«ھۆرمەتلىك ئامىنىگۈل، — دەپ باشلىدىم مەن خېتىمنى، — مېنى ئەسلەپ خەت يازغىنىڭىزغا كۆپتىن كۆپ رەھمەت! خېتىڭىزنى ئوقۇپ قانچىلىك ھاياجانلانغانلىقىمنى ۋە خۇشال بولغانلىقىمنى بۇ خېتىمدە ئىپادىلەپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن. شۇنداقلا مەن خېتىڭىزدىن ئۆتكەن ھاياتىمنىڭ قەلبىم بەتلىرىدىن ئۆچەي دەپ قالغان قىسمەتلىرىنى قايتا كۆرگەندەك بولدۇم. شۇ كۈنلەرنىڭ نەقەدەر بىھۇدە، نەقەدەر مەنىسىز ئۆتكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر تونۇدۇم. قايتىدىن ئاچچىق ساۋاققا ئىگە بولغاندەك سەگەكلەشتىم. ئەلۋەتتە بۇمۇ مېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىم، ئۆگىنىشىم ئۈچۈن پايدىلىق. مەن بۇ خېتىمدە سورىغىنىڭىزغا جاۋاب بېرىشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويىمەن. ئامىنىگۈل، مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇشتىن ئاۋۋال چىدىغۇسىز ئۇۋالغا قالدىم ۋە شۇنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئىستىقبال يولى تاپتىم. بۇنى ئاجايىپ بىر ھېكايە دېسىمۇ بولىدۇ ...

تۇرمۇش ناھايىتى رەھىمسىز ئىكەن، سىز بىلەن بىللە ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتەلمىگەنلىكىم قاتتىق قول دادامنى غەزەپلەندۈردى، سارىسىمىگە سالدى. باغرى يۇمشاق، مېھرىبان ئانامنى ۋەسۋەسە، غەم - قايغۇ پاتقىقىغا تىقتى.

دادام ماڭا كايىدى، غەزەپلەندى. ئانام دادامنى توستى. بۇ كۆڭۈلسىزلىك دادام بىلەن ئانامنىڭ ئوتتۇرىسىدا جېدەل - ماجىرا ۋە بىر - بىرىدىن ئاغرىنىش پەيدا قىلدى، ھەتتا بۇ قايتا - قايتا تەكرارلاندى. بۇنداق ئىشلار مەندەك ئەركە ئۆگىنىپ قالغان بالا ئۈچۈن نەقەدەر ئېغىر كەلگەنلىكىنى بىر ئۆزۈملا بىلىمەن. شۇڭا مەن ئىلگىرى قىلغان ئىشلىرىمغا، ياخشى ئوقۇمىغانلىقىمغا مىڭ، يۈز مىڭ توۋا، پۇشايمانلار قىلدىم. يۈز مىڭ ھەسرەت، نادامەت بىلەن ئۆزۈمنى ئازابلىدىم. ھېچقاچان ئويلىمايدىغان ئىشلارنى ئويلىدىم. خىيالىمغا كەلگەن ئاجايىپ يۈكسەك ئىشلارنىڭ بىر كېچىدىلا ئەمەلگە ئېشىپ قېلىشىنى كۈتتۈم، ئارزۇ قىلدىم. لېكىن يەنىلا مەندە ئاجىزلىق، بىچارىلىق، نادامەت غالىب كەلدى. نېمىشقا دېمەمسىز؟ مەن سىز بىلەن بىر جۈزدا ئولتۇراتتىمغۇ؟ بىز سىنىپتىكى ھەممە ئىشتا باراۋەر ئىدىققۇ؟ لېكىن سىز ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ئالىي مەكتەپكە كەتتىڭىز، مەنچۇ؟ دادام سوجاڭ بولغاندىكىن نېمىدىن ئەنسىرەيمەن، بىر ئامالىنى قىلىپ، ئارقا ئىشىك بىلەن بولسىمۇ بىرەر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىدىغۇ، دەپ ئويلايتتىم. ئەپسۇسكى، دادام بۇنداق قىلمىدى. ھەتتا رەھىمسىزلىك بىلەن قاتتىق قوللۇق قىلدى. جىنايەتچىلەرگە مۇئامىلە قىلغاندىنمۇ بەتتەر پوزىتسىيە قوللاندى.

— بالا ئەمەسمۇ، نېمىشقا ئۇنداق قىلىۋېرىدىغانسىز؟ — دېدى بىر كۈنى ئانام دادامغا، — ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن تۈزىلىدۇ، ئادەم بولىدۇ. كىچىك ئەمەسمۇ، ئەقلىمۇ كىچىك. پۇل بېرىڭ، بازاغا چىقىپ ئايلىنىپ كىرسۇن. كۆڭلى ئېچىلىپ قالامدۇ - نېمە.

لېكىن دادام ئانام بىلەن ئىككىمىزنى تىللاپ كەتتى.

شۇ كۈنلەردە ماڭا ھەممە نەرسە غەيرىي كۆزلىرى بىلەن

قاراۋاتقاندەك، مەسخىرە قىلىپ كۈلۈۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. مەن ئۆزۈمنى بىچارىدىنمۇ بىچارە ھېس قىلدىم. ئۆيگە كىرسەم تېخى، تالا - تۈزگە چىقسام تېخى. بەدىنىم تىكەنلەشتى، تېرىلىرىم ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كېتىۋاتقاندەك ئارامسىزلىناتتىم. كاللام تۈمەن خىل چىگىش، تۈمانلىق خىي-ياللار بىلەن تولاتتى ۋە ئولتۇرغان جايىمدا كۈن - كۈنلەپ ئولتۇرۇپ كېتەتتىم. ھېلى قويغان نەرسەمنى بىردەمدىن كېيىن تاپالمايتتىم، قىلغان ئىشىمنى ئۇنتۇپ قالاتتىم. ئەمدى مەڭگۈ بېشىم ساقايماي ساراڭدەك ئۆتىدىغان بولدۇم دەپ ئويلايت-تىم. بېشىمغا كۈن چۈشۈۋېدى، ئۆلپەتلىرىم قاچتى. ياق، يار-يۆلەك بولالمىدى، مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالالمىدى. ئۇلارنى ئۇرغىلى ياكى تىللىغىلى بولىدۇ دەمسىز؟ راست ئۇلار مېنى ئەينى چاغدا تاپتىن چىقارغان، ھەدەپ ئۇچۇرۇپ، ماختاپ، پۈدەپ بەرسە ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەن ئىكەنمەن. ئۇلار جەمئىيەت ئامانلىقىنى بۇزغان ۋە قالايمىقانلاشتۇرغاندا، مەن-دىن پايدىلىنىپ دادامنىڭ زەربىسىدىن قۇتۇلۇشنى مەقسەت قىلىپ مېنى دامىغا چۈشۈرگەن ئىكەن ... گەرچە مەنسىزگە ئوخ-شاش ئەلاچى ئوقۇمىغان بولسامۇ ئوتتۇرا ھال ئوقۇغان ئىدىم. قاچانكى ئاشۇ بىر نېمىلەر بىلەن ئارىلاشتىم، شۇنىڭدىن كېيىن دەرستە قاتتىق چېكىنىپ كەتتىم. بولۇپمۇ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرىدىغان يىلى تۈگىشىپلا كەتتىم ... چۈنكى ھېلىقى «دوستلار» سېنىڭ داداڭ سوجاڭ بولغاندىكىن نەگە بولمىسۇن سېنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ، قورقما دەپ مېنى ئۇچۇراتتى، ئۇ - بۇ ئىشلارنى قىلىشقا قۇترىتىشاتتى. بىچارە ئانام مەن ئۈچۈن قانچە قىلغان بولسىمۇ، مېنىڭ چۈۋۈن يەۋالغاندەك غەش كۆڭلۈمنى ئاچالمىدى. مەكتەپكە بېرىپ، مۇدىرغا: بالام قايتا ئوقۇسا دېگەن ئىكەن، ئۇنىماپتۇ. چۈنكى مەن يامان ئاتىلىپ

قالغان ـ دە! گەرچە مەن مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇشتىن ئۆلگۈ-
دەك بىزار بولسامۇ، مۇدىرنىڭ قايتا ئوقۇشۇمغا قوشۇلمىغان-
لىقى ماڭا تېخىمۇ ھار كەلدى، ئەلەم قىلدى!

ئامىنىگۈل، مېنى نېمە ئىلاج قىلالايدۇ دەيسىز؟ مەن
ئاخىرى باشقا بىر يەرگە قېچىپ كەتتىم. خۇدايىم كىشىنى
ئۆز يۇرتىدىن ئايرىپ باشقا جايلاردا مەندەك مۇساپىرلىق،
بىچارىلىق دەردىنى قارتىشقا دۇچار قىلمىسۇن. مەن ئۆيدىن
ئايرىلىپ ئاتا ـ ئانا، ئەل ـ يۇرت قەدرىگە يەتتىم. ۋۇجۇ-
دۇمدا بەخت ـ راھەتكە ئىنتىلىش ئەمەس، چېكىۋاتقان ئازاب-
تىن قۇتۇلۇش ئىستىكى قوزغالدى، كۆزۈمدىن ياش قۇرۇمىدى.
تام تۈۋلىرىدە توپا ـ چاڭغا مىلىنىپ ئۇخلاش، ئاچ قورساق
خەقنىڭ قولىغا تەلمۈرۈپ كۈن ئۆتكۈزۈش نېمىدېگەن ئازاب!
مەن نېمىدەپ ئۆيدىن قاچتىم؟ قايسى ھالىمغا قاچتىم؟ نېمە
ئىشنى قىلىمەن دەپ قاچتىم؟ مەن ھەيران بولدۇم. «ساراڭ»
بولغانلىقىمغا ئىشەندىم، پۇشايمان قىلدىم ... قولۇم پۇل كۆر-
سۇن دېسەم يانچۇق كولىسام، ئوغرىلىق قىلسام بولاتتى.
ئەمما بۇنداق قىلىشنى كۆڭلۈم كۆتۈرمەيدۇ. بۇنداق قىلىپ
ياشىغاندىن كۆرە ... بىرەر ئاشپەزگە ئىشكار ئىشلىسەم ياخشى
ئەمەسمۇ، ئەمما بۇ ئىشقىمۇ رايىم بارمىدى. ئۆيگە قايتىپ
كېتىشكە تېخىمۇ جۈرئەت قىلالمايمەن. راست، قايسى يۈزۈم
بىلەن ئۆيگە بارالايمەن؟ ئانامغۇ كۆتەر، يەنە شۇ دادام ...
خەقلەر: «ھەي سەندەك ئادەم بولغۇچە» دېسىچۇ؟ ئۇنىڭدىن
كۆرە ئۆلگەن تۈزۈك. ھەتتا ئۆزۈمنى سۇغا تاشلاپ ئۆلۈۋالماق-
چى بولدۇم. ئۇزاققىچە خىيال سۈردۈم، تۈرلۈك ـ تۈمەن ئىش-
لارنى ئويلىدىم. ئۆلۈمنىڭ نەقەدەر قورقۇنچلۇق بولىدىغانلى-
قىنى ھېس قىلىپ «ئاھ، نەقەدەر ئېچىنىشلىق ـ ھە!» دەپ سەس-
كىنىپ كەتتىم. راست، نېمىشقا ئۆلۈۋالىمەن؟ مەنمۇ باشقىلارغا

ئوخشاش ئادەمغۇ؟ خەپ، مۇشۇ كۈنلەردىمۇ قۇتۇلارمەن ـ ھە؟ جاپالىق ئىشلىسەم ... كەلگۈسى ھاياتىم ھەققىدە، مەڭگۈ قايتىلاپ مۇشۇنداق ئىشقا دۇچار بولمايدىغانلىقىم ھەققىدە، مۇستەقىل ئادەم بولۇش يولىدىكى كۈرەشلىرىم ۋە پائالىيەتلىرىم ھەققىدە خىيال قىلدىم. كەلگۈسىدىكى ئاشۇ ئىشلارنى، مەنزىرىلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. بىراق بىردەمدىن كېيىن ئېسىمنى يىغىپ كاللامنى سىلكىۋېتىپ «ھەممىسى قۇرۇق خىيال» دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە ئاچچىق كۈلۈپ قويدۇم. شۇ ئەسنادا بىر دېھقان يېنىمغا كېلىپ مەندىن ئەھۋال سورىدى. ئاھ، نېمىدېگەن مېھرىبان ئادەم بۇ! دىلىم تەڭداشسىز سۆيۈندى، قەلبىم ھاياجانلاندى! بەلكىم ئادەم ئاشۇنداق چاغدا كۆڭلىگە ياقىدىغان بىرەر ئېغىز گەپ قىلىدىغان ئادەمگە ئۇچرىسا ماڭا ئوخشاش تەسىرلىنىسە كېرەك. مەن ئۇنىڭغا سادىقلىق بىلەن ھەممىنى دەۋەتتىم، كۆزۈمدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. ماڭا ئىچى ئاغرىغان دېھقان مېنى ئۆيىگە ئېلىپ باردى ۋە ھالىمدىن ئوبدان خەۋەر ئالدى. بىر قانچە كۈندىن كېيىن دادامنىڭ كىچىك ماشىنىسى دېھقاننىڭ ئۆيى ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ مەن زادىلا خىيال قىلمىغان، كۈتمىگەن ئىش ئىدى. ھېلىقى دېھقان مېنى ئۇنى ـ بۇنى دەپ بەزلەپ تۇرغان ئىكەن ـ دە! مەن ئۇ ئادەمگە ئامراق بولۇپ قالغان ئىدىم. بۇ ساپ دىل دېھقان مېنى تۈگەتكۈسىز شادلاندۇرغان ئىدى. دادام ھەرقانچە تاش يۈرەك بولسىمۇ ئۆز پۇشتىنى سېغىنماي، ئەسلىمەي تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىكەن، چۈنكى ئۇ دادا، مەن يۈرەك پارىسى ــ بالىدە! مەن ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆيدىكىلەر چوڭقۇر قايغۇرۇپتۇ، ساراسىمىگە چۈشۈپتۇ. بولمىغۇر خىياللارنى قىپتۇ، ئىزدەپتۇ. يىغلاپ ـ قاقشاپتۇ. ئانام دادام بىلەن بولۇشىغا ئۇرۇشۇپتۇ، تاپا ـ تەنە قىپتۇ.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەن ئۆيدە تۇرۇۋاتقان مۇنۇ دېھقان دادامغا تېلېفون بېرىپ، ئۇلارغا ئالەمچە شادلىق ئاتا قىپتۇ. مەن روھىي ھالىتىم ۋە چىرايىمنىڭ قانداق ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى، ئانام: «جېنىم بالام، قېنى سېنىڭ گۈلدەك چىرايىڭ، قېنى سېنىڭ ئۇماق مەڭزىلىرىڭ، ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قاپسەن ... ئېسىت، يۈزلىرىڭدىكى نېمە تارتۇق بۇ؟ ۋاي ئىسىت!» دەپ يىغلاپ مەڭزىمگە مەڭزىنى چىڭ يېقىپ، باش - كۆزۈمنى سىيلاپ، سۆيۈپ باغرىغا چىڭ باسقاندىلا بىلدىم. ئانامنىڭ ۋۇجۇدى ئانىلىق مېھرىنى تۆكۈپ، ۋۇجۇدۇمغا كۈچلۈك سېزىم بەردى. لېكىن مەن ئىزا تارتىپ يۈز كېلەلمەي قالدىم. ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتىم. دادامۇ كۆزلىرىدىكى ياشلىرىنى يوشۇرۇۋېلىشقا ئامالسىز قالدى. ئەنە ئاشۇ ياش دادىنىڭ بالىغا بولغان كۈچلۈك مېھرى - مۇھەببىتىنىڭ نامايەندىسى بولماي نېمە؟!

مەن شۇنىڭدىن كېيىن تۇرمۇشنىڭ نېمىلىكىنى ۋە قانداق ياشاش كېرەكلىكىنى بىلدىم. ئۆيگە قايتىپ بېرىپ، بىر قانچە كۈن ئۆتكەندە سادىر مۇئەللىم «مانا مەن ئۆزۈم قايتىدىن ئوقۇتىمەن» دەپ، مېنى مەكتەپكە ئېلىپ كەتتى. مەن سادىر مۇئەللىم سىنىپ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالغان، قايتا ئوقۇشقا — تەكرارلاشقا تەشكىللەنگەن سىنىپتا ئوقۇشقا باشلىدىم.

ئامىنىگۈل، دۇنيانىڭ ئىستىقبالى — ئادەملەرنىڭ تىرىشچانلىقىدا بولىدىكەن. ئادەملەرنىڭ ئىستىقبالىمۇ ئۆزىنىڭ قولىدا بولىدىكەن. بەخت - سائادەت ئويۇن - تاماشىدا بولماستىن، ئادەملەرنىڭ تەر ئاققۇزۇپ قىلغان ئەجرىدە بولىدىكەن. مەن سادىر مۇئەللىمدىن تىرىشىپ ئۆگەندىم، كۆپ سورىدىم، كۆپ مەشىق قىلدىم، كۆپ مېڭە ئىشلەتتىم. شۇڭا ئازۋاقىتتىلا كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش ياسىدىم. ئەلاچى ئوقۇغۇچىمۇ

بولۇپ قالدىمدەك تېخى. راست، قايتا ئوقۇپمۇ بىر نەرسە بىلمەپتۇ دېگەن سۆز-چۆچەككە قالسام سەتچىلىك ئەمەسمۇ؟ ئىككىنچى مەۋسۇمدا ئىسىنىپ باشلىقى بولدۇم، مەسئۇلىيىتىم ئېغىرلاشتى. شۇڭا ئاخشاملىرى كىنو-ئويۇن دېگەنلەردىن ۋاز كېچىپ، چىراغ يورۇقىدا ئۆگىنىش قىلىدىغان بولدۇم. ئۆگىنىش قىلىۋاتقانچا يىمىدىلا ئۇخلاپ قېلىپ، ئەتىسى شۇ يەردىن قوپۇپلا مەكتەپكە كېتىدىغان ۋاقىتلىرىممۇ ئاز بولمىدى. مانا شۇنداق قىلىۋېدىم، گوياكى ھەممىلا ئادەمنىڭ تالىشىدىغان، قەدىرلەيدىغان ياخشى بالىسىغا ئايلىنىپ قالدىم. ئىلگىرى دادام «ئۆگىنىش قىل» دەپ ھەيدەكچىلىك قىلغان بولسا، مانا ئەمدى پات-پاتلا «مېڭەڭنى ئارام ئالدۇرۇپ ئۆگەن» دەيدىغان بولۇپ قالدى. مەن دادامنىڭ يىراقنى كۆرەلەيدىغان، كۆيۈمچان دادا ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

ئامىنىگۈل، مەن يەنە مۇنداق بىر ھەقىقەتنى چۈشەندىم: ئىلىم - پەن ئادەمنى بەختلىك قىلىدىكەن، ئۇ ئادەمنى نىجادلىق يولىغا، ئىقبال ۋىسالىغا يېتەكلەيدىكەن. ئۇنىڭغا ۋۇجۇدىنى بېغىشلىغان ئادەم خارلىقتىن خالىي بولىدىكەن. مەن بۇ سەپتە سىز بىلەن مەڭگۈ پەرۋاز قىلىشنى خالايمەن!

خەير، سىزگە بەخت ۋە شان - شەرەپ تىلەپ، جاۋابىڭىزغا ئىنتىزار بولغان ساۋاقدىشىڭىز كامىل.»

1988 - يىل.

## «نەسىھەت»

بۈگۈن مېنىڭ ئەخمەتجانغا راستىنلا ئاچچىقىم كەلدى.

— خاپا بولسىڭىزمۇ دەي، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — باشقىلارنىڭ باشلىقىمىزنى قاسىم كېچاك دەپ ھالى يوق، سىزنىڭ «قاسىمكا، قاسىمكا» دەپ ھالىڭىز يوق، تىلىڭىز شۇنىڭغىلا كېلىدۇ، كۆڭۈل ئاياشنى بىلمەيدىكەنسىز، ھازىر يەنە شۇنداق ئاتاپتىڭىز، ئۇ ئادەم قېيىدىغان پېتى چىقىپ كەتتى...

— ئەمىلىنى قوشماي ئاتاشنىڭ نېمىسى يامان؟ ياش جەھەتتىن مەندىن بەربىر چوڭغۇ؟ كىچىك بولسۇن قېنى، قانداق ئەمەل تۇتىشىدىن قەتئىينەزەر «ئۇكام قاسىم» دەپ ئاتايتتىم، — دېدى ئەخمەتجان كۈلۈپ تۇرۇپ، — چۈنكى ئادەم دېگەن ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن ئەمەل تاجىسىنى كىيىپ چۈشمەيدۇ - دە! ئەمەل ئادەمدىكى ۋاقىتلىق تاج، ئەمەل تۇتقان ئادەم خىزىر ئەمەس، سىز - بىزگە ئوخشاش ئادەم...

گەرچە سىز دېگەندەك ئاتاش ئەمەلگە خۇشتار باشلىقىمىزنىڭ كۆڭلىنى ۋاقىتلىق خۇشال قىلسىمۇ، بۇنداق ئاتاش تېگى - تەكتىدىن توغرا ئەمەس.

— دېگىنىڭىزغۇ توغرا، لېكىن، بۇ كۆز قارىشىڭىز ھازىرقى ۋەزىيەتكە ماس كەلمەيدۇ. سىز بۇ بۆلۈمگە يېڭىدىن كەلدىڭىز، ئەھۋالنى تولۇق چۈشەنمەيسىز، شۇڭا بۇ ئادەمنىڭ ئەمىلىنىڭ ئورنىغا «ئاكا»نى دەسمىي قىلىۋاتىسىز...

— قانچە - قانچە قېتىم ئاچچىقى كەلگىنىنى بىلدىم، — دېدى ئەخمەتجان گېپىمنى بۆلۈپ، — شۇڭا زە تېخىمۇ چىشىغا تېگىپ قەستەن «قاسىمكا» دەپ توۋلىدىم، ئىسمىنى ئاتاشقا توغرا كەلمىگەندىمۇ، قاسىمكام يېنىمدا بولسىلا ئىسمىنى تىلغا ئالدىم.

— قالغىنى ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى، — دېدىم مەن تېرىككەن ھالدا، — ھەممىمىز ھۆرمەتلەپ قاسىم كېچاك دەپ ئاتىغان ئىكەنمىز، سىزمۇ شۇنداق ئاتىسىڭىز بولمايدۇ، ئۇكام...

— چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ ئاكا، كىچىكلەرنى ئىززەتلەپ ئۇكا دەپ ئاتاش بىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتىمىز، — دېدى ئەخمەتجان گېپىمنى قىلچە نەزەردىگە ئىلمىغاندەك، — بۇ كىشىلەر بىلەن كىشىلەرنىڭ ھۆرمەت پەرقىنى ئايرىتىپ تۇرىدۇ، ئۆمۈر بويى ھۆرمەت دەستۇرى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ!ئەمەلچۇ؟!...

بۇنى گەپ بىلەن چۈشەندۈرۈشكە ئاجىزلىق قىلىمەن، مەندە بىر پارچە خەت بار، ئوقۇپ بېقىڭ.

ئەخمەتجان شىرەنىڭ تارتمىسىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ ماڭا ئۇزاتتى، خەتنى ئوقۇشقا باشلىدىم:

«... ئۇكام، ئەخمەتجان، يازغان خېتىڭىزنى سۆيۈنۈش ئىچىدە ئوقۇپ چىقتىم، پېنسىيىگە چىققىنىمغا تۆت ئاي بولدى، مەن مۇشۇ تۆت ئاي جەريانىدا سىزنىڭ ئەينى چاغلاردا ماڭا قىلغان مۇئامىلىڭىزنىڭ ھەقىقەتەن ئۆلمەس ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

سىز بىناكارلىق قۇرۇلۇش مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ شىركىتىمىزگە تەقسىملەنگەندە، مەن بىر قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئىدىم، كىشىلەر مېنى «ئەي دۈيجاڭ» دەپ ئاتىشاتتى، كېيىن شىركەتكە دىرېكتور ۋە سېكرېتار بولدۇم، بۇ چاغدا كىشىلەر يەنىلا ئىسمىمغا ‹دىرېكتور، سېكرېتار› نى قوشۇپ ئاتاشتى. ئەپسۇسكى، سىزچۇ؟ ھە دېگەندە ئەيساكا دەپ ئاتىدىڭىز، بۇنداق ئاتاش ئەينى چاغدا ماڭا ھار كەلگەن، پەقەت سىزلا مېنى ئېتىراپ قىلمىغاندەك تۇيۇلغان ئىدى، شۇڭا سىزنى دۆت، كالۋا، ئىززىتىنى بىلمەيدىغان دەپ ئىچىمدە مىڭنى تىللىغان، ھەتتا يۆتكىلىپ كېتىشىڭىزگە تۈرتكە بولغان ئىدىم... كۈنلەر «ئەمەل نامازدىگەرنىڭ ئاپتىپى» دەپ بىكار ئېيتمىغان ئىكەن. قاراڭ، ئۇكام، ئەمسىم بار چاغدا نۇرغۇن كىشىلەر ماڭا خۇشامەت قىلاتتى... بىر مىسال كەلتۈرەي: بىر قېتىم ئاغرىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدىم، شۇ چاغدا ھەر كۈنى يوقلاپ كىرگۈچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى، دوختۇرخانىدا 20 كۈندەك يېتىپ، 30 نەچچە يېشىلىك قەن - ناۋات، پېچىنە، پىرەنىك قوبۇل قىلغان ئىدىم. مۇشۇ يېقىندا يەنە دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدىم، لېكىن بۇ قېتىم ئىش شۇ قېتىمقىنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە بولدى. بۇمۇ بولدى كەتتى، ئەڭ ئازابلىقى بەزىلەر ئىسىم - فامىلەمنى ئاتىسىمۇ كاشكى، ئۆزلىرىدىن ياش جەھەتتىكى پەرقىمنىمۇ نەزەرگە ئالماي ‹ئەيسا، ئەيساۋاي› دەپ ئاتاشتى. بۇ ماڭا نېمىشقىمۇ ئېغىر ئەلەم قىلمىسۇن؟! بەزىلەر ‹ئەيساكا› دەپ ئاتىشىدى، يۈرىكىم سۆيۈنۈش ئىچىدە ھاياجانلاندى، شۇ كىشى كۆزۈمگە گۈلدەك چىرايلىق، ئەڭ يېقىن كىشىمدەك مېھرىبان كۆرۈنۈپ كەتتى......

ھەممە ئادەم ئەمەل تۇتقانلارنى سىزدەك ئاتاشنى ئادەت قىلغان بولسا، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى – ھە؟!».

خەت تۈگىدى، مەن ھاياجان ۋە تېڭىرقاش ئىچىدە نېمە قىلىشىمنى ۋە نېمىدېيىشىمنى ئۇقماي ئولتۇرۇپلا قالدىم.

1988 – يىل 11 ئاي.

# مەجرۇھ كۆڭۈل

دوستۇم ئادىل ئىككىمىز بىركەتكە يېتىپ بارغاندا، چۈشلۈك ئاپتوبۇسقا ئادەم توشۇپ بولغان ئىكەن. ياش بولغاندىكىن بىر سائەتلىك يول دېگەننى ئۆرە تۇرۇپ كەتسەكمۇ ئېغىر كەلمەيدىغۇ دەپ ئويلاپ، ئۆرە تۇرغانلارنىڭ ئارىسىغا شۇڭغىدۇق.

ئاپتوبۇس قوزغىلىشىغا پۇتۇمنىڭ ئاستىدا بىر نەرسە مىدىرلىدى. بۇرۇلۇپ قارىسام، يان تەرەپتىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان بىر قىز ماڭا قاش - قاپاقلىرىنى سوزۇپ ھومىيىۋېتىپتۇ. مەن سەل ئوڭايسىزلاندىم ۋە پۇتۇمنى يۆتكەپ ئۇنىڭ پۇتىنى بوشىتىپ قويدۇم. ئاندىن قىزغا زەڭ قويۇپ قاراپ ھەيران قالدىم... ئۇنىڭ چىرايى خۇددى مەر مەر بۇيۇملارغا نەقىشلەنگەن گۈلدەك يارقىن ئىدى. كۆرۈش سېزىمى يەتكۈزگەن سىگنالنى قوبۇل قىلغان يۈرىكىم بىردىنلا ئويناقشىپ، ھېسسىيات ئېقىمىنى پەيدا قىلدى. قوللىرىم ئۇ ئولتۇرغان ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىنى قامالاپ، كۆزلىرىم گۈزەل رۇخسارىغا ئاچ ئەرۋاھتەك تىكىلدى. قىز خىرامان كۆرۈنسىمۇ، روھىي ھالىتىمدە يۈز بېرىۋاتقان ئالامەتلەرنى سېزىپ ئولتۇراتتى.

مەن ئاپتوبۇسنىڭ چايقىلىشىنى باھانە قىلىپ، قىزغا قەستەن ئۈرۈلدۈم. قىز ئالىيىپ قاراپ، كالپۇكلىرىنى يېمىرىپ قويدى.

— خاپا بولماڭ، ئاپتوبۇس سىلكىنگەچكە تېگىپ كەتتىم.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى قىز كۈتمىگەن يەردىن چىقىپ.

مەن ئۇنى - بۇنى دەپ ئۇنىڭ بىلەن ئوبدانلا چىقىشىۋالدىم - دە، ئۆز ئەھۋالىم توغرىسىدا يالغان - ياۋىداق مەلۇماتلارنى بېرىپ ئۈلگۈردۈم. قىز ماڭا شەھەرنىڭ مەلۇم كوچىسىدىكى 110 - نومۇرلۇق قورۇدا ئۆيى بارلىقى، ھازىر ئائىلىسىدە ئىش كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقى، تۇغقانلىرىنىڭ ياردىمىدە چەرچىن مال دۇكىنى ئېچىپ، ئانچە - مۇنچە تىجارەت بىلەن مۇشۇغۇللانغانلىقى، بۈگۈن ئادىل ئىككىمىزگە ئوخشاشلا تۇغقان يوقلاپ يانغانلىقى قاتارلىقلارنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ گەپ سۆزلىرىدىن ئىنتايىن سەممىيلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئادىل بىزنىڭ سۆھبىتىمىزگە ئارىلاشمىغان بولسىمۇ، مېنىڭ يالغان گەپلەرنى قىلىپ، قىزنى ئەخمەق قىلىۋاتقانلىقىمغا ئىچىدە كۈلۈۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. بۇنىڭ بىلەن نېمە كارىم، ئۇمۇ بىگىسى بولسا ئۆز كۆڭلىنى خوش قىلسۇن.

مەن ۋۇجۇدۇمدا توساتتىنلا پەيدا بولۇپ قالغان بۇ ئاشىقلىقنىڭ ئىشقا ئاشماي ئارماندا قويۇشىدىن ئەنسىرەيتتىم. خىيالىمغا كەچمىگەن ئىشلار كېچەتتى. بۇ گۈزەل قىزنىڭ مەندەك ئەتىدىن كەچكىچە لاغايلاپ يۈرۈيدىغان بىر بىكار تەلەپكە مەنسۇپ بولۇشىنى جەزم قىلالمايتتىم. چۈنكى ئىلگىرى ئىشقىدا كۆيۈپ تاللىغان نۇرغۇن قىزلار مېنى «ئۇكەش - بۇكەش»، «ئۇچى - بۇچى» دەپ پېشىنى قېقىپ كېتىپ قالغانلىقى ئېنىق ئىدى.

قىز ماڭا كۆيۈنۈپ، ئۇلتۇرغان ئورنىنىڭ يېرىمىنى بوشىتىپ بەردى، ئۇنىڭغا يېنىمنى چاپلاپ ئولتۇردۇم. ئەمدى مۇڭدىشىش ئۈچۈن ئوبدان شارائىت هازىرلاندى. بىز خۇددى قەدىناسلاردەك قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق:

— شەھەرگە بېرىپ باغچىغا كىرەيلىمۇ؟ — دېدىم مەن.

قىز ماڭا ئويچان كۆزلىرى بىلەن قارىدى:

— سىز... مېنى راستىنلا...

مەن ئۇ ئېيتالمىغان «... ياقتۇرامسىز؟!» نى دەرهال چۈشەندىم. هەي... سوئالىمغا جاۋاب بەرمەي تۇرۇپ مۇنداق دېيىشى غەلىتىلىكقۇ؟! ئەمما ئۇنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىدىن سەممىيەت بىلىنىپ تۇراتتى. بۇ هال، باشقا خىياللاردا بولۇشۇمنى هاجەتسىز قىلدى. مەن ئاجايىپ مەپتۇن قىلغۇچى سېھرىي كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە تاقىتىمنى يوقاتتىم. ئۇنىڭ قولاقلىرىنى بېسىپ تۇرغان چاچلىرىغا پېشانەمنى تەگكۈزۈش ماڭا ئاجايىپ راهەتلىك تۇيۇلدى، ئەمەلىيەتتە، بۇ مېنىڭ قىزغا بەرگەن ئاۋازسىز جاۋابىم ئىدى. لېكىن تېخىمۇ ئېنىق قىلىش ئۈچۈن:

— هەئە، راستىنلا! — دېدىم.

ئۇنىڭ تاۋلىنىپ پىشقان سۈزۈك ئالمىدەك مەڭزى تېخىمۇ نۇرلىنىپ كەتتى.

— لېكىن... سىز مېنى باغچىغا ئېلىپ كىرىشتىن نومۇس قىلارسىزمىكى، ئەكىرگەن تەقدىردىمۇ، بىللە مېڭىشتىن نومۇس قىلارسىزمىكى؟! — دېدى قىز بىر هازادىن كېيىن مەيۈس تەلەپپۇزدا.

— نېمىدېگىنىڭىز بۇ؟! خەق نېمىدېسە دەۋەرسۇن، ماڭا بەربىر، كارىم يوق.

— مۇشۇ گېپىڭىزدىن يېنىۋېلىشىڭىزدىن قورقىمەن.

— ماڭا ئىشىنىڭ، خۇدايىم بۇيرىسا، گېپىم گەپ!

— خۇدايىم بۇيرىمىسىچۇ؟

— خۇدايىم چوقۇم بۇيرۇيدۇ، ھېلى كۆرەرسىز!

— راستىنلا؟

— راست، خۇدا ھەققى. نېمىلەرنى خىيال قىلىپ يۈرۈيدىغانسىز؟ يالغان گەپ قىلىدىغان بولسام، ئوغۇل بالا بولماي كېتەي! مۇشۇنداق دەپ تېخى بېكەتكە بېرىپلا مېنى تاشلاپ ئۆزىڭىز قاچامسىز، بۇنى كىم بىلىدۇ؟

قىزنىڭ مېنى قەسەم ئىچىشكە مەجبۇرلىغان سۆزلىرى مېنى سەل ئەجەبلەندۈردى.

— قېنى، قايسىمىزنىڭ ۋەدىمىزدە تۇرىدىغانلىقىمىز بېكەتكە بارغاندا بىلىنىدۇ. ماڭا ئىشەنگەن بولسىڭىز، مەندە گەپ يوق، — دېدى قىز مەنىلىك قاراپ.

بۇنداق ساھىبجامال قىز بىلەن باغچىدا كۆرۈشەلەپ مېڭىش، سەيلە قىلىش كۆڭۈللۈك ئىش بولماي قالامتى؟!

ئاپتوبۇس شەھەرگە يېتىپ كېلىپ خەلق باغچىسى ئالدىدىكى بېكەتتە توختىدى. مەن ئادىلغا ئەگىشىپ ئاپتوبۇستىن چۈشكەندىن كېيىن، قىزنىڭ سومكىسىنى دېرىزىدىن سۇنۇۋالدىم. قىز ئالدىدا ئولتۇرغىنىغا قارىماي، ھەممىنىڭ كەينىدىن چۈشتى. مەن شۇنداق قاراپلا گويا ئۇنى ئەمدى كۆرۈۋاتقاندەك داڭقېتىپ قالدىم. ۋۇجۇدۇمدىكى بايىقى قىزغىنلىق، ئىنتىلىش قاياقلارغىدۇ غايىب بولدى. نەپسىم قىسىلىپ، بەدەنلىرىم تىكەنلەشتى. ئۆزۈمنى چىدىغۇسىز تۆھمەت ۋە ئاھانەتنىڭ ئىسكەنجىسىدە قالغاندەك ئېچىنىشلىق ھالەتتە سەزدىم. قىز شۇ تاپتا كېلىپلا چاپلىشىۋالىدىغاندەك كەينىمگە داجىدىم. ئادىلنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. مەن كەتمەكچى بولۇپ، ئادىلنى تارتىشىمغا، قىز ئالدىمغا ئۆتۈپ:

— باغچىغا كىرمەمدۇق؟ — دېدى.

— ياق. بۈگۈن كىرمەيلى، باشقا بىر كۈنى كىرەيلى،

تۇرۇپلا مىجەزىم يوق بولۇۋاتىدۇ، — دېدىم مەن ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى قاچۇرۇپ.

قىز تۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ئاچچىقىنى قولىنىڭ بارماقلىرىنى چىشلەش بىلەن يوشۇردى. لېكىن ئۇ تەمكىنىنى يوقاتماستىن، كۆزۈمگە تىكىلىپ تۇرۇپ:

— ماقۇل، ئوغۇل بالىنىڭ جىگى سىزدەك بولىدىغان ئوخشايدۇ! — دېدى.

مەن يۈزۈمنىڭ قىزىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى يېقىمسىز چىمىلداۋاتقانلىقىدىن سەزدىم. قىزنىڭ نەپرەتلىك كۆزلىرى مېنى بايىقى ۋەدىلەرنى ئەسلەشكە مەجبۇرلىدى. نېمىدېيىشىمنى بىلمەي بۇتتەك تۇرۇپ قالدىم ۋە ئاپتوماتتەك سۆزلەيدىغان ئاغزىمنىڭ تۇنجى قېتىم ئۆز ئەركىنى يوقاتقانلىقىنى ئازاب ئىچىدە ھېس قىلدىم.

— ماقۇل ئەمىسە، خىجىل بولماڭ، — دېدى قىز يەنە.

— سىزمۇ رەنجىمەڭ ئەمىسە! — دوستۇم ئادىلنىڭ ماڭا ۋەكالىتەن جاۋاب بېرىۋاتقانلىقى قۇلىقىمغا كىردى.

قىز سومكىسىنى ئالدى - دە، خۇددى سۇدىن ئەمدىلا چىققان سېمىز ئۆردەككە ئوخشاش ئېغىنىغان ھالدا ئوڭ تىزىنى تۇتقان پېتى كېتىپ قالدى. ئادىل «مۇبادا ئاشۇ قىز ئورنىدا سەن بولۇپ قالساڭ مۇشۇنداق چاغدا قانداق ھېسسىياتتا بولىدىغانلىقىڭنى ئويلىيالىساڭ - ھە؟!» دېگەنىدەك، ماڭا تۇنجى قېتىم نەپرەت بىلەن قاراۋاتاتتى.

مەن قىزنىڭ گۈزەل رۇخسارىنى كۆز ئالدىمدىن كەتكۈزەلمىدىم. قەلبىمنى نامەلۇم نەرسە چىدىغۇسىز ئازابلىماقتا ئىدى. بىردەمدىن كېيىن، ئۇ كەتكەن تەرەپكە قاراپ ئۈنسىز نىدا قىلدىم:

ئاھ، خۇدا! ئاشۇ ئاجىز بەندەڭنى شۇ قەدەر گۈزەل ياراتىپسەنۇ، نېمىشقا توكۇر قىلىپ قويغانسەن - ھە؟!

# ئېگىزگە ئاققان سۇ

(ھېكايىلار)

مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇردى قۇربان
مەسئۇل كوررېكتورى: بەختىيار ئابلىمىت

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168 × 850 مم 1/32، باسما تاۋىقى: 12.875 قىستۇرما ۋارىقى: 1
1991 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى
1992 - يىل 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 2670

ISBN 7 — 5373 — 0277 — 4/I·73
باھاسى: 2.60 يۈەن

本集子选入五位作者反映现实生活的部分短篇小说·

向高处流的水
（短篇小说集）
责任编辑：图尔迪·库尔班
责任校对：拜合提亚尔·阿布里米提

喀什维吾尔文出版社出版
新 疆 新 华 书 店 发 行
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
850×1168毫米 1/32开本12.875印张 1插页
1991年8月第1版 1992年1月第1次印刷
印数：1—2670

ISBN 7—5373—0277—4/I·73（民文）
定价：2.60元

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: **غەيرەت خالىق**

1) بۇ كىتابقا ئابلەت ئۆمەرنىڭ ئالتە پارچە ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، جەمئىي 50 مىڭ خەت.

2) ھەر مىڭ خەتكە 17 يۈەندىن جەمئىي 850 يۈەن قەلەم ھەققى ئالغان.


*ISBN* 7 — 5373 — 0277 — 4/*I*·73 (民文)

باھاسى: 2.60 يۈەن